تهذيب كتاب

# مشارع الأشواق

## إلى مصارع العشاق

(في الجهاد وفضائله)

# جەننەت ئاشىقلىرى

# يىقىلغان مەيدان

(جىھاد ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا)

ھىجرىيە 812 - يىلى

ئىبنى نەھھاس (رەھىمەھۇللاھ)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئابدۇلبەسىر

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

تهذيب كتاب

# مشارع الأشواق

# إلى مصارع العشاق

(في الجهاد وفضائله)

# جەننەت ئاشىقلىرى يىقىلغان مەيدان

(جىهاد ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا)

ھىجرىيە 812- يىلى

ئىبنى نەھھاس (رەھىمەھۇللاھ)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئابدۇلبەسىر

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز........................................................................ **6**

1ـ باب  كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش ھەققىدە كەلگەن بۇيرۇق ۋە ئۇنىڭ ۋاجىبلىقى ھەمدە ئۇنى تەرك قىلغان كىشىگە قارىتا كەلگەن تەھدىتلەر....... **10**

جىھاد پەرز كۇپايىمۇ ياكى پەرز ئەينمۇ؟ ........................ 17

قەرزدارنىڭ جىھادقا چىقىشى ھەققىدىكى ئالىملارنىڭ ئىختىلاپلىرى ........... 19

جىھادتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى ھەققىدە كەلگەن بىر قىسىم تەھدىتلەر.......... 22

جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنىڭ باتىل ئۆزرىلىرى ...................... 27

2ـ باب  جىھادنىڭ ۋە الله يولىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلىتى............. **47**

جىھاد — ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.................................................. 49

الله قا ئىمان ئېيتىشتىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل — جىھادتۇر ........... 50

جىھاد — ھەرەم مەسجىدىنى ئاۋات قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر ..................... 51

شۈبھىسىزكى، جىھاد بارچە ئەمەللەردىن ئەۋزەلدۇر ....................... 52

جىھاد — الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئەمەلدۇر ....................... 54

مۇجاھىدلار — الله نىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر ................ 55

(پەزىلەتتە) جىھادقا باراۋەر بولالايدىغان ھېچبىر ئەمەل يوق ............... 56

جىھاد — ئىبادەت ئۈچۈن تەنھا ياشاش ۋە كىشىلەردىن ئايرىلىشتىن ئەۋزەلدۇر .... 57

مۇجاھىد — الله نىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى ۋە ھۆرمەتلىكراقىدۇر .. 60

مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسى باشقىلارنىڭ كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقىنىدىن ئەۋزەلدۇر ........................ 60

الله مۇجاھىدلارنى جەننەتتە 100 دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرگەن ................ 61

بۇ ئۈممەتنىڭ ساياھىتى جىھادتۇر........................................................ 63

جىھاد — ئىسلامنىڭ چوققىسىدۇر.......................................................... 63

مۇجاھىد ئۆز ئۆيىدىن چىقىپ، قايتقۇچە ياكى شەھىد بولغىچە الله نىڭ كاپالىتى، ياردىمى ۋە ھىدايىتىدە بولىدۇ.......................... 65

الله تائالا مۇجاھىدنى تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇنىڭغا ئۆز مېھرىبانلىقى ۋە رەھمىتى بىلەن ئىگە بولىدۇ ........................................ 70

جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلەتلىرى............................................................ 73

3- باب جىھاد ھەجدىن ئەۋزەلدۇر.................................................79

4- باب جىھادقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدە ...................................82

5- باب جىھادتا ئالدىدا بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ئالدىراش ......................87

6- باب ئەتىگەن-ئاخشامدا الله يولىدا جىھادقا چىقىشنىڭ پەزىلىتى ........89

7- باب الله يولىدا مېڭىش ۋە الله يولىدىكى چاڭ-توزاننىڭ پەزىلىتى.......93

8- باب دېڭىز جىھادى قۇرۇقلۇق جىھادىدىن ئەۋزەل ......................96

مۇجاھىدلار تەكبىرىنىڭ پەزىلىتى............................................................ 99

9- باب الله يولىدا مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى.............................101

10- باب الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە................................................................108

الله قا بولغان ئىتائەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى — الله يولىدا خىراجەت قىلىشتۇر ....... 111

11- باب مۇجاھىدلارنى جابدۇش (تەييارلاش) ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ..................................................118

12- باب مۇجاھىدلار بىلەن ھەمكارلىشىش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشنىڭ پەزىلىتى ....................................121

مۇجاھىدلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ۋە ئۇلار بىلەن خوشلىشىش ............... 123

13- باب ئاتنىڭ پەزىلىتى، ئۇنى جىھاد نىيىتى بىلەن بېقىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىراجەت قىلىش ھەققىدە ..........................................125

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاتلىرىنىڭ ئىسىملىرى ........................... 130

14- باب ئاتقا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەشنىڭ پەزىلىتى ...........132

15- باب مۇجاھىد ۋە مۇرابىتنىڭ روزا ۋە نامازلىرىنىڭ پەزىلىتى............133

16- باب الله يولىدىكى رىباتنىڭ پەزىلىتى ..................................136

رىباتنىڭ مەنىسى ۋە مۇددىتى............................................................. 145

17- باب الله يولىدا ھارىستا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى ........................149
18- باب الله يولىدا جىھادتىكى قورقۇنچنىڭ پەزىلىتى ....................154
19- باب الله يولىدىكى سەپنىڭ ۋە ئۇنىڭدا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى ..........155
20- باب الله يولىدا ئوق ئېتىشنىڭ پەزىلىتى ھەمدە ئۇنى ئۆگىنىپ تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى ........................................158
ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىش ھەققىدە ..............161
ئات چاپتۇرۇش ۋە ئوق ئېتىشتا مۇسابىقىلىشىش ..........................164
ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ تەرك قىلغۇچى ھەققىدە كەلگەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ...166
21- باب مۇجاھىدلارنىڭ قىلىچ-نەيزىسىنىڭ ۋە تەييارلىق قىلىشىنىڭ پەزىلىتى ........................................168
22- باب الله يولىدا يارىلىنىشنىڭ پەزىلىتى ۋە بەزى يارىدارلارنىڭ بايانى ...172
23- باب الله يولىدا كاپىر ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ پەزىلىتى .....................180
24- باب شىجائەتلىك بىر كىشى ياكى كىچىك بىر جامائەت شاھادەتكە قىزىقىپ ۋە دۈشمەنگە شىكەستە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ دۈشمەن ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشنىڭ پەزىلىتى ........................................183
بىر كىشىنىڭ كۆپ دۈشمەنگە يالغۇز ھۇجۇم قىلىشى ھەققىدە ئالىملارنىڭ ئوخشىمىغان كۆزقاراشلىرى ........................................204
مۇبارىزە (يەكمۇيەك جەڭ قىلىش) ........................................207
25- باب ئىككى قوشۇن ئۇچراشقاندا جەڭدىن قاچقان كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدە ........................................211
ئىككى سەپ ئۇچراشقاندا جىھاد پەرز ئەين بولىدۇ ........................212
الله نىڭ مۇجاھىدلارغا نۇسرەت ۋە كۈچلەندۈرۈش بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ........................................215
26- باب جىھادنىڭ ئەجرىگە پەقەت خالىس نىيەت بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ........................................229
جىھادتىكى نىيەتنىڭ تۈرلىرى ........................................235
قىلغان غازىتىغا ھەق ئالغان كىشى ھەققىدە ........................246

سەمىمىيلىك بىلەن جىھادقا چىققاندىن كېيىن رىيانىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە.... 247
غازات ۋە جىھادقا قاتناشقانلىقنى ئېلان قىلغان كىشىنىڭ ھۆكۈمى............. 249
27ـ باب جىھاد ئۈچۈن چىقىپ ئۇرۇشسىز ئۆلگەن كىشىنىڭ شەھىد بولىدىغانلىقى ھەققىدە ........................................ 253
28ـ باب شاھادەتنى سوراش، ئۇنىڭغا ھېرىس بولۇش ۋە ئۇنىڭغا تىرىشقان كىشىنىڭ مەقسىتىگە يېتىدىغانلىقى ھەققىدە ........................ 259
29ـ باب الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدنىڭ پەزىلىتى .......................... 268
شەھىدلەرنىڭ پەزىلىتى............................................................ 274
الله تائالا مۇئمىنلەر ئۈچۈن تەييارلىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر ........... 290
30ـ باب غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ ھاراملىقى ۋە ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدە ............................................................ 294
غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچىنىڭ جازاسى ........................... 299
31ـ باب مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن فىدىيە بېرىش ياكى جەڭ قىلىش ھەققىدە ............................................................ 303
32ـ باب رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غازاتلىرى، ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر جەڭلىرى ........................ 309
رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غازاتلىرى................................................................ 313
رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەۋەتكەن قوشۇنلار................................................................ 341
مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى غازاتلىرى ۋە فەتىھلىرى .................... 351
33ـ باب قۇۋۋەت ۋە شىجائەتنى مەدھىيىلەش، قورقۇنچاقلىق ۋە ئاجىزلىقنى سۆكۈش ھەققىدە ............................................................ 360
قەلبتىن قورقۇنچاقلىقنى يوقىتىشنىڭ چارىسى.................... 361
رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جاسارىتى ............................................................ 368
بۇ ئۈممەتنىڭ ئەڭ جەسۇرلىرى............................................................ 370
كىتابنىڭ خاتىمىسى ............................................................ 393
جىھادقا ئالاقىدار مەسىلىلەر ۋە ئەھكاملار ........................... 393

مۇجاھىدلارنىڭ بىلىۋېلىشى زۆرۈر بولغان قىسمەن ھۆكۈملەر................ 393
جەڭنىڭ ھىيلە ـ تاكتىكىلىرى ۋە ئەدەب ـ قائىدىلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان ..... 417
خاتىمە........................................................................................................ 427

# كىرىش سۆز

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ- سانالار اللە قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە- يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

ئىسلامنىڭ قۇۋۋىتى، تەۋھىدنىڭ قورغانى، ئۇممەتنىڭ سائادىتى بولغان اللە يولىدىكى جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكى سەۋەبلىك قۇرئانلىرى كۆيدۈرۈلگەن، پەيغەمبىرى مەسخىرە قىلىنغان، ئىپپەت- نومۇسلىرى دەپسەندە بولغان، غورۇرى سۇنغان، زېمىنلىرى تاجاۋۇز قىلىنغان بۈگۈنكى بۇ مەزلۇم ئىسلام ئۇممىتى ئەنە شۇ تارىخنىڭ نۇرانە بەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن يازغان، ئادالەت تۇغىنىڭ اللە نىڭ زېمىنلىرىدا مەردانە لەپىلدىشى ئۈچۈن دىن يولىدىكى جاپا- مۇشەققەتنى لەززەت، اللە يولىدىكى شەھىدلىكنى غەلىبە سانىغان قەيسەر چەۋەنداز ئەجدادلىرى ئوينىتقان قىلىچنى قايتا قولىغا ئېلىپ، جەڭگاھقا قاراپ ئات چاپتۇرۇشقا، سائادەت ئۇرۇقىنى كۇفۇر زۇلۇمى ئاستىدا ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتقان ھەربىر زەر تۇپراققا چېچىشقا نەقەدەر موھتاج- ھە!؟

زۇلمەت قاراڭغۇلىقىدا گاڭگىراپ قالغان بۇ ئىسلام ئۇممىتىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ يول كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر جازانە تىجارەتلىرىگە بېرىلىپ، كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ، تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ جىھادنى تاشلاپ قويساڭلار، اللە سىلەرگە خارلىقنى يۈكلەپ قويىدۇ. تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە اللە ئۇ خارلىقنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ».[1]

ئەللامە شەۋكانى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خارلىقنىڭ سەۋەبى (اللە ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!) ئۇلار اللە يولىدىكى جىھادنى تاشلاپ قويغانلىقى بولۇپ، جىھاد — ئىسلامنىڭ ئىززىتى ۋە باشقا دىنلار ئۈستىدىن بولغان غەلىبىسى ئىدى (اللە تائالا ئۇلارنى خارلىقتىن قۇتقۇزسۇن!) ئەمما ئۇلار ئىززەتكە سەۋەب بولىدىغان

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئات مىنىشىنىڭ ئورنىغا كالا پادىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە> دېگەن سۆزىدە يېتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش بار بولۇپ، ۋاھالەنكى جىھادنى تەرك ئېتىش دىندىن يىراقلاشقانلىق بولاتتى».[1]

ئەللامە ئىبنى قەييىم ھەم جىھادنىڭ مەنپەئىتىنى قىسمەن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جىھادنىڭ غەم ـ قايغۇلارنى كەتكۈزۈشى ھەربىر ۋىجدانلىق ئادەمگە مەلۇم چۈنكى ئىنسان قاچانكى باتىل تاجاۋۇزچىنىڭ زۇلۇمى ۋە تاجاۋۇزىغا جاۋاب قايتۇرمىسا، ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇسى، جاپا ـ مۇشەققىتى ۋە ئەندىشىسى كۈچىيىشكە باشلايدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭغا قارشى جىھاد قىلسا، الله تائالا ئۇ غەم ـ قايغۇلارنىڭ ئورنىغا خۇشاللىق، جاسارەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، قەلب ئاجىزلىقى ۋە غەم ـ قايغۇنى كەتكۈزۈشتە جىھادتىنمۇ ياخشى ئەمەل يوق»[2].

ئىسلام قۇۋۋىتى ۋە مۇسۇلمانلار ئىززىتىنىڭ جىھادسىز بەرپا بولمايدىغانلىقىغا ئۆز قەلىمى ۋە قىلىچى بىلەن دەۋەت قىلغان ئىمام، ئالىم، مۇجاھىد، شەھىد ئەھمەد ئىبنى ئىبراھىم دىمەشقىي رەھىمەھۇللاھ (ئىبنى نەھھاس نامى بىلەن مەشھۇر) ئۇشبۇ قىممەتلىك كىتاب «مشارع الأشواق إلى مصارع العشاق»نى[3] مۇئمىنلار ۋە ئەھلى سەلىب قوشۇنىغا قارشى جىھادتىن ئولتۇرۇۋالغان مۇسۇلمانلارنى جىھادقا چاقىرىش ۋە ئۇلارنىڭ جىھادتىكى ھىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھىجرىيە 812 ـ يىلى يېزىپ چىققان بولۇپ، شەيخنىڭ بۇ كىتابنى ئۆز قەلىمى ۋە قېنى بەدىلىگە پۈتكەنلىكى بۇ كىتابقا ئۆزگىچە قۇۋۋەت ۋە تەسىر كۈچى بېغىشلىغان.

ئۆز ھاياتىنى ئىلىم، جىھاد ۋە دەۋەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئالىم، مۇجاھىد، مۇرابىت ئىبنى نەھھاس ھىجرىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان بولۇپ، شۇ دەۋرنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن، مەشھۇر ئالىملىرىدىن ئىدى. ئۇ ھەدىس ۋە فىقھىدا ئالىم، جىھاد ۋە رىباتتا سابىت، سۈننەتپەرۋەر، ياخشىلىققا ئالدىرىغۇچى، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش،

[1] شەۋكانىنىڭ «نيل الأوطار» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 268 ـ بەت.

[2] «زاد المعاد» 4 ـ توم 185 ـ بەت.

[3] مشارع الأشواق إلى مصارع العشاق — جەننەت ئاشىقلىرى يىقىلىدىغان مەيدانغا ئىشتىياق قوزغايدىغان ئەمەللەر. بىز تىلغا يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن قىسقارتىپ «جەننەت ئاشىقلىرى يىقىلغان مەيدان» دەپ ناملىدۇق.

كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىش ۋە جىھادقا دەۋەت قىلىشقا ھېرىسمەن، كەمتەر، كىبىردىن يىراق، نام ـ شۆھرەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، نامسىز ياشاشقا تىرىشىدىغان كىشى ئىدى.

ئۇ ھەققىدە ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «ئىبنى نەھھاس دىمىيات رىباتلىرى ۋە جىھادلىرىنى ئۆزىگە لازىم تۇتقان كاتتا پەزىلەتلىك كىشى ئىدى».

ئىبنى ئەمماد ھەنبەلى مۇنداق دېگەن: «ئۇ شەيخ، ئىمام، ئەللامە، نەمۇنە ۋە ئۈلگە ئىدى».

تارىخشۇناس سەخخاۋى مۇنداق دېگەن: «ئىبنى نەھھاس مىراس ئىلمىگە پىششىق، ماتېماتىكا ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن، گېئومېتىرىيە ئىلمىدە ئىقتىدارلىق، دىندا فەقىھ، ياخشىلىققا ئالدىرىغۇچى، نام ـ شۆھرەتتىن يىراق كىشى ئىدى. كىبىردىن ئۆزىنى شۇنچىلىك قاچۇراتتىكى، ئۇنى تونۇمايدىغان كىشىلەر ئۇنى ئادەتتىكى بىر كىشى دەپ ئويلاپ قالاتتى. تاكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر رىبات ۋە جىھادنى لازىم تۇتقان ئىدى».

شەيخ شاھادەتنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى ۋە الله تائالادىن ئۇنىڭغا شەھىدلىكنى رىزىق قىلىپ بېرىشىنى سورايتتى.

زەركەلى مۇنداق دېگەن: «ئۇ ھەممەيلەننىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن، پەزىلەتلىك، مۇجاھىد، شافىئىي مەزھىبىنىڭ فەقىھلىرىدىن ئىدى. ئەھلى سەلىب قوشۇنى بىلەن بولغان <تاينە> دېگەن جەڭدە پەقەت ئالغا ئىلگىرىلىگەن، كەينىنى قىلمىغان ھالدا ئۇرۇشۇپ شەھىد قىلىنغان ئىدى».

ئۇ دىمىيات ئەھلىنىڭ سەلىبىيلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان جىھادىدا قوماندانلىق قىلغان. 814 ـ يىلى، دىمياتقا يېقىن جايدا يۈز بەرگەن «تاينە» دېگەن جەڭدە الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ جىھادىي ھاياتىنى شەھىدلىك بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە شاھادەت بىلەن ئۇچراشتۇرغان. الله تائالا ئۇ كىشىنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن!

شەيخنىڭ شەھىد بولۇشتىن بۇرۇن يېزىپ پۈتتۈرگەن بۇ كىتابىنىڭ ئۇممەت ئىچىدە كەڭ ئالقىشقا ۋە ياخشى باھاغا ئېرىششىگە ھەمدە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىشىگە الله تائالا نېسىپ قىلدى. ئۆلىمالار بۇ كىتابنىڭ تارىختىن بۇيانقى جىھاد ھەققىدىكى كىتابلار ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزەل كىتاب ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن ھەمدە جىھاد ھەققىدە تۈزۈلگەن كىتابلار ئىچىدە

ئەڭ ياخشى جەملەنگەن، مەنپەئەتلىرى ناھايىتى مول بولغان كىتاب دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن.

لېكىن، ئەسلى كىتابتا ھەدىس ۋە ئەسەرلەرنىڭ راۋىيلىرى ۋە تەتقىقات مەزمۇنلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، دوكتۇر سىلاھ ئابدۇلفەتتاھ ئەلخالىدىي كىتابنىڭ ئەسلىدىكى نۇسخىسى ۋە باشقا ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈپ چىققان نۇسخىلىرىغا ئاساسەن، بۇ كىتابنى قايتىدىن تەھرىرلەپ ۋە رەتلەپ چىققان. بىزمۇ ھەم ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزغا يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن، مۇشۇ نۇسخىنى تەرجىمە قىلدۇق. شۇنداقلا قېرىنداشلىرىمىزغا بولغان مەنپەئىتىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشى ۋە كىتاب تەرجىمىسىنىڭ قىممىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى ئۈچۈن، ئەسلى كىتابقا تەڭ مۇراجىئەت قىلىپ ماڭدۇق ھەمدە بۇخارى ۋە مۇسلىمدىن باشقا ھەدىس توپلاملىرىدىكى ھەدىس ۋە ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئىبنى ھەجەر، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت، ئەلبانى، ھەيسەمى ۋە باشقا مۇھەددىسلەرنىڭ باھاسىنى گەرچە ئەسلى ئەرەبچە كىتابتا بولمىسىمۇ ئىزدىنىش ئارقىلىق يېزىپ قويدۇق. ئەمما بۇ مۇھەددىسلەر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىغان، پەقەت رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەدىس توپلاملىرىدىلا خاتىرىلەنگەن ھەدىس ۋە ئەسەرلەر بولۇپ قالسا، كىمنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقى ۋە كىمنىڭ توپلىغانلىقىنى يېزىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق.

ئاخىردا، الله تائالادىن پەقەت ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلغان بۇ خىزمىتىمىزنى قوبۇل قىلىشىنى، ئۇشبۇ كىتابنى ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى، مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ جىھادقا بولغان ئىخلاسى، ھىممىتى، رىغبىتى ۋە ھېرىسمەنلىكىنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشى، جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جىھاد كارۋىنىغا يېتىشىۋېلىشىغا سەۋەب قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز، ئامىن!

— نەشرىياتتىن

※ ※ ※

# 1 ـ باب

## كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلىش ھەققىدە كەلگەن بۇيرۇق ۋە ئۇنىڭ ۋاجىبلىقى ھەمدە ئۇنى تەرك قىلغان كىشىگە قارىتا كەلگەن تەھدىتلەر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تُحِبُّوا شَيْئًا وَهُوَ شَرٌّ لَكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن الله بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار)».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ «الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى، ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَفَسَدَتِ الْأَرْضُ وَلَكِنَّ اللَّهَ ذُو فَضْلٍ عَلَى الْعَالَمِينَ﴾ «الله ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابىلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن الله (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر».[3]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاقْتُلُوا الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدْتُمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُوا لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ﴾ «مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار».[4]

---

[1] سۈرە بەقەرە 216 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە 244 ـ ئايەت.

[3] سۈرە بەقەرە 251 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە تەۋبە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَاتِلُوا الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَلَا بِالْيَوْمِ الْآخِرِ وَلَا يُحَرِّمُونَ مَا حَرَّمَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ وَلَا يَدِينُونَ دِينَ الْحَقِّ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حَتَّى يُعْطُوا الْجِزْيَةَ عَنْ يَدٍ وَهُمْ صَاغِرُونَ﴾ «سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانلىقى ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) هارام قىلغان نەرسىلەرنى هارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزىيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْلَا دَفْعُ اللَّهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللَّهِ كَثِيرًا وَلَيَنْصُرَنَّ اللَّهُ مَنْ يَنْصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾ «ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر-بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە الله نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى. كىمكى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. الله ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر».[2]

ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىيمي ئۆزىنىڭ «شعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا شۇنى بايان قىلىپ بەردىكى، ئەگەر الله تائالا ئىسلامنى مۇشرىكلاردىن قوغداش، ئۇلارنىڭ شەۋكىتىنى سۇندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن مۇئمىنلەر ئارقىلىق مۇشرىكلەرنى چېكىندۈرمىگەن ۋە مۇئمىنلەرنى مۇشرىكلارغا ھۆكۈمران قىلمىغان بولسا ئىدى، چوقۇم زېمىننى شېرىك قاپلىغان ۋە ھەق دىن زېمىندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولاتتى. دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئىسلام ئەھلىنىڭ ئەركىنلىكى جىھاد بىلەن بولىدۇ. دېمەك، جىھاد مانا شۇنداق ئۇلۇغ مەرتىۋىدە بولغاچقا، جىھاد ئىبادىتى ئىمان تۈۋرۈكلىرىدىن بولۇشقا، مۇئمىنلەر بولسا ئىنسانلار ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەڭ يۇقىرى چەكتە ھېرىسمەن بولۇشقا ھەقلىق

[1] سۈرە تەۋبە 29- ئايەت.

[2] سۈرە ھەج 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبادەتتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا لَقِيتُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا فَضَرْبَ الرِّقَابِ﴾ <(جەڭ مەيدانىدا) سىلەر كاپىرلارغا ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار[①]>».[②]

مۇشرىكلارغا ۋە دىن دۈشمەنلىرىگە قارشى الله يولىدا جەڭ قىلىشقا بۇيرۇش توغرىسىدا كەلگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

جىهاد ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر:

1. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن تاكى كىشىلەر <بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق> دېگەنگە قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار ئۇ سۆزنى ئېيتسا، ئۆزلىرىنىڭ قانلىرى ۋە ماللىرىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ ئەمما پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى بۇنىڭدىن مۇستەسنا[③]. ئۇلارنىڭ (ئىچكى سىرلىرىنىڭ) ھېسابىنى الله ئالىدۇ».[④]

2. بەشىير ئىبنى خەساسىيە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئىسلامغا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. ئۇ ماڭا: «بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ﷺ الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەيسەن، بەش ۋاق ناماز ئوقۇغايسەن، رامىزان روزىسى تۇتقايسەن، زاكاتنى ئادا قىلغايسەن، ھەج قىلغايسەن ۋە الله يولىدا جىهاد قىلغايسەن» دەپ شەرت قويدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىككى شەرتكە تاقىتىم يەتمەيدۇ، بىرى، زاكات. چۈنكى مېنىڭ ئون تۆگەم بار، ئۇلاردىن ئائىلەم سۈتىنى سېغىپ، يۈك-تاق ئارتىپ پايدىلىنىدۇ؛ يەنە بىرى، جىهاد. ئۇلار: <كىمكى جىهادتىن يۈز ئۆرۈپ قاچسا، ئۇ چوقۇم الله نىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ> دېيىشىدۇ، ئەگەر مەن جەڭگە كىرىپ قالسام ئۆلۈمنى يامان كۆرۈپ، جېنىمنى ئېلىپ قېچىشىمدىن قورقىمەن» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ قولۇمنى تۇتتى ۋە ھەرىكەتلەندۈردى. ئاندىن ماڭا: «سەدىقىمۇ بەرمەي، جىهادمۇ قىلماي، قانداق جەننەتكە كىرىسەن؟» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بەيئەت قىلاي» دېدىم.

---

① سۈرە مۇھەممەد 4- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② «كتاب المنهاج في شعب الإيمان» 2- توم 466- بەت.

③ يەنى قان تۆكۈشكە ئوخشاش گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.

④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئاساسەن بەيئەت ئالدى.[①]

3. سەلەمە ئىبنى نۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئولتۇراتتىم. شۇ چاغدا بىر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتلار تەرك ئېتىلدى، قوراللار تاشلاپ قويۇلدى، كىشىلەر: <جەڭ تۈگىدى، ئۇرۇش يۈكى ئاخىرلاشتى!> دېيىشىۋاتىدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار يالغان ئېيتىپتۇ! جەڭ ئەمدى باشلاندى. مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە ھەمىشە الله يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلارغا قارشىلىق قىلغانلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. الله تائالا ئۇلارنى رىزىقلاندۇرۇش ئۈچۈن (يەنى غەنىيمەت ئاتا قىلىش ئۈچۈن) ئۇلاردىن باشقا بەزى قەۋملەرنىڭ قەلبىنى بۇرىۋېتىدۇ. ئۇلار تاكى قىيامەت بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىدۇ. ئاتنىڭ پېشانىسىگە قىيامەتكىچىلىك ياخشىلىق چېكىلگەندۇر. يەئجۇج ـ مەئجۇج چىققاندا جەڭ ئۆزىنىڭ يۈكىنى قويىدۇ» دېدى.[②]

4. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ماللىرىڭلار، جانلىرىڭلار ۋە تىللىرىڭلار بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى جىھاد قىلىڭلار!»[③]

كاپىرلارغا قارشى تىل بىلەن قىلىنغان جىھاد — ئۇلار ئاڭلاشنى يامان كۆرىدىغان، ئاڭلىسا ئاچچىقى كېلىدىغان قوپال سۆزلەرنى قىلىش، ھەجۋى قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

5. ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام سەككىز ئۈلۈشتۇر: ئىسلام كەلتۈرۈش بىر ئۈلۈش، ناماز بىر ئۈلۈش، زاكات بىر ئۈلۈش، ھەج بىر ئۈلۈش، جىھاد بىر ئۈلۈش، رامىزان روزىسى بىر ئۈلۈش، ياخشىلىققا بۇيرۇش بىر ئۈلۈش، يامانلىقتىن توسۇش بىر ئۈلۈش. كىمنىڭ ئۇنىڭدىن بىرەر ئۈلۈشى بولمىسا، ئۇ چوقۇم زىيان تارتىدۇ».[④]

6. ھارىس ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ يەھيا ئىبنى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىلغا يەتكۈزگەن نەرسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنى الله مېنى بۇيرۇغان بەش ئىشقا

[①] ئەھمەد، تەبرانى ۋە ھاكىم توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.
[②] نەسائى، تەبرانى ۋە ئەھمەد توپلىغان.
[③] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[④] بەززار توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بۇيرۇيمەن: ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش، جىهاد، ھىجرەت ۋە جامائەت بولۇش. كىمكى جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلسا، تاكى جامائەتكە يەنە قايتىپ كەلمىگۈچە ئىسلامنىڭ ئارغامچىسىنى (ھالقىسىنى) بويىنىدىن چىقىرىۋەتكەن بولىدۇ».[1]

7. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەككە فەتىھ بولغاندىن كېيىن ھىجرەت قىلىش يوق.[2] لېكىن جىهاد ۋە جىهادقا نىيەت قىلىش بار، ئەگەر سىلەر جىهادقا چاقىرىلساڭلار، چىقىڭلار» دېگەن.[3]

بۇ ھەدىس، ئەگەر ئىمام خاس بىر كىشىنى جىهادقا بۇيرۇغان بولسا، جىهاد ئۇ كىشىگە پەرز ئەين بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئەگەر سىلەر جىهادقا چاقىرىلساڭلار، چىقىڭلار» دېدى.

8. ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇتبە سۆزلەپ جىهادنى تىلغا ئالدى، ئۇ پەرز نامازدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئەمەلنى جىهادتىن ئەۋزەل سانىمىدى».[4]

## ساھابە ـ تابىئىنلارنىڭ جىهاد ھەققىدىكى سۆز ـ ھەرىكەتلىرى:

ئەبۇ راشىد ھۇبرانى مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چەۋەندازى مىقداد ئىبنى ئەسۋەد بىلەن ھۇمۇس شەھىرىدە ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ زەرگەرنىڭ ساندۇقلىرى ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ سېمىزلىكىدىن گۆشلىرى ساندۇقتىن ساڭگىلاپ قالغانىدى. شۇ پەيتتە ھەم ئۇ غازات قىلماقچى بولۇپ تۇرغاندا مەن ئۇنىڭغا: «الله تائالا ساڭا ئۇخشاشلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغانغۇ؟» دېسەم، ئۇ: «سۈرە تەۋبە مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمغا يول قويمايدۇ»

---

[1] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىزاھات: بۇ ھەدىس ئەينى چاغدا مەككە فەتىھ بولغاندىن كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى: «مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش مەككىنىڭ فەتىھ قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى، مەككە فەتىھ قىلىنىپ ئىسلامىي زېمىن بولۇپ بولغاندىن كېيىن مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلسا ئەجىر بولمايدۇ» دېگەنلىكتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ: «تەۋبە قىلىش توختاپ قالمىغۇچە ھىجرەت قىلىش توختاپ قالمايدۇ، كۈن غەربتىن چىقمىغۇچە تەۋبە قىلىش توختاپ قالمايدۇ» دېگەن. (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن) — تەرجىماندىن.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] بەيھەقى ۋە دارىمى رىۋايەت قىلىپ «سەھىھ» دېگەن، ئىبنى ھەجەر «المطالب العالية» ناملىق كىتابىنىڭ 6ـ توم 55ـ بېتىدە نەقىل قىلغان.

دەپ، الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى ئوقىدى: ﴿انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «(ئى مۆئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار؛ ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار؛ ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر[1]». [2]

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك «الجهاد» ناملىق كىتابىدا ئەتىييە ئىبنى ئەبۇ ئەتىييەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قادىسىيە كۈنلىرىدىن بىرسىدە كۆرۈپ قالدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆزى ئەما كىشى بولۇپ، الله تائالا ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان ئىدى لېكىن ئۇ جىھادقا چىقىپ قادىسىيە جېڭىگە قاتناشتى. جەڭدە ئۇ بايراق كۆتۈردى ۋە مۇشۇ جەڭدە شاھادەتكە ئېرىشتى.[3]

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا﴾«سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە جىھادقا چىقىڭلار» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. ئاندىن ئۇ: «الله تائالا بىزنى قېرى ـ ياش بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇدى، مېنى جىھادقا تەييارلاپ قويۇڭلار!» دېدى. ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا: «الله ساڭا رەھىم قىلسۇن! سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ دەۋرلىرىدە غازات قىلدىڭ، سېنىڭ ئورنۇڭدا بىز چىقايلى» دېدى. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى ھەمدە جىھادقا چىقىپ، دېڭىز غازىتىغا قاتناشتى ۋە كېمە ئۈستىدە ۋاپات بولدى. مۇجاھىدلار ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق قۇرۇقلۇق تاپالماي، پەقەت بىر ھەپتىدىن كېيىنلا ئاندىن تاپتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ جىسمى ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن ئىدى.[4]

---

[1] سۈرە تەۋبە 41 ـ ئايەت.

[2] ھاكىم ۋە تەبرانى توپلىغان. «تفسير الطبري» 10 ـ توم 86 ـ بەت، «تفسير ابن كثير» 4 ـ توم 157 ـ بەت.

[3] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 119 ـ بەت.

[4] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 116 ـ بەت، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن، ئىبنى ھەجەر ھەم سەھىھ ئىسناد بىلەن نەقىل قىلغان.

ئىبنى شىھاب زۇھرىدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب غازاتقا چىقتى، ئۇنىڭ بىر كۆزى ئەما ئىدى. ئۇنىڭغا: «سەن ئۆزرىلىك كىشى» دېيىلگەندە، ئۇ مۇنداق دېدى: «الله تائالا ئېغىر ياكى يېنىك ھالىتىمىزدە بولسۇن جىھادقا چىقىشقا ئەمىر قىلدى. ئەگەر جەڭ قىلىشقا ئىمكانىيىتىم يار بەرمىسە مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ۋە قارىسىنى كۆپەيتىمەن، يۈك-تاقلىرىنى ساقلاپ بېرىمەن». ①

ئىبنى ئەبۇ شەيبە ۋە ئىبنى جەرىر مۇنداق دەيدۇ: ھەسەن بەسرى «انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا» دېگەن ئايەتنى «ياش ۋە قېرى ھالىتىڭلاردا» دەپ تەپسىر قىلغان؛ مەنسۇر ئىبنى زازان «بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان چېغىڭلاردا ۋە بىكار ۋاقتىڭلاردا» دەپ تەپسىر قىلغان؛ ئىبنى زەيد «ئېغىر دېگەن، تاشلاپ قويۇشنى خالىمايدىغان زېمىنى بار كىشى؛ يېنىك دېگەن، زايە بولۇپ كېتىدىغان نەرسىسى يوق كىشى» دەپ تەپسىر قىلغان. باشقىلار «يېنىك دېگەن شىجائەتلىك، ئېغىر دېگەن قورقۇنچاق» دەپ تەپسىر قىلغان. ②

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتكە نىسبەتەن ئەڭ توغرا مەنە شۇكى، كىشىلەرگە ھەرىكەت قىلىش يېنىك كەلسۇن ياكى ئېغىر كەلسۇن، الله تائالا ھەممە كىشىلەرنى جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇدى». ③

ئىبنى جەرىر تەبەرى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: بەزى مۇجاھىدلار شام زېمىنىنىڭ فەتھىسىدە بىر مۇجاھىد كىشىنى ئۇچراتتى، ئۇ قېرىپ قالغانلىقتىن ئىككى قېشى كۆزلىرىگە ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. مۇجاھىدلاردىن بىرى ئۇنىڭغا: «ئى تاغا! الله تائالا سىزنىڭ ئۆزرىڭىزنى قوبۇل قىلغان» دېگەنىدى، ئۇ كىشى: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! الله تائالا بىزنى ئېغىر-يېنىك ھالىتىمىزدە جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇدى» دېدى. ④

ئىمام ئابدۇررازاق مەكھۇلدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئۇ قىبلىگە

① «تفسير الطبري» 10- توم 98- بەت، «تفسير القرطبي» 8- توم 137- بەت.

② ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنف» ناملىق كىتابىنىڭ 5- توم 306- بېتىدە سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان، «تفسير الطبري» 4- توم 232-، 233- بەتلەر.

③ «تفسير القرطبي» 8- توم 150- بەت.

④ «تفسير الطبري» 10- توم 98- بەت.

ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ ئۇن قېتىم قەسەم قىلىپ: «ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرگە جىھاد قىلىش ھەقىقەتەن ۋاجىب. ئەگەر خالىساڭلار سىلەرگە يەنە تېخىمۇ كۆپ قەسەم قىلىپ بېرىمەن» دېدى.[1]

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسى، ئەگەر سىلەر يەنە قەسەم قىلىپ بېرىشىمنى خالىساڭلار، كۆڭلۈڭلارنىڭ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن يەنە ئاشۇرۇپ قەسەم قىلىپ بېرىمەن دېگەنلىكتۇر.

## جىھاد پەرز كۇپايىمۇ ياكى پەرز ئەينمۇ؟

بىلگىنكى، ئالىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن كاپىرلارنىڭ يۇرتلىرىغا بېرىپ، ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش پەرز كۇپايىدۇر، ئەمما ئىبنى مۇسەييەب ۋە ئىبنى شىبرىمە پەرز ئەين ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

پەرز كۇپايىنىڭ مەنىسى، ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن يېتەرلىك بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ پەرزنى ئادا قىلسا، باشقا قىلمىغان كىشىلەردىن گۇناھ ساقىت بولىدۇ؛ ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىم ئۇ پەرزنى ئادا قىلمىسا، ھەممە مۇسۇلمانلار تەڭ گۇناھكار بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەڭ كۈچلۈك قاراش بويىچە، الله تائالا ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغان ئۆزرە ئىگىلىرى گۇناھكار بولمايدۇ.

ئەڭ ئاز بولغاندا يىلدا بىر قېتىم جىھاد قىلىش پەرز كۇپايىدۇر، ئەگەر بۇنىڭدىن كۆپ بولسا، بۇنىڭ ئەۋزەللىكىدە ھېچ ئىختىلاپ يوق. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئاجىز، دۈشمەن كۆپ ھالەتتە مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ قالسا، مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىش خەۋپى ۋە ياكى ئۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق، يېمەك-ئىچمەك ۋە ئۇلاغلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكىنىڭ كەم بولۇشى قاتارلىق زۆرۈر بولغان ئۆزرىلەردىن باشقا ۋاقىتتا جىھادتىن بىر يىل خالىي قېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ھېچقانداق زۆرۈرىيەتسىز ۋە ئۆزرىسىز غازاتنى بىر يىل كېچىكتۈرۈشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىمام شافىئىي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئوچۇق پەتىۋا كەلتۈردى.

ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى جۇۋەينى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇسۇلشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: <جىھاد بويسۇندۇرۇش ئاساسىدا قىلىنىدىغان

[1] «مصنف عبد الرزاق» 5- توم 174- بەت، ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 306- بەت.

دەۋەتتۇر. زېمىن يۈزىدە پەقەت مۇسۇلمان ياكى مۇسۇلمانغا تەسلىم بولغان كىشىلەر قالغانغا قەدەر ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە جىهادنى بەرپا قىلىش ۋاجىب. يىلدا بىر قېتىم جىهاد قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىش شەرت ئەمەس، بىر قېتىمدىن ئاشۇرۇپ قىلىشقا ئىمكانىيەت بولسا، جىهاد ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ>. فىقھشۇناس ئالىملارنىڭ <يىلدا بىر قېتىم> دەپ تىلغا ئېلىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلار كۆپ يۈز بېرىدىغان ئادەتكە ئاساسلانغان چۈنكى جىهاد ئۇچۈن مال ۋە قوشۇن تەييارلاش ئىشلىرى كۆپىنچە ئەھۋالدا يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ».[1]

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزرە بولمىسىلا ھەر يىلدا ئاز بولغاندا بىر قېتىم جىهاد قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر يىلدا بىر قېتىمدىن كۆپرەك جەڭ قىلىشقا ھاجەت چۈشسە، جەڭ قىلىش ۋاجىب بولىدۇ چۈنكى پەرز كۇپايىنى قىلىش موھتاجلىققا ئايلانسا، ئۇنى قىلىش ۋاجىب بولىدۇ».[2]

ئىمام قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمامنىڭ (يەنى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولغان خەلىپىنىڭ) دۈشمەنگە قارشى غازات قىلىشقا ھەر يىلدا بىر قېتىم قوشۇن ئەۋەتىشى پەرز ھەمدە ئۇ ئۆزى كىشىلەر بىلەن بىللە غازاتقا چىقىدۇ. ئەگەر ئىمامنىڭ كىشىلەر بىلەن بىللە چىقىشى مۇمكىن بولمىسا، ئۆزىگە ئىشەنچلىك بولغان كىشىنى ئۇلار بىلەن بىللە چىقىرىدۇ. تاكى دۈشمەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ياكى خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىنى توسىدۇ ۋە الله نىڭ دىنىنى ئالىي قىلىدۇ».[3]

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دەيدۇ: «بالاغەتكە يەتمىگەن بالىغا، مەجنۇنغا، ئايالغا ۋە ئۇرۇش قىلىشتىن توسىدىغان ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىگە جىهاد قىلىش ۋاجىب بولمايدۇ ئەمما بىر كۆزى كور، بېشى ئاغرىيدىغان، چىشى ئاغرىيدىغان، يېنىك قىزىتما ۋە ئاقساق كىشىگە جىهاد قىلىش ۋاجىب».[4]

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەرز كۇپايە جىهادقا ئاتا-ئانىنىڭ رۇخسىتىسىز چىقىش دۇرۇس بولمايدىغانلىقىغا ئالىملار بىرلىككە كەلدى. ئەگەر ئاتا-ئانىسى بولمىسا، چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىسى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئورنىدىدۇر.

[1] ئىمام نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 10- توم 209- بەت.

[2] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8- توم 348- بەت.

[3] «تفسير القرطبي» 8- توم 152- بەت.

[4] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8- توم 347-، 348- بەتلەر.

ئەگەر ئاتا ـ ئانا ئوغلىغا جىھاد قىلىشقا رۇخسەت بېرىپ، ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرەرى ئوغلى جىھادقا ھازىر بولۇشتىن بۇرۇن بەرگەن رۇخسىتىدىن يېنىۋالسا، بالا جىھادتىن يېنىشى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىشى ۋاجىب لېكىن قايتىپ بېرىشىدا ئۇنىڭ جېنىغا، مېلىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا خەۋپ بولغان ھالەت بولۇپ قالسا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

ئەگەر ئوغۇل جەڭگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسى بەرگەن رۇخسىتىدىن يېنىۋالسا، بۇ ھالەتتە بالىغا ئۇرۇش مەيدانىدىن چىقىپ كېتىش ھارامدۇر». [1]

## قەرزدارنىڭ جىھادقا چىقىشى ھەققىدىكى ئالىملارنىڭ ئىختىلاپلىرى

ئىمام مالىك قەرزىنى تۆگىتىشكە تاقىتى يەتمىگەن كىشىنىڭ جىھادقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلدى[2]؛ ئىمام ئەۋزائى قەرز بەرگۈچىنىڭ رۇخسىتىسىز قەرزدارنىڭ جىھادقا چىقىشىنى دۇرۇس سانىدى. ئەمما ئىمام شافىئىي بۇ ئىككىسىنىڭ قارىشىغا قوشۇلمىدى، ئۇ: «قەرز ئىگىسى مەيلى مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەرز بەرگۈچىنىڭ رۇخسىتىسىز قەرزدارنىڭ جىھادقا چىقىشى توغرا ئەمەس» دەپ قارىدى[3].

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەرزى بار تۇرۇپ ئوھۇد غازىتىغا چىققانلىقى — قەرزدارنىڭ جىھادقا چىقىشىغا دەلىلدۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى بىلىپ تۇرۇپ توسمىغان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوھۇدتا شەھىد بولغان، ئۇنىڭ قەرزىنى ئوغلى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن كېيىن تۆلىۋەتكەن. [4]

لېكىن، قەرزدار جىھادقا چىققاندا ئۆزىدىن كېيىن قەرزىنى تۆگىتەلەيدىغان بىر نەرسىنى (جابىرنىڭ دادىسىغا ئوخشاش) قالدۇرۇپ كېتىشى كېرەك.

ئىمام ئەھمەد قەرزدار ئۆزىنىڭ قەرزىنى تۆگىتىدىغان نەرسىنى قالدۇرۇپ

---

[1] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8 ـ توم 358 ـ بەتتىن 360 ـ بەتكىچە.

[2] «وحاشية العدوي» 2 ـ توم 15 ـ بەت.

[3] ئىمام شافىئىينىڭ «الأم» ناملىق كىتابى 4 ـ توم 163 ـ بەت.

[4] قىسسىنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن «صحيح البخاري» 2395 ـ ھەدىسكە قاراڭ.

قويسا، ئۇ قەرز بەرگۈچىنىڭ رۇخسىتىسىز غازاتقا چىقسا بولىدىغانلىقىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسىنى دەلىل كەلتۈردى.[1]

پەرز كۇپايە جىھادتا ئوغۇل ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتى، قەرزدار ئۈچۈن قەرز بەرگۈچىنىڭ رۇخسىتى شەرت قىلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر شەھىرىگە كاپىرلار باستۇرۇپ كىرسە ياكى يىراقتىن ئۇ شەھەرگە كۆز تىكسە، كاپىرلارنىڭ سانى مۇسۇلمان شەھەر ئەھلىنىڭ سانىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولسۇن ياكى ئاز بولسۇن يۇقىرىدىكى شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ ـ دە، جىھاد ھەربىر مۇسۇلمان ئەر ۋە مۇسۇلمان ئايالغا پەرز ئەينىگە ئايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قۇل ئۆز خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىز، ئايال ئۆز ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز (ئىككى قاراشنىڭ سەھىھراقى، ئەگەر ئايالدا ئۆزىنى قوغدىغۇدەك قۇۋۋەت بولسا)، بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز، قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز جىھادقا چىقىدۇ. بۇ، ئىمام مالىك، ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ كۆز قارىشى.[2]

ئەگەر كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئىگىلىۋالسا، مۇسۇلمانلارغا ئۇ يەردە ئۇيۇشۇش ياكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلىق كۆرۈش مۇمكىن بولمىسا، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۆز ئالدىغا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشى ۋاجىب.

ئەگەر مۇسۇلمان كىشى تەسلىم بولسا ئۆزىنىڭ كاپىرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەرىكەت قىلىشى ۋە ئۆز جېنىنى قوغداش ئۈچۈن تاكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. بۇنىڭدا ھۆر بىلەن قۇل، ئەر بىلەن ئايال، قارىغۇ، توكۇر ۋە كېسەل ئارىسىدا ھېچ پەرق يوق؛ ئەگەر تەسلىم بولسا ئۇنى ئۆلتۈرمەي ئەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇش جائىز لېكىن كاپىرلارغا تەسلىم بولۇشتىن كۆرە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئەۋزەل، ئەگەر ئۆلتۈرۈلسە شەھىدلەر قاتارىدا بولىدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمان ئايال تەسلىم بولسا كاپىرلارنىڭ ئۆزىنىڭ نومۇسىغا تاجاۋۇز

---

[1] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8 ـ توم 360 ـ، 361 ـ بەتلەر.

[2] ئىمام نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 10 ـ توم 214 ـ بەت، ئىبنى قۇدامەنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8 ـ توم 364 ـ بەت.

قىلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۆزىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلگىچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش لازىم چۈنكى ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن زىناغا تەسلىم بولۇش ئۇ ئايالغا جائىز بولمايدۇ.

مۇسۇلمان زېمىنلىرىدىن بىرەر زېمىنغا دۈشمەن باستۇرۇپ كىرسە، باشقا رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ زېمىندىكى مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشى ۋاجىب. ئەگەر دۈشمەن بىر كىشىنىڭ زېمىنىدىن ناماز قەسىر قىلىنىدىغان مۇساپىگىچىلىك ئارىلىقتا چۈشسە (يەنى بۇ ھازىرقى ئەسىردە 80 كىلومېتىرغا تەڭ)، شۇ زېمىن ئەھلىگە جىھاد پەرز بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەم جىھاد پەرز بولىدۇ.

ئىمام ماۋەردى بۇ خىل ھالەتتە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «چۈنكى بۇ، دۈشمەن زېمىنغا يۈرۈش قىلىنغان جىھاد بولماستىن بەلكى ئىسلام زېمىنلىرىنى كاپىرلاردىن قوغدايدىغان قوغدىنىش جىھادى، شۇڭا بۇ، ئۇرۇش تاقىتى يەتكەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۈستىگە پەرزدۇر».

مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر شەھىرىگە كاپىرلار باستۇرۇپ كىرگەندە، ناماز قەسىر قىلىنىدىغان مۇساپە ئىچىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شۇ شەھەر ئەھلىگە (يەنى شۇ شەھەردىكى مۇسۇلمانلارغا) ياردەم بېرىش ۋاجىبتۇر. ئەگەر ئۇلار دۈشمەنگە ئاجىز كەلسە، ئۇلاردىن يىراق بارلىق مۇسۇلمانلارغا جىھادقا چىقىش ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر كاپىرلارغا قارشى يېتەرلىك كىشىلەر جىھادقا چىقسا، باشقا كىشىلەردىن گۇناھ ساقىت بولىدۇ لېكىن ئۇلار كاتتا ئەجىر ۋە مىسلىسىز ساۋابتىن قۇرۇق قالغان بولىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىدا: «كاپىرلار بىرەر شەھەرگە بېسىپ كىرگەن ۋاقىتتا، شەھەر ئەھلىگە ئەڭ يېقىن مۇسۇلمانلارغا، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغان ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلارغا، تاكى كاپىرلار بۇ شەھەردىن چىقىرىلىپ، بۇ شەھەرنىڭ ئازاد ئېتىلگەنلىك خەۋىرى يەتكەنگە قەدەر ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش ھېچقانداق شەرتسىز ۋاجىب بولىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان.

ئەگەر كاپىرلار شەھەر ۋە تۇرالغۇ رايونلاردىن يىراق، كىشىلەر ياشمايدىغان ئىسلام دىيارىدىكى تاغ، تۈزلەڭلىك ياكى بىرەر ماكاننى ئىگىلىۋالسا، بۇ ماكاننى ئازاد قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چىقىشى ۋاجىب.

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «(چېكىنىدۇرۇشكە مۇمكىنچىلىك بار تۇرۇپ) كاپىرلارنىڭ ئىسلام دىيارىنى بېسىۋېلىشىغا ئىمكان بېرىش قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ، الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر». ①

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كاپىرلار ئىسلام دىيارىغا يېقىنلىشىپ كېلىپ گەرچە كىرمىگەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار الله نىڭ دىنىنى ئالىي قىلىش ھەمدە ئىسلام شەھەرلىرى، چېگرالىرى ۋە مەركەزلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى جىھادقا چىقىشى لازىم». ②

ئىمام بەغەۋى مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار ئىسلام دىيارىغا باستۇرۇپ كىرسە، يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرگە جىھاد پەرز ئەين، يىراقتىكى كىشىلەرگە پەرز كۇپايە بولىدۇ». ③

بۇلار جىھادنىڭ پەرز ئەين ياكى پەرز كۇپايە بولۇشىغا ئالاقىدار بىر قىسىم تارماق مەسىلىلەردۇر.

## جىھادتىن يۈز ئۆرۈگەن كىشى ھەققىدە كەلگەن بىر قىسىم تەھدىتلەر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِن كَانَ آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ وَإِخْوَانُكُمْ وَأَزْوَاجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَالٌ اقْتَرَفْتُمُوهَا وَتِجَارَةٌ تَخْشَوْنَ كَسَادَهَا وَمَسَاكِنُ تَرْضَوْنَهَا أَحَبَّ إِلَيْكُم مِّنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَجِهَادٍ فِي سَبِيلِهِ فَتَرَبَّصُوا حَتَّىٰ يَأْتِيَ اللَّهُ بِأَمْرِهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ﴾ «ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل-ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن الله تىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى الله نىڭ ئەمر (يەنى الله نىڭ جازاسى ۋە ئازابى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى الله نىڭ دىنىنىڭ چەك-چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى)

① ئىمام نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 10- توم 216-بەت.

② «تفسير القرطبي» 8-توم 151-، 152- بەتلەر.

③ بەغەۋىينىڭ «شرح السنة» ناملىق كىتابى 10-توم 374- بەت.

ھىدايەت قىلمايدۇ>». ①

بۇ ئايەتتە مال ـ مۈلۈك ۋە ئەھلى ـ ئەۋلاد قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك نەرسىنىڭ مۆھەببىتىگە بېرىلىپ، جىھادتىن يۈز ئۆرۈپ تەرك ئەتكەن كىشىلەرگە يېتەرلىك تەھدىت، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قورقۇتۇشلار بار. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! بۇنىڭدىن ئۆزۈڭلارغا ئىبرەت ئېلىڭلار. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ أَرَضِيتُمْ بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الْآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ ۞ إِلَّا تَنْفِرُوا يُعَذِّبْكُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَيَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ وَلَا تَضُرُّوهُ شَيْئًا وَاللَّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس نەرسىدۇر [38]. ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار، الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ، سىلەر الله قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر [39]». ②

ئىمام قۇرتۇبى بۇ ئايەتنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت — جىھادنى تەرك ئەتكەن، جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان ۋە جىھادقا چىقىشقا ئالدىرىمىغان كىشىلەرگە الله تائالا تەرىپىدىن بولغان ئەيىبلەش ۋە كايىشتۇر. ﴿اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ﴾ <يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟> يەنى بۇنىڭ مەنىسى: <زېمىننىڭ نېئمەتلىرىگە ياكى بۇ يەردە يەرلىشىپ قېلىشقا رازى بولدۇڭلارمۇ؟>

ئىمام (يەنى مۇئمىنلەر ئەمىرى) ئۇلارنى بىرەر قەۋمگە قارشى جىھاد قىلىشقا ئەمىر قىلسا، ئۇلارنىڭ جىھادقا سۇسلۇق قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ چۈنكى ئىمامنىڭ ئۇلارنى جىھادقا چاقىرىشى بىلەن جىھاد ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پەرز ئەين بولىدۇ». ③

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَرِحَ الْمُخَلَّفُونَ بِمَقْعَدِهِمْ خِلَافَ رَسُولِ اللَّهِ وَكَرِهُوا أَنْ يُجَاهِدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَقَالُوا لَا تَنْفِرُوا فِي الْحَرِّ قُلْ نَارُ جَهَنَّمَ أَشَدُّ حَرًّا لَوْ كَانُوا يَفْقَهُونَ ۞ فَلْيَضْحَكُوا قَلِيلًا وَلْيَبْكُوا كَثِيرًا جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ ۞ فَإِنْ رَجَعَكَ اللَّهُ إِلَى طَائِفَةٍ مِنْهُمْ فَاسْتَأْذَنُوكَ لِلْخُرُوجِ فَقُلْ لَنْ

① سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت.

② سۈرە تەۋبە 38 ـ ، 39 ـ ئايەتلەر.

③ «تفسير القرطبي» 8 ـ توم 140 ـ ۋە 142 ـ بەتلەر.

تَخْرُجُوا مَعِيَ أَبَدًا وَلَنْ تُقَاتِلُوا مَعِيَ عَدُوًّا إِنَّكُمْ رَضِيتُمْ بِالْقُعُودِ أَوَّلَ مَرَّةٍ فَاقْعُدُوا مَعَ الْخَالِفِينَ ۞ وَلَا تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِنْهُمْ مَاتَ أَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلَى قَبْرِهِ إِنَّهُمْ كَفَرُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَمَاتُوا وَهُمْ فَاسِقُونَ ۞﴾ «رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بەخىرامان ئولتۇرغانلىقلىرى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر-بىرىگە): <ئىسسىقتا چىقماڭلار> دېيىشتى. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىقاتتى)> [81]. ئۇلار قىلمىش (گۇناھ)لىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن [82]. ئەگەر الله سېنى (تەبۇك غازىتىدىن) قايتۇرۇپ (ئۆزرىسىز قېلىپ قالغان مۇناپىقلاردىن) بىر تۈركۈمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسا، ئۇلار (ئىككىنچى بىر غازاتقا) چىقىشقا سەندىن ئىزنى سورىسا، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: <سىلەر مەن بىلەن بىللە مەڭگۈ (غازاتقا) چىقماڭلار، ھەرگىز مەن بىلەن بىللە چىقىپ ئۇرۇش قىلماڭلار. شۈبھىسىزكى، سىلەر دەسلەپكى قېتىمدا (چىقماي، ئۆيۈڭلاردا بەخىرامان) ئولتۇرۇشقا رازى بولدۇڭلار، ئەمدى (غازاتقا چىقماي) قېلىپ قالغۇچىلار (يەنى ئاياللار، كىچىك باللار) بىلەن ئولتۇرۇڭلار> [83]. (ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن! چۈنكى ئۇلار الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى [84]».[1]

الله سىزگە رەھمەت قىلسۇن! بۇ ئايەتتىكى جىھادتىن ئارقىدا قالغان، چىقماي ئولتۇرۇۋالغان ۋە جىھاد ئۈچۈن پۇل-مال سەرپ قىلىشنى يامان كۆرگەن كىشىلەرگە قىلىنغان قورقۇنچلۇق ۋەدە، كاتتا شەرمەندىلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قاراڭ! گەرچە بۇ ئايەت مۇناپىقلاردىن مۇئەييەن بىر تۈركۈملىرى ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ لېكىن بۇ ئايەتتە شۇلارغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلغان ۋە ۋاجىب بولغان جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن قورقۇتۇش ۋە تەھدىت باردۇر. بۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ نەقەدەر يامان، ئازابقا تېگىشلىك ۋە شەرمەندىلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭىز سىزگە يېتەرلىك. لا حول ولا قوة إلا بالله!

[1] سۈرە تەۋبە 81- ئايەتتىن 84- ئايەتكىچە.

جىهادتىن ئولتۇرۇپ قېلىشتىن توسىدىغان سەھىھ ھەدىسلەر:

9. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئەگەر سىلەر جازانە تىجارەتلىرىگە بېرىلىپ، كالىنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىپ، تېرىقچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ جىهادنى تاشلاپ قويساڭلار، الله سىلەرگە خارلىقنى يۈكلەپ قويىدۇ. تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە الله تائالا ئۇ خارلىقنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ».[①]

ھەدىسنىڭ مەنىسى، كىشىلەر جىهادنى تەرك ئېتىپ، تىجارەت، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قاتارلىق دۇنياۋىي مەنپەئەتلەرگە بېرىلىپ جىهادقا تەييارلىق قىلمىغانلىقى ۋە ئۆزلىرى مەشغۇل بولۇۋاتقان دۇنيالىق ئىشلىرىغا رازى بولغانلىقى ئۈچۈن، دۈشمەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمران بولىدۇ چۈنكى الله تائالا ئۇلارنى ئازابلاش ئۈچۈن، ئۇلارنى خار-زەبۇنلۇققا تاشلاپ قويىدۇ؛ تاكى ئۇلار الله تائالا ۋاجىب قىلىپ بېكىتكەن كاپىرلارغا قارشى جىهاد قىلىش، دىنىنى تۇرغۇزۇش، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغۇچە، ئۇلار بۇ خارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «تاكى سىلەر دىنىڭلارغا قايتمىغۇچە» دېگەن سۆزى جىهادنى تەرك ئېتىش، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش، دۇنياغا پېتىپ قېلىش، دىندىن چىقىپ كېتىش ۋە ئۆز دىنىدىن ئايرىلىپ قېلىش دېگەنلىككە دالالەت قىلىدۇ، شۇنداقلا جىهادنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۇ كىشىنىڭ ئوپئوچۇق گۇناھ قىلغانلىقىغا يېتەرلىكتۇر.

كىشىلەر جىهادنى تەرك قىلسا، الله تائالا ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن نامراتلىققا گىرىپتار قىلىدۇ. يەنى بۇ ماددىي نامراتلىق بولماستىن بەلكى مال-دۇنياغا ھېرىس بولۇش ۋە ئاچكۆزلۈكتىن ئىبارەت مەنىۋى نامراتلىقتۇر. كىمدە مۇشۇ سۈپەتلەر تېپىلسا، گەرچە ئۇ كۆپ مالدار كىشى بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا كەمبەغەلدۇر ۋە پېقىردۇر.

10. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي بايلىق مالنىڭ كۆپ بولۇشى ئەمەس بەلكى نەپسنىڭ

[①] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بايلىقى»①

قەلبنىڭ بايلىقى — ھەقىقىي بايلىق، قەلبنىڭ پېقىرلىقى — ھەقىقىي پېقىرلىقتۇر. بىز كىشىلەر ئارىسىدىن شۇنداق كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىزكى، ئۇلار جىهادتىن يۈز ئۆرۈگەن ۋاقىتتا ھەرخىل مۇباھ ۋە ھارام كەسىپلەرگە يۈزلىنىدۇ، شۇنداقلا الله تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىگە پېقىرلىق، مال-دۇنياغا بولغان كۈچلۈك ھېرىسمەنلىك ۋە زىيادە ئاچكۆزلۈكنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ-دە، ئۇلار ئۆزىگە ۋاجىب بولغان ھەقلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى تەرك قىلىدۇ ھەمدە باج-سېلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھارام ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۇنيانىڭ ئەرزىمەس، ئازغىنە ماتالىرى ئۇلارنىڭ نەزىدە تولىمۇ كۆپ ۋە بۈيۈك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

دۇنيا ۋە مال-مۈلۈككە بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە تەمەخورلۇق ئۇلارنى خار قىلىۋەتتى. سەن كۆپىنچە ھالدا ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ خارلىق ئاستىدا قالغانلىقىنى كۆرىسەن. چۈنكى مال-دۇنياغا بولغان ئاچكۆزلۈك ۋە مال-دۇنيالىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەشلەر ئۇلارنى قۇل قىلىۋالغان بولغاچقا، ئۇلار شۇ نەپ يەتكۈزۈۋاتقانلارغا خار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەپسى ۋە قەلبىدە باي بولغان بولسا ئىدى، چوقۇم ھۆر بولغان بولاتتى. گەرچە ئۇ كاتتا بايلىقنىڭ ئىگىسى ۋە تاشقى كۆرۈنۈشى ئىززەتلىك كۆرۈنسىمۇ، دەرھەقىقەت ئۇ پېقىر ۋە خاردۇر، خارلىق ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلىۋالغان، ئۇ شۇ خارلىقتا ھايات كەچۈرىدۇ.

مۇجاھىدلار ھەقىقەتەن ھېچقانداق پېقىرلىق ۋە خارلىقنى سەزمىگەن ھالدا ئۆز قىلىچلىرى بىلەن غەنىيمەت يوللىرى ئارقىلىق رىزىقلاندۇرۇلىدۇ چۈنكى ئۇلارنىڭ رىزقى قىلىچ بىلەن ئېلىنغاندۇر. الله تائالادىن باشقا ھېچبىر كىشىگە رىزىق ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يوق. شۈبھىسىزكى، غەنىيمەت ساپ ۋە ھالال نېسىۋىدۇر، ئۇ قەلبكە نۇر بېغىشلايدۇ ھەمدە بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك ۋە مال-دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇشنى قەلبتىن يوقىتىدۇ. غەنىيمەتتىن رىزىقلىنىۋاتقان مۇجاھىدنىڭ گەرچە قولى قىسقا ۋە پېقىر بولسىمۇ لېكىن كۆڭلى-كۆكسى كەڭدۇر، ئۇنىڭ شۇئارى ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇقتۇر. گەرچە ئۇ غېرىب ۋە خار كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئۇنىڭغا الله تائالانىڭ مۇئمىنلەر ھەققىدە نازىل بولغان مۇنۇ سۆزى تەتبىقلىنىدۇ: ﴿فَسَوْفَ يَأْتِي اللهُ بِقَوْمٍ يُحِبُّهُمْ وَيُحِبُّونَهُ أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ أَعِزَّةٍ عَلَى

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

﴿الْكَافِرِينَ يُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللهِ وَلَا يَخَافُونَ لَوْمَةَ لَائِمٍ﴾ «الله (ئۇنىڭ ئورنىغا) الله ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ الله نى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ».[1]

ئەمما، شۇبھىلىك رىزىقلارغا ئېرىشكەن ۋە باشقىلاردىن تەمە قىلىش خارلىقىغا مۇپتىلا بولغانلار قارىماققا ئەزىز كۆرۈنسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلبلىرى بەربىر ھەر تۈرلۈك خارلىقلارغا تولغان بولىدۇ؛ توپلىغان نەرسىلىرى بىلەن كۆرۈنۈشتە گەرچە باي كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئىچكى دۇنياسىنى تويمىغۇرلۇق ۋە تەمەخورلۇقى سەۋەبلىك پېقىرلىق بېسىپ كەتكەن. دۇنياۋىي كەسىپلەر ئۇنىڭ ئىگىلىرىگە پەقەت ناچار ئەخلاقلارنى قالدۇردى. ﴿وَاللَّهُ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ إِلَىٰ صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ﴾ «الله خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ».[2]

بۇ مەنىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى كۈچلەندۈرىدۇ: «الله يولىدىكى جىھاد — جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىكتۇر. كىمكى جىھادنى تەرك قىلىدىكەن، الله تائالا ئۇنىڭغا خارلىق كىيىمىنى كىيدۈرۈپ قويىدۇ، ئۇنى بالايى-مۇسىبەت ئورىۋالىدۇ، خارلىق ۋە ئازابقا دۇچار قىلىنىدۇ».

11. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى غازات قىلماي ياكى غازات قىلىشنى كۆڭلىگىمۇ پۈكمەي ئۆلۈپ كەتسە، مۇناپىقلىقنىڭ سۇپەتلىرىدىن بىر سۇپەت بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ».[3]

12. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى غازات قىلمىسا ياكى غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويمىسا ۋە ياكى بىرەر غازات قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىلىق بىلەن خەۋەر ئالمىسا، الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن چوڭ بىر مۇسىبەت بىلەن ئازابلايدۇ».[4]

## جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغۇچىلارنىڭ باتىل ئۆزرىلىرى

ئى پەرز قىلىنغان جىھادنى تەرك ئەتكۈچى، ھىدايەت ۋە توغرا يولدىن يۈز

[1] سۈرە مائىدە 54- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 213- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] مۇسلىم توپلىغان.
[4] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۆزۈڭگۈچى! شۇنى بىلگىنكى، سەن اللە نىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىش ۋە يىراق بولۇشقا دۇچار بولۇپ قالدىڭ ھەمدە مۇراد ـ مەقسەتلىرىڭگە يېتىش بىلەن بەختكە ئېرىشىشتىن مەھرۇم قالدىڭ، بۇ سېنىڭ جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغانلىقىڭنىڭ سەۋەبىدىن بولدى. ئەجىبا سېنىڭ جەڭدىن، قەھرىمانلار مەيدانىغا بۆسۈپ كىرىشتىن، اللە يولىدا جان ۋە ماللىرىڭنى ئاتاشتىن ئولتۇرۇپ قېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى پەقەت ئارزۇلىرىڭنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، ئەجەل يېتىشىدىن قورقۇش، ئەھلى ـ بالىلىرىڭ، مال ـ دۇنيالىرىڭ، خىزمەتچىلىرىڭ، قېرىندىشىڭ، يېقىنلىرىڭ، دوستلىرىڭ ۋە قەدىناسلىرىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشتىن قورقۇش، ياخشى ئەمەللەرنىڭ «زىيادە بولۇپ قېلىشى»دىن ئەنسىرەش، ساھىبجامال ئاياللىرىڭنىڭ مۇھەببىتى، يۈز ـ ئابروي، ئېسىل مەنسەپ، قەسىر ـساراي، راھەت سايە، گۈزەل كىيىم ـ كېچەك ۋە ياكى مەززىلىك تائاملارنى ياخشى كۆرۈشتۇر. سېنى مۇشۇ سەۋەبلەردىن باشقىسى جىھادتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويمايدۇ ۋە ئالەملەرنىڭ رەببىسىدىن يىراق بولۇشىڭغا سەۋەب بولمايدۇ. اللە بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ بۇ پوزىتسىيەڭ ناچاردۇر. سەن اللە تائالانىڭ بۇ سۆزىگە قۇلاق سالامسەن؟! اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا مَا لَكُمْ إِذَا قِيلَ لَكُمُ انْفِرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ اثَّاقَلْتُمْ إِلَى الْأَرْضِ أَرَضِيتُمْ بِالْحَيَاةِ الدُّنْيَا مِنَ الْآخِرَةِ فَمَا مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فِي الْآخِرَةِ إِلَّا قَلِيلٌ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دېيىلسە نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېئمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئەرزىمەس نەرسىدۇر». [1]

ساڭا ئېيتىلغان كەسكىن ھۆججەتلەرگە ۋە ساڭا تاشلانغان ئۆتكۈر پاكىتلارغا قۇلاق سال! ئاندىن سېنى جىھادتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويغانلىق سەۋەبلىك نۇرغۇن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قويغان نەرسىنىڭ پەقەت نەپسىڭ ۋە شەيتان ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىسەن.

بىرىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

سېنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانغا يېتىپ قېلىشىڭ، ئەجەلنىڭ كېلىشىدىن قورقۇشۇڭ، ئارقىغا قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئۆلۈمدىن ھەزەر ئەيلىشىڭ ۋە چوقۇم بېسىپ

---

[1] سۈرە تەۋبە 38 ـ ئايەت.

ئۆتۈش كېرەك بولغان يولدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرۇشۇڭ خاتادۇر ھەمدە بۇنىڭغا قارىتا كەلتۈرگەن ھۆججەتلىرىڭ باتىل ۋە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئالغا ئىلگىرىلەش كىشىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتالمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئارقىغا چېكىنىش ھەم كىشىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِكُلِّ أُمَّةٍ أَجَلٌ فَإِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ﴾ «ھەر ئۈممەتنىڭ (ھالاك بولىدىغان) مەلۇم ۋاقتى بولىدۇ، شۇ ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە ئۇلار بىردەممۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بىردەممۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَن يُؤَخِّرَ اللَّهُ نَفْسًا إِذَا جَاءَ أَجَلُهَا وَاللَّهُ خَبِيرٌ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ «الله ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، الله قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَائِقَةُ الْمَوْتِ ثُمَّ إِلَيْنَا تُرْجَعُونَ﴾ «ھەربىر جاندار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر، ئاندىن بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلىسىلەر».[3]

ئى (ھەمىشە) ئىمتىھان قىلىنغۇچى (بەندە)! (بىلگىنكى،) ئۆلۈمنىڭ سەكراتى بار بولۇپ، ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى ئىنتايىن ۋەھىمىلىكتۇر. قەبرىدە سالىھ كىشىلەردىن باشقىلىرى ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدىغان ئازاب ھەمدە سوراق قىلغۇچى ئىككى پەرىشتىنىڭ سورىقى باردۇر. الله ئەززە ۋە جەللە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُثَبِّتُ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الْآخِرَةِ وَيُضِلُّ اللَّهُ الظَّالِمِينَ وَيَفْعَلُ اللَّهُ مَا يَشَاءُ﴾ «الله مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. الله زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ».[4]

ئاخىرەتتىكى خەتەر تېخىمۇ يامان! ئىنسان ياكى بەختلىك كىشىلەردىن بولۇپ، نېئمەتلىك جەننەتلەردە بولىدۇ؛ ياكى بەختسىز ئىنسانلاردىن بولۇپ، جەھەننەمگە تاشلىنىدۇ. شەھىد مانا بۇ يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئەمىن بولغۇچى بولۇپ، بۇ ھالاكەتلەرنىڭ ھېچبىرىدىن ئازراقمۇ ئەندىشە قىلمايدۇ. ئۆلتۈرۈلۈش شەھىدكە ھېچقانداق ئاغرىق ئازابى ئېلىپ كەلمەيدۇ، ئۇ ئۆلۈمنىڭ

---

[1] سۈرە ئەئراف 34 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۇنافىقۇن 11 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنكەبۇت 57 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئىبراھىم 27 ـ ئايەت.

ئاغرىقنىنى پەقەت چۈمۈلە چاققانچىلىكلا سىزىدۇ.

13. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىد ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، بىرىڭلارنى چۈمۈلە چاققانچىلىكلا ئاغرىق ھېس قىلىدۇ».[1]

ئى قېرىندىشىم! مۇشۇنداق پۇرسەتتىن سېنى نېمە ئۇلتۇرغۇزۇپ قويىدۇ؟!

ئاندىن كېيىن قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىسەن، الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ياخشى مەنزىلگە يېتىسەن، سوئال ـ سوراقنىڭ پېتنىسىدىن، دەھشىتىدىن ۋە قورقۇنچلىرىدىن ئەمىن بولىسەن.

شەھىدلەر — الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ھايات بولۇپ، ئۇلار رىزىقلاندۇرۇلىدۇ: ئۇلارغا قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ؛ ئۇلار الله تائالا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان نەرسىلەرگە خۇرسەن بولۇپ، كەينىدە قالغان قېرىنداشلىرىغا خۇش بېشارەت بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا بولۇپ، ئالىي ئورۇنلاردا سەيلە قىلىدۇ. بۇنداق ئېسىل ھالەتتە ئۆلتۈرۈلۈش بىلەن ئەلەملىك ئۆلۈم ئارىسىدا قانچىلىك پەرق بار؟ الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىككىسى ئارىسىدىكى پەرق ھەقىقەتەن بەك چوڭدۇر. كىمكى شۇنداق ئۆلۈمگە مۇۋەپپەق بولسا، ئۇ ھەقىقەتەن بەختلىك ئادەمدۇر!

ئىككىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

ئەگەر سەن: «مېنى جىھادتىن ئەھلىم، مېلىم ۋە بالا ـ چاقىلىرىم توسۇپ قويىدى» دېسەڭ، بۇ ئۆزرەڭمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ بەلكى ئۇ باتىل ئۆزرىدۇر.

چۈنكى الله تائالا ئىنتايىن روشەن ۋە ئوچۇق ھالدا بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿وَمَا أَمْوَالُكُمْ وَلَا أَوْلَادُكُم بِالَّتِي تُقَرِّبُكُمْ عِندَنَا زُلْفَىٰ إِلَّا مَنْ آمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا فَأُولَٰئِكَ لَهُمْ جَزَاءُ الضِّعْفِ بِمَا عَمِلُوا وَهُمْ فِي الْغُرُفَاتِ آمِنُونَ﴾ «ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى بىزگە يېقىنلاشتۇرالمايدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارغا قىلغان ئەمەللىرى ئۈچۈن ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ، ئۇلار (جەننەتنىڭ) ئېسىل ئۆيلىرىدە (ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكتىن) ئەمىن بولغان ھالدا تۇرىدۇ.»[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ

---

[1] تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە سەبەئ 37 ـ ئايەت.

الْمُقَنطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالأَنْعَامِ وَالْحَرْثِ ذَلِكَ مَتَاعُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَاللَّهُ عِندَهُ حُسْنُ الْمَآبِ﴾ «ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر، الله نىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)». [1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿اعْلَمُوا أَنَّمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌ وَزِينَةٌ وَتَفَاخُرٌ بَيْنَكُمْ وَتَكَاثُرٌ فِي الْأَمْوَالِ وَالْأَوْلَادِ كَمَثَلِ غَيْثٍ أَعْجَبَ الْكُفَّارَ نَبَاتُهُ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرَاهُ مُصْفَرًّا ثُمَّ يَكُونُ حُطَامًا وَفِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ شَدِيدٌ وَمَغْفِرَةٌ مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانٌ وَمَا الْحَيَاةُ الدُّنْيَا إِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ﴾ «بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇ ـ زىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل ـ مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. (بىرەر يېغىش بىلەن ئۆستۈرگەن) ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچەلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇففارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) الله نىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر». [2]

بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ، ھۆججەتلەر ناھايىتى روشەن.

14. سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر دۇنيا الله نىڭ نەزىرىدە پاشىنىڭ قانىتىچىلىك نەرسىگە ئەرزىگەن بولسا ئىدى، الله كاپىرغا بىر تامچە سۇمۇ بەرمىگەن بولاتتى». [3]

15. سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى بىر تال قامچە مىقدارىچىلىك ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئەۋزەلدۇر.

[1] ئال ئىمران 14 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەدىد 20 ـ ئايەت.

[3] تىرمىزى ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئەتىگىنى ياكى كەچلىكى بىر قېتىم الله يولىدىكى جىهادقا مېڭىشى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ئەۋزەلدۇر. سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى كېنىزىكىنىڭ بېشىدىكى ياغلىقى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ئەۋزەلدۇر». [1]

پات يېقىندا ئۆلۈم ئۆلارنى تاپىدىغان، قۇرت-قوڭغۇزلار يەپ چىرىپ كېتىدىغان ۋە ھەرخىل مۇسىبەتلەر ئاراڭلارنى ئايرىيدىغان ئەھلىلىرىڭ سېنى قانداقمۇ جەننەتتىكى بۇنداق كاتتا پادىشاھلىقتىن توسۇپ قالىدۇ!؟ ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكلىرى ئاشكارا بولۇپ تۇرۇۋاتقان، يامان ئەخلاقلىرى سادىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان، سېنىڭ ۋە كېتىپ قالغان نېسىۋىلىرى سەۋەبىدىن ساڭا ئاداۋەتتە بولىدىغان، پۇلۇڭ قالمىغاندا تاشلاپ كېتىدىغان، ئەھۋالىڭنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ساڭا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ھەم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئەھلىڭ سېنى قانداقمۇ بۇ نېئمەتتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ!؟ تېخىمۇ يامىنى، قىيامەت كۈنى ئۆلار سەندىن قاچىدۇ، سوئال-سوراق مەيدانىدا بالىلىرىڭ ئېغىر يۈكلىرى ھەققىدە سەن بىلەن ھېسابلىشىدۇ، ئۆلارنىڭ ھەربىرى گۇناھ ۋە ئېغىرچىلىقلارنى ساڭا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزى قۇتۇلۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ ۋە ياكى قولدىن كېتىپ قالىدىغان ۋە يوقىلىدىغان مال-دۇنيا سېنى قانداقمۇ جىهادتىن توسۇپ قالىدۇ!؟

مال-دۇنيا شۇنداق نەرسىكى، ئەگەر ئۇ بولمىسا دوستلىرىڭ سەندىن قاچىدۇ، ئەھلى-ئاياللىرىڭ ئايرىلىپ كېتىدۇ، «كۆرمىسە چىدىيالمايدىغان» ئاغىنىلىرىڭ سېنى تاشلاپ كېتىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگىنىدەك، قىيامەت كۈنى — پۇل-ماللىرىڭنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرگە سەرپ قىلغانلىقىڭ ھەققىدە سوراق قىلىنىدىغان، بالىلارنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىدىغان، دەھشەتلىك قورقۇنچ، ئېغىر قىستاڭچىلىق، خۇسۇمەتلەر قاتتىق بولىدىغان، ئانا ھەتتا ئۆزىنىڭ ئېمىتىۋاتقان بالىسىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، بۇ كۈننىڭ قورقۇنچىسىدىن ھەربىر ئېغىر بوي ئايال بويىدىن ئاجراپ كېتىدىغان، گۇناھكارلار ئۆزلىرىنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن تونۇلۇپ، كۆكۈلىسى ۋە پۇتلىرىدىن ئېلىنىدىغان، بايلار ئەرزان-ئېسىل، ئاز-كۆپ ماللىرى ھەققىدە ھېساب قىلىنىدىغان، كەمبەغەللەر بايلاردىن 500 يىل بۇرۇن جەننەتكە

[1] بۇخارى توپلىغان.

كىرىدىغان كۈندۇر!

16. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىرلىرى بايلاردىن يېرىم كۈن بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ يېرىم كۈن بولسا 500 يىلدۇر».[①]

ئەگەر سەن سۆيۈملۈك بالىلىرىڭنى، ئۇلارغا بولغان مېھرىڭنى ۋە ئاتاڭنىڭ ساڭا بولغان مېھربانلىقىنى ئەسكە ئالساڭ، الله تائالانىڭ بۇ سۆزىگە قارا: ﴿إِنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ وَاللَّهُ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ﴾ «سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە الله تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، الله نىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار».[②]

الله بىلەن قەسەمكى، الله تائالا ھەقىقەتەن بالىغا ئۇنىڭ ئاتىسىدىن، ئانىسىدىن، قېرىندىشىدىن ۋە تاغىلىرىدىنمۇ بەكرەك مېھرىبان، ئەجىبا شۇنداق ئەمەسمۇ؟! ئەجىبا الله تائالا ئۇ بالىنى ئۇلاردىن ئىلگىرى قورساقنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا ئۆز مېھربانلىقى بىلەن تەربىيىلىمىدىمۇ؟ ئۇنى ئانىسىنىڭ رەھمىدە، ئاتىسىنىڭ پۇشتىدا ئۆزىنىڭ رەھمەت قولى بىلەن ئۆرۈپ تۇرمىدىمۇ؟ بالاڭ سېنى قانداقمۇ نېئمەت دىيارلىرىدا اللهقا يېقىن بولۇشۇڭدىن توسۇپ قالىدۇ؟! ئەگەر بالاڭ كىچىك بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن غەمكىنسەن؛ چوڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن غەمكىنسەن. ئەگەر ئۇ سالامەت بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەندىشە قىلىسەن؛ ئەگەر ئۇ كېسەل بولسا، قەلبىڭ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىغا ئېچىشىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئەدەپلىسەڭ ئۇ ئاچچىقلىنىدۇ، غەزەپلىنىدۇ؛ نەسىھەت قىلساڭ ئاداۋەت قىلىدۇ. كۆپىنچە بالىلار ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىدۇ.

شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن بالاڭ سەۋەبلىك كاتتا نېئمەتنى تاشلامسەن؟! گەرچە سەن شىجائەتلىك بولساڭمۇ، ئۇ سېنى قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ؛ گەرچە سەن كەڭ قورساق، سېخىي بولساڭمۇ، ئۇ سېنى بېخىل قىلىپ قويىدۇ؛ گەرچە سەن دۇنيانى تەرك ئەتسەڭمۇ، ئۇ سېنى قىزىقتۇرىدۇ. دېمەك، بالىنىڭ پىتنىسى ناھايىتى چوڭ ئەمما سەن بۇنى ئېھسان دەپ بىلىسەن؛ ئۇنىڭ بالا ـ مۇسىبىتى كۆپ بولىدۇ ئەمما سەن بۇنى نېئمەت دەپ قارايسەن؛ گەرچە ئۆزۈڭ غەم چەكسەڭمۇ، ئۇنىڭ خۇرسەن بولۇشىنى ياخشى كۆرىسەن؛ ئۆزۈڭ ھەسرەتكە قېلىش بەدىلىگە

---

[①] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] سۈرە تەغابۇن 15 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ خۇشال بولۇشىنى، ئۆزۈڭ زىيان تارتىش بەدىلىگە ئۇنىڭ پايدا تېپىشىنى، سېنىڭ ساۋاب تارازاڭنىڭ يېنىكلەپ قېلىشى بەدىلىگە ئۇنىڭ دىنار-دەرھەملىرىنىڭ زىيادە بولۇشىنى ياخشى كۆرىسەن. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزۈڭ قادىر بولالمايدىغان يۈكنى ئۈستۈڭگە ئالىسەن، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ھەرقانداق تارچىلىققا كىرىشكە رازى بولىسەن!

ئوغلۇڭنى سېنى ۋە ئۇنى ياراتقان الله تائالاغا تاپشۇرغىن! سېنىڭدىن كېيىن ئوغلۇڭنىڭ رىزقىدا ساڭا ۋە ئۇنىڭغا رىزىق بېرىپ تۇرغان زاتقا تەۋەككۇل قىلغىن! سەن ۋاپات بولغىنىڭدىن كېيىن، بۇ بالاڭنى ئىرادە قىلىش ئىشىدا الله قا تەسلىم بولالمايۋاتساڭ، الله نىڭ پادىشاھلىق ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىدىكى تەدبىرلىرىگە قانداقمۇ تەسلىم بولىسەن!؟ سېنىڭ بالاڭنى ئىرادە قىلىشتا ئاز-كۆپ بولسىمۇ ئىمتىيازىڭ بارمۇ؟

ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بارچە نەرسىلەرنىڭ پادىشاھلىقى الله تائالاغا خاستۇر، قايتىپ بارىدىغان جاي الله تائالانىڭ دەرگاھىدۇر. سەن بالاڭغا ياكى ئۆزۈڭگە بىرەر پايدا يەتكۈزۈش ۋە بىرەر زىياننى قايتۇرۇش، ئۆلتۈرۈش، تىرىلدۈرۈش ۋە ھاياتلىق بېغىشلاشقا قادىر بولالمايسەن؛ سەن ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىشقا ۋە رىزقىنى كىچىككىنە بولسىمۇ زىيادە قىلىشقا قادىر ئەمەسسەن.

ئۆلۈمۈڭ سېنى تۇيدۇرماستىن ئوۋلايدۇ، ئەسىر بولغان ھالدا ئەمىلىڭ بىلەن قەبرىڭگە تېز يېتىپ بارىسەن، ئەزىز بالاڭ سەندىن كېيىن يېتىم بولىدۇ، سېنىڭ ماللىرىڭ ياكى دۈشمىنىڭ بولسۇن ۋە ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ بولسۇن ۋارىسلىرىڭغا قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا سەن: «ھەي ئىسىت! شەھىدلەر بىلەن بىرگە بولغان بولسام زور پايدىغا ئېرىشكەن بولار ئىدىم» دەيسەن. ساڭا ئېيتىلىدۇكى: «بۇنىڭغا ئەمدى پۇرسەت يوق! كەتكەن نەرسە كەتتى، ھەسرەت ئېغىرلاشتى، ئەمەللىرىڭ ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى».

ھەممىدىن غالىب ۋە بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى زات الله تائالا سەن ئۆزرە قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىشتىن سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقان سۆزگە قۇلاق سالغىن: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ وَاخْشَوْا يَوْمًا لَا يَجْزِي وَالِدٌ عَنْ وَلَدِهِ وَلَا مَوْلُودٌ هُوَ جَازٍ عَنْ وَالِدِهِ شَيْئًا إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُمْ بِاللَّهِ الْغَرُورُ﴾ «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا (بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن) تەقۋادارلىق قىلىڭلار. شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا

بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ. الله نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر. سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى الله نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار». [①]

ئەگەر بالاڭ بەختلىكلەر قاتارىدىن بولسا، سەن ئۇنىڭ بىلەن جەننەتتە جەم بولىسەن؛ ئەگەر بەختسىزلەر قاتارىدىن بولسا، ھازىردىن باشلاپ جەھەننەم ئەھلى بىلەن جەننەت ئەھلى، ياخشىلار بىلەن يامانلار بىرلەشمەيدۇ.

بەلكىم الله تائالا ساڭا شاھادەتنى نېسىپ قىلىپ ئۇنىڭغا شاپائەت قىلارسەن، سېنىڭ ئايرىلىشىڭنىڭ ئۇنىڭ نىجاتلىقىقا ئېرىشىشىگە ياردىمى بولۇپ قالار. سەن ئۆزۈڭنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ھېرىسمەن بولغىنىڭنى، سۈسلۇق قىلما. قىيامەت كۈنىدە كىشى ئۆز قېرىندىشىدىن، ئانىسىدىن، ئاتىسىدىن، دوستىدىن ۋە بالىسىدىن قاچىدۇ. بۇ كۈندە ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلايدۇ، باشقىلار بىلەن كارى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى بايان ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر! الله تائالا ھەقىقەتەن ئۆزى خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭ توغرا يولىغا باشلايدۇ.

ئۈچىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

ئەگەر سەن: «مەن جىھادقا چىقالمايمەن، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلار، دوست ـ يارەنلەردىن ئايرىلىش ماڭا ئېغىر كېلىدۇ» دېسەڭ، بۇ سۆزۈڭ باتىل، دەلىلىڭ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

قىيامەت كۈنىنى ئەسلىگىنىكى، قىيامەت پۈتۈن كىشىلەرنىڭ ئۇستىگە چۈشىدۇ. جان ـ جىگەر دوستلار بۇ كۈندە بىر ـ بىرىگە دۈشمەندۇر، پەقەت تەقۋادارلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەگەر دوستلۇقۇڭلار الله ئۈچۈن بولغان بولسا، ئالىي ئورۇنلاردا بىرگە بولىسىلەر، مەڭگۈلۈك نېئمەت ئىچىدە ياشايسىلەر؛ ئەگەر دوستلۇقۇڭلار الله دىن غەيرى ئۈچۈن بولغان بولسا، يۈز بېرىدىغىنى جۇدالىق! ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشكەن كىشىلەرنىڭ مەقسەت ـ نىشانى بىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاخىرەتتە بىرگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ دوستى تەقۋا بولسا، دوستلىرىغا مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ؛ ئەگەر بەدبەخت بولسا، قېرىنداشلىرىغا زىيان سالىدۇ ۋە ھالاك قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يامان دوستلىرىڭنىڭ دۇنيادىمۇ ھەم قوپاللىق، الله

① سۈرە لوقمان 33 ـ ئايەت.

يولىدىن توسۇش، ۋاپاسىزلىق، خىيانەت، سەممىيەتسىزلىك، ئىككى يۈزلىمىچىلىك، رەڭۋازلىق، يامانلىق قىلىش، يۈز ـ ئابرۇيۇڭ قالمىغان ۋاقتىدا سېنى تەرك ئېتىش ھەمدە قەلبلىرىدىكى يوشۇرۇن ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتلەردىن ئىبارەت بالايى ـ ئاپەتلىرى بار.

ئەگەر سەن ئېغىرچىلىقتا قالساڭ، ئۇلار سېنى تاشلايدۇ؛ ئەگەر خاتالاشساڭ، سەندىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ؛ ئۇلار ياخشىلىقتا دوست، قىيىنچىلىقتا دۈشمەندۇر. دوستلۇقى بايلىققا باغلانغان، ھەمراھلىقى مۇشەققەت بىلەن تولغان. ئەگەر مېلىڭ ئاز بولسا، سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ؛ ئەگەر ئەھۋالىڭ ناچارلاشسا، قېرىنداشلىرىڭمۇ قېرىنداشلىقتىن قول ئۈزىدۇ. ئەگەر سەن بۇ سۆزلەردىن شەك قىلساڭ، ئىشەنچ ھاسىل قىلىش ئۈچۈن سىناپ باققىن! ئەگەر سەن ئۇلاردىن خالىس دوستلارنى تۇتماقچى بولساڭ، ئۇنداقلار قەيەردە؟ ياكى بىرەر ۋاپادار دوست تۇتماقچى بولساڭ ئۇنداقلارنى كۆرمەيسەن. سېنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋالىڭ راستچىللارنىڭ ئەڭ راستچىل بولغان زات ئېيتقاندەك بولىدۇ: ﴿وَنَزَعۡنَا مَا فِي صُدُورِهِم مِّنۡ غِلٍّ إِخۡوَٰنًا عَلَىٰ سُرُرٖ مُّتَقَٰبِلِينَ﴾ «ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ». [1]

سېنى يېقىنلارنىڭ ۋە دوستلارنىڭ جىھادتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشى دۇرۇس ئەمەس. بەزىدە سىلەر ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ئايرىلىپ كېتىسىلەر. بۇ چاغدا سەن كاتتا ئەجىردىن مەھرۇم قالىسەن ـ دە، يوقاتقان نەرسىگە نادامەت قىلىش پايدا بەرمەيدىغان ۋاقىتتا نادامەت قىلىسەن.

17. سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مۇنداق دېدى: <ئى مۇھەممەد! خالىغانچە ياشىغىن، بەربىر ۋاپات بولىسەن؛ خالىغان كىشىنى ياخشى كۆرگىن، بەربىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىسەن؛ خالىغىنىڭنى قىلغىن، ئېرىشكەن ئەجرىڭ بەربىر شۇنىڭغا قاراپ بولىدۇ. بىلگىنكى، مۇئمىننىڭ شەرىپى كېچىدە قىيامدا تۇرۇشتۇر، ئىززىتى كىشىلەردىن بىھاجەت بولۇشتۇر>». [2]

ئۆلۈمنى ئەسلەش، ياخشى كۆرگەن كىشىلەردىن ئايرىلىش، ئەمەلگە قاراپ

[1] سۈرە ھىجر 47 ـ ئايەت.
[2] تەبرانى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئەجىر ئېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قىسقىغىنە كەلىمىلەردىكى مەزمۇنلارغا نەزەر سالغىن! بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇش بولامدۇ؟! بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەتلەر بار!

تۆتىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

ئەگەر سەن: «مەن مەنسىپىم، ئائىلىي يۇرت-ئابرۇيۇم ۋە ئىززەت-شەرىپىمدىن ۋاز كېچىپ جىهادقا چىقالمايمەن» دېسەڭ، بۇ سۆزۈڭ باتىل ۋە بۇ دەلىلىڭ رەت قىلىنىدۇ.

ھەي ئىست! بۇ مەنسەپ ساڭا نېسىپ بولغۇچە قانچىلىغان ياخشى كۆرگۈچىلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلغان!؟ بۇ ساڭا ئۆز سايىسىنى تاشلىغۇچە، ئۇ قانچىلىغان ھېرىسمەنلەردىن ئۆز سايىسىنى ئالغان!؟ بۇ سەندىن ئىلگىرىكىلەردىن ئايرىلغانغا ئوخشاش سەندىنمۇ ھەم يېقىندا ئايرىلىدۇ. سەن بۇنىڭ بىلەن خۇددى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ھالىغا قايتىپ قالىسەن. ئەگەر سەن بۇنىڭدىن ئايرىلغانلىقىڭغا يىغلىساڭ، قەلبىڭ ھەسەت بىلەن تولىدۇ، يۈرىكىڭ غەم-قايغۇ بىلەن پۈتىدۇ. سېنىڭ ئەمەل-مەنسىپىڭ ساڭا مەڭگۈ ھەمراھ ئەمەس. سەن تەلەپ قىلغان نەرسەڭگە ئېرىشەلمەيسەن.

مۇۋەھھىدلەرنىڭ ئىچىدە جەھەننەمدىن چىقىپ، ئەڭ كەينىدە جەننەتكە كىرىدىغانلارغا الله تائالا دۇنيا پادىشاھلىقىنىڭ 10 ھەسسىسىگە باراۋەر پادىشاھلىقنى ئاتا قىلىدۇ. ئۇنداقتا، پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، سالىھلار ۋە شەھىدلەردىن بولغان، ئىماندا ئىلگىرى بولغۇچىلار بىلەن بىرگە بولىدىغانلار ھەققىدە قانداق ئويلايسەن؟!

ئۇنىڭدىن سىرت، مەنسەپتە ھېرىپ-چارچاش، ئاخىرەتلىكىنىڭ يامان بولۇشى ھەم بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىلغان ئىشلىرىڭدا دۈشمەنلىرىڭنىڭ ۋە ھەسەتخورلارنىڭ كۆپلۈكىنى؛ بۇلارنىڭ ئىچىنىڭ گىنە-ئاداۋەتلەرگە توشۇپ كەتكەنلىكىنى؛ ھەشەمىتىڭ، خىزمىتىڭ ۋە قەدىمىڭنى سۆيۈش بىلەن خۇرسەن بولىدىغان كىشىلەرنىڭ بولسا مەنسىپىڭدىن مەھرۇم قېلىپ غەمكىن بولغان ۋاقتىڭدا سەندىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ۋە (بۇ ھالىڭغا قاراپ) مەسخىرە قىلىپ كۈلگەنلىكىنى كۆرىسەن.

شۇڭا، جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىنى تەلەپ قىلغىن! الله تائالانىڭ

تۆۋەندىكى سۆزىگە قۇلاق سال: ﴿أَفَمَنْ هُوَ قَائِمٌ عَلَى كُلِّ نَفْسٍ بِمَا كَسَبَتْ وَجَعَلُوا لِلَّهِ شُرَكَاءَ قُلْ سَمُّوهُمْ أَمْ تُنَبِّئُونَهُ بِمَا لَا يَعْلَمُ فِي الْأَرْضِ أَمْ بِظَاهِرٍ مِنَ الْقَوْلِ بَلْ زُيِّنَ لِلَّذِينَ كَفَرُوا مَكْرُهُمْ وَصُدُّوا عَنِ السَّبِيلِ وَمَنْ يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ ۞ لَهُمْ عَذَابٌ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَلَعَذَابُ الْآخِرَةِ أَشَقُّ وَمَا لَهُمْ مِنَ اللَّهِ مِنْ وَاقٍ ۞﴾ «ھەربىر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى الله (بۇتلارغا ئوخشامدۇ؟) ئۇلار بۇتلارنى الله قا شېرىك قىلدى. ئۇلارغا: <بۇتلارنىڭناملىرىنى ئاتاپ بېقىڭلار، يەر يۈزىدە الله بىلمەيدىغان نەرسىلەر باردەك سىلەر ئۇلارنى الله قا ئېيتىپ بېرەمسىلەر؟ ياكى قۇرۇق گۇمان بىلەن (ئۇلارنى الله نىڭ شېرىكلىرى دەۋاتامسىلەر؟)> دېگىن. بەلكى كاپىرلارغا ئۇلارنىڭ كۇفرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى، ئۇلار توغرا يولدىن مەنئى قىلىندى. الله گۇمراھ قىلغان ئادەمگە ھېچقانداق ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ [33]. ئۇلار بۇ دۇنيادا ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ئۇلارنى الله نىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى بولمايدۇ [34]».①

الله بىلەن قەسەمكى، بۇ، كۆزلەر خۇرسەن بولىدىغان، ئەمەل قىلغۇچىلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەل قىلىشى ۋاجىب بولىدىغان نەرسىلەردۇر.

بەشىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

ئەگەر سەن: «قەسرىم ۋە ئۇنىڭ خۇش ھۇزۇرلۇق سايىسى، مۇستەھكەم قورۇلۇشى، ئورنىنىڭ بەلەنلىكى، ئۇنىڭدىكى ھەشەمەت، خىزمەتچىلەر ھەمدە ئۇ يەردىكى تەختلىرىم ۋە تۈرلۈك نازۇ-نېئمەتلەردىن ئايرىلىش ماڭا ئېغىر كېلىدۇ» دېسەڭ، بۇ سۆزۈڭ باتىل، دەلىلىڭ رەت قىلىنىدۇ ۋە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

سەن سۆزلەۋاتقان، سېنى جىھادتىن ئولتۇرغۇزۇپ قويغان قەسرىڭ قانچىلىك؟ ئۇ پەقەت لاي، تاش، تۇپا، كېسەك، ياغاچ ۋە تۆمۈرلەردىن ياسالغان بىر ئۆي خالاس. ئەگەر ئۇ سۇپۇرۇلۇپ تۇرمىسا، ئەخلەتلەر بېسىپ كېتىدۇ؛ چىراغ ياندۇرۇلمىسا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالىدۇ؛ ئەگەر مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرمىساڭ، تېزلا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ؛ گەرچە مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان تەقدىردىمۇ ھامان خارابىلىققا ئايلىنىدۇ؛ ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن توپىغا ئايلىنىدۇ، ئىچىدىكى كىشىلەر بۇنىڭدىن ئايرىلىدۇ، ئىزى ئۆچىدۇ، مەلۇماتلىرى كۆمۈلىدۇ، تۈزۈملىرى سۇپۇرۇلىدۇ ۋە نامى يوقىلىدۇ.

① سۈرە رەئد 33 - 34- ئايەت.

ئى تەكەببۇر نادان! سەن بۇ تېز يوقىلىدىغان قەسىرىڭنى مەڭگۈلۈك، ئالىي، نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ئۆستەڭلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان، مېۋىلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، خۇشاللىقى ئەبەدىي ئۈزۈلمەيدىغان قەسىرلەرگە ئالماشتۇرغىن!

ئەگەر سەن جەننەتنىڭ بىنالىرىدىن سورىساڭ، بىر خىشى ئالتۇن، بىر خىشى كۈمۈشتۇر. بۇ يەردە چارچىمايسەن، ھارمايسەن؛ ئەگەر تۇپرىقىدىن سورىساڭ، ئىپار ۋە ئەنبەردۇر؛ ئەگەر ئۇنىڭ ئۇششاق تاشلىرىدىن سورىساڭ، ئۈنچە-مارجاندۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆستەڭلىرىدىن سورىساڭ، بىر ئۆستەڭ سۈت، يەنە بىر ئۆستەڭ ھەسەل ۋە يەنە بىر ئۆستەڭ ھەۋزى كەۋسەردۇر؛ ئەگەر ئۇنىڭ قەسىرلىرىدىن سورىساڭ، ئىچى كاۋاك مەرۋايىتتۇر؛ بويىكلىكى 70 مىل چاقناپ تۇرغان يېشىل نۇرلۇق يېشىل زۇمرەت ياكى قۇرۇلۇشى ئېگىز بولغان قىزىل ياقۇتتۇر. ئۇ قەسىرنىڭ ھەربىر تەرىپىدە جەننەت ئەھلىنىڭ خىزمىتىگە تەييار تۇرغان كېنىزەكلەر ۋە غىلمانلار بار. قەسىرنىڭ كەڭلىكىدىن ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭ كۆرپىلىرىدىن سورىساڭ، ئەستەرلىرى تاۋار-دۇردۇنلاردۇر. ئۇنداقتا، بۇنىڭ تېشى قانچىلىك گۈزەل-ھە؟! ئىككى كۆرپىنىڭ ئارىسىدىكى ئېگىزلىك 40 يىللىق مۇساپە. جەننەت ئەھلى بۇنىڭغا يۆلەنگەن ھالدا بىر-بىرىگە بېقىشىپ مۇڭدىشىدۇ، بۇنىڭ ئۈستىدە مۇگدەپ قالمايدۇ ياكى ئۇخلاپ قالمايدۇ.

ئەگەر سەن ئۇنىڭ تائاملىرىدىن سورىساڭ، داستىخانلىرى ئۈستىدە تائاملىرى ئۈزۈلمەيدۇ. زېمىنىنىڭ كەڭلىكىدىن مېۋىلىرى تۈگىمەيدۇ ياكى چەكلىنىپ قالمايدۇ، سەن ئىختىيار قىلغان مېۋىلەر ۋە كۆڭلۈڭ تارتقان قۇشلارنىڭ گۆشلىرى بار. جەننەت ئەھلى ئاغزى پىچەتلەنگەن شىرىن تەملىك ئىچىملىكلەر بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ پىچىتى ئىپاردۇر. قىزىققۇچىلار ئەنە شۇنىڭغا قىزىقسۇن! جەننەت ئەھلى چوڭ-كىچىك تاھارەت قىلمايدۇ. يېگەن نەرسىلىرى تېرىلىرىدىن ئەنبەر پۇرىقىدا تەر بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ، قورساق ئىچى يەنە ئىلگىرىكىدەك بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر سەن جەننەتنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن سورىساڭ، الله تائالا بۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَطُوفُ عَلَيْهِمْ وِلْدَانٌ مُخَلَّدُونَ إِذَا رَأَيْتَهُمْ حَسِبْتَهُمْ لُؤْلُؤًا مَنْثُورًا ۞ وَإِذَا رَأَيْتَ ثَمَّ رَأَيْتَ نَعِيمًا وَمُلْكًا كَبِيرًا ۞ عَالِيَهُمْ ثِيَابُ سُنْدُسٍ خُضْرٌ وَإِسْتَبْرَقٌ وَحُلُّوا أَسَاوِرَ مِنْ فِضَّةٍ وَسَقَاهُمْ رَبُّهُمْ شَرَابًا طَهُورًا ۞ إِنَّ هَذَا كَانَ لَكُمْ جَزَاءً وَكَانَ سَعْيُكُمْ مَشْكُورًا ۞﴾ «قىرىماي ھەمىشە ياش تۇرىدىغان غىلمانلار نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن چېغىڭدا

(ئۇلارنىڭ گۈزەللىكى، سۈزۈكلىكى ۋە نۇرلۇقلىقىغا قاراپ) ئۇلارنى تىرىلىپ كەتكەن مەرۋايىتمىكىن دەپ قالىسەن [19]. قاچانكى سەن قارايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە (تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان) نېئمەتلەرنى ۋە كاتتا پادىشاھلىقنى كۆرىسەن [20]. ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا يۇپقا يىپەك ۋە قېلىن يىپەكتىن (تەييارلانغان) يېشىل كىيىملەر بولىدۇ، (ئۇلار) كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇلارنى پاك شاراب بىلەن سۇغىرىدۇ [21]. شۈبھىسىزكى، بۇ سىلەرگە بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، سىلەرنىڭ مېھنىتىڭلار قوبۇل بولدى [22]».①

يۇقىرىدا مەن ساڭا سۆزلەپ ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ خەۋەر بەرگەن مەلۇماتلاردۇر. جەننەتتە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان، خىيالغا كېچىپ باقمىغان نەرسىلەر باردۇر. ئەگەر سەن جەننەت ئەھلىنىڭ بۇ كاتتا نېئمەتتە، ئېسىل ئورۇنلاردا قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىنى سورىساڭ، ئۇلار بۇ يەردە مەڭگۇ قالىدۇ؛ ئۇلار ھەممىشە ھايات بولۇپ، مەڭگۇ ئۆلمەيدۇ؛ ھەممىشە ياش بولۇپ، قېرىمايدۇ؛ ھەممىشە ساق بولۇپ، كېسەل بولمايدۇ؛ ھەممىشە خۇشاللىق ئىچىدە بولۇپ، غەم-قايغۇ يەتمەيدۇ؛ ھەممىشە رازىمەنلىك ئىچىدە بولۇپ، خاپىلىق يەتمەيدۇ. بۇلار نېئمەتلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ۋە قولدىن كېتىشىدىن مەڭگۇ خاتىرجەمدۇر. جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتتىكى دۇئاسى: «سبحانك اللهم» (ئى الله! سەن پاكتۇرسەن)، سالىمى: «سلام» (ئامان بولۇڭلار!) ۋە دۇئالىرىنىڭ ئاخىرى: «أن الحمد لله رب العالمين» (جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر) دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

سەن ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلمەيدىغان كاتتا پادىشاھلىق بىلەن ئۆزۈڭنىڭ تېزلا خاراب بولىدىغان، قىممىتى يوق قەسرىڭنىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى قىياس قىلىپ كۆرگىن. ئەجىبا، سەن ئۆزۈڭ تۇرغان قەسىردىن ۋاز كېچىپ، الله تائالا يولىدا شاھادەتكە ئېرىشسەڭ ئورنۇڭ قەيەردە بولىدۇ؟ بىلگىنكى، سېنىڭ بۇ قەسرىڭ پەقەت غەپلەتتە قالدۇرىدىغان نەرسىدۇر. ھېچكىم ساڭا ھەممىدىن خەۋەردار زات الله تائالادەك خەۋەر بېرەلمەيدۇ.

ئالتىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

① سۈرە ئىنسان 19- ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە.

ئەگەر سەن: «مەن ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈپ ئەمەللىرىمنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن جىھادتىن قېلىپ قالدىم» دېسەڭ، سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ باتىل ۋە دەلىللىك رەت قىلىنىدۇ.

سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ پەقەت ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئالداش خالاس. الله بىلەن قەسەمكى، تەقدىر قىلىنغان ئەجەلنى كىچىككتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّ وَعْدَ اللَّهِ حَقٌّ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ الْحَيَاةُ الدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُمْ بِاللَّهِ الْغَرُورُ ۞ إِنَّ الشَّيْطَانَ لَكُمْ عَدُوٌّ فَاتَّخِذُوهُ عَدُوًّا إِنَّمَا يَدْعُو حِزْبَهُ لِيَكُونُوا مِنْ أَصْحَابِ السَّعِيرِ ۞﴾ «ئى ئىنسانلار! الله نىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن. شەيتاننىڭ سىلەرنى الله نىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار [5]. شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دوزاختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ [6]».①

سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ پەقەت شەيتاننىڭ قىلتاقلىرىدىن بولۇپ، ھەرگىز ئەۋلىيا ـ سالىھلارنىڭ مەقسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەگەر سەن راستچىل كىشى بولساڭ جاۋاب بەرگىن، ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ كاتتىلىرى سەندىن بەكرەك بۇنىڭغا ئىنتىلمەسمىدى؟! ئەگەر ساھابە ۋە تابىئىنلار ئەجەلنى كېچىكتۈرۈشكە مايىل بولغان بولسا، الله نىڭ يولىدا چوڭ خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلمىغان بولاتتى؛ ئەگەر ئۇلار شۇنىڭغا ھېرىس بولغان بولسا، مۇشرىك ـ كاپىرلارغا قارشى جىھاد قىلمىغان ۋە شەھەر ـ يۇرتلارنى فەتىھ قىلمىغان بولاتتى.

ئى دۇنيا نېئمەتلىرىگە مەپتۇن بولغۇچى! الله تائالانىڭ بۇ سۆزىگە قۇلاق سالمامسەن؟! ﴿انْفِرُوا خِفَافًا وَثِقَالًا وَجَاهِدُوا بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار؛ ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار؛ ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار. ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر».②

ئەگەر سەن ئەقىل ئىگىسى بولساڭ، الله تائالانىڭ بۇ سۆزى ھەققىدە تەپەككۇر

① سۈرە فاتىر 5 ـ، 6 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە تەۋبە 41 ـ ئايەت.

قىلىپ باقمامسەن؟! ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ «مۆئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىهادقا چىقمىغانلار، الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىهاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىهاد قىلغۇچىلارنى جىهادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىهادقا چىقالمىغانلار ۋە جىهادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىهاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىهادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى».[1]

18. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ الله يولىدا جىهاد قىلىشى، ئۆز ئۆيىدە يەتمىش يىل ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر».[2]

ئى ئەخمەق! بىلگىنكى، مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسى كېچىسى قىيامدا تۇرغاندىن ۋە ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقاندىن ئەۋزەلدۇر. ئەگەر سەن راستچىل كىشى بولساڭ قېنى جاۋاب بەرگىن، ئەمىلىڭ ئەجىبا قوبۇل بولۇش بىلەن قوبۇل بولماسلىقنىڭ ئارىسىدا تەۋرىنىپ تۇرمامدۇ!؟ ئەجىبا سېنىڭ ئالدىڭدا قورقۇنچلۇق ۋە چۈچىتىدىغان نەرسىلەر، ۋەھىمىلىك قىيامەت كۈنى يوقمۇ؟! الله بىلەن قەسەمكى، قىلغان ئەمىلىڭ سېنى قۇتۇلدۇرالامدۇ ياكى ھالاك قىلامدۇ سەن بۇنى بىلمەيسەن. شۈبھىسىزكى، الله تائالا سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۆلسەڭلار ياكى ئۆلتۈرۈلسەڭلار ئەلۋەتتە الله تائالانىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر!

يەتتىنچى ئۆزرىنىڭ باتىللىقى.

ئەگەر سەن: «مەن ئايالىمنىڭ پىراقىغا تاقەت قىلالمايمەن، ئۇنىڭ جامالىغا مەپتۇنمەن، ئۇنىڭ يېقىنلىقىدىن ئۈلپەتلىنىمەن، ئۇنىڭ ۋىسالى بىلەن شادلىنىمەن» دېسەڭ، سېنىڭ بۇ سۆزۈڭ باتىل، دەلىلىڭ رەت قىلىنىدۇ ۋە

---

[1] سۈرە نىسا 95- ئايەت.

[2] تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

گەرچە سېنىڭ ئايالىڭ ئايالالارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، شۇ زامانىنىڭ ساھىبجامالى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئەۋۋىلى ئېتىلىپ چىققان بىر تامچە سۇ، ئاخىرى چىرىگەن جەسەت ۋە بۇلارنىڭ ئارىسىدا قورسىقىدا گەندە ـ سۇيدۇكلەرنى ئېلىپ يۈرگۈچى ئەمەسمۇ؟! ئۇنىڭ ھەيزى سېنى ئۇنىڭدىن (مەنپەئەتلىنىشتىن) يېرىم ئۆمۈر چەكلەپ قويىدۇ، ساڭا قىلغان ياخشىلىقىدىن جەبىر ـ جاپاسى كۆپتۇر. ئەگەر كۆزىگە سۈرمە تارتمىسا، چاپاق باسىدۇ؛ زىننەتلەنمىسە، سەتلىشىدۇ؛ ئەگەر چېچىنى تارىمىسا، پاخپىيىدۇ؛ ئەگەر مايلانمىسا، نۇرى ئۆچىدۇ؛ ئەگەر خۇشبۇيلىنىپ پاكلانمىسا، پۇرايدۇ؛ كۆپ كېسەل بولىدۇ، تېز زېرىكىپ قالىدۇ؛ ئەگەر يېشى چوڭايسا، مەيۈسلىنىدۇ؛ ئەگەر ئاجىزلىشىپ قالسا، قېرىيدۇ؛ ياخشىلىق قىلساڭمۇ، غەزەپلەنگەندە بۇنى ئىنكار قىلىدۇ.

19. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئايال كىشى ئېرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئىنكار قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇلاردىن بىرىگە ئۆمۈر بويى ياخشىلىق قىلساڭمۇ، ناۋادا سەندىن بىرەر يامانلىق كۆرسە: <مەن سەندىن ھېچ ياخشىلىق كۆرمىدىم> دەيدۇ».[①]

سەن ئايالىڭنىڭ ئەڭ مەينەت جايىنى ئارزۇ قىلىسەن، ئۇنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىدىن قورقىسەن ۋە سەندىن سوۋۇپ قېلىشىدىن غەم قىلىسەن. ئۇنىڭ مۇھەببىتى سېنى ھېرىش، چارچاش، بەختسىزلىك ۋە باشقا يامانلىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە سېنى ھالاكەتكە تاشلايدۇ. ئۆزىنىڭ ئاددى بىر ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن، سېنىڭ ھالاك بولۇشىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈشى سەندىن ھاجىتىنى راۋا قىلىۋېلىشى ئۈچۈن، ئەگەر ئادا قىلالمىسا سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە سېنى تاشلاپ، سەندىن باشقىنى ئىزدەيدۇ، سەندىن بىزار بولۇپ، سېنى يامان كۆرۈدىغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەگەر ئۇ سىرتىغا ئاشكارا قىلمىسىمۇ، قەلبىدە شۇنداق دەيدۇ: «ماڭا خىراجەت قىلىپ تۇرغىن ياكى مېنى تالاق قىلغىن». قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سەن ئۇنىڭدىن پەقەت ئەگرى پېتى بەھرىمان بولىسەن. ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىڭ پەقەت قىيىنچىلىق ۋە سىقىلىش ئىچىدە داۋام قىلىدۇ.

قىزىق ئىش...! ئۇنىڭ مۇھەببىتى سېنى نېمە ئۈچۈن شاد ـ خۇراملىق

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ماكانىدا، قەسىرلەرنىڭ سايىسىدا، ھۆرۇ-غىلمانلار بىلەن بىرگە ئۆسكەن، نۇردىن يارىتىلغان مەستۇرە قىزلارنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتىن توسۇپ قالىدۇ؟! الله بىلەن قەسەمكى، شەھىدنىڭ قېنى قاتماي تۇرۇپ ھۆر ئەيىنلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئۇنىڭ كۆزى ھۆرنىڭ نۇرلىرىنى كۆرۈش بىلەن راھەتلىنىدۇ.

ئۇ شەھلا كۆزلۈك، ساھىبجامال ۋە تويي قىلىنمىغان باكىرە قىزدۇر. ئۇ ئاقلىقتا خۇددى ياقۇتتۇر. سەندىن ئىلگىرى بىرەر ئىنسان ياكى جىن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ باقمىغان، سۆزلىرى شېرىن، قەددى-قامىتى ئاجايىپ كېلىشكەن، چاچلىرى سۇمبۇل، قەدرى كاتتا، قاپاقلىرى مەپتۇن قىلارلىق، ھۆسن-جامالى شۇقەدەر گۈزەل ۋە نۇرلۇق، يېقىملىق، شېرىن سۆزلۈك، تەبىئىي سۈرمە تارتىلغان ئاھۇ كۆزلۈك، خۇلقى تولىمۇ چىرايلىق، زىبۇ-زىننەتلىرى چاقناپ، يالتىراپ تۇرغان، مۇھەببەتلىك، زېرىكىپ قالمايدىغان، سەندىن باشقىغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، سېنىڭ بارلىق ھەۋەسلىرىڭ بىلەن ساڭا مۇھەببەت باغلىغان نازىنىندۇر. ئەگەر ئۇنىڭ تىرنىقى ئاشكارا بولسا، تولۇن ئاينىڭ نۇرى ئۆچىدۇ؛ ئەگەر بىلەيزۈكى كېچىلىرى ئاشكارا بولسا، ئالەمدە قاراڭغۇلۇق قالمايدۇ؛ ئەگەر بېغىشى ئاشكارا بولسا، بارلىق كىشىلەرنى مەھلىيا قىلىدۇ؛ ئاسمان-زېمىن ئارىسىغا بىر قارىسا، ئارىسىنى خۇشبۇي ھىد بىلەن تولدۇرۇۋېتىدۇ؛ تۈزلۈق بىر دېڭىزغا تۈكۈرسە، تەمىنى شېرىن قىلىۋېتىدۇ؛ ئۇنىڭغا ھەربىر نەزەر سالساڭ، گۈزەللىشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قانچىلىك مۇڭدىشىپ ئولتۇرساڭ، ھۆسنۈڭگە ھۆسن قوشۇلىدۇ.

بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە ھۆرلەرنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتىن ئولتۇرۇپ قېلىشى قانداقمۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن بولسۇن؟! ئەگەر بۇ كىشى ئۇچۇن جەننەتتە بۇنداق ھۆرلەردىن تېخىمۇ كۆپ بولسىچۇ؟!

بىلگىنكى، ئايالىڭدىن ئايرىلىش ئازغىنە مۇددەتلىك بىر ئىش بولۇپ، ھامان ئايرىلىسەن. الله خالىسا جەننەتتە يەنە بىرگە بولىسىلەر. ئۇ دىياردا بىرگە بولۇش نەقەدەر ئېسىل-ھە! ئەگەر ئۇ سالىھە ئايال بولسا، سەن بىلەن ئۇنىڭ ۋىسالى ئارىسىدىكى ئايرىلىشنىڭ ئېنىق بىر ۋاقتى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆلۈم. ئاخىرەتتە ئۇ ھۆر ئەينلەرنىڭ گۈزىلى بولۇپ، ئۇنى الله تىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ھالەتتە تاپىسەن. ئۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭدىن بارچە يامانلىق ۋە كۆرۈمسىز ھالەتلەر يوقالغان، ئەخلاقى گۈزەللەشكەن، ھۆسن-جامالى مۇكەممەللەشكەن، سۈرمە كۆز، پورەكلەپ

ئىچىلغان گۈل كەبى مەستۇرە، ھەيز ـ نىپاسلاردىن پاك، ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى جەملەنگەن، ئەيىب ـ نۇقسانسىز، شادلىقى زىيادە، يۈزلىرى نۇرانە، قەدرى كاتتا، ھۆسن ـ جامالىنىڭ نۇرى باشقا ھۆر ئەيىنلەردىن ئەۋزەل، خۇددى ئۇ ھۆرلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئايالىڭدىن ئەۋزەللىكىگە ئوخشاش.

ئەگەر سەن الله يولىدىكى جىھاد سەۋەبلىك بۈگۈن ئايالىڭدىن ئايرىلساڭ، الله يېقىندا ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئاخىرەتتە جەننەت ئەھلىدىن بولسا، ئۇ سەن بىلەن بىرگە بولىدۇ.

بۇ دۇنيانىڭ زىننەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش سېنى مەڭگۈلۈك ھايات بولغان ئاخىرەتتىن بوشاشتۇرمىسۇن! الله بىلەن قەسەمكى، بۇ دۇنيا ياشايدىغان ماكان ئەمەس ۋە قوشۇلۇش ماكانىمۇ ئەمەس. دۇنيا شۇنداق بىر جايكى، بۈگۈن سېنى كۈلدۈرسە، ئەتە يىغلىتىدۇ؛ بۈگۈن سېنى شادلاندۇرسا، ئەتە ئۆلۈمى كېلىدۇ.

ئەگەر بۇ دۇنيادا نېئمەتلىرىڭ كاتتا بولسىمۇ، بۇنىڭ كەينىدىن ھالاكەت ئەگىشىپ كېلىدۇ؛ ئەگەر دۇنيا بوستانلىق بولسا، قاقشاللىشىدۇ؛ جەم قىلغان بولسا، ئايرىيدۇ؛ بىرلەشسە، جۇدا قىلىدۇ؛ ئاز بولسا، يەنىمۇ ئازلايدۇ؛ ئەگەر باي قىلسا، قاتتىقچىلىق ھەم ئەگىشىپ كېلىدۇ؛ كۆپ بولسا، ھالاك قىلىدۇ؛ ئاۋات قىلسا، كەينىدىن خاراب قىلىدۇ؛ ئاشكارا بولسا، يەنە يۈز ئۆرۈيدۇ؛ قىيىنچىلىق بىلەن ۋىسالىغا يەتسەڭ، جۇدالىقى ئارقىدىن ئۈلىشىپ كېلىدۇ. ئۇ، يېقىنلىقى — يىراق، مەھبۇبلىرى — قوغلانغان، شارابى — خۇددى سەراب، شېرىنلىكى — ئازاب بولغان غەم ـ قايغۇ ماكانى؛ ئۇنىڭدا يېقىنلار ئايرىلغان، بەختسىزلىك، جۇدالىق، مۇسىبەت، غەم ـ قايغۇ، مۇشەققەت ۋە چارچاش بىلەن تولغان؛ ئۇنىڭ كۆپلۈكى — ئاز، ئەزىزلىرى — خار، بايلىرى — پېقىر، ئۇستۇنلىرى — پەس، ئاپەت ۋە ھەسرەتلىرى كۆپ، سۆزۈكلۈكى ئازدۇر؛ ئۇ — ۋاپاسىز، ئەھدىسىگە ئىشەنگىلى بولماس، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماس، مەھبۇبلىرى چارچىغان، ئاشىقلىرى ئۈمىدسىزلەنگەن، ئىشەنگەنلەر خىجىل بولغان، ئەيىبلىرى يۆگەلگەن، مۇسىبەتلىرى يوشۇرۇنغان، ھادىسىلىرى مەخپىي قىلىنغان، باتىللىرى بىلەن ئېزىقتۇرغان، پارىخورلۇقلىرى بىلەن مەغرۇرلانغان، قاپقانلىرى تەييارلانغان، يالغانلىرىنى پارقىرىتىۋالغان، قىلىچلىرى يالىڭاچلانغان، قىرغىنچىلىقلىرى داۋاملىشىپ تۇرىدىغان، كۆرۈمسىزلىكى يوشۇرۇنغان بىر نەرسىدۇر.

ئۇ: «ئى ئەرلەر، ۋىسالىغا يېتىڭلار!» دەپ توۋلاپ يۈرىدۇ، كىم بۇنىڭ ۋىسالىغا

ئالدىرىسا تۇزىقىغا چۈشىدۇ، يامان ئەھۋالغا دۇچار بولىدۇ، چوڭ زىيانغا قالىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يامانلىقىنى سەزمەستىن ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ قالىدۇ؛ ئۇنى ھېس قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ يامانلىقىغا چۈشۈپ قالىدۇ، نادامەت بىلەن بارمىقىنى چىشلەيدۇ ۋە كۆزىدىن ياش ئەمەس قان ئاقىدۇ. بۇ تەلەپ قىلغان نەرسە ئۇنى يامان بىر ئەھۋالغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ قېچىشقا تىرىشىدۇ-يۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئىمكان بولمايدۇ.

ھالاك بولۇشۇڭدىن ئىلگىرى ھوشۇڭنى تاپ! ئۆزۈڭنى ئازاد قىلىش قىيىنلىشىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئەسىرلىكتىن ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇر! تەۋپىق ۋە سائادەت تەرەپكە ئىلگىرىلە! ئۈمىدكى، الله تائالا ئۆز پەزلى بىلەن ساڭا مەقبۇل شاھادەتنى نېسىپ ئەتسۇن. بۇ ئەجىردىن سېنى ھېچقانداق بىر سەۋەب مەھرۇم قىلىپ قويمىسۇن.

جىھادتىن نېسىۋىسى بولغان كىشى بولسا غايىسىغا سادىق، يۈقىرى ھىممەتلىك، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىدۇر. كىمنى ھۇرۇنلۇق ئولتۇرغۇزۇپ قويسا ۋە قۇرۇق ئارزۇلىرى ئالدىسا قەدىمى ھەق يولدىن تېيىلىدۇ ۋە نادامەت پايدا بەرمەيدىغان كۈندە نادامەت چېكىدۇ، شەھىدلەرنى ئالىي قەسىرلەردە كۆرگەن چاغدا ئۆزىنىڭ سەل قاراپ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىغا چىشىنى چىشلەيدۇ.

الله ھەقنى سۆزلىگۈچىدۇر ۋە توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر، ئۇ بىزگە كۇپايە، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!

※ ※ ※

# 2 ـ باب

# جىھادنىڭ ۋە الله يولىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَىٰ وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ۞ دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا ۞﴾ «مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى [95]. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [96]».①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلْيُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يَشْرُونَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا بِالْآخِرَةِ وَمَنْ يُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ «دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار الله يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن. كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز».②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِينَ آمَنُوا وَهَاجَرُوا وَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ أَعْظَمُ دَرَجَةً عِنْدَ اللَّهِ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ ۞ يُبَشِّرُهُمْ رَبُّهُمْ بِرَحْمَةٍ مِنْهُ وَرِضْوَانٍ وَجَنَّاتٍ لَهُمْ فِيهَا نَعِيمٌ مُقِيمٌ ۞ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا إِنَّ اللَّهَ عِنْدَهُ أَجْرٌ عَظِيمٌ ۞﴾ «ئىمان ئېيتقانلارنىڭ، ھىجرەت قىلغانلارنىڭ ۋە ماللىرى ھەم جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ دەرىجىسى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ كاتتىدۇر، ئەنە شۇلار (ساۋاب تېپىش بىلەن)

① سۈرە نىسا 95 ـ ، 96 ـ ئايەتلەر.
② سۈرە نىسا 74 ـ ئايەت.

مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر [20]. پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە جەننەتلىرى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ [21]. ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، الله نىڭ دەرگاھىدا (ئۇلارغا) كاتتا ساۋاب بار [22]»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَىٰ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُم بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَىٰ بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُم بِهِ وَذَٰلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىهاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ). (جىهاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (الله نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە الله تىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى الله تىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق.) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن تَنصُرُوا اللَّهَ يَنصُرْكُمْ وَيُثَبِّتْ أَقْدَامَكُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر الله قا (يەنى الله نىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، الله سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ، قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ»③.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ آمَنُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ لَمْ يَرْتَابُوا وَجَاهَدُوا بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنفُسِهِمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أُولَٰئِكَ هُمُ الصَّادِقُونَ﴾ «شۈبھىسىزكى، (ھەقىقىي) مۇئمىنلەر الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاندىن (ئىمانىدا) شەك كەلتۈرمىگەن، ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلغانلاردۇر، ئەنە شۇلار (ئىمان دەۋاسىدا) راستچىللاردۇر»④.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَىٰ تِجَارَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ۞ يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَٰلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

① سۈرە تەۋبە 20- ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە.
② سۈرە تەۋبە 111- ئايەت.
③ سۈرە مۇھەممەد 7- ئايەت.
④ سۈرە ھۇجۇرات 15- ئايەت.

﴿وَأُخْرَى تُحِبُّونَهَا نَصْرٌ مِّنَ اللَّهِ وَفَتْحٌ قَرِيبٌ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا أَنصَارَ اللَّهِ كَمَا قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ لِلْحَوَارِيِّينَ مَنْ أَنصَارِي إِلَى اللَّهِ قَالَ الْحَوَارِيُّونَ نَحْنُ أَنصَارُ اللَّهِ فَآمَنَت طَّائِفَةٌ مِّن بَنِي إِسْرَائِيلَ وَكَفَرَت طَّائِفَةٌ فَأَيَّدْنَا الَّذِينَ آمَنُوا عَلَى عَدُوِّهِمْ فَأَصْبَحُوا ظَاهِرِينَ ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ [10]. اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، اللە نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىهاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر [11]. (شۇنداق قىلساڭلار) اللە سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر [12]. سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېئمەت اللە تىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبە (يەنى مەككىنىڭ فەتھ قىلىنىشى) دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۇئمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگىن [13]. ئى مۇئمىنلەر! ھەۋارىيۇنلار (يەنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا دەسلەپتە ئىمان ئېيتقان مۇئمىن قەۋم)دەك اللە نىڭ ياردەمچىلىرى بولۇڭلار. مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ھەۋارىيۇنلارغا: <(اللە نىڭ دەۋىتىنى تەبلىغ قىلىشتا) اللە قا كىملەر ياردەمچىلىرىم بولىدۇ؟> دېدى، ھەۋارىيۇنلار: <بىز اللە نىڭ ياردەمچىلىرىمىز> دېدى. ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر تائىپە ئىمان ئېيتتى، يەنە بىر تائىپە كاپىر بولدى. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشىدا يار-يۆلەكتە بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەر غالىب بولدى [14]».[1]

جىهادنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى ئايەتلەر كۆپ، ئۇلارنى ساناپ تۈگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ، تۆۋەندە بىز پەقەت ئەڭ مۇھىملىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

## جىهاد — ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر

20. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز» دېدى. مەن: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېدى. مەن: «ئاندىن قالسىچۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ

[1] سۈرە سەپ 10- ئايەتتىن 14- ئايەتكىچە.

ﷺ: «الله يولىدا جىھاد قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

21. ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇتبە سۆزلەپ جىھادنى تىلغا ئالدى، ئۇ پەرز نامازدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئەمەلنى جىھادتىن ئەۋزەل سانىمىدى».[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەرز نامازدىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل — الله يولىدا جىھاد قىلىش» دەپ قارايتتى.[3]

## الله قا ئىمان ئېيتىشتىن كېيىنكى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل — جىھادتۇر

22. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرۈش» دېدى. «ئاندىن قايسى؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. «ئاندىن قايسى؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەج» دەپ جاۋاب بەردى.[4]

بۇ ھەدىس ئاتا ـ ئانىسى يوق ياكى ئاتا ـ ئانىسى جىھادقا چىقىشىغا رۇخسەت بەرگەن ۋە ياكى جىھاد قىلىش پەرز ئەين بولغان كىشىگە قارىتىلغان چۈنكى جىھاد پەرز ئەين بولغاندا ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئالدىنقى ئورۇندا قىلىنىدۇ.

23. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئەمەللەرنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «الله قا ئىمان ئېيتىش ۋە الله يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. مەن: «قايسى قۇلنى ئازاد قىلىش ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئۆز ئىگىسىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېسىل، باھاسىمۇ ئەڭ قىممەت بولغىنى» دېدى.[5]

24. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ (ساھابىلەرگە) خۇتبە ئوقۇپ، الله يولىدىكى جىھاد بىلەن الله قا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەمەللەرنىڭ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بەيھەقى ۋە دارىمى رىۋايەت قىلىپ «سەھىھ» دېگەن، ئىبنى ھەجەر «المطالب العالية» ناملىق كىتابىنىڭ 6 ـ توم 55 ـ بېتىدە نەقىل قىلغان.

[3] بەيھەقى توپلىغان.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەڭ ئەۋزەللى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىۋېدى، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم بارلىق گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىگە: «ھەئە، سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا كەينىڭگە قاچماي الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قانداق دېدىڭ؟» دېدى. ھېلىقى كىشى (سۆزىنى تەكرارلاپ): «مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «ھەئە، سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا كەينىڭگە قاچماي الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ قەرزىڭدىن باشقا گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھازىر ماڭا شۇنداق دېدى».[1]

## جىهاد — ھەرەم مەسجىدىنى ئاۋات قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر

25. نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبىرىنىڭ يېنىدا ئىدىم. بىر كىشى:

— ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا ئىش قىلمىساممۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى. يەنە بىر كىشى:

— ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، بەيتۇلھەرەمنى ئاۋات قىلىشتىن باشقا ئىش قىلمىساممۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى. ئۈچىنچى كىشى:

— سىلەر دېگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن جىهاد قىلىش ئەۋزەل، — دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا كايىپ:

— رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبىرىنىڭ ئەتراپىدا ئاۋازىڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرمەڭلار! بۈگۈن جۈمە كۈنى، جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان مەسىلە ھەققىدە سوراپ بېرەي، — دېدى. شۇ ۋاقىتتا الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿أَجَعَلْتُمْ سِقَايَةَ الْحَاجِّ وَعِمَارَةَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ كَمَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَجَاهَدَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا يَسْتَوُونَ عِندَ اللَّهِ وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾ «سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرەمنى ئاۋات قىلىشنى الله قا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلغانلارنىڭ (ئىمانىغا) ئوخشاش

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ھېسابلامسىلەر؟ اللە نىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس. اللە زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ[1]». [2]

## شۈبھىسىزكى، جىھاد بارچە ئەمەللەردىن ئەۋزەلدۇر

26. ئەمر ئىبنى ئەبەسە سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئىسلام دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «قەلبىڭنىڭ اللە قا تەسلىم بولۇشى ھەمدە مۇسۇلمانلار سېنىڭ تىلىڭ ۋە قولۇڭدىن ئامان بولۇشى» دېدى. ئۇ كىشى: «ئىسلامنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئىمان» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «ئىمان دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «اللە قا، اللە نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈشۈڭ» دېدى. ئۇ كىشى: «ئىماننىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ھىجرەت قىلىش» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «ھىجرەت قىلىش دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «يامانلىقتىن يىراق بولۇشۇڭ» دېدى. ئۇ كىشى: «ھىجرەتنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «جىھاد» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «جىھاد دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «كاپىرلارغا ئۇچراشقان چېغىڭدا ئۇرۇش قىلىشىڭ» دېدى. ئۇ كىشى: «جىھادنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئېتى چېپىلىپ، ئۆزىنىڭ قانلىرى تۆكۈلگەن كىشى» دېدى.[3]

اللە ساڭا رەھمەت قىلسۇن، قارا! پەيغەمبەر ﷺ جىھادنى ئىسلامدىكى ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل قىلىپ خۇلاسىلەپ بەردى. دېمەك، جىھاد بارچە ئەمەللەردىن ئەۋزەلدۇر.

27. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىز جىھاد قىلىشنى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ قارايمىز. ئۇنداقتا، بىز ئاياللارمۇ جىھاد قىلمايمىزمۇ؟» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «(سىلەر ئۈچۈن) جىھادنىڭ ئەۋزىلى توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەجدۇر» دېدى.[4]

---

[1] سۈرە تەۋبە 19 ـ ئايەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەھمەد ۋە تەبرانى سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

[4] بۇخارى توپلىغان.

28. ئائىشە رەزىيەللاھ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن: ‹ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئاياللارمۇ جىھادقا چىقامدۇ؟› دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئاياللار ئۈچۈن ئۇرۇشسىز جىھاد بار، ئۇ بولسىمۇ ھەج ۋە ئۆمرىدۇر› دېدى.[1]

مۇفەززەل ئىبنى فەزالە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر قىسىم كىشىلەر ئەمىرۇلمۇئمىنىين ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ قېشىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ قاتتىق كېسەل ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇ: «سىلەر مېنىڭ يېنىمغا مەن بۇ دۇنيالىق ھاياتىمنى تۈگىتىپ، ئاخىرەتلىك ھاياتىمنى باشلاش ۋاقتىمدا كىردىڭلار. مەن (ئاخىرەتتە نىجات تېپىشىمغا) ئەڭ لايىق ئەمەلنى ئەسلەپ، ئۇ ئەمەلنىڭ اللە يولىدىكى غازات ئىكەنلىكىنى تاپتىم، لېكىن مەن بۇنىڭدىن مەھرۇم قالدىم. سىلەر بۇ نىجىس ئىشىكلىرىمىزدىن يىراق بولۇڭلار» دېدى.[2]

يەنى، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ئۇلارنى پادىشاھلارنىڭ بوسۇغىسىغا يېقىنلىشىشتىن چەكلەيتتى. ئۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولۇشتىن ئىلگىرى تابىئىنلارنىڭ ئالىملىرىدىن بولۇپ، ئۇ رۇمغا قارشى جىھادقا قاتنىشىپ، دېڭىزدا غازات قىلغان ئىدى.

خەتىب باغدادىي «تاريخ بغداد» ناملىق كىتابىدا مۇھەممەد ئىبنى فۇزەيل ئىبنى ئىيازدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنى چۈشۈمدە كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن: «سەن قايسى ئەمەلنى ئەڭ ئەۋزەل تاپتىڭ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئۆزۈم قىلغان ئەمەللەرنى» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «رىبات ۋە جىھادمۇ؟» دېسەم، ئۇ: «شۇنداق» دېدى. مەن: «اللە تائالا ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلدى» دېدى.[3]

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئالدىدا جىھاد تىلغا ئېلىنىۋېدى، ئۇ يىغلاپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى: «ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە جىھادتىن ئەۋزەل ئەمەل يوق. دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشقا ھېچقانداق ئەمەل باراۋەر كەلمەيدۇ. جەڭگە بىۋاسىتە ئۆزى قاتنىشىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى. ۋەھالەنكى، مۇجاھىدلار

---

[1] ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ئەسىرنىڭ «الكامل في التاريخ» ناملىق كىتابى 4- توم 520- بەت.

[3] «تاريخ بغداد» 1- توم 168- بەت.

دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇپ ئىسلامنى، مۇسۇلمانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغدايدىغان تۇرسا، قايسى ئەمەل بۇنىڭدىن ئەۋزەل بولسۇن!؟ كىشىلەر خاتىرجەم ياشاۋاتقاندا، مۇجاھىدلار قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەت نەرسىسى بولغان جېنىنى الله يولىدا تەقدىم قىلىدۇ». ①

## جىھاد — الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئەمەلدۇر

29. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىرنەچچە ساھابىلىرى ئولتۇرۇپ ئۆزئارا: «قايسى ئەمەلنىڭ الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق شۇنى قىلغان بولاتتۇق» دېيىشكەن ئىدۇق، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ ۞ كَبُرَ مَقْتًا عِنْدَ اللَّهِ أَنْ تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ ۞ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُمْ بُنْيَانٌ مَرْصُوصٌ ۞﴾ «ئاسمانلاردىكى نەرسىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (يەنى ئىنسانلار، ئۆسۈملۈكلەر، جانسىز شەيئىلەر) الله قا تەسبىھ ئېيتتى. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1]. ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) [2] سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر) [3]. شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ [4]». ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەردى. ②

30. يەنە بىر رىۋايەتتە، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بەزى كىشىلەر: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر كىشىنى ئەۋەتسەك، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن قايسى ئەمەلنىڭ الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى سوراپ بەرگەن بولسا» دېيىشتۇق لېكىن ئۈيلىپ، ھېچكىم بېرىپ بۇنى سورىمىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى بىردىن-بىردىن

① ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8- توم 348-، 349- بەتلەر.
② تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

چاقىرىپ تويلاپ، بىز ھەققىدە نازىل بولغان سۈرە سەپنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بەردى.①

## مۇجاھىدلار — الله نىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَى وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ۞ دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا ۞﴾ «الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى [95]. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [96]».②

31. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كىم؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله يولىدا ئۆز جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان كىشى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «باشقىلارغا زىيىنىم يەتمىسۇن دەپ تاغ جىلغىلىرىدىن بىرىدە الله قا ئىبادەت قىلغان مۇئمىن كىشى» دەپ جاۋاب بەردى.③

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىستىن مەقسەت، جىلغىنىڭ خاس ئۆزى بولۇشى شەرت ئەمەس، گەرچە ئۆز ئۆيىدە بولسىمۇ يالغۇز ياشاپ ۋە ئايرىلىپ ئىبادەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەدىستە <جىلغا> دەپ بايان قىلىنىشى ئۇنىڭ كۆپىنچە كىشىلەردىن خالىي بولغانلىقىدىندۇر».④

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىبادەت ئۈچۈن كىشىلەردىن تەنھا ۋە ئايرىلىپ ياشاشتىن جىھادنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ

---

① بەيھەقى توپلىغان، «تفسير ابن كثير» 8- توم 104- بەت.

② سۈرە نىسا 95- ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 96- ئايەت.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

④ نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13- توم 34- بەت.

بۇ ئايىتى ھەم دەلىل بولالايدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ﴾ «مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ».[1]

## (پەزىلەتتە) جىھادقا باراۋەر بولالايدىغان ھېچبىر ئەمەل يوق

32. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «الله تائالا يولىدىكى جىھادقا قايسى ئەمەل باراۋەر بولالايدۇ؟» دېيىلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. سورىغۇچى يۇقىرىقى سوئالنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەر قېتىمدا: «ئۇنى قىلىشقا تاقىتىڭلار يەتمەيدۇ» دېدى، ئاندىن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى كۈندۈزى ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقان، كېچىسى ئۇخلىماي قىيامدا تۇرغان، ھەمىشە الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇغان، الله يولىدا جىھادقا چىقىپ كەتكەن شۇ مۇجاھىد قايتىپ كەلگەنگە قەدەر روزا تۇتۇشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن قىلچە سۇسلىشىپ قالمىغان كىشىگە ئوخشايدۇ» دېدى.[2]

33. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: «مېنى جىھادقا باراۋەر كېلىدىغان بىرەر ئەمەلگە باشلاپ قويغىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن ئۇنداق ئەمەلنى بىلمەيمەن. ئەگەر بىر مۇجاھىد جەڭگە چىقىپ كەتسە، سەن مەسجىدكە كىرىپ چارچىماستىن قىيامدا تۇرۇشقا، ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالامسەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ كىشى: «كىممۇ قادىر بولالىسۇن؟» دېدى.[3]

ساھابىلەر ھەتتا يۇقىرى ھىممەتلىك، ئالىي روھلۇق، پاك قەلبلىك، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ھەمراھ بولۇشى بىلەن ئەجىرلىرى زىيادە بولغان، كامالەتنىڭ چوققىلىرىغا يېتىشكە ئالدىرىغۇچى، جىھاد باسقۇچلىرىدا بارلىق يۇكسەك ماقاملارنى ئۆزىدە جەملىگۈچى كىشىلەر بولغان تۇرۇپمۇ، پەزىلەتتە جىھادقا باراۋەر كېلىدىغان ئەمەلنى تاپالمايۋاتسا، بىز جىھادنى تەرك ئېتىپ تۇرۇپ قانداقمۇ

[1] سۈرە نىسا 95- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى توپلىغان.

خۇشال ياشىيالايمىز؟! پەس دۇنيا غەملىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قىلغان ئازغىنە ئەمەللەرگە كۆڭلىمىز قانداق تەسكىن تاپىدۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمەللىرىمىزگە رىيا ئارىلاشقان، ئىخلاستىن يىراق ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىشتىن توسقۇچى ھالاكەتلىك ئەمەللەر ھەم قوشۇلۇپ قېلىۋاتسا؟! ئى الله! بىزلەرنى بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقىن، دۇنيا ھاياتىدىن ئاخىرەتكە سەپەر قىلىشتىن بۇرۇن سېنىڭ يولۇڭدا جىهاد قىلىشقا نېسىپ قىلغىن، سەندىن بارچە ياخشىلىقنى تىلەيمىز، لا حول ولا قوة إلا بالله!

ئىبنى ئەساكىر ئەبۇ غادىيە مۇزەنىيدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنبەردە خۇتبە سۆزلەۋاتقاندا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئى مەدىنە ئەھلى! سىلەر الله يولىدىكى جىهادتىن ئۆز نېسىۋەڭلارنى ئالماسىلەر؟ ئەجەبا سىلەر شام ئەھلىدىن، مىسىر ئەھلىدىن ۋە ئىراق ئەھلىدىن بولغان (جىهاد قىلىۋاتقان) قېرىنداشلىرىڭلارغا قارىمامسىلەر!؟ الله بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن بىرىڭلارنىڭ الله يولىدا بىر كۈن جىهاد قىلىشى، ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتۇپ، بوشاشماي (كېچە-كۈندۈز) قىيامدا تۇرغان مىڭ كۈنىدىن ياخشىدۇر».

## جىهاد — ئىبادەت ئۈچۈن تەنھا ياشاش ۋە كىشىلەردىن ئايرىلىشتىن ئەۋزەلدۇر

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كىم؟» دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله يولىدا ئۆز جېنى ۋە مېلى بىلەن جىهاد قىلغان كىشى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «باشقىلارغا زىيىنىم يەتمىسۇن دەپ تاغ جىلغىلىرىدىن بىرىدە الله قا ئىبادەت قىلغان مۇئمىن كىشى» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

34. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشى تاتلىق سۇ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق بار بىر جىلغىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، بۇلاق سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكى ئۇ كىشىنى جەلپ قىلدى. ئۇ كىشى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كۆڭلىدە: «مەن كىشىلەردىن ئايرىلىپ مۇشۇ جىلغىدا تۇرۇپ (ئىبادەت قىلسام) قانداق بولار؟! لېكىن شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ رۇخسىتىسىز ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن» دەپ ئويلاپ، بۇ مەقسىتىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداق قىلمىغىن، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ الله يولىدا جىهاد قىلىشى ئۆز ئۆيىدە يەتمىش يىل ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر. ئەجەبا الله نىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى خالىماسىلەر؟ الله يولىدا ئۇرۇش قىلىڭلار. كىمكى تۆگە سۈتى يېلىنىغا يىغىلغانچىلىك (قىسقا ۋاقىت) بولسىمۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ» دېدى.[1]

ھەدىستىكى «فواق الناقه» دېگەن سۆز ئىككى قېتىم سېغىشنىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ چۈنكى تۆگە بىر سېغىلىپ، ئاندىن سۈت يىغىلىشى ئۈچۈن بوتىلىقى ئەمگۈزۈلۈپ، ئاندىن يەنە سېغىلىدۇ. بۇ، ئۇرۇشقا تەرغىب قىلىش ۋە زىيادە قىزىقتۇرۇشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بۇ ھەدىس، الله يولىدىكى جىهادنىڭ ئىبادەت ئۈچۈن كىشىلەردىن ئايرىلىپ ياشاشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. قارا! كىممۇ زاھىدلىق، ئىبادەت ۋە ھالال رىزىق تېپىشتا ئۇ ساھابە بىلەن باراۋەر بولالايدۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ساھابىگە: «ئۇنداق قىلمىغىن» دېدى ۋە جىهادقا يېتەكلەپ قويدى.

ئەمەللىرىمىز ھەم ئاز، ھەم ئىشەنچىسىز، خاتالىرى كۆپ؛ ئەزالىرىمىز گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ئالدىرىغان؛ نەپسىلىرىمىزنى چەكلەنگەن ئىشلاردىن توسقىلى بولمىغان؛ يېمەكلىكلىرىمىزنىڭ ھالال ـ ھاراملىقى پەقەت رىزىق بەرگۈچىگىلا مەلۇم؛ ياراتقۇچىمىزلا بىلىدىغان نۇرغۇن يامان خىياللار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان؛ نىيەتلىرىمىزدە ئىخلاسنى رىياپقا چىقىرىپ بولالمايۋاتقان؛ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمىسەك قۇتۇلۇش ئۇمىدى بولمىغان نۇرغۇن مەسئۇلىيەتلىرىمىز بار تۇرۇقلۇق يەنە نېمە ئۈچۈن جىهادنى تەرك ئېتىمىز!؟ مۇشۇ خىل ھالەتتە ئەمەللىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىگە قاراش نەقەدەر خەتەرلىك ۋە قورقۇنچلۇق!

ھەقىقي بەختلىك كىشى دېگەن الله تائالا ئۇنى جىهادقا مۇيەسسەر قىلغان ۋە الله تائالانىڭ جىهاد ئىبادىتىنى ئۇنىڭغا قۇلايلاشتۇرۇپ بېرىشىگە ئېرىشكەن

[1] تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

كىشىدۇر. بەختسىز كىشى دېگەن جىھادتىن قورقۇپ، ئۆزىنى ئالداپ زىيان تارتقان كىشىدۇر. ئى الله ! جىھادنى بىزگە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن ۋە جىھادقا بىزنى مۇيەسسەر قىلغىن. بىزنى ئۆز پەزلىڭ بىلەن بىر مەقسەتنى كۆزلەپ، ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشىلەر قاتارىدىن قىلغىن. ئەھۋاللىرىمىز ۋە ئىش-پائالىيەتلىرىمىزدە تەۋپىق ئاتا قىلغىن. شۈبھىسىزكى، سەن بىزلەرگە تولىمۇ يېقىن، دۇئالىرىمىزنى ئىجابەت قىلغۇچى زاتتۇرسەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك جىھادقا، غازاتقا ۋە ئىسلام مەركەزلىرىنى قوغداپ رىباتتا تۇرۇشقا ھېرىس كىشى ئىدى، كىشىلەرنى ھەم ئۇنىڭغا قىزىقتۇراتتى: جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان ۋە ئىبادەت ئۈچۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشىلەرنى يامان كۆرەتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئەبۇ سەكىينە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك بىلەن بىرگە تەرسۇستا چېگرا ساقلاپ رىباتتا تۇراتتىم. كېيىن مەن ھەجگە بېرىشنى ئىرادە قىلدىم. بۇ ۋاقىتتا، فۇزەيل ئىبنى ئىياز ھەرەم مەسجىدىدە كەئبىنىڭ يېنىدا ئىبادەت قىلىپ، ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك فۇزەيل ئىبنى ئىيازغا مۇنداق شېئىر يازدى:

كۆرگىنىڭدە بىزنى ئەگەر ئەي ئابىدي ئىككى ھەرەم،
بىلسەڭ ئۆزۈڭ ئىبادەتتە ئويناپ يۈرگەن سەبىي شۇ دەم.

يۈرسە بىراۋنىڭ ئاتلىرى باتىل ئىچرە چارچاپ-ھېرىپ،
چاڭقىماقتا ئاتلىرىمىز ھەملە ياساپ كەچ-تاڭ ھەردەم.

كىملەرنىڭدۇ چاناقلىرى كۆز ياش بىلەن يۇيۇلغاندۇر،
يۇيۇلماقتا بوغۇز، مەيدە جىھاد ئىچرە قانلاردا ھەم.

خۇشبۇي ھىدلار سىزگە بولسۇن، بىزگە خوپراق چاڭ-غۇبارلار،
چاچرىغان چاڭ، بۇس-توزانلار بىزگە ئەنبەر، بىزگە مەلھەم.

بىزگە كەلگەن ئۇشبۇ سۆزلەر ئەلچىسىدىن رەببىمىزنىڭ،
كەلىمەكى يالغىنى يوق، ھېكمەت بولۇپ تۇرار ھېلھەم.

جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى ھېچ بىرلەشمىگەي دىماغىدا،
بىر-بىراۋنىڭ چاڭى بىلەن الله ئۈچۈن باسقان قەدەم.

ئارىمىزدا رەببىمىزنىڭ كىتابى بار سۆزلەر ھەقنى،
«شەھىد ھەرگىز ئۆلمەيدۇ» دەپ يوقتۇر خەۋپ، يوقتۇر ھېچ غەم.

ئاندىن ئۇ: «كەئبىنىڭ قېشىدىكى فۇزەيل ئىبنى ئىياز بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭدا بۇ خەتنى ئۇنىڭغا بەرگىن!» دېدى. فۇزەيل ئىبنى ئىياز ئۇ خەتنى ئوقۇغان چېغىدا ئىككى كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى ۋە: «ئەبۇ ئابدۇراھمان راست ئېيتىپتۇ ۋە ماڭا نەسىھەت قىپتۇ» دېدى.[1]

## مۇجاھىد — الله نىڭ نەزىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى ۋە ھۆرمەتلىكىراقىدۇر

35. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز يىغىلىشىپ ئولتۇرغان ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ قېشىمىزغا چىقىپ: «مەن سىلەرگە مەرتىۋە جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق قىلغىن» دېدۇق. ئۇ: «ۋاپات بولغىچە ياكى ئۆلتۈرۈلگىچە الله يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشى» دېدى. ئاندىن: «بۇنىڭدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق قىلغىن» دېگەنىدۇق، ئۇ: «كىشىلەردىن ئايرىلىپ بىرەر جىلغىغا چىقىپ ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن ۋە كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانغان كىشى» دېدى.[2]

## مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسى باشقىلارنىڭ كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقىنىدىن ئەۋزەلدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاياتلا بولسا بوشاشماي ناماز ئوقۇشقا ۋە ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتۇشقا قادىر بولالامدۇ؟» دەپ سورىۋېدى، كىشىلەر

[1] زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 8- توم 412- بەت.
[2] تىرمىزى، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

تەرىپىدىن: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! بۇنىڭغا كىممۇ قادىر بولالايدۇ!؟» دېيىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: «نەپسىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسى ئۇنىڭدىن ئەۋزەل» دېدى.①

قېرىنداشلار، الله سىلەرنى ئەزىز قىلسۇن! ئەگەر مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسىنىڭ پەزىلىتى مۇشۇنداق يۇقىرى بولسا، ئۇنداقتا قىيامەتتە تۇرغىنىنىڭ پەزىلىتى قانداق بولار؟! ئۇلارنىڭ غاپىللىرىنىڭ مەرتىۋىسى مۇشۇنداق يۇقىرى بولسا، ئەمەل قىلغۇچىلىرىنىڭ مەرتىۋىسى قانداق بولار؟! ئۇلارنىڭ كىچىك ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى مۇشۇنداق يۇقىرى بولسا، ئۇنداقتا چوڭ ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قانداق بولار؟!

بۇ ھەقىقەتەن ئويغۇچۇق پەزىلەتتۇر، پەزىلەتكە ئالدىرىغۇچىلار مانا شۇنىڭغا ئالدىرىسۇن! ئاجىزلىق قىلىپ كېچىكتۇرگەنلەر ياش تۆكسۇن! ھاياتىنى جىھادنىڭ غەيرى بىلەن زايە قىلىپ، بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلەر ئۆتكەن ئۆمرىگە قايغۇرسۇن! ئى الله ! نىجاتلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى بىزگە كۆرسەتكىن ھەمدە ئۇنى بىزلەرگە ئاسان قىلىپ بەرگىن. بىزگە ياردىمىڭ ۋە رەھمىتىڭ بىلەن قارىغىن، ئۆمرىمىز بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى، سەن ھەقىقەتەن ھەرنەرسىگە قادىرسەن.

36. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى، — الله ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر! — قىيامدا تۇرغۇچى، روزا تۇتقۇچى، الله قا بويسۇنغۇچى، رۇكۇ قىلغۇچى ۋە سەجدە قىلغۇچىدۇر».②

37. نوئمان ئىبنى بەشىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى، مۇجاھىد قايتىپ كەلگۈچە كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ».③

## الله مۇجاھىدلارنى جەننەتتە 100 دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرگەن

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي الْقَاعِدُونَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ غَيْرُ أُولِي الضَّرَرِ وَالْمُجَاهِدُونَ فِي

---

① ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1ـ توم 95ـ بەت.

② نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ فَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ بِأَمْوَالِهِمْ وَأَنْفُسِهِمْ عَلَى الْقَاعِدِينَ دَرَجَةً وَكُلًّا وَعَدَ اللَّهُ الْحُسْنَىٰ وَفَضَّلَ اللَّهُ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ أَجْرًا عَظِيمًا ۞ دَرَجَاتٍ مِنْهُ وَمَغْفِرَةً وَرَحْمَةً وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا ۞﴾ «مۇئمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا) جىھادقا چىقمىغانلار الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار)نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى [95]. الله (ئۇلارغا) بەلەن مەرتىۋىلەر، مەغپىرەت ۋە رەھمەت ئاتا قىلدى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [96]».[1]

38. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتسا، نامازنى ئادا قىلسا، زاكاتنى بەرسە ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتسا، مەيلى ئۇ الله يولىدا ھىجرەت قىلسۇن ياكى تۇغۇلغان يۇرتىدا ياشىسۇن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش الله نىڭ ئۈستىگە ھەق (ۋاجىب) بولىدۇ» دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلمايلىمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «جەننەتتە ھەقىقەتەن 100 دەرىجە بار، الله ئۇنى ئۆز يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلارغا تەييارلىدى، ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى گويا ئاسمان ـ زېمىندەك كېلىدۇ. ئەگەر الله تىن سورىساڭلار فىردەۋس جەننىتىنى سوراڭلار! چۈنكى ئۇ جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسى ۋە ئەڭ ئۈستىدۇر، ئۇنىڭدىن جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرى ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە رەھمان تائالانىڭ ئەرشى بار» دېدى.[2]

39. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئەبۇ سەئىد! كىمكى الله نىڭ رەب ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ دىن ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە رازى بولسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ» دېدى. ئەبۇ سەئىد ھەيران بولۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى قايتا دېگىن» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ قايتا تەكرارلاپ بەردى. ئاندىن: «ئۇنىڭدىن كېيىن

[1] سۈرە نىسا 95 ـ، 96 ـ ئايەتلەر.
[2] بۇخارى توپلىغان.

يەنە بىر ئەمەل بار، ئۇ ئارقىلىق بەندە يۈز دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ پەرقى ئاسمان-زېمىندەك كېلىدۇ» دېدى. ئەبۇ سەئىد: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قايسى ئەمەل؟» دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله يولىدىكى جىهاد، الله يولىدىكى جىهاد» دېدى.[1]

## بۇ ئۇممەتنىڭ ساياھىتى جىهادتۇر

ئۆز جېنى ۋە مېلىنى الله ئۈچۈن ساتقان مۆئمىنلەرنىڭ بايانىدا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿التَّائِبُونَ الْعَابِدُونَ الْحَامِدُونَ السَّائِحُونَ الرَّاكِعُونَ السَّاجِدُونَ﴾.[2] بۇ ئايەتتىكى «السَّائِحُونَ» (ساياھەت قىلغۇچىلار) مۇجاھىدلارنى كۆرسىتىدۇ، ساياھەت بولسا جىهادنى كۆرسىتىدۇ.

40. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ساياھەت قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغىن» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «ئۈممىتىمنىڭ ساياھىتى الله تائالانىڭ يولىدا جىهاد قىلىشتۇر».[3]

«ساياھەت» دېگەندە، باشقىلاردىن ئايرىلىپ، زېمىندا سەير قىلىش ۋە ئاسارە-ئەتىقىلەرگە ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراش دەپ چۈشىنىلىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ «ساياھەت»نى الله يولىدىكى جىهاد دەپ ئاتىدى، چۈنكى جىهاد — الله قا بولغان ئىمانىنى بارچە نەرسىلەرنىڭ ئالدىغا قويغان ۋە الله نىڭ ۋەدىلىرىنى تەستىقلىغان ھالدا كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن ھەقىقىي ئىبادەت قىلىنغۇچى تەرەپكە ئاتلىنىشتۇر. ئۇ، ئۆز نەپسىگە ئىنساپ كۆزى بىلەن قاراپ، ئىختىلاپلار بىلەن تولغان بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىپ ئۆز جېنىنى بۈيۈك «خېرىدار» الله قا تەسلىم قىلىشتۇر. ئۆز نەپسىنى پاكلاپ ماڭغان كىشى بىلەن ئۆز نەپسىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كىشى ئارىسىدا كاتتا پەرق بار. مۇجاھىد ھەقىقەتەن ئىشەنچ بىلەن ساياھەت قىلغۇچىدۇر ۋە ئۆز نەپسىنى ئەڭ بۈيۈك پايدىغا سېتىش بىلەن كاتتا نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىدۇر.

## جىهاد — ئىسلامنىڭ چوققىسىدۇر

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە تەۋبە 112- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

41. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن تەبۇك غازىتىدا بىرگە ئىدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: «مەن ساڭا ئىشنىڭ بېشى، تۈۋرۈكى ۋە چوققىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېۋىدى، مەن: «بولىدۇ ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئىشنىڭ بېشى ئىسلامدۇر، تۈۋرۈكى نامازدۇر ۋە چوققىسى جىهادتۇر». دېدى.[1]

ئىسلام ھەقىقەتەن ئىشنىڭ بېشىدۇر چۈنكى مۇسۇلمانىنىڭ ھەرقانداق ئەمەلىنىڭ دۇرۇس ۋە قوبۇل بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ ئىسلامىنىڭ بولۇشىغا باغلىقتۇر. ئەگەر باش يوقالسا، ئەمەللەر خۇددى باشسىز ئۆلۈك جەسەتكە ئوخشاپ قالغىنىدەك، قىيامەت كۈنى ئىسلامى بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى ھەم چاڭ ـ توزان كەبى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. ئۇ ھەقىقەتەن چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىگە ئوخشايدۇ، خۇددى چېدىردىن ئاۋۋال ئۇنىڭ تۈۋرۈكىنى تىكلىۋالغىنىمىزدەك، قىيامەت كۈنى بەندىدىن بىرىنچى بولۇپ ھېساب ئېلىنىدىغان ئەمەل نامازدۇر.

جىهاد تۆگە لوكىسىنىڭ ئۈچىغا ئوخشىتىلدى. چۈنكى تۆگىنىڭ لوكىسى ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستۈن ئەزاسى بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭغا تەڭلىشەلمىگىنىدەك، ئىسلامدىكى ئەمەللەردىن ھېچبىرى ھەم جىهادقا باراۋەر كېلەلمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن الله يولىدىكى جىهادقا باراۋەر كېلىدىغان ئەمەلدىن سورالغاندا: «مەن ئۇنداق ئەمەلنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىسلامنى تۆگىگە ئوخشىتىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تۆگە ئىنسانىنى مىندۈرۈپ، ئۇنى خالىغان يەرگە ئاپىرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىسلاممۇ دۇنيا سەپىرىدىكى مۇسۇلمانىنى ئۇنىڭ ئاۋۋالقى ۋەتىنى بولغان جەننەتكە يەتكۈزىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىسلام كەلىمىسىنى تۆگىنىڭ بېشىغا ئوخشاتتى، چۈنكى تۆگىنىڭ بېشىنى سىلاش ۋە كۆرۈش مۇمكىن بولغىنىدەك، ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئىسلامغا كىرىش ھەرقانداق كىشىگە مۇمكىن بولىدۇ. جىهاد تۆگە لوكىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئوخشىتىلدى چۈنكى تۆگىنى سىيتىۋېلىش ئۈچۈن پۇلى بولغان كىشى ۋە ئېگىز كىشى ئاندىن تۆگىنىڭ ئۈستىگە يېتەلەيدۇ. شۇنىڭدەك، جىهادقىمۇ ھەم مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئالدىدا ماڭغۇچىلار ۋە ماللىرىنى سەرپ قىلىشتىكى ئەڭ ئەۋزەللىرى يېتەلەيدۇ.

[1] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جىهادنى تۈگىنىڭ لوكىسىنىڭ ئەڭ ئۇستىگە ئوخشىتىشىدا، تۈگە لوكىسىنىڭ ئۇستىگە يېتەلىگەن كىشى ئۇنىڭ ھەممە ئەزاسىنى ئىگەللىگەن بولىدۇ ھەمدە ئۇ تۈگىنىڭ لوكىسىدا ئولتۇرۇپ تۈگىنى باشقۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، الله تائالا جىهادنى رىزىق قىلىپ بەرگەن كىشى ئىسلامدىكى بارلىق پەزىلەتلىك ئەمەللەرگە ئېرىشكەن بولىدۇ. مۇجاھىدنىڭ ئۇيقۇسى، سەپىرى، سەدىقىسى، قىيىنچىلىقى، ھارغۇنلىقى، ئۇسسۇزلۇقى، ئاچلىقى ۋە ھەربىر ھەرىكىتىدە ئەجىر باردۇر.

## مۇجاھىد ئۆز ئۆيىدىن چىقىپ، قايتقۇچە ياكى شەھىد بولغىچە الله نىڭ كاپالىتى، ياردىمى ۋە ھىدايىتىدە بولىدۇ

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللَّهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، الله ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر».[1]

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەن قاچانىكى كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپلاشقانلىقىنى كۆرسەڭ مۇجاھىد ۋە ئىسلام چېگرالىرىنى قوغداپ تۇرغۇچى (مۇرابىت)لارنى لازىم تۇتقىن چۈنكى الله تائالا ئۇلار ھەققىدە: ﴿لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا﴾ <ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز> دېگەن».[2]

42. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا جىهاد قىلغان كىشىنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىكى نىيىتى پەقەت الله يولىدا جىهاد قىلىش بولسا ھەمدە ئۇ الله نىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىغان بولسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋە ياكى ئەجىر ياكى غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتۇرۇشقا الله كېپىل بولدى».[3]

43. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله ئۆز يولىدا جىهادقا چىققان كىشىگە كېپىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: <كىمكى ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن ھالدا پەقەت مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ جىهادقا چىقىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى ئۆزى ۋاپات تاپسا، مەن ئۇنى جەننەتكە

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت.

[2] «تفسير البغوي» 5 ـ توم 200 ـ بەت، «تفسير القرطبي» 13 ـ توم 365 ـ بەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كىرگۈزۈشكە ۋە ياكى ئەجىر ياكى غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتۇرۇشقا كېپىلمەن> دېدى».[1] ئىمام نەۋەۋى ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «<الله كېپىل بولدى> دېگەننىڭ مەنىسى، الله تائالا بۇ مۇجاھىدقا ئۆز پەزلى-كەرەمى بىلەن جەننەتنى ۋاجىب قىلدى دېگەنلىكتۇر».[2]

بەزى كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئەجىر ياكى غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالدا» دېگەن سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ: «ئەگەر كىشى غەنىيمەت ئالسا ئەجىردىن مەھرۇم قالىدۇ چۈنكى ئەجىر بىلەن غەنىيمەت بىر-بىرىگە زىت كېلىدۇ» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر ئۇ كىشى غەنىيمەت ئالمىسا الله تائالا ئۇ كىشىگە تولۇق ئەجىر ئاتا قىلىدۇ ۋە ياكى ئۇنى غەنىيمەت ۋە ئەجىرگە تەڭ ئېرىشكەن ھالەتتە قايتۇرىدۇ دېگەنلىكتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە بىر ھەدىستە ئەجىر بىلەن غەنىيمەتنىڭ بىرگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

44. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر غازاتچى قوشۇن غازات قىلىپ، غەنىيمەت ئېلىپ سالامەت قايتىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئېلىپ بولغان بولىدۇ».[3]

45. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ الله تائالادىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «الله مۇنداق دەيدۇ: <قايسى بەندەم مېنىڭ رازىلىقىمنى تىلىگەن ھالدا مېنىڭ يولۇمدا جىھادقا چىقسا، ئەگەر ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرسام، ئەجىر ۋە غەنىيمەت بىلەن قايتۇرۇشقا؛ ئەگەر ئۇنى قەبزى روھ قىلسام، ئۇنى مەغپىرەت قىلىشقا كېپىلمەن».[4]

46. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا جىھاد قىلىدىكەن، الله ئۇنىڭغا كېپىل بولدى؛ كىمكى بىرەر كېسەلنى يوقلايدىكەن، الله ئۇنىڭغا كېپىل بولدى؛ كىمكى ئەتىگەن-ئاخشامدا مەسجىدكە يول ئالىدىكەن، الله ئۇنىڭغا كېپىل بولدى؛ كىمكى بىرەر ئەمىرگە ياردەم بېرىدىكەن، الله ئۇنىڭغا كېپىل بولدى؛

[1] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13- توم 20- بەت.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

[4] نەسائى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

كىمكى غەيۋەت قىلماي ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرىدىكەن، الله ئۇنىڭغا كېپىل بولىدۇ».[①]

47. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ تۈرلۈك كىشىگە ياردەم بېرىشنى الله ئۆز ئۈستىگە ئالدى: 1. الله يولىدىكى مۇجاھىد؛ 2. مەلۇم مىقدار پۇل بەدىلىگە ئازاد قىلىنماقچى بولغان قۇل؛ 3. ئىپپەتلىك بولۇش ئۈچۈن توي قىلغان كىشى».[②]

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسى الله تائالانىڭ مۇجاھىدقا ئۇنىڭ ھاياتىدا ۋە ماماتىدىن كېيىنمۇ ياخشىلىقنى بەرىكەتلىك قىلىپ بېرىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر.

48. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاتام زۇبەير جەمەل ئۇرۇشى بولغان كۈنى مېنى چاقىردى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردۇم. ئۇ:

— ئى ئوغلۇم! بۈگۈن يا زالىم ياكى مەزلۇم ئۆلتۈرۈلىدۇ، مەن بۈگۈن ناھەق ئۆلتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن، مېنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىم قەرزىمدۇر، مەندىن قالغان مال ـ مۈلك قەرزگە يېتىپ ئاشارمۇ؟! — دېدى، ئاندىن:

— ئى ئوغلۇم! مال ـ مۈلكىمىزنى سېتىپ قەرزىمنى تۆلىگىن، — دېدى. ئۇ قەرزدىن ئاشقان مېلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بالىلىرىغا ۋەسىيەت قالدۇردى. ۋەسىيەت قالدۇرغان ئاشۇ ئۈچتىن بىر قىسىم مېلىنىڭ يەنە ئۈچتىن بىرىنى مېنىڭ (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ) ئوغۇللىرىمغا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ئاندىن مۇنداق دېدى:

— ئەگەر قەرزىمىزنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن مال ـ مۈلكىمىزدىن بىر نەرسە ئاشسا، ۋەسىيەت قالدۇرۇلغان ئاشۇ ئۈچتىن بىر قىسىم مالنىڭ يەنە ئۈچتىن بىرىنى سېنىڭ بالىلىرىڭغا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىمەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئاتام زۇبەير قەرزىنى ئۆتىشىمنى ۋەسىيەت قىلىپ:

— ئى ئوغلۇم! قەرزىمنى ئۆتەشتە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەڭ، خوجايىنىمىزدىن ياردەم سورىغىن، — دېدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ «خوجايىنىمىز» دېگەن سۆزىدىن كىمنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلەلمەي:

---

[①] ئىبنى ھىببان، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] تىرمىزى، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

— ئى ئاتا! خوجايىنىمىز كىم؟ — دەپ سورىسام، ئۇ:

— خوجايىنىمىز الله تۇر، — دەپ جاۋاب بەردى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەرزىنى ئۆتەشتە بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەملا:

— ئى زۇبەيرنىڭ خوجايىنى الله ! زۇبەيرنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بەرگىن، — دەپ دۇئا قىلاتتىم، شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ بېرەتتى.

دېگەندەك، ئاتام ئۆلتۈرۈلدى. ئاتام ئالتۇن-كۈمۈش قالدۇرماي، پەقەت بىرقانچە جايدا يەر-زېمىن قالدۇرغان ئىدى. شۇ يەر-زېمىندىن مەدىنە ئەتراپىدىكى «غابە» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر بىر زېمىن بار ئىدى. يەنە مەدىنىدە 11 قورۇ، بەسرەدە ئىككى قورۇ، كۇفەدە بىر قورۇ، مىسىردا بىر قورۇ جاي قالغانىدى.

ئاتام زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەرز بولۇپ قېلىش سەۋەبى مۇنداق ئىدى: كىشىلەر ماللىرىنى ئاتامنىڭ قېشىغا ئامانەت قويغىلى ئېلىپ كەلسە، ئاتام:

— ياق، مەن ئامانەتنى زايە قىلىۋېتىشتىن قورقىمەن، لېكىن بۇ ماڭا قەرز ھېسابىدا بولسۇن، — دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن قەرزلەر كۆپىيىپ كەتتى. دادام ھەرگىزمۇ سېلىق، خىراجەت ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغىشقا قويۇلغان ئەمەس ئىدى، پەقەت پەيغەمبەر ﷺ ھەمدە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن غازاتلارغا چىقىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بىللە بولۇپ ئۆتكەن كىشى ئىدى.

مەن دادامنىڭ قەرزىنى ھېسابلىسام، جەمئىي ئىككى مىليون 200 مىڭ چىقتى. كېيىن ھەكىم ئىبنى ھىزام ماڭا ئۇچراپ:

— ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىمنىڭ قانچىلىك قەرزى بار ئىكەن؟ — دەپ سورىغانىدى، مەن ھەقىقىيساننى يوشۇرۇپ:

— 100 مىڭ ئىكەن، — دەپ قويدۇم. بىراق ئۇ:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار بۇنىڭغا يەتمەسمىكىن، — دېدى. مەن:

— ئەگەر ئىككى مىليون 200 مىڭ بولسا قانداق قارايسەن؟ — دېسەم، ئۇ:

— بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر، ئەگەر قەرز قايتۇرۇشقا ئاجىز كەلسەڭلار مەندىن ياردەم سوراڭلار، — دېدى. ئاتام زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى «غابە» دېگەن جاينى 170 مىڭغا سېتىۋالغان ئىكەن. مەن ئۇنى بىر مىليون 600 مىڭغا ساتتىم، ئاندىن:

— كىمنىڭ ئاتامدا ئىلىشى بولسا، بىزنىڭ غابە دېگەن زېمىنىمىزغا كەلسۇن! — دەپ ئېلان قىلدىم. يېنىمغا ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر كەلدى. ئۇنىڭ ئاتامدا 400 مىڭ ئىلىشى بار ئىكەن. ئۇ ياخشىلىق قىلىش نىيىتىدە:

— ئەگەر خالىساڭلار ئۇ مېلىمنى سىلەرگە قالدۇراي، — دېدى. مەن:

— ياق، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنداقتا، خالىساڭلار مېنىڭ ئىلىشىمنى ئەڭ ئاخىرىدا بېرىڭلار! — دېدى. مەن:

— ياق، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنداقتا، ماڭا زېمىندىن بىر پارچە بۆلۈپ بېرىڭلار، — دېدى. مەن:

— بۇ يەردىن بۇ يەرگىچە سېنىڭ بولسۇن، — دەپ بۆلۈپ بەردىم. شۇنداق قىلىپ، مەن ئاتامنىڭ يەر-زېمىن ۋە قورۇ-جايلىرىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ، ئۇنىڭ قەرزىنى تولۇق ئادا قىلدىم. ئۇنىڭ «غابە» دېگەن زېمىنىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمىدىن يەنە تۆت يېرىم ھەسسە زېمىن ئېشىپ قالدى. كېيىن مەن مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا كەلسەم ئەمر ئىبنى ئوسمان، مۇنزىر ئىبنى زۇبەير ۋە ئىبنى زەمئە قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىكەن. مۇئاۋىيە:

— غابەدىكى زېمىنغا قانچىلىك باھا قويۇلدى؟ — دەپ سورىدى، مەن:

— ھەربىر ھەسسىگە 100 مىڭ، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنىڭدىن قانچىلىك قالدى؟ — دېدى. مەن:

— تۆت يېرىم ھەسسە، — دېدىم. مۇنزىر ئىبنى زۇبەير:

— بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. ئەمر ئىبنى ئوسمان:

— بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. ئىبنى زەمئە:

— بىر ھەسسىنى 100 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. مۇئاۋىيە:

— ئەمدى قانچىلىك قالدى؟ — دېدى. مەن:

— بىر يېرىم ھەسسە، — دېدىم. ئۇ:

— ئۇنداقتا، ئۇنى 150 مىڭغا مەن ئالاي، — دېدى. كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئۆز نېسىۋىسىنى مۇئاۋىيەگە 600 مىڭغا ساتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئاتامنىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندا، ئاتامنىڭ باشقا بالىلىرى:

— ئەمدى بىزگە مىراسىمىزنى تەقسىم قىلىپ بەرگىن! — دېيىشتى. مەن:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە: «ئاتامدا قەرزى

بارلار كەلسۇن، بىز ئۇنى قايتۇرىمىز» دەپ ئۇدا تۆت يىل جاكارلىمىغۇچە مىراسنى ئاراڭلاردا تەقسىم قىلمايمەن، — دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە شۇنداق جاكارلاپ، تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن قېرىنداشلىرىمغا مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بۆلۈپ بەردىم. دادامنىڭ تۆت ئايالى بولۇپ، ھەربىر ئايالىغا بىر مىليون 200 مىڭدىن مىراس تەگدى. دادامنىڭ ئومۇمىي مېلى 50 مىليون 200 مىڭ بولۇپ چىقتى.[①]

## الله تائالا مۇجاھىدنى تاشلاپ قويمايدۇ، ئۇنىڭغا ئۆز مېھربانلىقى ۋە رەھمىتى بىلەن ئىگە بولىدۇ

49. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ قوماندانلىقىدا قۇرەيشنىڭ سودا كارۋىنىنى توسۇشقا ئەۋەتتى. باشقا نەرسە تاپالمىغاچقا بىزگە ئوزۇق ئۈچۈن بىر خالتا خورما تەييارلاپ بەرگەن ئىدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە خورمىنى بىزگە بىر تالدىن-بىر تالدىن بېرەتتى. جابىردىن: «سىلەر ئۇ بىر تال خورمىنى قانداق قىلاتتىڭلار؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «بىز ئۇنى كىچىك بالا شۈمگەندەك شۈمەتتۇق، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇ ئىچەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىزنىڭ بىر كېچە-كۈندۈزىمىزگە كۇپايە قىلاتتى. بىز ھاسىمىز بىلەن قۇرۇق يوپۇرماقلارنى قېقىپ سۇ بىلەن نەمدەپ يەيتتۇق» دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ قالدۇق. دېڭىز ساھىلىدا قۇملۇق دۆڭگە ئوخشاش بىر نەرسە دومبىيىپ چىقىپ قالغانىدى. بىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىساق «كىت» دېيىلىدىغان بىر جانىۋار ئىكەن. ئەبۇ ئۇبەيدە: «بۇ كىت ئۆلۈككەن» دېدى. ئاندىن ئۇ: «ياق، بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەلچىلىرىمىز ۋە الله يولىدىمىز، سىلەر يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن يەۋېرىڭلار!» دېدى.

بىز ئۇنىڭ قېشىدا بىر ئاي تۇردۇق، بىز 300 كىشى ئىدۇق، ھەتتا بىز ئۇنى يەپ سەمرىپ كەتتۇق. بەزىلىرىمىز ئۇ ھايۋاننىڭ كۆزىنىڭ چانىقىدىكى ياغنى قاچا بىلەن سۇزۇۋالاتتۇق. ئۇنىڭ گۆشىدىن ئۆكۈزدەك-ئۆكۈزدەك چوڭلۇقتىكى گۆشلەرنى كېسىپ ئالاتتۇق. ئەبۇ ئۇبەيدە بىزدىن 13 كىشىنى كىتنىڭ كۆز

---

[①] بۇخارى توپلىغان.

چاڭقىدا ئۇلتۇرغۇزۇپ باقتى. ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىدىن بىر قوۋۇرغىنى يەرگە تىكلەپ، چوڭ تۆگىدىن بىرىگە مىنىپ ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپمۇ باقتۇق. ئۇ جانىۋارنىڭ گۆشىدىن ئوزۇقلۇق ئۈچۈن قاقلاپ ئېلىۋالدۇق.

مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە بۇ ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سۆزلەپ بەرگەنىدۇق، ئۇ: «ئۇ، الله سىلەرگە چىقىرىپ بەرگەن رىزىقتۇر، سىلەردە ئۇنىڭ گۆشىدىن يەنە بولسا بىزنىمۇ ئېغىزلاندۇرماسىلەر!؟» دېدى. بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇنىڭدىن ئەۋەتىپ بەرگەنىدۇق، ئۇ ئۇنىڭدىن يېدى.[1]

50. ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ قوماندانلىقىدىكى 300 كىشىلىك بىر قوشۇننى دېڭىز بويى تەرەپكە ئەۋەتتى. (جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدى — ت.) بىز يولغا چىقىپ يولنىڭ بىر قىسمىدا ئوزۇق تۈگەپ كەتتى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئەسكەرلىرىنى ئوزۇقلىرىنى يىغىشقا بۇيرۇدى، ئوزۇقلار يىغىلدى. يىغىلغان ئوزۇقلار پەقەت ئىككى تۇلۇم خورما ئىدى. ئۇ خورمىلار كىشىلەرگە كۈندە ئاز-ئازدىن تەقسىم قىلىنىپ بېرىلەتتى. خورمىلار تۈگەشكە باشلىغاندا ھەربىرىمىزگە كۈنگە بىر تالدىنلا بېرىلىشكە باشلىدى. مەن: ‹بىر تال خورما نېمىگە يېتەتتى؟› دېسەم، ئەبۇ ئۇبەيدە: ‹بۇ خورمىمۇ تۈگىسە ئوزۇقىمىز پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ› دېدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز دېڭىزغىچە يېتىپ كەلدۇق، ئۇ يەردە قۇملۇق دۆڭگە ئوخشاش بىر (ئۆلۈك) كىت تۇراتتى. قوشۇن ئۇنىڭ گۆشىدىن 18 كۈن يېدى. ئاندىن ئەبۇ ئۇبەيدە ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىدىن ئىككى قوۋۇرغىنى تىكلەشكە ۋە ئاندىن ئۇنىڭ ئاستىدىن تۆگىنى ئۆتكۈزۈپ بېقىشقا بۇيرۇدى، تۆگە ئۇنىڭ ئاستىدىن تاقاشماي ناھايىتى ئاسانلا ئۆتۈپ كەتتى».[2]

بۇ مۇجاھىد ساھابىلەر الله يولىدىكى جىھادقا چىققان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا ئۇلارنى ھالاكەت ۋە خارلىقتا تاشلاپ قويماستىن بەلكى ئۇلارغا ئۆز مېھرى بىلەن ئىگە بولدى. ئۇلارغا دېڭىز كىتىنى تاماق ئورنىدا دېڭىز قىرغىقىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىق ۋە ئاچارچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئەگەر مۇجاھىد اللهقا دۇئا قىلسا، الله ئۇلارنى ئەزىزلەپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

ئىجابەت قىلىپ، ئۇلارغا ئادەتتىن تاشقىرى كارامەت بىلەن ياردەم قىلىدۇ چۈنكى الله ئۇلارغا كېپىلدۇر.

51. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ مېھمانلىرى ئۈچتۇر: غازى، ھاجى ۋە ئۆمرە قىلغۇچى. ئەگەر ئۇلار دۇئا قىلسا، الله ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ؛ مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، الله ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ».[1]

52. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشىنىڭ دۇئاسى ئىجابەتتۇر: ئاتا ـ ئانا، مۇساپىر ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى».[2]

53. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەكسىز ئىجابەت بولىدىغان ئۈچ تۈرلۈك دۇئا بار، ئۇلار: ئاتا ـ ئانىنىڭ دۇئاسى، مەزلۇمنىڭ دۇئاسى ۋە مۇساپىرنىڭ دۇئاسىدۇر».[3]

الله تائالا مۇساپىرنىڭ دۇئاسىنى ئۇ قەيەردە بولمىسۇن ئىجابەت قىلىدىغان تۇرسا، ئۇنداقتا مۇجاھىد بولسا مۇساپىرنىڭ ئەڭ ئەزىزى ۋە ئەڭ كاتتا ئەجىر ئالغۇچى تۇرسا، الله تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى قانداقمۇ ئىجابەت قىلمىسۇن؟!

ئىبنى ئەبۇ دۇنيا ئۆزىنىڭ «مجابي الدعوة» ناملىق كىتابىدا، ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەمەدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر بىلەن بىرگە غازاتقا چىقتى. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن: «يېڭى پىشلاق بولغان بولسا ـ ھە!» دېدى. مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر ئۇلارغا: «الله تىن تىلىسەڭلار بېرىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىر زاتتۇر» دېدى. ئۇلار دۇئا قىلدى. ئاندىن ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر خورجۇن ئۇچراتتى، ئېچىپ قارىسا ھەقىقەتەن يېڭى پىشلاق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر: «ھەسەلمۇ ھەم بولغان بولسا ـ ھە!» دېدى. مۇھەممەد ئىبنى مۇنكەدىر ئۇلارغا: «سىلەرنى بۇ جايدا پىشلاق بىلەن غىزالاندۇرغان الله ئەلۋەتتە ھەسەل بىلەن غىزالاندۇرۇشقا ھەم قادىردۇر، الله تىن سوراڭلار!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر دۇئا قىلىۋېدى، ئۇلار ئازراق مېڭىپلا

[1] نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان.
[2] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[3] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

يول ئۈستىدە بىر تاۋاق ھەسەل ئۇچراتتى. ئۇلار پىشلاق بىلەن ھەسەلنى يەپ، غازاتقا ئۆز سەپەرلىرىنى داۋاملاشتۇردى.①

## جىھاد ۋە مۇجاھىدلارنىڭ پەزىلەتلىرى

54. فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئېيتقان، ئىسلام كەلتۈرگەن ۋە ھىجرەت قىلغان كىشىگە جەننەتنىڭ تۆۋىنىدىن بىر ئۆي ۋە جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆي بېرىلىشىگە مەن كېپىل؛ ماڭا ئىمان ئېيتقان، ئىسلام كەلتۈرگەن ۋە الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشىگە جەننەتنىڭ تۆۋىنىدىن بىر ئۆي، ئوتتۇرىسىدىن بىر ئۆي ۋە جەننەت ھۇجرىلىرىنىڭ ئەڭ ئالىيسىدىن بىر ئۆي بېرىلىشىگە مەن كېپىل؛ كىمكى بۇ ئەمەللەرنى قىلسا، الله ئۇنى قانداق جايدا ئۆلتۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر، ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىشى ۋە يامانلىقتىن قېچىشى ئۈچۈن ھاجەت قالمىغان بولىدۇ».②

55. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەبۇبەكرى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاتامنىڭ دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «رەسۇلۇللاھ ﷺ: <شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر> دېگەن». ئاندىن كىيىملىرى كۆرۈمسىز بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئەبۇ مۇسا! سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى راست ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دەپ سورىۋىدى، ئاتام (ئەبۇ مۇسا): «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلارغا سالام قىلدى ۋە قىلىچىنىڭ غىلىپىنى سۇندۇرۇپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن قىلىچىنى ئېلىپ دۈشمەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدى.③

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك «الجهاد» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ ئىمران جۇۋەنىيدىن رىۋايەت قىلىشىچە، يۇقىرىقى ۋەقە پارس شەھىرىدىكى ئەسبەھان فەتھىسى ئەسناسىدا يۈز بەرگەن. مۇسۇلمانلار ئەسبەھاندىكى پارسلار بىلەن جىھاد قىلىۋاتقان چاغدا، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرىقى ھەدىسنى

① «مجابي الدعوة» 71 ـ، 72 ـ بەتلەر.
② نەسائى، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ مۇسلىم توپلىغان.

سۆزلەپ ئۇلارنى جىھادقا قىزىقتۇرغان ۋە جەڭ قىلىشقا نىسبەتەن شىجائىتىنى ئۇرغۇتقان.[①]

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى، بىر كىشى الله يولىدا قولىدا قىلىچ كۆتۈرۈپ جىهاد قىلسا ياكى ئۇ الله يولىدا جىهاد قىلغانلىقتىن كاپىر ئۇنىڭغا قارشى قىلىچ كۆتۈرسە، ھەر ئىككى ھالەتتە ئۇنىڭغا قىلىچنىڭ سايىسى چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىگە يەتكەندەك بولىدۇ چۈنكى ئۇ مۇشۇ جەڭدە شەھىد بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ ۋە ياكى كېچىكتۈرۈلۈپ كارۋىنىدا ۋاپات بولۇپ، كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ. كىمكى الله يولىدا جەڭ قىلسا ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ چۈنكى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىكەنلىكى ھەقىقەتتۇر.

56. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر».[②]

57. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار مۇجاھىدلاردۇر، ئۇلار قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئېچىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. جەننەتنى ساقلىغۇچى پەرىشتىلەر ئۇلارغا: <سىلەردىن ھېساب ئېلىنىپ بولدىمۇ؟> دەيدۇ. ئۇلار: <قىلىچلىرىمىز ھەر دائىم الله يولىدا مۈرىلىرىمىزدە ئېسىقلىق تۇرسا، بىز نېمىدىن ھېساب بېرىمىز؟> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ. كىشىلەر جەننەتكە كىرىشتىن 40 يىل ئىلگىرى ئۇلار جەننەتتە كىرىپ ئارام ئالىدۇ».[③]

58. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەجەبا الله نىڭ گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى خالىمامسىلەر؟ الله يولىدا غازات قىلىڭلار!».[④]

---

[①] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2- توم 188- بەت.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[③] ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان.

[④] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

59. ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللە يولىدا جىهاد قىلىڭلار، اللە تائالا يولىدىكى جىهاد ھەقىقەتەن جەننەت ئىشىكلىرىدىن بولغان بىر ئىشىك بولۇپ، اللە تائالا ئۇ ئارقىلىق غەم ـ قايغۇلارنى كەتكۈزىدۇ».①

60. ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەمر ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارىلاردىن بىر ياشانغان كىشى بولۇپ، ئۇ توكۇر ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ بەدىر غازىتىغا چىققاندا ئەمىر ئۆز ئوغلىغا: «مېنى غازاتقا ئېلىپ چىقىڭلار!» دېدى. ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ توكۇر ئىكەنلىكىنى پەيغەمبەر ﷺ گە ئېيتىۋېدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ جىهادقا چىقمىسا بولىدىغانلىقىغا رۇخسەت بەردى. ئوھۇد غازىتى كۈنى كىشىلەر جەڭگە مېڭىۋاتقاندا، ئۇ ئوغۇللىرىغا يەنە: «مېنى غازاتقا ئېلىپ چىقىڭلار!» دېدى. ئوغۇللىرى: «رەسۇلۇللاھ ﷺ سېنىڭ چىقماسلىقىڭغا رۇخسەت قىلغان» دېدى، ئۇ ئۇلارغا: «سىلەر مېنى بەدىر غازىتى كۈنى جەننەتتىن توسقان ئىدىڭلار، ئوھۇد غازىتىدىنمۇ توسامسىلەر؟» دېدى ۋە ئوھۇد غازىتىغا چىقتى. كىشىلەر مەيداندا ئۇچراشقاندا ئەمر ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر مەن ئۆلتۈرۈلسەم بۇ توكۇر پۇتۇم بىلەن جەننەتكە دەسسەمدىمەن؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە» دېدى. ئۇ: «اللە بىلەن قەسەمكى، اللە خالىسا جەننەتكە چوقۇم بۇگۈن دەسسەيمەن» دېدى. ئەمر ئۆزىنىڭ سەلىم ئىسىملىك خىزمەتكارىغا: «سەن ئۆيۈڭگە قايتقىن!» دېدى. خىزمەتكارى ئۇنىڭغا: «بۈگۈنكى بۇ ياخشىلىققا مەنمۇ سەن بىلەن بىرگە ئېرىشسەم قانداق دەيسەن؟» دەپ سورىۋېدى، ئەمر ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنداقتا يۈر!» دېدى. ئاندىن ئەمر بىلەن ھېلىقى قۇل ھەر ئىككىلىسى ئىلگىرىلەپ ھەتتا ئۆلتۈرۈلگىچە جەڭ قىلدى. اللە ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن.②

61. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى تۆگە سۈتى يېلىنىغا يىغىلغانچىلىك (قىسقا ۋاقىت) بولسىمۇ اللە يولىدا ئۇرۇش قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ».③

① ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئىمام ئەھمەد ھەسەن ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئۆزىنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 99 ـ، 100 ـ بەتلىرىدە ھەم نەقىل قىلىنغان.

③ ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

62. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەر يولغا چىقىپ، بەدىرگە مۇشرىكلاردىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى. كېيىن مۇشرىكلارمۇ كېلىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن بۇيرۇق بەرمىگۈچە ھېچقايسىڭلار قوزغالماڭلار!» دېدى. مۇشرىكلارمۇ يېقىن كېلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىندەك كېلىدىغان جەننەت ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار!» دېدى. ئەنسارىلاردىن بولغان ئۇمەير ئىبنى ھۇمام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە» دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پاھ ـ پاھ!» دەپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «پاھ ـ پاھ دەپ كەتتىڭغۇ؟» دېۋىدى، ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! اللە بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت شۇ جەننەت ئەھلىدىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق دېدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەن ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىدىن» دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقدىنىدىن بىر قانچە تال خورمىنى چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى. ئاندىن: «مەن بۇ خورمىلارنى يەپ بولغۇچە ياشىسام بەكلا ئۇزۇن ھايات بولۇپ كەتكۈدەك» دېدى ـ دە، خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شەھىد قىلىندى.[①]

63. سەبۇرە ئىبنى ئەبۇ فاكىھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ يوللىرىدا ئولتۇرۇپ (ۋەسۋەسە قىلىدۇ). شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولامسەن؟> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي مۇسۇلمان بولىدۇ. شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ ھىجرەت يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن ئۆز ۋەتىنىڭنى ۋە يۇرتۇڭنى تاشلاپ ھىجرەت قىلامسەن؟ مۇھاجىرنىڭ مىسالى خۇددى باغلاقتىكى ئاتقا ئوخشايدۇ (يەنى باغلاقتىكى ئات بىر يەرگە باغلىنىپ قالغىنىدەك، مۇھاجىرنىڭ قەلب رىشتىسىمۇ ئۆز ئانا ۋەتىنىگە باغلانغان بولىدۇ)> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ھىجرەت قىلىدۇ. ئاندىن شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ جىھاد يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن جىھاد قىلامسەن؟ جىھاد دېگەن جان ۋە مالنى سەرپ قىلىشتۇر. ئۇرۇش قىلساڭ ئۆلتۈرۈلىسەن، ئاندىن ئايالىڭ باشقا ئەرگە نىكاھلىنىدۇ ۋە ماللىرىڭ باشقىلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ> دەيدۇ. ئۇ كىشى

[①] مۇسلىم توپلىغان.

شەيتانىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي جىھاد قىلىدۇ». ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېدى: «كىمكى شۇنداق قىلسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش اللە سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ كىمكى جەڭدە شەھىد قىلىنسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش اللە سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ سۇدا غەرق بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش اللە سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش اللە سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ». [1]

64. ئابدۇللاھ ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇش مەۋجۇتلا بولىدىكەن ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ». [2]

بۇ ھەدىس ھىجرەتنىڭ ۋاجىبلىقىغا ئەمەس بەلكى جىھادنىڭ ۋاجىبلىقىغا دەلىلدۇر. ھەدىسنىڭ مەنىسى: ھەرقانداق كىشى ئىمان ئېيتسا ۋە كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلسا، گەرچە ئۇ ئۆز شەھىرىدىن ھىجرەت قىلمىغان بولسىمۇ پەزىلەتتە مۇھاجىرلار بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئىبنى ئەبۇ شەيبە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مېنىڭ اللە يولىدا مېڭىشىم ياكى پېشانەمنى (ناماز ئوقۇش ئۈچۈن) تۇپراققا قويۇشۇم ۋە ياكى خورمىنىڭ ياخشىلىرىنى ئىلغاپ ئالغاندەك سۆزلەرنىڭمۇ ياخشىسىنى تاللاپ ئالىدىغان كىشىلەر بىلەن بىر مەجلىستە ئولتۇرۇشۇم بولمىغان بولسا ئىدى، مەن چوقۇم اللە قا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرگەن بولاتتىم». [3]

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ ماڭا ھەدىيە قىلىنغان ياكى ئۇنىڭدىن پەرزەنت خۇشخەۋىرى ئالغان ھېچبىر كېچە مەن ئۈچۈن قاتتىق سوغۇقتا يول يۈرۈپ، ئەتىسى ئەتىگىنى دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلغان كېچىدىن سۆيۈملۈك ئەمەستۇر، شۇڭا سىلەر جىھادنى

---

[1] نەسائى ۋە ئىبنى ھەببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 317 ـ بەت.

لازىم تۇتۇڭلار». [1]

خالىد ئىبنى ۋەلىد يەنە مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا جىھاد قىلىش مېنى كۆپ قۇرئان ئوقۇشتىن توسۇپ قويدى». [2]

※ ※ ※

[1] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 317- بەت. ئەبۇ يەئلا ھەم رىۋايەت قىلىپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك دېگەن.

[2] ئەبۇ يەئلا ۋە ھەيسەمى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «سەھىھ» دېگەن.

# 3 ـ باب

## جىھاد ھەجدىن ئەۋزەلدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرۈش» دېدى. «ئاندىن قايسى؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «اللە يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. «ئاندىن قايسى؟» دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «توغرا رەۋىشتە قىلىنغان ھەج» دەپ جاۋاب بەردى.①

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «اللە يولىدىكى بىر قېتىملىق سەپەر 50 قېتىملىق ھەجدىن ئەۋزەلدۇر».②

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھەجنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇ اللە بۇيرۇغان ياخشى ئەمەلدۇر ئەمما جىھاد ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل».③

ئابدۇراھمان ئىبنى غەنەم ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «غازاتتىن ئىلگىرى قىلىنغان ھەج ئون غازاتتىن ياخشىدۇر ئەمما ھەجدىن كېيىن قىلىنغان غازات 80 ھەجدىن ياخشىدۇر».④

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەرز ھەج قىلىپ بولغان كىشى ئۈچۈن اللە يولىدا غازات قىلىش ئون ھەجدىن ياخشىراقتۇر».⑤

زىرار ئىبنى ئەمىر مۇنداق دەيدۇ: جىھاد مەيدانىدا ئۇزۇن تۇرۇپ ھەج قىلىشنى كۆڭلۈم تارتىپ قالدى ـ دە، ھەرەم مەسجىدىدە ئىبادەت قىلىشنى ئىرادە قىلىپ ھەجگە تەييارلاندىم. ئاندىن قېرىنداشلىرىم بىلەن خوشلاشماقچى بولۇپ ئاۋۋال ئىسھاق ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ فەرۋەنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇ: «قەيەرگە ماڭماقچى بولۇۋاتىسەن ئى زىرار؟» دېدى. مەن: «ھەج قىلايمىكىن دەيمەن» دېگەنىدىم، ئۇ: «نېمە سەۋەب سېنى جىھاد قىلىش نىيىتىڭدىن سۇسلاشتۇرۇپ

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 304 ـ بەت.

③ ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 310 ـ بەت.

④ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك «الجهاد» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 187 ـ بېتىدا سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

⑤ ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 304 ـ بەت.

قويدى؟» دېدى. مەن: «ھېچنەرسە، جىھاد مەيداندا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپتىمەن شۇڭا ھەج قىلىشنى ۋە ھەرەم مەسجىدىدە تۇرۇپ ئىبادەت قىلىشنى ئىرادە قىلىپ قالدىم» دېدىم. ئۇ: «ئى زىرار! سەن ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ئەمەس بەلكى الله ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قىلغىن. ئى زىرار ئىبنى ئەمر! ئەجەبا الله نىڭ ئەلچىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەجنى بولسا ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىم قىلغانلىقىنى ئەمما الله قا مۇلاقات بولغانغا قەدەر مۇجاھىد ۋە غازى بولۇپ ياشىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟! ئى زىرار ئىبنى ئەمر! ئەگەر سەن ھەج قىلساڭ پەقەت ئۆزۈڭ قىلغان ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ئەجرىنى ئالىسەن لېكىن رىباتتا[①] تۇرساڭ ۋە جىھاد قىلساڭ نەچچە يۈز مىڭلىغان كىشىلەر قىلغان ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ئەجرىنى ئالىسەن، ھەتتا ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندىن باشلاپ تاكى سۇر چېلىنغان ۋاقىتقىچە بولغان ھەربىر ئەر-ئايال مۇئمىنلەرنىڭ سانىنىڭ ئەجرى ساڭا ھەم يېزىلىدۇ چۈنكى مۇئمىنلەرنىڭ ئاخىرقىسىغا ياردەم بەرگەن كىشىگە ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرىغا ياردەم بەرگەن كىشىنىڭ ئەجرى ھەم ئوخشاش يېزىلىدۇ، شۇنداقلا كىمكى مۇشرىكلارنىڭ ئاخىرقىسى بىلەن جىھاد قىلسا، ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغاندىن باشلاپ تاكى سۇر چېلىنغان ۋاقىتقىچە بولغان ھەربىر مۇشرىك بىلەن جىھاد قىلغاننىڭ ئەجرىنى، مۇشرىكلارنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىنى ھەم ئالىدۇ. ئۇ يەنە الله نازىل قىلغان تەۋرات، ئىنجىل، زەبۇر ۋە قۇرئاندىكى ھەربىر ھەرپ سانىنىڭ ئەجرىنى ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ الله نىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈرۈلمەسلىكى ئۈچۈن جىھاد قىلىدۇ. ئى زىرار ئىبنى ئەمر! ئەجەبا سەن دەرىجە جەھەتتە پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە ئەڭ يېقىن كىشىلەرنىڭ پەقەت ئالىملار ۋە مۇجاھىدلار ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟!» دېدى. مەن: «الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟» دەپ سورىۋېدىم، ئۇ: «چۈنكى ئالىملار الله نىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ۋە زېمىنغا چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى تىكلەيدۇ ۋە كىشىلەرنى الله قا (ئىبادەت قىلىشقا) دەۋەت قىلىدۇ؛ مۇجاھىدلار بولسا پەيغەمبەرلەر الله تائالا تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن تەۋھىدتىن ئىبارەت ھەقىقەتنىڭ نۇرىنىڭ ئۆچۈرۈلمەسلىكى، الله نىڭ كەلىمىسىنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ۋە كاپىرلارنىڭ كەلىمىسىنىڭ خار بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى تۇرغۇزۇش يولىدا

[①] رىبات — جەڭنى كۈتۈپ تەييار تۇرۇش.

كۆرەش قىلىدۇ» دېدى.

زىرار ئىبنى ئەمر مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ بىلەن مەن ھەج قىلىش نىيىتىمدىن يېنىپ، جىھاد مەيدانىدا تۇردۇم».

※ ※ ※

# 4 ـ باب

# جىھادقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَحَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَسَى اللَّهُ أَنْ يَكُفَّ بَأْسَ الَّذِينَ كَفَرُوا وَاللَّهُ أَشَدُّ بَأْسًا وَأَشَدُّ تَنْكِيلًا﴾ «مۇئمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن. الله نىڭ كاپىرلار كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر، الله نىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، الله نىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر».①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى الْقِتَالِ إِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ مِائَةٌ يَغْلِبُوا أَلْفًا مِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَا يَفْقَهُونَ﴾ «ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن. ئەگەر سىلەردە چىداملىق يىگىرمە ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن 1000 نى يېڭەلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار (جاھىل) قەۋم بولۇپ، (الله نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ».②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنْجِيكُمْ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنْفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُونَ ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ [10]. الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر [11]».③

الله تائالا ئۆز بەندىلىرىنى جىھادقا قىزىقتۇرغان ۋە ئۆز دەرگاھىدىكى ئەجىر ـ ساۋابقا رىغبەتلەندۈرگەن ئايەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، الله تائالانىڭ جىھادقا قىزىقتۇرۇش ۋە تەرغىب قىلىشتىكى يولى ئۆزگەرمەستۇر. بۇ ھەقتىكى قۇرئان ئايەتلىرى ھېچ كىشىگە مەخپىي ئەمەس. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىدە ھەم يېتەرلىك دەلىللەر بار بولۇپ، بۇ كىتاب ھەم جىھادقا قىزىقتۇرۇش ھەققىدىكى

① سۈرە نىسا 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئەنفال 65 ـ ئايەت.
③ سۈرە سەپ 10 ـ ، 11 ـ ئايەتلەر.

كۆپلىگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن سەلەف سالىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار جىھادقا قىزىقتۇرۇشنى ھەمىشە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قېرىنداشىنى جىھادقا قىزىقتۇرسا، ئۇ كىشىگە ھەم شۇ كىشىنىڭ ئەجرىنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ». بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەدىسى ھەم دەلىل بولالايدۇ.

65. ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كىشىنى ياخشىلىققا باشلاپ قويسا، ئۇنىڭغا شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ».[1]

شائىر خەنسا بىنتى ئەمر ئۆز ئوغۇللىرىنى جىھادقا قىزىقتۇردى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار بولۇپ، قادىسىيە جېڭى بولغاندا ئۇ ئوغۇللىرىنى ئۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، جەننەتكە قىزىقتۇردى ۋە ئۇلارنى شاھادەتكە ئۈندىدى. ئۇلار شىجائەت بىلەن جەڭ قىلىپ ئاخىرى شاھادەتكە ئېرىشتى.

جىھادقا قىزىقتۇرۇپ كەلگەن قىسسىلەر:

ئىسلام تارىخچىسى ھافىز زەھەبى، ئەبۇ مۇزەپپەر سەبتى ئىبنى جەۋزىدىن مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ. ئەبۇ مۇزەپپەر سەبتى ئىبنى جەۋزى ھىجرىيىنىڭ 607 ـ يىلى دەمەشقتىكى بىر مەسجىدتە كىشىلەرنى زېمىن يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىۋاتقان تاتارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قىزىقتۇردى. ئىبنى جەۋزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دەۋىتىگە 30 مىڭ كىشى قاتناشقان، ئۇ دەمەشقتە ھەممە كىشى يىغلىدىغان بىر كۈنى كىشىلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرىۋېدى، جىھادقا چىققۇچىلار ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتتى ھەتتا نۇرغۇنلىغان ئاياللار چاچلىرىنى كېسىپ، مۇجاھىدلارنىڭ ئاتلىرىغا يۈگەن بولۇشى ئۈچۈن ھەدىيە قىلىشتى. مۇجاھىدلار ئاياللارنىڭ چېچىدىن ئاتلىرىغا 300 يۈگەن ياسىدى.

كىشىلەر دەمەشقتىن جىھادقا ئاتلاندى. ئۇلار كىسۋە تەرەپنى نىشانلاپ، جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كىسۋە، زەمەلكا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىن جىھادقا چىقىش ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارغا قوشۇلدى. مىڭلىغان مۇجاھىدلار جۇۋلان تەرەپكە يۈزلەندى ۋە جۇۋلاندىكى ئۇفەيق داۋىنىدىن ئوردۇن ۋادىسىغا چۈشتى،

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئاندىن ۋادىنى كېسىپ ئۆتۈپ، نابلۇس شەھىرىگە قاراپ يۈزلەندى. بىز نابلۇستا كاتتا بىر پادىشاھ بىلەن بىرگە بولدۇق، ئۇ بىزنى مۇبارەكلىدى.

مەن نابلۇستىكى جامە مەسجىدىدە كىشىلەرنى جىھادقا تەرغىب قىلدىم. نابلۇس شەھىرىدىن ھەم مىڭلىغان مۇجاھىدلار بىزگە قوشۇلۇپ فىرانسۇزلار ئىگىلىۋالغان رايۇنغا ھۇجۇم قىلدى، مۇجاھىدلار ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ۋە ئەسىر ئېلىپ، سالامەت قايتىپ كەلدى.

ئەبۇ جەئفەر ئەھمەد ئىبنى جەئفەرنىڭ «تنبيه ذوي الأقدار على مسالك الأبرار» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلەنگەن ئابىد ئايال ئۇممۇ ئىبراھىم ھاشىمىينىڭ قىسسىسى ھەم تەسىرلىك جىھادىي قىسسىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇ قىسسىنى ئىمام، ئالىم، مۇجاھىد ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد بەسرى رىۋايەت قىلغان.

كاپىرلار ئىسلام مەركەزلىرىدىن بىرىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر جىھاد ئۈچۈن بەسرەگە توپلاندى. ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد خۇتبە سۆزلەپ مۇسۇلمانلارنى جىھادقا دەۋەت قىلدى ۋە ئۇلارنى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئۈندەپ ئايەت ـ ھەدىسلەردىن دەلىللەرنى كەلتۈردى، ھۆر ئەينىلەر سۈپەتلەنگەن شېئىرلارنى ئوقۇپ، ئۇلارنى جىھادقا ۋە شاھادەتكە قىزىقتۇردى.

ئۇنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ئىچىدە ئۇممۇ ئىبراھىم ھاشىمىي ھەم بار بولۇپ، ھۆر ئەينىلەرنىڭ سۈپەتلىرى ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەسىر قىلدى. ئۇ ئىبنى زەيدنىڭ يېنىغا كېلىپ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ توي قىلمىغانلىقىنى، ئوغلى بەسرە ئەھلى ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغاچقا، كىشىلەر ئۆز قىزلىرىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ قويۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئەمما ئوغلىنى ئىبنى زەيدتىن سۈپىتىنى ئاڭلىغان ھۆر ئەينىگە ئۆيلەش ئىرادىسى بارلىقىنى ئېيتتى.

ئۇممۇ ئىبراھىم باي، سالىھە ئايال ئىدى. ئۇممۇ ئىبراھىم ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد سۈپەتلەپ بەرگەن ھۆر ئەيننىڭ مەھرى ئۈچۈن 10 مىڭ دىنار بېرىپ ئوغلى ئىبراھىمنى ئۇنىڭ بىلەن جىھادقا چىقىشقا ئېلىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇممۇ ئىبراھىم الله تائالانىڭ ئۇنىڭغا شاھادەت ئاتا قىلىپ، ھۆر ئەينىلەرگە ئۆيلەپ قويۇشنى ۋە شاھادەتكە ئېرىشىپ قىيامەت كۈنى ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى شاپائەت قىلىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىبنى زەيد ئۇنىڭغا: «ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، سىز، ئوغلىڭىز ۋە يولدىشىڭىز كاتتا نىجاتلىققا ئېرىشىسىلەر» دېدى.

ئۇممۇ ئىبراھىم ئوغلىنى چاقىردى، ئوغلى بەسرە مەسجىدىدىكى مىڭلىغان كىشىلەر ئارىسىدىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ: «لەببەي ئى ئانا!» دېدى. ئۇممۇ ئىبراھىم ئۇنىڭغا: «سەن جىھادقا چىقىپ جېنىڭنى الله يولىدا پىدا قىلىشقا، شەھىد بولۇپ ئەنە شۇ ھۆر ئەينىلەر بىلەن توي قىلىشقا رازىمۇسەن؟» دەپ سورىدى. ئوغلى: «ھەئە، رازىمەن» دېدى. ئۇممۇ ئىبراھىم ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «ئى الله ! مەن ئوغلۇمنىڭ گۇناھلىرىنى تەرك ئېتىشى ۋە جېنىنى سېنىڭ يولۇڭدا پىدا قىلىشى بەدىلىگە ھۆر ئەينىلەرگە نىكاھلاپ قويۇشۇمغا سېنى گۇۋاھ قىلدىم، ئەمىلىمنى قوبۇل قىلغىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن» دەپ دۇئا قىلدى.

ئۇممۇ ئىبراھىم 10 مىڭ دىنارنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدلارنى جابدۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى، ئوغلىنىڭ جىھادى ئۈچۈن ئات ۋە قورال ـ ياراقلارنى سېتىۋالدى. مۇجاھىدلار جىھادقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇممۇ ئىبراھىم ئوغلى بىلەن خوشلىشىۋالماقچى بولدى ھەمدە ئۇنىڭغا بىر كېپەن ۋە خۇشپۇراق ئەتىر سۇنۇپ تۇرۇپ: «سەن دۈشمەنگە ئۇچرىشىدىغان ۋاقىتتا بۇ كېپەن بىلەن كېپەنلەنگىن، بۇ ئەتىرنى سۈركىۋالغىن ۋە الله سېنى جىھادتا ئاجىزلىق قىلغان ھالىتىڭدا كۆرۈشتىن ساقلانغىن!» دېدى. ئاندىن ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: «ئى ئوغلۇم! الله تائالادىن ئىككىمىزنى قىيامەت كۈنى كىشىلەر توپلىنىدىغان ئورۇندا بىرگە قىلىشنى سورايمەن» دەپ دۇئا قىلدى ۋە ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

مۇجاھىدلار كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى، ئابدۇلۋاھىد ئىبنى زەيد قوشۇننىڭ ئالدىدا ئىدى. جەڭ قىزىپ كەتتى. ئىبنى زەيد ئىبراھىمنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ سەپنىڭ ئالدىدا دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلىپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ كاپىرلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن كاپىرلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ كېلىپ ئۇنى شەھىد قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ الله قا شەھىدلىك ھالىتىدە ئۇچراشتى.

مۇجاھىدلار بەسرەگە قايتتى، كىشىلەر مۇجاھىدلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇممۇ ئىبراھىم ئىبنى زەيدنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن: «ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! ھەدىيەرىم قوبۇل قىلىنغان بولسا خۇش بىشارەت ئالايمۇ ياكى قوبۇل قىلىنماي قايتۇرۇلغان بولسا قايغۇرايمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، ئىبنى زەيد ئۇنىڭغا:

«الله بىلەن قەسەمكى، ھەدىيەرىڭىز قوبۇل قىلىنىدى. ئوغلىڭىز ھازىر ھاياتتۇر، شەھىدلەر بىلەن رىزىقلىنىۋاتىدۇ» دېدى. ئۇممۇ ئىبراھىم الله قا شۈكۈر قىلغان ھالدا سەجدە قىلىپ: «جىمى ھەمدۇ-سانا مېنىڭ ئۈمىدىمنى يەردە قويمىغان ۋە ئىبادىتىمنى قوبۇل قىلغان الله قا بولسۇن!» دەپ دۇئا قىلدى.

ئەتىسى ئۇممۇ ئىبراھىم مەسجىدكە كېلىپ ئىبنى زەيدكە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى ئىبنى زەيد، خۇشخەۋەر!» دېدى. ئىبنى زەيد ئۇنىڭغا: «سىزگە ھەمىشە خۇشخەۋەرلەر بېرىلىۋاتىدۇ، يەنە قانداق خۇشخەۋەر بار؟» دېدى. ئۇممۇ ئىبراھىم: «مەن كېچىدە چۈشۈمدە ئوغلۇم ئىبراھىمنى جەننەتنىڭ گۈزەل بىر باغچىسىدا، ياپ-يېشىل بىر گۈمبەز ئىچىدە، ياقۇتتىن ياسالغان كارىۋات ئۈستىدە كۆردۈم، ئۇنىڭ بېشىدا تاج بار ئىكەن» دېدى. ئۇ ماڭا: «ئى ئانا! خۇش بېشارەت ئېلىڭ، مەھر قوبۇل بولدى، كېلىنچەكمۇ يۈتكەپ كېلىندى» دېدى.

※ ※ ※

# 5- باب

## جىھادتا ئالدىدا بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ئالدىراش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَابِقُوا إِلَىٰ مَغْفِرَةٍ مِّن رَّبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا كَعَرْضِ السَّمَاءِ وَالْأَرْضِ﴾ «پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان-زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار». ①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُم بِإِحْسَانٍ رَّضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَٰلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار)دىن الله رازى بولدى، ئۇلارمۇ الله تىن مەمنۇن بولدى. الله ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر». ②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ ۞ أُولَٰئِكَ الْمُقَرَّبُونَ ۞ فِي جَنَّاتِ النَّعِيمِ ۞﴾ «(ئۇچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر [10]. ئۇلار نازۇ-نېئمەتلىك جەننەتلەردە الله قا يېقىن بولغۇچىلاردۇر [11-12]». ③

ئوسمان ئىبنى ئەبۇ سەۋدە مۇنداق دەيدۇ: بىزگە يېتىپ كەلگىنى شۇكى، ﴿وَالسَّابِقُونَ السَّابِقُونَ﴾ «(ئۇچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر» دېگەن بۇ ئايەتتىكى كىشىلەر بولسا الله يولىدىكى جىھادقا ئالدىدا ماڭغۇچىلار ۋە نامازغا ئالدىدا چىققۇچىلاردۇر. ④

ئوسمان ئىبنى ئەبۇ سەۋدە تابىئىنلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكىلىرىدىن بولۇپ، غازات ۋە جىھادلاردا تابىئىنلارنىڭ ئىماملىرىدىن ئىدى. بىر يىلى ئۇنىڭغا: «سىز بۇ يىلمۇ ھەم جىھادقا چىقامسىز؟» دېيىلگەنىدى، ئۇ: «ماڭا 100 مىڭ دىنار

① سۈرە ھەدىد 21- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە تەۋبە 100- ئايەت.

③ سۈرە ۋاقىئە 10- ئايەتتىن 12- ئايەتكىچە.

④ ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنف» ناملىق كىتابىنىڭ 5- توم 297- بېتىدە سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

بىرىلسە ھەم جىھادنى بىر يىلمۇ تەرك ئېتىشنى خالىمايمەن» دېدى.[1]

※ ※ ※

[1] «تهذيب الكمال» 2ـ توم 910ـ بەت.

# 6 ـ باب

## ئەتىگەن ـ ئاخشامدا الله يولىدا جىھادقا چىقىشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يُنفِقُونَ نَفَقَةً صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً وَلَا يَقْطَعُونَ وَادِيًا إِلَّا كُتِبَ لَهُمْ لِيَجْزِيَهُمُ اللَّهُ أَحْسَنَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ (الله نىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەربىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ».[1]

66. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئەتىگەن ياكى كەچتە بىر قېتىم جىھادقا مېڭىش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى بىر ياچاق ياكى بىر قامچا مىقدارىچىلىك ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. ئەگەر جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى يەر يۈزىگە چىقىرىلسا ئىدى، ئۇ ئاسمان ـ زېمىننى يورۇتۇۋەتكەن ۋە زېمىن يۈزىنى خۇشپۇراققا تولدۇرۇۋەتكەن بولاتتى. جەننەت ئاياللىرىنىڭ بېشىدىكى رومىلى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».[2]

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىسنىڭ مەنىسى، مۇجاھىدنىڭ ئەتىگەن ۋە كەچتە جىھادقا مېڭىپ ئېرىشكەن كاتتا ساۋابى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ كاتتا ساۋاب مۇجاھىدقا ئۆز شەھىرىدە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مېڭىپ قويۇش بىلەن ھاسىل بولمايدۇ بەلكى ئۇ قايسى ماكاندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا جىھادقا ئاتلىنىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. يەنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا الله يولىدا جىھادقا ماڭغانىنىڭ ئەجرىنىڭ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ئەۋزەل بولۇشىنىڭ سەۋەبى، گەرچە بىر كىشى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمان بولسىمۇ لېكىن دۇنيا نېئمەتلىرىنىڭ ھەممىسى تۈگەيدۇ، ئاخىرەت نېئمىتى

---

[1] سۈرە تەۋبە 121 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولسا مەڭگۈ باقىيدۇر».[1]

67. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئەتىگەن ياكى كەچتە بىر قېتىم جىھادقا مېڭىش، ئۇستىگە قۇياش چۈشكەن ۋە پاتقان نەرسىلەردىن (يەنى پۈتۈن دۇنيادىن) ياخشىدۇر. جەننەتتىكى بىر ياچاق مىقدارىچىلىك ئورۇن ئۇستىگە قۇياش چۈشكەن ۋە پاتقان نەرسىلەردىن ياخشىدۇر».[2]

68. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله ئۆز يولىدا جىھادقا چىققان كىشىگە كېپىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: <كىمكى ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە مېنىڭ ئەلچىلىرىمنى تەستىقلىغان ھالدا پەقەت مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ جىھادقا چىقىدىكەن، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى نۇرغۇن ئەجىر ۋە ياكى نۇرغۇن غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتۇرۇشقا كېپىلمەن> دېدى. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، الله يولىدا يارىلانغان كىشى قىيامەت كۈنى يارىلانغان ھالىتىدە، رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمانلارغا مۇشەققەت بولۇپ قالمىسا ئىدى، الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا ماڭغان ھەرقانداق بىر قوشۇندىن ھەرگىزمۇ ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىم. مەن ئۇلارنى مىندۈرگىدەك ئۇلاغ تاپالمايمەن، ئۇلارمۇ ھەم تاپالمايدۇ، (مەن جىھادقا چىقىپ كەتسەم،) ئۇلارغا مەندىن ئايرىلىپ قېلىش تېخىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن الله يولىدا ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن».[3]

69. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا بىر كىشى نامازغا كەلدى. ئۇ سەپكە كىرگەندىن كېيىن: «ئى الله! ماڭا سالىھ بەندىلىرىڭگە ئاتا قىلغان ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتنى ئاتا قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ نامازنى ئوقۇپ بولۇپ: «ھازىر سۆز

---

[1] نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13- توم 26-، 27- بەتلەر.
[2] بۇخارى توپلىغان.
[3] مۇسلىم توپلىغان. بۇ ھەدىسنىڭ بەزى قىسمىنى بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

قىلغان كىم؟» دەپ سورىۋىدى، ھېلىقى كىشى: «مەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئېتىڭ چېپىپ، ئۆزۈڭ الله يولىدا شەھىد قىلىنغايسەن» دېدى.[1]

ئىبنى ئەساكىر ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەيرىيز جۇمەھىيدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ دەمەشىقتىن رۇمغا قارشى تەشكىللەنگەن بىر قوشۇن بىلەن بىرگە چىقتى، ئاتىسى مۇھەيرىيز جۇمەھىي (ئۇ ساھابە ئىدى) ئۇنىڭغا مەكتۇپ يوللاپ ئۆزىنىڭ قاتتىق كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

قوشۇن ئاتلاندى. مۇھەيرىيز ئوغلى ئابدۇللاھقا: «ئى ئوغلۇم! مېنى كۆتۈرۈپ رۇم زېمىنىغا ئاپارغىن» دېدى. ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاتامنى كۆتۈرۈپ توختىماي رۇم زېمىنىغا قاراپ ماڭدىم. ئۇ: ‹ئوغلۇم، تېزراق ماڭغىن!› دەيتتى. مەن: ‹ئى ئاتا! سەن كېسەل تۇرساڭ› دېسەم، ئۇ: ‹ئى ئوغلۇم! تېزراق ماڭغىن، مەن ئەجىلىمنىڭ رۇم زېمىنىدا بولۇشىنى ياخشى كۆرىمەن› دېدى. مەن توختىماي مېڭىپ ھۇمۇسقا يېتىپ كەلگەندە ئۇ ۋاپات بولدى».[2]

زەھەبى ھۇسەين ئىبنى جۇندۇبتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار قوشۇنى مۇئاۋىيە زامانىدا قۇستانتىنىيىگە غازات قىلدى. قوشۇن ئۇ يەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن مىسىرغا كەلدىم. قوشۇندىكى بەزى مۇجاھىدلار ماڭا مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەردى.

قۇستانتىنىيىدە رۇمنى مۇھاسىرىگە ئالغان چاغدا، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە: «ئەگەر مەن ۋاپات تاپسام مېنى ئاتقا ئارتىپ دۈشمەنگە ئۇچراشقانغا قەدەر يۈرۈڭلار. دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئەڭ يېقىن جايىغا بارغاندا، مېنى شۇ يەرگە قەبرە كولاپ كۆمۈپ قويۇڭلار، ئاندىن ھېچكىمنىڭ بىلمەسلىكى ئۈچۈن قەبرەمنى تۈزلىۋېتىڭلار!» دېگەن.[3]

ئىبنى ئەساكىر سەئىد ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيەنىڭ خىلاپەت مەزگىلىدە، ئەبۇ مۇسلىم ئەلخەۋلانى مۇجاھىدلار بىلەن بىللە رۇم زېمىنىدا ئىدى. بۇ چاغدا بۇسرى ئىبنى ئەرتا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسكىرىي قوماندان ئىدى.

---

[1] نەسائى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «ھەسەن» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تاريخ مدينة دمشق» ناملىق كىتابى 35- توم 60- بەت.

[3] ئىمام زەھەبىنىڭ «سير أعلام انبلاء» ناملىق كىتابى 2- توم 412- بەت.

ئەبۇ مۇسلىم ئەلخەۋلانى كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئۆلۈمى يېقىنلىشىپ قالدى. ئۇ ئۆلۈشتىن ئىلگىرى بۇسرى ئىبنى ئەرتا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئەگەر مەن ۋاپات تاپسام، جەسەدىمنى ئالغاچ سەن بىلەن بىللە تۇرۇپ ۋاپات تاپقان كىشىلەرگە مېنى ئەمىر قىلغىن، مېنى ئۇلارنىڭ بايرىقىغا ۋەكىل قىلغىن ۋە قەبرەمنى دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن جايغا قىلغىن. قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بايرىقى ئاستىدا تۇرۇشۇمنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى.[1]

※ ※ ※

[1] ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تاريخ مدينة دمشق» ناملىق كىتابى 27- توم 230- بەت.

# 7 ـ باب

## الله يولىدا مېڭىش ۋە الله يولىدىكى چاڭ ـ توزاننىڭ پەزىلىتى

70. ئابدۇراھمان ئىبنى جەبىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى ئىككى پۇتىنى الله يولىدا توپا قىلسا، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلدى».[①]

ھەدىسنىڭ يەنە بىر نەقلىدە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئىككى پۇتى توپىغا مىلەنگەن كىشىگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ».[②]

71. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تىن قورقۇپ يىغلىغان ئادەم خۇددى سېغىلىپ بولۇنغان سۈت يېلىنغا قايتىپ كىرمىگەندەك دوزاخقا ھەرگىز كىرمەيدۇ ھەمدە الله يولىدا توزىغان چاڭ ـ توزان بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى بىرلەشمەيدۇ (يەنى الله يولىدا جىھاد قىلغان كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ)».[③]

72. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىرى يەنە بىرىگە زەرەر يەتكۈزىدىغان ئىككى كىشى دوزاختا جەملەنمەيدۇ: بىر مۇسۇلمان بىر كاپىرنى ئۆلتۈرسە، ئاندىن ئۇ مۇسۇلمان سابىت تۇرۇپ ۋاپات تاپسا، بۇ ئىككىسى دوزاختا جەملەنمەيدۇ؛ الله يولىدىكى چاڭ ـ توزان بىلەن جەھەننەم تۈتۈنىدىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بەندىنىڭ قورسىقىدا جەملەنمەيدۇ؛ ئىمان بىلەن بېخىللىقتىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بەندىنىڭ قەلبىدە جەملەنمەيدۇ».[④]

مەشھۇر زات ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بىرەيلەن چۈشىدە كۆرۈپ: «الله ساڭا نېمىلەرنى بەردى؟» دەپ سورىغان، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «الله مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلدى» دېگەن. ئۇ كىشى ئۇنىڭدىن: «كىشىلەر ئارىسىدا تارقاتقان ئىلمىڭ بىلەنمۇ؟» دەپ سورىغان،

---

① بۇخارى توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان.

③ تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

④ مۇسلىم توپلىغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك: «ياق، اللە يولىدا بۇرنۇمغا كىرگەن چاڭ-توزان سەۋەبلىك» دەپ جاۋاب بەرگەن.

73. ئەبۇ مۇسەببەھ مۇقرائىي مۇنداق دەيدۇ: بىز مالىك ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلخەسئەمىينىڭ قوماندانلىقىدا مۇجاھىدلاردىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر بىلەن رۇم زېمىنىغا قاراپ كېتىپ باراتتۇق. شۇ چاغدا، بۇيۇك ساھابە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مالىك ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى، ئۇ قېچىرنى ھەيدەپ پىيادە كېتىپ باراتتى. مالىك ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! قېچىرىڭغا مىنىۋالغىن، اللە ساڭا ئۇنى مىنىش ئۈچۈن ياراتتى» دېدى. ئۇ: «مەن ئۇلىغىمنى ئارام ئالدۇرىمەن، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشىمۇ ھاجەتسىز. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: <كىمكى ئىككى پۇتىنى اللە يولىدا توپا قىلسا، اللە ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلدى> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى.

مالىك ئەلخەسئەمىي جابىرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. مۇجاھىدلارنىڭ جابىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىشى ئۈچۈن، قوماندان مالىك جابىرنىڭ ئاۋازىنى ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئاڭلايدىغان ئورۇنغا يىراقلىشىپ، ئاندىن يۇقىرى ئاۋازدا: «ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! قېچىرىڭغا مىنىۋالغىن، اللە ساڭا ئۇنى مىنىش ئۈچۈن ياراتتى» دەپ توۋلىدى. جابىر ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا: «مەن ئۇلىغىمنى ئارام ئالدۇرىمەن، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشىمۇ ھاجەتسىز. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: <كىمكى ئىككى پۇتىنى اللە يولىدا توپا قىلسا، اللە ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلدى> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى. مۇجاھىدلار جابىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ پىيادە مېڭىشتى. مەن ئۇ كۈندىكىدەك پىيادە ماڭغانلار كۆپ بولغان جىھادنى كۆرمىگەن ئىدىم.[1]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىھادقا چىققان ۋاقىتلىرىدا، اللە يولىدا كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىككى قەدىمىنى توپا قىلىپ پىيادە ماڭاتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىملار روزىدارنىڭ زاۋالدىن كېيىن مىسۋاك ئىشلىتىشىنىڭ مەكرۇھلىقىغا قىياس قىلىپ، اللە يولىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ توپا-چاڭ كىرىپ

---

[1] ئىبنى ھىببان ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك «الجهاد» ناملىق كىتابىنىڭ 1- توم 87-، 88- بەتلىرىدە ھەم نەقىل قىلغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كەتمەسلىك ئۈچۈن ئىگىز-پەسنى ئىتتىۋىلىشنى مەكرۇھ ھېسابلىدى چۈنكى مىسۋاك روزىدارنىڭ ئاغزىدىكى پۇراقنى يوقىتىدۇ، روزىدارنىڭ ئاغزىدىكى پۇراق الله نىڭ نەزىرىدە مىسىك-ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر. (جىھادتا توپا-چاڭ كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئىگىز-پەسنى ئورىۋىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار مەكرۇھتۇر چۈنكى ئورىۋىلىش ئىگىز-پەسنىڭغا چاڭ-توزاننىڭ كىرىشىنى توسۇپ قالىدۇ. خۇددى جىھادتا توپا باسقان ئىككى قەدەمگە ئوخشاش، چاڭ-توزاننىڭ كىرىشىمۇ مۇجاھىدنىڭ دوزاختا ھارام بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. «كىمكى ئىككى پۇتىنى الله يولىدا توپا قىلسا، الله ئۇنىڭغا دوزاخنى ھارام قىلدى.»

74. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز بەدىر كۈنى ھەر ئۈچ ئادەم بىر تۆگىگە ئالمىشىپ مىنىدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ لۇبابە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تۆگىدە ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە پىيادە مېڭىش نۆۋىتى كەلگەندە، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! سىنىڭ ئورنۇڭدا بىز پىيادە ماڭايلى» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئىككىسىگە: «مەن ئىككىڭلاردىن كۈچلۈكراق، يەنە كېلىپ مەن ئەجىرگە سىلەردىن بەكرەك موھتاجمەن» دېدى.[①]

※ ※ ※

① ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

# 8- باب

## دېڭىز جىهادى قۇرۇقلۇق جىهادىدىن ئەۋزەل

75. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇممۇ ھەرام بىنتى مىلھاننىڭ قېشىغا كىرەتتى، ئۇممۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تاماق بىلەن كۈتۈۋالاتتى. ئۇممۇ ھەرام ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ ئايالى ئىدى.

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەنىدى، ئۇ ئادىتى بويىچە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تاماق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئاندىن ئولتۇرۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بېشىنى تاراۋاتاتتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇخلاپ قالدى ۋە كۈلگەن پېتى ئويغاندى. ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن كۈلۈپ كەتتىڭ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «(چۈشۈمدە) ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر الله يولىدا غازات قىلىش ئۈچۈن خۇددى تەختتە ئۇستىدىكى شاھلاردەك كېمە بىلەن دېڭىزدا كېتىۋاتقۇدەك» دېدى. ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ مېنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ» دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. ئاندىن بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى ۋە يەنە كۈلگەن پېتى ئويغاندى. ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن كۈلۈپ كەتتىڭ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يۇقىرىقىدەك چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇممۇ ھەرام: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ مېنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىشىغا دۇئا قىلساڭ» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىز ئاۋۋالقى قېتىمقىلار قاتارىدىن بولىسىز» دېدى.

دەرۋەقە، ئۇممۇ ھەرام مۇئاۋىيەنىڭ دەۋرىدە دېڭىز سەپىرىگە قاتناشتى ۋە قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ۋاپات بولدى.[①]

ئۇممۇ ھەرام بىنتى مىلھان رەزىيەللاھۇ ئەنها ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ ھاممىسى ئىدى. ئىمام نەۋەۋى مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مەھرەم ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ قېشىغا كىرەتتى، ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنها ئۇنى تاماق بىلەن كۈتۈۋالاتتى ۋە ئۇنىڭ چېچىنى تاراپ قوياتتى ھەمدە ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مەھرەم بولغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۇنىڭ قېشىدا ئۇخلايتتى. بىر قىسىم ئالىملار ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېمىلداش ھاممىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى».[①]

76. ئۇممۇ ھەرام بىنتى مىلھان مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئۈممىتىمدىن دېڭىزدا غازات قىلىدىغان تۇنجى قوشۇنغا (جەننەت) ۋاجىب بولدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇلارنىڭ قاتارىدىنمۇ؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىز ئۇلارنىڭ قاتارىدىن» دېدى. ئاندىن: «ئۈممىتىمدىن قەيسەر شەھىرىگە غازات قىلىدىغان تۇنجى قوشۇننىڭ گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇلارنىڭ قاتارىدىنمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ياق، سىز ئاۋۋالقىلار قاتارىدىن» دېدى.[②]

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەت دەۋرىدە شامغا ۋالى بولغان بولۇپ، ئۇ دېڭىزدا غازات قىلغان كىشىلەرنىڭ تۇنجىسى ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كېمىلىرى قۇبرۇسقا غازات باشلىغاندا ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇجاھىدلار بىلەن بىللە چىققان ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئايالى ئۇممۇ ھەرام ھەم بار ئىدى. مۇسۇلمانلار قۇبرۇس ئارىلىنى فەتھە قىلغاندىن كېيىن، ئۇممۇ ھەرامنىڭ مىنىشى ئۈچۈن بىر ئۇلاغ كەلتۈرۈلدى ئەمما ئۇلاغ ئۇنى ئۈستىدىن تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ گەدىنىگە قاتتىق دەسسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ۋاپات تېپىپ قۇبرۇسقا دەپنە قىلىندى، الله ئۇ ئايالدىن رازى بولسۇن!

سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ خىلاپەت دەۋرىدە، مۇجاھىدلار رۇمنىڭ پايتەختى قۇستانتىنىيىگە غازات قىلىش ئۈچۈن قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىن يۈرۈش قىلدى. ئۇلارنىڭ دېڭىزدىكى پاراخوت ۋە كېمىلىرى مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، قۇرۇقلۇق قوشۇنى يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئىدى. مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك بولسا ئەسكىريي ئەمىر ئىدى.

مۇسۇلمانلار قۇستانتىنىيىنى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزدىن 30 ئايدىن كۆپرەك قورشاپ تۇرغاچقا، قاتتىق قىينىچىلىق، ئاچارچىلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە مۇشەققەتلەرنى تارتتى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولغاندىن كېيىن،

---

① نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13- توم 58- بەت.
② بۇخارى توپلىغان.

قورۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە بۇيرۇق چۈشۈردى.①

ھەيىي مۇئافىرى مۇنداق دەيدۇ: بىز ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىسكەندىرىيە مۇنارىنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. غازاتقا ماڭغان مۇسۇلمانلارنىڭ پاراخوت-كېمىلىرىنىڭ (يەلكەنلىرى) كۆتۈرۈلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسلەمە ئىبنى مۇخەللەدكە: «بۇ مۇجاھىدلارنىڭ گۇناھلىرى قەيەردە؟» دېگەندى، مەسلەمە: «خاتالىقلىرى ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىدە» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار خاتالىقلىرىنى ئارقىلىرىغا قويۇپ كەتتى» دېدى ۋە: «دېڭىزدا غازات قىلىش مەن ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان بايلىقلاردىن سۆيۈملۈكتۇر» دېدى.②

خەيسەمە مۇنداق دەيدۇ: شامنىڭ تەرابۇلۇس دېگەن جايىدا قېشىمىزدا ئاسىم ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى، ئۇنىڭ جىھادىنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىزدا بولغان ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا، مەن ئۇنى چۈشۈمدە كۆردۈم. ئۇنىڭدىن: «الله ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟» دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا: «دېڭىزدا كۆپ جىھاد قىلغانلىقىم ئۈچۈن الله ماڭا ناھايىتى كەڭ رەھمىتى بىلەن مۇئامىلە قىلدى» دېدى.③

قازى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى پەقەت الله نىڭ ھەممە ئىشقا قادىر ئىكەنلىكى ۋە بارچە ماددىي سەۋەبلەرنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەكچى بولسا، شۇنداقلا پەقەت الله قىلا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا كامىل ھالەتتە تاپشۇرۇشنى ئۆزىدە ئەمەلىيلەشتۈرمەكچى بولسا، ئۇ دېڭىزدا جىھاد قىلسۇن!»④

ئىبنى قۇدامە «المغني» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «دېڭىزدا غازات قىلىش قۇرۇقلۇقتا غازات قىلىشتىن ئەۋزەلدۇر چۈنكى دېڭىزدا غازات قىلىش ناھايىتى خەتەرلىك ۋە مۇشەققەتلىكتۇر. تەبىئىيكى، مۇجاھىد دېڭىز جىھادىدا

① تەبەرىنىڭ «تاريخ الأمم والملوك» ناملىق كىتابى 5- توم 291- بەتتىن 293- بەتكىچە.

② ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 314- بەت، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2- توم 176- بەت.

③ ئىبنى ئەساكىر توپلىغان.

④ ئىبنى ئەرەبىنىڭ «أحكام القرآن» ناملىق كىتابى 4- توم 64- بەت.

دۈشمەنلىنىڭ خەتىرى ۋە غەرق بولۇپ كېتىش خەتىرىدىن ئىبارەت ئىككى خەتەرنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. مۇجاھىدلار دېڭىزدا قېچىش توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ پەقەت ھەمرالىرى بىلەنلا قاچالايدۇ. جىھاد ۋە ھەج ئۈچۈن دېڭىزدا سەپەر قىلىش سالامەت يۇرۇش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولغاندا دۇرۇس بولىدۇ ئەمما دېڭىزنىڭ چايقىلىشى كۈچەيگەن، ياكى دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن خەتەرلىك ھالەتتە دېڭىزدا سەپەر قىلىش دۇرۇس ئەمەس».[1]

77. ئەھمەد ۋە سەئىد ئىبنى مەنسۇر ئەبۇ ئىمران جەۋنىيدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز پارىستا ئىدۇق، بىزنىڭ ئەمىرىمىز زۇھەير ئىبنى ئابدۇللاھ ئىدى. ئۇ بىزگە ئۆينىڭ ئۈستىدىكى ياكى ئۆگزىدىكى بىر كىشىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇ ماڭا: «بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دېگەنىدى، مەن: «ياق» دېدىم. ئۇ ماڭا: «بىر كىشى ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى: <كىمكى ئۆگزىدە ۋە ياكى ئەتراپىدا پۈتىنى قويغۇدەك ھېچنەرسە يوق ئۆينىڭ ئۈستىدە ئۇخلىسا، ئۇنىڭدىن كېپىللىك ساقىت بولدى (يەنى ئۇۋالى ئۆزىگە)؛ كىمكى دېڭىز دولقۇنى كۈچەيگەندە دېڭىز سەپىرىگە چىقسا، ئۇنىڭدىن كېپىللىك ساقىت بولدى>».[2]

## مۇجاھىدلار تەكبىرىنىڭ پەزىلىتى

78. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ خەيبەرگە سەھەردە يۇرۇش قىلدى، خەيبەر يەھۇدىيلىرى ئورغاقلىرىنى ئېلىپ چىققان ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ (قوشۇن بىلەن) قورغان تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «مۇھەممەد ئەسكەرلىرى بىلەن كەپتۇ!» دەپ ۋارقىرىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىشىنى كۆتۈرۈپ: «الله أكبر! الله أكبر! الله أكبر!» دەپ تەكبىر ئېيتتى ۋە: «خەيبەر ھالاك بولدى! بىز بىرەر قەۋمنىڭ جايىغا چۈشسەك ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!» دېدى.[3]

جەڭدە تەكبىر ئېيتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بۇ سەھىھ ھەدىس ئاساس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالىملار بۇ ھەدىسنى جەڭدە تەكبىر ئېيتىشنىڭ

[1] «المغني» 8- توم 350- بەت.
[2] ئەھمەد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇستەھەبلىكىگە دەلىل قىلىدۇ.

ئەشھەب ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىمام مالىكتىن: «رىباتتا دۈشمەن كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تەكبىر توۋلاش مەكرۇھمۇ ياكى پەقەت ئۆزى ئاڭلىغۇدەك ئېيتامدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «دۈشمەن بولسۇن ياكى بولمىسۇن تەكبىر توۋلىسا ھېچقىسى يوق بەلكى ياخشىدۇر ئەمما ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ تەكبىر توۋلاش باشقىلارغا ئازار بېرىش ياكى مۇسۇلمانلارنى تەشۋىشكە سېلىشقا سەۋەب بولسا ياخشى ئەمەس» دېدى.

لەيس ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىدىن بۇرۇنقى مۇجاھىدلار جەڭدە تەكبىر ئېيتاتتى. ئۇلار ھارىستا[1] تۇرغاندا ۋە كېچىسى بىدار بولغاندا تەكبىر ئارقىلىق قۇۋۋەت ھاسىل قىلاتتى، بۇنى ھېچبىر كىشى ئەيىبلىمىگەن ئىدى».

※ ※ ※

[1] ھارىس — ئىسلام زېمىنىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى قوغداپ كۆزەتچىلىكتە تۇرۇش. پوستتا تۇرۇش.

## 9 ـ باب

## الله يولىدا مال سەرپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ ذَا الَّذِي يُقْرِضُ اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَاعِفَهُ لَهُ أَضْعَافًا كَثِيرَةً وَاللَّهُ يَقْبِضُ وَيَبْسُطُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾ «كىمكى اللهقا قەرزىي ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. الله (سىناش ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَثَلُ الَّذِينَ يُنْفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنْبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنْبُلَةٍ مِائَةُ حَبَّةٍ وَاللَّهُ يُضَاعِفُ لِمَنْ يَشَاءُ وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ﴾ «الله نىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100 دان تۈتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ[2]. الله خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ، الله نىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (الله مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر)».[3]

79. خۇرەيم ئىبنى فاتىك ئەسەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر قېتىم چىقىم قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئەجرى 700 ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ».[4]

80. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى (رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا) چۇلۇك سېلىنغان بىر تۆگىنى ئېلىپ كېلىپ: «بۇنى الله يولىغا ئاتىدىم» دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «بۇ بىر تۆگىنىڭ بەدىلىگە قىيامەت كۈنى ساڭا چۇلۇك سېلىنغان 700 تۆگە بېرىلىدۇ» دېدى.[5]

81. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله يولىدا قوشلاپ سەرپ قىلسا، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن:

---

[1] سۈرە بەقەرە 245 ـ ئايەت.

[2] بۇ، الله ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان پۇل ـ مالنىڭ ساۋابىنىڭ ھەسسىلەپ كۆپ بولىدىغانلىقىغا مىسال.

[3] سۈرە بەقەرە 261 ـ ئايەت.

[4] تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[5] مۇسلىم توپلىغان.

<ئى الله نىڭ بەندىسى! بۇ ئىشىڭ ياخشى> دەپ چاقىرىلىدۇ. كىمكى ناماز ئەھلى بولسا ناماز ئىشىكىدىن، جىھاد ئەھلى بولسا جىھاد ئىشىكىدىن، سەدىقە ئەھلى بولسا سەدىقە ئىشىكىدىن، روزا ئەھلى بولسا رەييان دېگەن ئىشىكتىن چاقىرىلىدۇ» دېدى. ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر كىشىنىڭ بىرلا ئىشىكتىن چاقىرىلىشى شەرتمۇ، ئەجىبا بىر كىشى ئۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلامدۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «شۇنداق، مەن سېنىڭ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.[1]

82. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله يولىدا قوشلاپ سەرپ قىلسا، جەننەتنىڭ ھەربىر خادىملىرى: <ئى پالانى! بۇياققا كەل> دەپ چاقىرىدۇ» دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ھەقىقەتەن زايە كەتمەيدىغان ۋە زىيانسىز چىقىمكەن» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن سېنىڭ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.[2]

83. ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاغىسى سەئسەئ ئىبنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىزدەپ بارسام ئۆيىدە يوق ئىكەن. ئاندىن ئۇ تۆگىنى يېتىلىگەن ياكى ئەھلى-بالىلىرىنى سۇغىرىدىغان بىر تۇلۇمنى تۆگىگە ئارتقان ھالدا ئالدىمغا ئۇچراپ قالدى. مەن: «سەن ئەبۇ زەر بولامسەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «كىشىلەر مېنى شۇنداق ئاتىشىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاڭلىغان ھەدىستىن بىرەرنى سۆزلەپ بەرسەڭ، ئۈمىدكى، الله تائالا مېنى ئۇنىڭ بىلەن مەنپەئەتلەندۈرۈپ قالسا» دېدىم. ئۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: <كىمكى الله يولىدا قوشلاپ مال سەرپ قىلسا جەننەت پەردىلىرى ئۇنىڭغا ئېچىلىدۇ> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى. مەن: «<قوشلاپ مال> دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئاتتىن ئىككىنى ياكى تۆگىدىن ئىككىنى» دەپ جاۋاب بەردى.[3]

84. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ سەرپ قىلغان دىنارلىرىدىن ئەجرى ئەڭ يۇقىرى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] نەسائى ۋە ھاكىم سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

بولىدىغىنى ئۆز ئائىلىسىگە سەرپ قىلغىنى، الله يولىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ئۇلاغقا سەرپ قىلغىنى ۋە الله يولىدىكى قېرىنداشلىرىغا سەرپ قىلغىنىدۇر». [1]

زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدرىگە قاتناشقان كىشىلەردىن هايات قالغانلىرىنىڭ ھەربىرىگە 700 دىناردىن بېرىلىشىنى ۋەسىيەت قىلدى. ۋەسىيەت قىلىنغۇچىلار بۇ پۇللارنى ئالدى، ئۇلار 100 كىشى ئىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەم گەرچە خەلىپە بولسىمۇ ئۆز نېسىۋىسى 700 دىنارنى ئالدى چۈنكى ئابدۇراخمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مېلى هالال ۋە بەرىكەتلىك ئىدى. [2]

الله تائالا بەندىنىڭ نەپىقىسى ئاز بولغان تەقدىردىمۇ ھەم قوبۇل قىلىدۇ، نەپىقە قىلغۇچىنىڭ ئۆز نەپىقىسىنى ئاز ۋە تۆۋەن سانىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

85. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ياخشى ئەمەلنى كىچىك سانىما، ھەتتاكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇچرىشىشىڭمۇ ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ». [3]

بۇنىڭ مەنىسى، مۇسۇلمان ئۆزىدىكى ياخشىلىقتىن ھېچنەرسىنى كىچىك سانىمىسۇن، گەرچە ئۇ ياخشىلىق ئاددىي ياكى كىچىك بولسىمۇ الله تائالا ئۇنىڭ سالىھ نىيىتى سەۋەبلىك كۆپەيتىپ بېرىدۇ.

مۇجاھىدلار ئەمىرى ئۇقبە ئىبنى نافىئ فەھرى الله يولىدىكى ھەرقانداق نەپىقىنى ئاز بولسىمۇ قوبۇل قىلاتتى. ئەگەر بىرەر ئايال كىچىك ئورام يىپتىن بىرنى الله يولىدىكى جىهاد ئۈچۈن ئېلىپ كەلسە ھەم قوبۇل قىلاتتى، ئەگەر بىرەر كىشى بىر دىنارنىڭ ئۈچتەن بىرىنى الله يولىدىكى جىهاد ئۈچۈن ئېلىپ كەلسە ھەم قوبۇل قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇنىڭغا: «الله سېنى بۇنچىلىك ئاز نەرسىلەردىن بىھاجەت قىلغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئالىسەن؟» دېيىلگەنىدى، ئۇ: «مەن ئۇ نەپىقە سەۋەبلىك الله نىڭ ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئالىمەن. ئاندىن بىز ئۇ سەدىقىنى ئۆز يېنىمىزدىن بىرىمىز-دە، الله بىزگە ھەم ئەجىر بېرىدۇ» دېدى.

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان.
[3] مۇسلىم توپلىغان.

الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزى راستتۇر. الله ھەقىقەتەن زەررىچىلىك زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر سەن ياخشىلىق قىلغان بولساڭ، ئۇنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.

الله يولىدا مال سەرپ قىلغۇچىلارنىڭ قىسسىلىرىدىن بىرى، يولدىشى ۋە ئۆز ئوغۇللىرىنى الله يولىدا شەھىدلىككە ئاتىغان، ئۆز ماللىرىنى الله يولىدا سەرپ قىلغان ھەتتا چېچىنى كېسىپ، ئۇنى الله يولىدا سەدىقە قىلغان ئايالنىڭ قىسسىسىدۇر. بۇ قىسسىنى ئەھمەد ئىبنى جەۋزى ئۆزىنىڭ «سوق العروس وأنس النفوس» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ قۇدامە شامىيدىن نەقىل قىلىپ تەپسىلىي بايان قىلغان. قىسسىنىڭ قىسقارتىلمىسى تۆۋەندىكىدەك:

ئەبۇ قۇدامە شامىي — الله ئۇنىڭغا ئۆز يولىدىكى جىھادنى سۆيۈملۈك كۆرسەتكەن كىشى بولۇپ، ئۇ رۇمغا قارشى نۇرغۇن جىھادلارغا قاتناشقان ئىدى. بىر كۈنى ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەسجىدىدە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم غازاتلىرىدىن سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى، سورۇندىكىلەر ئۇنىڭدىن ئۇ قاتناشقان جىھادلار ئىچىدىكى ئەڭ تەسىرلىك بىرەر قىسسىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆز جىھادى داۋامىدا ئەمەلىي يۈز بەرگەن ئاجايىپ بىر قىسسىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

ئۇ رۇمغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جىھادقا كېرەكلىك تۆگە سېتىۋېلىش ئۈچۈن فۇرات دەرياسى تەرەپكە جايلاشقان رىققە شەھىرىگە كىردى. مەزكۇر شەھەردە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئايال كېلىپ، ئۆز چېچىنى جىھاد ئۈچۈن سەدىقە قىلىش ئىرادىسىنى بىلدۈردى-دە، چېچىنى كېسىپ توپىغا مىلىدى. ئاندىن ئەبۇ قۇدامىدىن بۇ چاچنى مۇجاھىدلارنىڭ ئاتلىرىغا ئارغامچا بولۇشى ئۈچۈن قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئايال ئۆز يولدىشى ۋە باللىرىنىڭ جىھادقا چىقىپ الله قا شەھىدلىك بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى، ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت 15 ياشقا كىرگەن بىر ئوغلىنىڭ قالغانلىقىنى، گەرچە ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ ئەمما ئۇ دائىم روزىدار، كېچىلىرى نامازغا تۇرىدىغان، قۇرئان يادلىغان قارى ۋە ياخشى چەۋەنداز ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ياش يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كېلىشكەن ۋە ياخشىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئوغلىنىڭ ھازىر شەھەردىن يىراق بىر يەرگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى، قايتىپ كەلگەن ھامان ئۇنىڭ بىلەن جىھادقا ئەۋەتىپ، الله يولىغا بېغىشلايدىغانلىقىنى ھەمدە الله نىڭ ئوغلىغا ھەم شاھادەت ئاتا قىلىشىنى

ئۇمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەبۇ قۇدامە ساقلىغان بولسىمۇ، ئۇ يىگىت كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن رۇمغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن رىققىدىن يولغا چىقتى. ئۇلار بىر قانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ھېلىقى مۇجاھىد يىگىت ئۇلارغا ئاتلىق يېتىشىۋالدى. ئۇ يىگىت ئەبۇ قۇدامىگە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئايالنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە قېرىنداشلىرى الله قا شەھىدلىك بىلەن ئۇچراشقانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ھەم ئۇلارغا ئوخشاش شەھىد بولۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئەبۇ قۇدامە يىگىتنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قاراپ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى قايتۇرۇۋېتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ لېكىن ئۇ يىگىت جىهادقا بىللە ئېلىپ چىقىشىنى ئەبۇ قۇدامىدىن ئۆتۈنۈپ سورىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئاتلىق ماھىر چەۋەنداز، ئۇستا مەرگەن، قۇرئان يادلىغان قارى، رەسۇلۇللاھ ﷺ سۈننىتىگە ئالىم ئىكەنلىكىنى ھەمدە دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ شەھىد بولۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. يىگىت يەنە ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندا ئۇنىڭ شەھىدلىككە ھېرىس بولۇشىنى، كاپىرلارغا ئارقىسىنى قىلىپ قاچماسلىقىنى، ئۆز جېنىنى الله ئۈچۈن پىدا قىلىشىنى ھەمدە ئۇنىڭدىن شاھادەتكە ئېرىشىپ ئۆز ئاتىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئەبۇ قۇدامىگە ئېيتىپ بەردى.

ئەبۇ قۇدامە بۇ ياش چەۋەنداز يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەسىرلەندى ۋە ئۇنى بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار رۇمنىڭ ئەسكىري بازىسىغا يېقىنلاشقان چاغدا كۈن پېتىش ۋاقتى بولغان ئىدى. مۇجاھىدلار روزىدار بولۇپ، بۇ ياش يىگىت ئۇلارنىڭ ئېپتار تامىقىنى پۇشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلدى.

يىگىت ئۇيقۇغا كەتكەندە ئەبۇ قۇدامە ئۇنىڭغا قارىۋېدى، ئۇ ئۇخلاۋېتىپ تۇيۇقسىز كۈلدى. ئەبۇ قۇدامە بۇنىڭدىن ئەجەبلەندى ۋە ھەمراھلىرىنى چاقىرىپ: «ئۇنىڭغا قاراڭلار!» دېدى. يىگىت ئويغانغاندا، ئەبۇ قۇدامە ھەمراھلىرى بىلەن ئۇنىڭدىن ئۇخلاۋېتىپ كۈلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىۋېدى، يىگىت ئۆزىنى كۈلدۈرگەن چۈشىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى.

ئۇ چۈشىدە ئۆزىنى يايپېشىل بىر باغدا كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان بىر قەسىرنى ئۇچراتقانلىقىنى، ئۇنىڭ پەردىلىرىنىڭ يەڭگىل يەلپۈنۈپ تۇرغانلىقىنى، قەسىردە يۈزلىرى خۇددى ئايدەك قىزلارنىڭ

بارلىقىنى، ئۇلار بۇ يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا چۈشكەنلىكىنى، يىگىت ئۇلاردىن بىرىگە قولىنى سوزغاندا، ئۇلار: «ئالدىرىماڭ! سىز مەرزىيەنىڭ ئېرىسىز، ئۇ ھازىر ئاۋۇ قەسىردە» دېگەنلىكىنى، ئاندىن ئۇ شۇ قەسىرگە كىرىپ خۇددى قۇياشتەك بىر قىزنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ گۈزەللىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ قىزچاق ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا: «سىز مېنىڭ، مەن سىزنىڭ» دېگەنلىكىنى، يىگىت ئۇنىڭغا قولىنى شۇنداق سۇنغان چاغدا، قىزچاق ئۇنىڭغا: «ئالدىرىماڭ، ئىككىمىز ئەتە پېشىن نامىزى ۋاقتىدا ئۇچرىشىمىز، خۇش بېشارەت ئېلىڭ!» دېگەنلىكىنى، يىگىت بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ كۈلگەنلىكىنى بايان قىلدى.

سەھەردە ئۇلار رۇمنىڭ ئەسكىري بازىسغا يېتىپ باردى. جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك باشلاندى. رۇم قوشۇنلىرى مۇجاھىدلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، چەۋەنداز يىگىت مۇجاھىد قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇلار تەرەپكە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈردى. جەڭ ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملاشتى، ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى لېكىن جەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەبۇ قۇدامە چەۋەنداز يىگىتنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ جىسمىدىن قان تېمىپ تۇرغان ھالدا ئۇچراتتى. ئۇنىڭ ئۈستى ـ بېشى توپا ـ چاڭ ئىدى. ئۇ ئەبۇ قۇدامىگە ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى، چۈشىدە كۆرگەن ھۆرنىڭ ھازىر بېشى ئۇستىدە ئۇنىڭ روھىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قانغا بويالغان كىيىمىنى ئانىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئەبۇ قۇدامىدىن تەلەپ قىلدى. ئاندىن ئۇ ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ، روھىنى اللە قا شاھادەت بىلەن تاپشۇردى. مۇجاھىدلار ئۇنى ئۆز كىيىمى بىلەن كېپەنلەپ، ئۆز ئورنىغا دەپنە قىلدى.

ئەبۇ قۇدامە رىققە شەھىرىگە قايتىپ، يىگىتنىڭ خەۋىرىنى ئانىسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، جەڭدىن قايتىۋاتقانلاردىن ئۆزىنىڭ مۇجاھىد ئاكىسىنى سۈرۈشتۈرۈۋاتقان ئىشىك ئالدىدىكى بىر كىچىك قىزنى كۆردى. ئەبۇ قۇدامە قىزچاقتىن ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت سورىدى. ئانىسى چىقىپ ئەبۇ قۇدامىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ قۇدامە! تەزىيە بىلدۈرۈپ كەلدىڭمۇ ياكى خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟» دېگەنىدى، ئەبۇ قۇدامە ئۇ

ئايالغا: «تەزىيە دېگەن نېمە، خۇشخەۋەر دېگەن نېمە؟» دېدى. ئۇ ئايال: «ئەگەر ئوغلۇم سىلەر بىلەن سالامەت قايتىپ كەلگەن بولسا، سەن تەزىيە بىلدۈرۈپ كەلگەن بولىسەن؛ ئەگەر ئوغلۇم الله يولىدا شەھىد بولغان بولسا، سەن خۇش بېشارەت ئېلىپ كەلگەن بولىسەن» دېدى. ئەبۇ قۇدامە ئۇ ئايالغا: «خۇشخەۋەر، الله ھەدىيەرىڭىزنى قوبۇل قىلدى. ئوغلىڭىز شەھىد بولغان ھالدا الله نىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى» دېدى. ئۇ ئايال خۇش بولۇپ: «ئوغلۇمنى قىيامەت كۈنى مەن ئۈچۈن ئەسقاتىدىغان بايلىق (يەنى شاپائەتچى) قىلىپ بەرگەن الله قا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!» دېدى.

※ ※ ※

# 10 ـ باب

## اللہ يولىدا مال سەرپ قىلىشقا بېخىللىق قىلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ «اللہ نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى اللہ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ». [1]

ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار» دېگەن ئايەتنى «اللہ يولىدا مال سەرپ قىلىشنى تەرك ئېتىش» دەپ تەپسىر قىلغان. [2]

ئىبنى ئەبۇ ھاتەم مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتىكى <ھالاكەت>كە ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، ھەسەن، مۇجاھىد، ئەتا، سەئىد ئىبنى جۇبەير، ئەبۇ سالىھ، زەھھاك، سۇدى، مۇقاتىل ئىبنى ھەييان ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەرگەن تەپسىرنى بەردى». [3]

قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى، ئىبنى ئابباس، ئەتا، ئىكرىمە، مۇجاھىد ۋە جۇمھۇر ئالىملار ﴿وَأَنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾ <اللہ نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار> دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى <نامراتلىق ۋە يوقسۇزلۇقتىن قورقۇپ اللہ يولىدا مال سەرپ قىلىشنى تەرك قىلىش> دەپ شەرھلىگەن». [4]

اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّ كَثِيرًا مِّنَ الْأَحْبَارِ وَالرُّهْبَانِ لَيَأْكُلُونَ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ وَيَصُدُّونَ عَن سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ يَوْمَ يُحْمَىٰ عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَىٰ بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَٰذَا مَا كَنَزْتُمْ لِأَنفُسِكُمْ فَذُوقُوا مَا كُنتُمْ تَكْنِزُونَ ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ھىبرىلەر ۋە راھىبلاردىن (يەھۇدىي ۋە ناسارا

---

[1] سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەت.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] «تفسير ابن أبي حاتم» 1 ـ توم 128 ـ بەت.

[4] «تفسير القرطبي» 2 ـ توم 362 ـ بەت.

ئۆلىمالىرىدىن) نۇرغۇنلىرى كىشىلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ھەقىقەتەن ھارام يەيدۇ، (كىشىلەرنى) اللە نىڭ دىنىغا كىرىشتىن توسىدۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى اللە نىڭ يولىدا سەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگىن [34]. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: <بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى اللە نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار> دېيىلىدۇ [35]». [1]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَا أَنْتُمْ هَٰؤُلَاءِ تُدْعَوْنَ لِتُنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَمِنْكُمْ مَنْ يَبْخَلُ وَمَنْ يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَنْ نَفْسِهِ وَاللَّهُ الْغَنِيُّ وَأَنْتُمُ الْفُقَرَاءُ وَإِنْ تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ ثُمَّ لَا يَكُونُوا أَمْثَالَكُمْ﴾ «سىلەر شۇنداق كىشىلەرسىلەركى، اللە نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىشقا چاقىرىلساڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بېخىللىق قىلىدىغانلار بار. كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ. اللە (سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلاردىن) بىهاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (اللە قا) موهتاجسىلەر. ئەگەر سىلەر (اللە نىڭ تائىتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، اللە سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى اللە قا ئىتائەت قىلىدۇ)». [2]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا لَكُمْ أَلَّا تُنْفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ﴾ «سىلەر نېمىشقا اللە نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلمايسىلەر؟ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مىراسى اللە قا خاستۇر». [3]

قۇرتۇبى بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر بەربىر ئۆلۈپ كېتىدىغان تۇرساڭلار، مېلىڭلار ئارقاڭلاردا قېلىپ يەنىلا اللە نىڭ ھۇزۇرىغا قايتىدىغان تۇرسا، سىلەرنى يەنە قايسى نەرسە اللە يولىدا مال سەرپ قىلىشتىن توسۇۋاتىدۇ؟

اللە تائالا بۇ ئايەتتە اللە يولىدا پۇل سەرپ قىلمىغانلارغا كايىغان بولۇپ، بۇ ئايەت، ئاسمان ـ زېمىندىكى بارچە مىراسلار (مۈلۈكلەر)نىڭ اللە نىڭ ئىكەنلىكى،

[1] سۈرە تەۋبە 34 ـ ، 35 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە مۇھەممەد 38 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھەدىد 10 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

خۇددى مىراس ھەق ئىگىسىگە قايتقاندەك، ئاسمان ـ زېمىندىكى بارچە نەرسىلەر ھەم قەرز قىلىنىش بىلەن الله قا قايتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان». ①

86. ئابدۇللاھ ئىبنى سامىت غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىيىسى كەلگەن چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدىم. ئۇنىڭ يېنىدا بىر دېدىكى بار ئىدى. دېدەك ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېرەكلىك نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە يەتتە دەرھەم ئېشىپ قالدى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ دېدەكنى دەرھەملەرنى كىچىك پۇللارغا ئالماشتۇرۇشقا بۇيرۇدى. مەن: «سەن ئۇنى ھاجىتىڭ ئۇچۇن ياكى مېھمانلىرىڭ ئۇچۇن قالدۇرۇپ قويساڭ بولمامدۇ؟!» دېسەم، ئۇ: «مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ھەرقانداق ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاچىلانغان ھەميانىنى ئىگىسى الله يولىدا چىقىم قىلمىغۇچە ئىگىسىگە چوغدۇر> دېگەنىدى» دېدى. ②

ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس ئىلگىرى ھەم بايان قىلىنغان ئىدى: رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى غازات قىلمىسا ياكى غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويمىسا ۋە ياكى بىرەر غازات قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىلىق بىلەن خەۋەر ئالمىسا، الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن چوڭ بىر مۇسىبەت بىلەن ئازابلايدۇ». ③

ئەسلەم ئەبۇ ئىمران مۇنداق دەيدۇ: بىز غازات قىلىش ئۇچۇن مەدىنىدىن قۇستانتىنىيەگە قاراپ يولغا چىقتۇق. جامائىتىمىزنىڭ ئەمىرى ئابدۇراھمان ئىبنى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئىدى. رۇملۇقلار ئۆزنىنىڭ ئارقىسىنى شەھەر تېمىغا قىلىپ تۇرۇۋالدى. توساتتىن بىر كىشى يالغۇز دۈشمەن سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈپ كىرىپ كەتتى، كىشىلەر: «توختا، توختا... لا إله إلا الله... ئۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى» دېيىشتى. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى مۇنداق دېدى: «بۇ ئايەت بىز ئەنسارىلار ھەققىدە نازىل بولغان. الله تائالا پەيغەمبىرىگە نۇسرەت بېرىپ ئىسلامنى غالىب قىلىۋېدى، بىز: <ئەمدى مال ـ مۈلكىمىزنى پەرۋىش قىلىپ، ھال ـ ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىۋالايلى> دېيىشتۇق، الله تائالا شۇ چاغدا بۇ

① «تفسير القرطبي» 17 ـ توم 239 ـ بەت.

② ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وَأَنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ ‹الله نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ› .[1] دېمەك، ‹ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش› بىزنىڭ مال ـ دۇنيانى كۆپەيتىشكە بېرىلىپ جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكىمىز ئىدى».

ئەبۇ ئىمران مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە جىھاد قىلىپ ھەتتا قۇستانتىنىيەگە دەپنە قىلىندى».[2]

بەيھەقى ئۆزىنىڭ «السنن الكبرى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: ﴿وَأَنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾ «الله نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار» دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار: ‹مەن الله يولىغا سەرپ قىلغۇدەك نەرسە تاپالمايمەن› دېمىسۇن، پەقەت ئوقيانىڭ ئۇچىنى تاپالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى الله يولىدىكى مۇجاھىدقا بەرسۇن! سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار».[3]

## الله قا بولغان ئىتائەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى — الله يولىدا خىراجەت قىلىشتۇر

الله يولىدا خىراجەت قىلىش بولسا الله قا بولغان ئىتائەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى بولۇپ، الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ كاتتا ۋە ئەڭ بۈيۈك سەدىقىدۇر. مۇجاھىد ماللىرىنى ئۆزىگە، ئۇلاغلىرىغا ۋە باشقا مۇجاھىدلارغا سەرپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ خىراجىتى قورال ـ ياراق، ئات ـ ئۇلاغ (ياكى جىھادقا كېرەكلىك قاتناش ۋاسىتىلىرى) سېتىۋېلىش ئۈچۈن ۋە ياكى جىھادقا كەتكەن مۇجاھىدلارنىڭ ئائىلىسىگە ئىشلىتىلىدۇ. شەيتان الله يولىدا بېرىلگەن مالنىڭ ئەجرىنىڭ كاتتىلىقىنى، ساۋابىنىڭ چەكسىزلىكىنى، ئۇنى الله يولىدا خىراجەت قىلغۇچىنىڭ يۈكسەك دەرىجىلەرگە يېتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭدا بېخىللىق قىلغانلارنىڭ قاتتىق گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، الله يولىدا مال سەرپ قىلغۇچىنى باشقا ئىشقا مال سەرپ قىلغۇچىدىن بەكرەك توسۇشقا

---

[1] سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بەيھەقىنىڭ «السنن الكبرى» ناملىق كىتابى 9 ـ توم 45 ـ بەت.

تىرىشىدۇ. شەيتاننىڭ بۇ ئىشىغا ئىنسان نەپسىنىڭ بېخىللىقى، مال سەرپ قىلىشقا ئادەتلەنمەسلىك ۋە مال سەرپ قىلىشتىن كېلىدىغان چەكسىز پەزىلەتتىن مەھرۇم قىلىش قاتارلىقلار ھەمكارلىشىدۇ. الله يولىدا خىراجەت قىلىش ئۈچۈن بىرەر نەرسە سەرپ قىلماقچى بولغاندا، كىشىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقۇتۇپ، يامان ئىشقا بۇيرۇيدىغان مەلئۇن شەيتانغا قارشى ھەممىدىن غالىب ۋە كۈچلۈك زات الله نىڭ ياردىمى بىلەن تاقابىل تۇرمىساڭ، ئۇنى ئادا قىلغىلى بولمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ رَبِّي يَبْسُطُ الرِّزْقَ لِمَنْ يَشَاءُ مِنْ عِبَادِهِ وَيَقْدِرُ لَهُ وَمَا أَنْفَقْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ وَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾ «ئېيتقىنكى: <ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ، (قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ. (الله نىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى الله تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر». [1]

مۇجاھىد، الله يولىدىكى جىهادقا چىقىشتا شەيتانغا غالىب بولالايدۇ-يۇ، لېكىن الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا كەلگەندە ئۇنىڭغا ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. الله يولىدا جىهادقا چىققان مۇجاھىدنىڭ الله يولىدا مال سەرپ قىلماسلىقى ئۈچۈن شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىپ: «جىهادتىن قايتقان ۋاقتىڭدا پۇل تاپالمايسەن. ۋاھالەنكى سەن جاراھەتلەنگەن ياكى كېسەل بولغان ھالەتتە قايتىدىغان تۇرساڭ!؟ ھېچ نەرسەڭ يوق، پېقىر ھالەتتە قايتىسەن، پۇل-ماللىرىڭ تۈگەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پۇل-ماللىرىڭنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەتسەڭ، قايتىپ كەلگەندە ئەسقاتىدۇ» دەيدۇ. قەلبىدە دۇنياغا قايتىشنى ياخشى كۆرۈپ، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى يامان كۆرگەن مۇجاھىد يۇقىرىقى ۋەسۋەسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شاھادەتنى سەمىمىي ۋە كەسكىن ئىرادە بىلەن ئارزۇ قىلغان بولسا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭدىن قايتىشى ۋە قايتقاندىن كېيىنكى ئىشلارنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ يۈرمىگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلگىرىكى سەلەف سالىھلار دۈشمەنگە يولۇققاندا قىلىچلىرىنىڭ غىلاپلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلىۋېتەتتى چۈنكى ئۇلارنىڭ پىكرىگە تىرىك قايتماسلىق ئىرادىسى ئورناپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ قەلبى شاھادەت سۆيگۈسى، الله قا ئۇچرىشىش ئىشتىياقى ۋە الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ كاتتا بەختكە ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن تولغان ئىدى.

[1] سۇرە سەبەئ 39- ئايەت.

ئىلگىرىكىلەردىن بەزىلىرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇجاھىدلار بىلەن جىھادقا چىقتىم. دۈشمەن بىلەن روبىرو تۇرۇپ، سەپلەر ئايرىلغان چاغدا، شەيتان يېنىمغا كېلىپ ئايالىمنى، ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىنى ۋە مۇھەببىتىنى ئەسلەتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى يامان كۆرسەتتى، باياشات تۇرمۇشۇمنى ۋە پۇل-ماللىرىمنىڭ كۆپلۈكىنى خىيالىمغا كەلتۈردى. ئاقىۋەت، مەن دۈشمەنگە ئۇچرىشىشتىن قورقۇپ، جەڭ مەيدانىدىن قېچىش نىيىتىگە كەلگىلى تاس قالدىم. شۇ پەيتتە، ماڭا الله تەرىپىدىن ناھايىتى كۈچلۈك ياردەم كەلدى-دە، ئاندىن ئۆز نەپسىمگە: ‹ئى نەپسىم! ئەگەر مەن جەڭ مەيدانىدىن قاچسام ئايالىم تالاق، قۇل-دېدەكلىرىم ئازات ۋە ئىگىدارچىلىقىمدىكى بارچە مال-دۇنيالىرىم پېقىر-مىسكىنلەرگە سەدىقە بولسۇن. ئى نەپسىم! بارچە مال-دۇنيالىرىم ۋە ئايالىمدىن ئايرىلغاندىكى ھاياتىنىڭ يەنە تارتىشقۇدەك نېمىسى بار؟› دېدىم. شۇندىلا نەپسىم ماڭا: ‹ئەمدى مەن قايتىشنى خالىمايمەن› دېگەندى، مەن نەپسىمگە: ‹ئۇنداقتا جىھادقا ماڭ!› دېدىم».

شەيتان گاھىدا مۇجاھىدقا ۋەسۋەسە قىلىپ: «سەن چوقۇم ئۆلتۈرۈلىسەن، باللىرىڭ سېنىڭدىن كېيىن پېقىرلىقتا قالىدۇ، ئائىلەڭ موھتاجلىققا دۇچار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېلىڭنى خىراجەت قىلماي، ئۇلارغا قويۇپ قويغىن. ئۇلارنىڭ سەندىن ئايرىلىپ قالغاندىكى مۇسىبىتىگە بۇ تەسەللى بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ ۋەسۋەسىنى الله قا ھەقىقىي ئىشەنچىسى بولمىغان؛ بەندىنىڭ رىزقىنىڭ الله نىڭ كاپالىتىدە ئىكەنلىكى، الله نىڭ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا ئىمانىدا شەك بار كىشى قوبۇل قىلىدۇ. مۇئمىن مۇجاھىد ئۆزىنى الله بىلەن ئۆز ئەھلى-بالىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇلارغا رىزىق يەتكۈزۈپ بېرىشتىكى ۋاستە دەپ ئېتىقاد قىلىشى زۆرۈردۇر. ئۇ ئۇلارغا ۋە ئۆزىگە زەررىچىلىك ئىگە بولالمايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتىغا ۋە ئۆلۈمىدىن كېيىن بولىدىغان ئۇلارنىڭ رىزقىغا غەم يەيدۇ؟!

ھاتەم ئەسەمدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئايالىغا: «سەپەرگە چىقىشىمدىن بۇرۇن سىز ۋە باللار ئۈچۈن قانچىلىك نەرسە قويۇپ قويسام يېتىدۇ؟» دېگەندى، ئۇنىڭ مۇئمىنە ئايالى: «ئى ھاتەم! الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىزنى رىزىق بەرگۈچى ئەمەس بەلكى رىزىق يېگۈچى دەپ بىلىمەن. رىزىق بەرگۈچى پەقەت الله تۇر، خالىغان سەپىرىڭىزگە چىقىۋېرىڭ!»

دېدى.

سەلەفلەر الله يولىدا كۆپ چىقىم قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدا مۇسابىقىلىشەتتى.

87. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ كۈنلەردە قول ئىلكىمدە خېلى كۆپ مال بار ئىدى. ئىچىمدە: «بۈگۈن ئەبۇبەكرىدىن ئۆتۈپ كېتىشنىڭ بىردىنبىر پۇرسىتى» دېدىم-دە، مېلىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن: «ئى ئۆمەر! ئائىلەڭگە بىرەر نەرسە قالدۇردىڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «يەنە مۇشۇنچىلىك قالدۇردۇم» دېدىم. ئەبۇبەكرى سىددىق بولسا ئۆزىدىكى بارلىق نەرسىنى ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن: «ئائىلەڭگە بىرەر نەرسە قالدۇردىڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى قالدۇردۇم» دېدى. مەن: «سەندىن ئېشىپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەسكەن» دېدىم.[①]

بىر قېتىم مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ناھايىتى كۆپ مەبلەغ ئەۋەتكەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭدىن بىر دەرھەممۇ ئېلىپ قالماي، ھەممىسىنى الله يولىدا سەرپ قىلىۋېتىدۇ. خىزمەتكارى ئۇنىڭغا: «ئەگەر بىزگە بىرەر دەرھەمنى قويۇپ قويغان بولسىڭىز ئۇنىڭغا گۆش سېتىۋالغان بولاتتۇق» دېگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئەگەر باياتىن ئەسلەتكەن بولساڭلار چوقۇم شۇنداق قىلغان بولاتتىم» دەيدۇ.[②]

88. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بارسام ئۇ كەئبىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ: «كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر» دېدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بىرئاز ئولتۇردۇم-دە، ئاندىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئۇلار كىملەر؟» دەپ سورىۋېدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلار كۆپ مال-دۇنيا توپلىغانلاردۇر. لېكىن ئالدى-كەينى، ئوڭ-سولدىن (سېخىيلىق بىلەن) سەدىقە بەرگەن كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمما بۇنداق كىشىلەرنىڭ سانى بەك ئاز» دېدى.[③]

---

[①] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[②] ھاكىم توپلىغان. زەھەبىمۇ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلىپ «سەھىھ» دېگەن.

[③] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

89. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى ئەبۇ زەر! مېنىڭ گەرچە ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن ـ كۈمۈشۈم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى الله يولىدا سەرپ قىلغان بولاتتىم، ھەتتا ۋاپات بولغان كۈنىمدە ئۇنىڭدىن بىر قىرات ساقلاشنى ھەم خالىمايمەن».[①]

مۆئمىن مىلىنى الله يولىدا سەرپ قىلغان چاغدا، الله قا كۈچلۈك تەۋەككۈل قىلىشى، ئۇ ۋاپات تاپقاندىن كېيىن الله نىڭ ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا ئىگە بولىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى رىزىقلاندۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىشى لازىم. بۇ خىل ئەھۋال ئەمىرۇلمۇئمىنىين ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئىدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا، ئۇ ئوغۇللىرىنى چاقىردى. ئۇنىڭ ئون بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئايالىغا مىراستىن نېسىۋىسىنى بېرىپ، قالغىنىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار قالغان پۇلنى ھېسابلىغاندا، بالىلىرىنىڭ ھەربىرىگە بىر دىناردىن تەگكەن ئىدى. مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىين! ئۇلارنىڭ ئىشىنى ماڭا تاپشۇرغىن، ئۇ بىر دىنارنىڭ ئۇلارغا نېمە پايدىسى بار؟» دېگەنىدى، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز: «مېنىڭ ئوغۇللىرىم چوقۇم ئىككى خىل ھالەتنىڭ بىرىدە بولىدۇ: سالىھ بولسا، الله سالىھلارغا ئىگە بولىدۇ؛ سالىھ بولمىسا، مەن ئۇلارنىڭ الله قا ئاسىيلىق قىلىشىغا ياردەم قىلمايمەن!» دېدى.

الله ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بالىلىرىدىن سالىھلىرىنى باي قىلدى. ئۇلاردىن بىرى الله يولىدا 100 چەۋەندازنى يۈز ئات بىلەن جابدۇدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، الله نىڭ ۋەدىسىگە شەكسىز ئىشەنسە، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلسا ۋە الله ئۈچۈن سەرپ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ئورنىنى الله نىڭ ئۇنىڭغا تولدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا شەك قىلمىسا، الله يولىدا مىلىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىشمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

سەيىيدىمىز ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز مىلىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلغان ۋاقىتتا، بۇ ئەمەل الله نىڭ دەرگاھىدا نەقەدەر كاتتا، ئەجىر ـ ساۋابى نەقەدەر چەكسىز بولدى ـ ھە! لېكىن بۇنىڭغا پەقەت كاتتا نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ. الله قا بولغان تەۋەككۈلى ئاجىز، ئىشەنچىسى بوش كىشى مال ـ دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنى الله يولىدا سەرپ قىلىۋەتمەي بەلكى بىر قىسمىنى ئائىلىسى

---

① بەززار توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇچۇن قالدۇرۇپ قويىدۇ. بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەزى ساھابىلىرىگە قىلغان سۆزلىرى دەلىلدۇر.

90. الله تائالا كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! تەۋبەمنىڭ قوبۇل بولغانلىقى ئۈچۈن بارلىق نەرسىلىرىمنى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن سەدىقە قىلىۋېتەي» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بىر قىسىم مېلىڭنى ئۆزۈڭگە قالدۇرۇپ قويغىنىڭ ياخشى» دېگەن.[1]

91. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مىراسخورلىرىڭنى باي ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭ، ئۇلارنى كىشىلەرگە موھتاج قىلىپ نامرات ھالەتتە قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشىدۇر».[2]

بۇنىڭ مەنىسى قانداقتۇر «پەيغەمبەر ﷺ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياكى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەۋەككۇلى ۋە ئىشەنچىسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى سەزگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىشتىن توسقان» دېگەنلىك بولمايدۇ چۈنكى ساھابىلار ھەققىدە بۇنداق گۇمان قىلىشىمىز دۇرۇس ئەمەس. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇلارنى ماللىرىدىن بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا بۇيرۇشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلاردىن كېيىن تەۋەككۇلى ئاجىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشى ئۈچۈندۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ساھابىلەرنىڭ كۈچلۈك تەۋەككۇلچىلىرىگە ئەگىشىپ، مېلىنى خىراجەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ، ئەجىرلىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى خۇددى نۇرانە يۇلتۇزغا ئوخشاش، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قايسىبىرىگە ئەگەشسە ھىدايەت تاپىدۇ. كىمنىڭ ئىشەنچى ۋە تەۋەككۇلى ئاجىز بولسا، كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگىشىپ مېلىنىڭ بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ، بىر قىسمىنى الله يولىغا سەرپ قىلسۇن! كىمنىڭ ئىشەنچى ۋە تەۋەككۇلى كۈچلۈك بولسا، قانداق خالىسا شۇنداق سەرپ قىلسۇن. ئەگەر ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەگىشىپ، مېلىنىڭ ھەممىسىنى الله يولىغا سەرپ قىلسا كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەمما، الله يولىدا مال سەرپ قىلىشقا قۇدرىتى يېتىدىغان تۇرۇپ ئۇنى تەرك ئېتىش بولسا ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانغا بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىشقا ھەم ھېچقانداق رۇخسەت يوق. الله ھەقنى ئېيتىدۇ ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ.

※ ※ ※

# 11 ـ باب

## مۇجاھىدلارنى جابدۇش (تەييارلاش) ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش

92. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بەنى لىھيان قەبىلىسىگە قوشۇن ئەۋەتىپ: «ھەر ئىككى كىشىدىن بىرسى بارسۇن، ئەجىر ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بولىدۇ» دېگەن.①

ئىمام ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس پەرز كۇپايە جىھادقا قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، پەرز كۇپايە جىھادنى بىر تۈركۈم كىشىلەر ئادا قىلسا، باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ».

93. زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويسا، ئۆزىمۇ غازات قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ؛ كىمكى الله يولىدا غازات قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشىلىق بىلەن خەۋەر ئېلىشقا قالغان بولسا، ئۇمۇ غازات قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ».②

94. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر روزا تۇتقۇچىغا ئىپتارلىق بەرسە، ئۇ كىشىگە شۇ روزا تۇتقۇچىغا بېرىلگەن ساۋابقا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ روزىدارنىڭ ساۋابىدىن ھەم ھېچقانداق كېمىيىپ قالمايدۇ؛ كىمكى الله يولىدا بىر غازىنى جابدۇپ قويسا، ئۇ كىشىگە شۇ غازىغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ غازىنىڭ ساۋابىدىن ھەم ھېچقانداق كېمىيىپ قالمايدۇ».③

95. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر غازىنى جابدۇپ قويسا، شۇ غازىغا ئوخشاش ئەجىرگە ئېرىشىدۇ؛ كىمكى بىر غازىنىڭ ئائىلىسىدىن ياخشى خەۋەر ئالسا ھەمدە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە مال سەرپ قىلسا، شۇ غازىغا ئوخشاش ئەجىرگە

① مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئېرىشىدۇ». [1]

غازاتقا تەييارلانغان كىشى كېسەللىك ياكى ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر ئۆزرە سەۋەبلىك غازاتقا چىقالمىغان بولسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «كىمكى الله يولىدا غازات قىلغۇچىنى جابدۇپ قويسا، ئۆزىمۇ غازات قىلغۇچىغا ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن ئۆزىگە تەييارلىغان نەرسىنى باشقىلارنىڭ غازاتقا چىقىشى ئۈچۈن بەرسە بولىدۇ.

96. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر يىگىت: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇرۇشقا قاتنىشاي دېسەم جابدۇنغىدەك بىرەر نەرسە تاپالمىدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «پالانى كىشىنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ئۇرۇشقا جابدۇنغان ئىدى ئەمما ئاغرىپ قاپتۇ» دېدى. ئۇ يىگىت ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ئۇرۇشقا تەييارلىغان نەرسىلىرىڭنى ماڭا بېرىشىڭنى ئېيتتى» دېدى. ئۇ كىشى ئايالىغا: «مەن ئۇرۇشقا تەييارلىغان نەرسىلەردىن ھېچنىمىنى ئېلىپ قالماي ھەممىسىنى بۇ يىگىتكە بەرگىن! الله بىلەن قەسەمكى، ھېچنەرسىنى ئېلىپ قالما! شۇندىلا الله بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ» دېدى. [2]

97. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرى جىھادقا چىقمىغانلارغا نىسبەتەن ئۆز ئانىلىرى ئۇلارغا ھارام بولغىنىدەك ھارامدۇر. ھەرقانداق بىر جىھادقا چىقمىغان كىشى، مۇجاھىدنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن قويۇلۇپ، ئاندىن ئۇ كىشى مۇجاھىدنىڭ ئەھلىگە خىيانەت قىلغان بولسا، خىيانەت قىلغۇچى قىيامەت كۈنى مۇجاھىد ئۈچۈن تۇرغۇزۇپ بېرىلىدۇ ۋە مۇجاھىد ئۇ خائىننىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن خالىغانچە ئېلىۋالىدۇ. سىلەرچە خائىننىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر؟!» [3]

بۇ ھەدىستە مۇجاھىدنىڭ ئائىلىسىگە خىيانەت قىلىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكى ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھۆرمىتى جىھادقا چىقمىغانلارغا نىسبەتەن خۇددى ئانىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئوخشاش ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىيمي مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭ سەۋەبى، (الله

---

[1] تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر!) مۇجاھىدنىڭ جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغۇچى ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ كاتتىلىقىدىندۇر چۈنكى مۇجاھىد ئولتۇرۇپ قالغۇچىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ نائىبى ھېسابلىنىدۇ، مۇجاھىدنىڭ جىھادقا چىقىشى بىلەن پەرز جىھاد ئۇنىڭدىن ساقىت بولىدۇ ۋە مۇجاھىد ئۆز جېنى بىلەن ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇجاھىدنىڭ ئائىلىسىگە خىيانەت قىلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! ئۇنىڭ مۇجاھىدنىڭ ئائىلىسىگە قىلغان خىيانىتى بولسا ئۆز قوشنىسىنىڭ ئەھلىگە قىلغان خىيانىتىدىن كاتتىدۇر». [1]

※ ※ ※

[1] ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىمىينىڭ «كتاب المنهاج في شعب الإيمان» ناملىق كىتابى 2- توم 475- بەت.

# 12 ـ باب

## مۇجاھىدلار بىلەن ھەمكارلىشىش، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشنىڭ پەزىلىتى

98. سەھل ئىبنى ھەنىف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللّٰه يولىدىكى بىر مۇجاھىد ياكى بىر غازىنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم بەرسە ۋە ياكى مەلۇم مىقدار پۇل بەدىلىگە ئازاد بولىدىغان قۇلنىڭ قەرزىدە ياردەم بەرسە، ھېچبىر سايە يوق كۈندە اللّٰه ئۇنى ئۆز سايىسىدا سايىدىتىدۇ».[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭ ئۈچۈن، اللّٰه يولىدىكى مۇجاھىدقا بىر قامچىنى تەييارلاپ بېرىشىم مەن ئۈچۈن پەرز ھەجدىن كېيىن قىلىنغان (نەفلە) ھەجدىن سۆيۈملۈكتۇر».[2]

99. ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سەدىقىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولسا، اللّٰه يولىدا تىككەن چېدىرنىڭ سايىسى، اللّٰه يولىدىكى مۇجاھىدقا قىلغان خىزمەت ياكى قورامىغا يەتكەن بىر تۆگىنى اللّٰه يولىدا سەرپ قىلىشتۇر».[3]

بۇ ھەدىس كىشىلەرنى مۇجاھىدلارغا ياردەم بېرىشكە تەرغىب قىلغان بولۇپ، سايە چۈشىدىغان چېدىر تىكىپ بېرىش، اللّٰه يولىدىكى مۇجاھىدقا قىلغان خىزمەت ياكى مۇجاھىدقا ئۈچ ياشتىن ئاشقان ئەركەك تۆگىنى تەييارلاپ بېرىش بولسا اللّٰه نىڭ ھۇزۇرىدا سەدىقىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ھېسابلىنىدۇ.

100. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ غازاتقا چىقماقچى بولۇپ: «ئى مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار! سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ نە مال ـ مۈلكى، نە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يوق. شۇڭا ھەر بىرىڭلار ئۇلاردىن ئىككى ياكى ئۈچ كىشىنى ئۆزىگە قوشۇۋالسۇن» دېدى. ھېچكىم ئۇلىغىغا يالغۇز مىنەلمەيتتى، بىر نەچچەيلەن بىر ئۇلاغقا نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. مەنمۇ ئۆزۈمگە ئىككى ياكى ئۈچ كىشىنى قوشۇۋالغان ئىدىم، ئۆز

[1] ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان.
[2] تەبرانى توپلىغان.
[3] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

تۆگەمگە پەقەت ئۇلارغا ئوخشاش مىنىش نۆۋىتىم كەلگەندىلا مىنەلەيتتىم.[1]

موئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ يولىدا ماڭغان ھەمراھلىرىمنى ئۇزىتىپ چىقىشىم، ئۇلارنىڭ ئېگەر-جابدۇقلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇشۇم ۋە ئۇلارنىڭ ئات-ئۇلاغلىرىنى تەييارلاپ بېرىشىم مەن ئۈچۈن ئون قېتىم نەفلە ھەج قىلغاندىنمۇ سۆيۈملۈكراقتۇر».

بىلال ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «ئامىر ئىبنى ئابدۇقەيسنى رۇم زېمىنىدا قېچىر ئۈستىدە جىهاد قىلىۋاتقان ھالىتىدە كۆرگەن كىشىلەرنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ قېچىرغا ئۆزىنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە مىنەتتى ۋە ھەمراھلىرىنىمۇ نۆۋەتلىشىپ مىندۈرەتتى. ئامىر ئىبنى ئابدۇقەيس غازاتقا چىققاندا ئۆزىگە جىهادتا بىرگە بولىدىغان ھەمراھ ئىزدەيتتى. قاچانكى مۇۋاپىق ھەمراھلارنى كۆرسە، ئۇلارغا: <ئى خالايىق! مەن سىلەر بىلەن جىهادقا چىقىمەن لېكىن مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار، شۇنىڭغا كۆنسەڭلار مەن سىلەر بىلەن جىهاد قىلىمەن> دەيتتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن: <نېمە شەرت؟> دەپ سورىسا، ئۇ: <بىرىنچى، مەن سىلەرنىڭ خىزمەتكارىڭلار بولىمەن، ھېچكىم مەندىن خىزمەتكارلىقنى تالاشمايدۇ؛ ئىككىنچى، مەن سىلەرنىڭ مۇئەززىنىڭلار بولىمەن، ھېچكىم ئەزان توۋلاشنى مەندىن تالاشمايدۇ؛ ئۈچىنچى، تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە سىلەرگە خەير-ئېهسان قىلىمەن> دەيتتى»[2].

سەلەف سالىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ خىسلەتلىرى مانا شۇنداق ئىدى. ئۇلار جىهادقا چىقسا، ھەمراھلىرىنىڭ خىزمەتكارى بولۇشقا، تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا، تاپقان نەرسىلىرىنى خەير-ئېهسان قىلىشقا، ئەگەر تاپالمىغان تەقدىردىمۇ ئامال بار ئۇلارنى تەسىرلەندۇرۇشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى الله تىن ئەجىر ئۈمىد قىلىپ ۋە رازىلىقىنى تەلەپ قىلغانلىقى ھەمدە ئۇ ئەمەللەرنىڭ ساۋابىغا ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى.

ئەبۇ جەھم ئىبنى ھۇزەيفە ئەدەۋى مۇنداق دەيدۇ: مەن يەرمۇك كۈنى تاغامنىڭ ئوغلىنى ئىزدەپ (جەڭ مەيدانىغا) كىردىم، مەندە بىر سۇ تۇلۇمى بار ئىدى. مەن:

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2- توم 178-، 179- بەتلەر.

«ئەگەر ئۇ يارىلانغان بولسا ئۇنىڭغا ئىچكۈزىمەن» دېدىم. (ئۇنى تېپىپ) يۈزىنى سىلىدىم، ئاندىن ئۇنىڭغا: «سۇ ئىچەمسەن؟» دېسەم، ئۇ: «ھەئە» دەپ ئىشارەت قىلدى. تۇيۇقسىز بىر كىشىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، تاغامنىڭ ئوغلى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشىمغا ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېرىندىشى ھىشام ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەن. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «سۇ ئىچەمسەن؟» دېسەم، سۆزۈمنى يەنە بىرسى ئاڭلاپ: «ئاھ، ئاھ!» دېدى. ھىشام مېنى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشىمغا ئىشارەت قىلدى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىشىمگە ئۇ ئۈشتۈمتۇت جان ئۈزدى؛ ئاندىن ھىشامنىڭ قېشىغا بارسام، ئۇمۇ جان ئۈزۈپتۇ؛ ئاندىن تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ يېنىغا بارسام، ئۇمۇ جان ئۈزۈپتۇ. الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن![1]

قېرىندىشىم، ئۇلارغا بىر نەزەر تاشلىغىن! ئۇلار ئەنە شۇنداق ھايات ـ ماماتلىق دەقىقىلەردىمۇ باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئارتۇق كۆرەتتى، ئۆزى سۇغا شۇنچىلىك تەشنا بولۇپ تۇرغاندىمۇ كەڭ قورساقلىق ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەقدىم قىلىش بەدىلىگە سۇنى باشقا قېرىنداشلىرىغا ئۆتۈنۈپ بەردى. ئۇلار ئەنە شۇنداق قۇربانلىقلىرى بىلەن الله رازىلىقىغا لايىق بولغانىدى. (ئى الله! بىزنىمۇ شۇلارغا ئەگەشكىلى نېسىپ قىلغىن.)

## مۇجاھىدلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ۋە ئۇلار بىلەن خوشلىشىش

101. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر قوشۇننى تەييارلاپ، ئۇلار بىلەن بەقىيئۇلغەرقەد دېگەن يەرگىچە بىرگە ماڭدى. ئاندىن ئۇلارغا: «الله نىڭ ئىسمى بىلەن (بىسمىللاھ دەپ) مېڭىڭلار. ئى الله! بۇلارغا ياردەم بەرگىن» دېدى.[2]

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا قوشۇن ئەۋەتىپ، يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە ماڭدى. يەزىد ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «يا ئاتقا مىنىۋالغىن، ياكى مەن چۈشۈپ ماڭىمەن» دېگەنىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «سەن ئاتتىن چۈشمىگىن، مەنمۇ ئاتقا مىنمەي. مەن الله

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1ـ توم 132ـ بەت، «تفسير القرطبي» 18ـ توم 28ـ بەت.

[2] ئەھمەد، تەبرانى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «ئىسنادى ھەسەن» دېگەن.

يولىدىكى بۇ قەدىمىم بىلەن ئەجىر ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.[1]

102. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: بىر قېتىم مەن غازاتقا چىققان ۋاقىتتا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنى ئۇزىتىپ قويدى. خوشلىشىدىغان ۋاقىتتا ئۇ: «مەندە سىلەرگە بەرگۈدەك نەرسە يوق لېكىن مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: ‹ئەگەر الله قا بىرەر نەرسە ئامانەت قويۇلسا، الله ئۇنى ساقلاپ بېرىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلار، ئامانىتىڭلار ۋە ئەمىلىڭلارنىڭ تۈگەنچىسىنى الله قا ئامانەت قىلىپ تاپشۇردۇم» دېدى.[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى ئۆز ھەمراھىغا: ‹بىز بىلەن مالىڭ! پالانى غازىنى ئۇزىتىپ قويىمىز› دېسە، الله تائالا: ‹بۇ سۆزنى ئېيتقۇچى ۋە ئېيتىلغۇچىغا خۇش مۇبارەك بولسۇن!› دەيدۇ».[3]

103. سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبۇك غازىتىدىن قايتقىنىدا، بىز ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كىچىك باللار بىلەن بىللە سەنىيەتۇلۋەدائ دېگەن يەرگە باردۇق».[4]

※ ※ ※

[1] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان. ئىمام مالىك «الموطأ» ناملىق كىتابىنىڭ 2- توم 447- بېتىدە ھەم نەقىل قىلغان.

[2] نەسائى ۋە بەيھەقى توپلىغان.

[3] بەيھەقى توپلىغان.

[4] بۇخارى توپلىغان.

# 13 ـ باب

## ئاتنىڭ پەزىلىتى، ئۇنى جىھاد نىيىتى بىلەن بېقىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىراجەت قىلىش ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ لَا تَعْلَمُونَهُمُ اللَّهُ يَعْلَمُهُمْ وَمَا تُنْفِقُوا مِنْ شَيْءٍ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يُوَفَّ إِلَيْكُمْ وَأَنْتُمْ لَا تُظْلَمُونَ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر. ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ. سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچنەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)».[①]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحًا ۞ فَالْمُورِيَاتِ قَدْحًا ۞ فَالْمُغِيرَاتِ صُبْحًا ۞ فَأَثَرْنَ بِهِ نَقْعًا ۞ فَوَسَطْنَ بِهِ جَمْعًا ۞﴾ «(غازىلارنىڭ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىدا) ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى، (قاتتىق يۈگۈرگەنلىكتىن) تۇۋاقلىرىدىن ئوت چىقارغۇچى، ئەتىگەندە (دۈشمەن ئۈستىگە) باستۇرۇپ كىرگۈچى، (قاتتىق چاپقانلىقتىن) توپا ـ چاڭ چىقارغۇچى، شۇ توپا ـ چاڭ بىلەن دۈشمەن توپى ئىچىگە كىرىپ كەتكۈچى ئاتلار بىلەن قەسەمكى [1ـ5]».[②]

ئىبنى ئابباس، مۇجاھىد، ئىكرىمە، قەتادە ۋە ئۇلاردىن باشقىلار ئايەتتە قەسەم قىلىنغان ﴿وَالْعَادِيَاتِ ضَبْحًا﴾ «ھاسىراپ يۈگۈرگۈچى (ئاتلار)»نىڭ بولسا، مۇجاھىدلار ئۇنىڭ ئۈستىدە غازات قىلىپ، دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىدىغان ئاتلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

بىلگىنكى، جىھادقا تەييارلانغان ئاتنىڭ ناھايىتى كاتتا پەزىلەتلىرى باردۇر.

(1) كىمكى بىرەر ئۇلاغنى جىھاد نىيىتى بىلەن باقسا، ئۇنىڭ توقلۇقى، ئاچلىقى، سۇغا قېنىشى، ئۇسسۇزلۇقى، سۈيدۈكى، تېزىكى، يېگەن ـ ئىچكىنى ۋە باسقان قەدەملىرى قىيامەت كۈنى ياخشىلىق تارازىسىدا تارتىلىدۇ.

---

[①] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەت.
[②] سۈرە ئادىيات 1 ـ ئايەتتىن 5 ـ ئايەتكىچە.

104. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله قا ئىمان ئېيتقان ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ھالدا الله يولىغا (يەنى جىھادقا) ئاتاپ ئات باقسا، ئۇ ئاتنىڭ يەپ-ئىچكىنى، تېزەكلىگىنى ۋە سىيگەنلىرىدىن تارتىپ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىق تارازىسىغا سېلىپ تارتىلىدۇ».①

105. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئات ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇ بەزىلەر ئۈچۈن گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ، بەزىلەر ئۈچۈن دوزاخقا پەردە بولىدۇ، يەنە بەزىلەرگە ساۋاب ئېلىپ كېلىدۇ. ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدىغان ئات بولسا، ئۇ كىشى ئاتنى رىيا، مەنمەنچىلىك قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش ئۈچۈن بېقىلغان ئاتتۇر. دوزاخقا پەردە بولىدىغان ئات بولسا، جىھادتىن باشقا ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بېقىلغان، ئىگىسى ئۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ۋە ئۆز گەدىنىدىكى الله نىڭ ھەققىنى ئۇنتۇمىغان ئاتتۇر. ئىگىسىگە ساۋاب ئېلىپ كېلىدىغان ئات بولسا، ئەھلى ئىسلام ئۈچۈن الله يولىدا بىرەر يايلاق ياكى بىرەر باغقا باغلاپ قويۇلغان ئاتتۇر. ئۇنىڭ يايلاق ياكى باغدىن يېگەن ئوتلىرى ياكى تېزەكلىگەن تېزەكلىرى ۋە ياكى سىيگەن سۈيدۈكلىرى مىقدارىدا نۇرغۇن ساۋاب بېرىلىدۇ. ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېلىپ ئۇياق-بۇياققا يۈگۈرگەن ۋاقىتتا دەسسىگەن ھەربىر قەدىمى ۋە تېزەكلىگەن ھەربىر تېزىكىگىمۇ الله نۇرغۇن ساۋابلارنى يازىدۇ. ئىگىسى ئۇنى مىنىپ ئېرىقتىن ئۆتكەندە، گەرچە ئىگىسىنىڭ ئۇنى سۇغۇرۇش نىيىتى بولمىغان ھالەتتە ئۇ ئېرىقتىن ئۆزى ئىچىۋالغان ھەربىر يۇتۇم سۇ ئۈچۈنمۇ الله نۇرغۇن ساۋاب يازىدۇ».②

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئىگىسى ئۇنى مىنىپ ئېرىقتىن ئۆتكەندە، گەرچە ئىگىسىنىڭ ئۇنى سۇغۇرۇش نىيىتى بولمىغان ھالەتتە ئۇ ئېرىقتىن ئۆزى ئىچىۋالغان ھەربىر يۇتۇم سۇ» دېگەن سۆزى، ئاتنىڭ ئىگىسى ئاتنى سۇغۇرۇشنى نىيەت قىلمىغان ھالەتتە يېگەن-ئىچكىنى ئۈچۈن ئىگىسىنىڭ ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا، الله نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋابنى نىيەت قىلىپ سۇغارغان كىشىنىڭ ئەجرى قانچىلىك كاتتا بولار؟!

---

① بۇخارى توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

(2) كىمكى الله يولىدا بىر ئات باقسا، ئات قىيامەت كۈنى ئىگىسى ئۈچۈن دوزاخقا پەردە بولىدۇ.

(3) كىمكى الله يولىدا بىر ئات باقسا، ئۇ كېچە-كۈندۈز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مال سەرپ قىلغان كىشى بىلەن باراۋەر بولىدۇ. ئۇلار رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

(4) ئات ئۈچۈن مال سەرپ قىلغۇچى، قولىنى سەدىقە قىلىشتىن يۇمۇۋالماي (بېخىللىق قىلماي)، ھەر ۋاقىت خەير-ئېھسان قىلىپ تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ.

106. ئەبۇ كەبشە ئەنمارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كۆكۈلا چېچىغا ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر، ئىگىسى بۇ ئات سەۋەبلىك (الله نىڭ ياردىمىگە) ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭغا مال سەرپ قىلغۇچى سەدىقە ئۈچۈن قولىنى ئېچىۋەتكەن (يەنى توختىماي خەير-ئېھسان قىلىپ تۇرىدىغان) كىشىگە ئوخشايدۇ».[1]

(5) ئاتقا مال سەرپ قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن، الله ئاتنىڭ ئىگىسىگە ياردەم بېرىدۇ.

107. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كۆكۈلا چېچىغا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق ۋە غەنىيمەت پۈتۈلگەن. ئۇنىڭ كۆكۈلىسىنى سىيلاڭلار، (الله تىن) ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەڭلار!»[2]

(6) ئاتنىڭ كۆكۈلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقى پۈتۈلگەندۇر. ئاتتا نۇرغۇن ياخشى خىسلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەبلەر ئاتنى «ياخشىلىق» دەپ ئاتىدى.

108. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بارماقلىرى بىلەن ئېتىنىڭ كۆكۈلىسىنى سىيلاپ تۇرۇپ: «ئاتنىڭ كۆكۈلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر ۋە غەنىيمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر» دېگەنلىكىنى كۆرگەنىدىم.[3]

109. ئۇرۋە بارىقىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

---

[1] تەبرانى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] مۇسلىم توپلىغان.

مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ كۆكۈلىسىغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر ۋە غەنىيمەتتىن ئىبارەت ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر». ①

ئۇرۋە بارىقىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇشبۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان شەبىيب ئىبنى غەرقەد مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھويلىسىدا جىھاد ئۈچۈن تەييارلانغان 70 ئاتنى كۆردۈم». ②

يۇقىرىقى ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن نۇرغۇن ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇلار: جەرىر بەجەلىي، ئۇرۋە بارىقىي، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ زەر غىفارى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس، ئەبۇ سەئىد خۇدرى، ئەنەس ئىبنى مالىك، بەرائ ئىبنى ئازىپ، ئەبۇ ئۇمامە باھىلى، مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە، سەۋادە ئىبنى رابىئ، سەلەمە ئىبنى نۇفەيل، ئۇتبە ئىبنى ئابدۇ سەلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردۇر.

(7) رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچۈن ئاياللىرىدىن كېيىنكى ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسە ئاتتۇر.

110. مۇئەققەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچۈن ئاياللاردىن قالسا ئاتتىنمۇ سۆيۈملۈكرەك نەرسە يوق ئىدى. ③

ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەيلى ئۆزىنىڭ ئېتى بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ئېتى بولسۇن، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرۈش سۈننەتتۇر.

(8) ئات ئۆز ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس چۈنكى ئۇ اللە قا ئۆزىگە خاس بولغان ھالەت بىلەن دۇئا قىلىدۇ. ئات ئۆزىدىن باشقا مىنىلىدىغان ھايۋانلاردىن ئەقىل-ئىدراكىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە تەربىيىنى تېز قوبۇل قىلىشى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

111. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئەرەب ئېتى ئۈچۈن ھەر سەھەر ۋاقتىدا مۇنداق ئىككى دۇئا قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن: ئى اللە ! مېنى مۇشۇ ئادەم بالىسىنىڭ مۈلكى قىلدىڭ، شۇڭا مېنى ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە مال-مۈلكىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى قىلغىن». ④

ئىبنى مۇبارەك سۇدىيدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەمر ئىبنى ئۇتبە

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم تويلىغان.

② «تفسير القرطبي» 8- توم 36- بەت؛ ئىبنى ھەجەرنىڭ «فتح الباري» ناملىق كىتابى 6- توم 632- بەت.

③ نەسائى توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

④ نەسائى، ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئىبنى فۇرقەد جىھادقا ماڭغاندا تۆتمىڭ دىنارغا بىر ئات سېتىۋالدى. كىشىلەر ئاتنىڭ باھاسىنى قىممەت كۆرۈپ ئۇنىڭغا مالامەت قىلغانىدى، ئۇ ئۇلارغا: ‹ئاتنىڭ دۈشمەن تەرەپكە قاراپ باسقان ھەربىر قەدىمى مەن ئۈچۈن 4000 دىناردىن سۆيۈملۈك› دېدى». ①

ئەمر ئىبنى ئۇتبە كۇفە شەھىرىدىكى تابىئىنلارنىڭ كاتتىلىرىدىن، مۇجاھىد ۋە شەھىدلىرىدىن بولۇپ، زاھىد كىشى ئىدى. ئۇ بىر قېتىملىق جىھادتا شاھادەتكە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ غازاتقا چىققاندا، ھەمراھلىرىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇشنى شەرت قىلاتتى.

ئەئمەش مۇنداق دەيدۇ: «ئەمىر ئىبنى ئۇتبە ئىبنى فۇرقەد مۇنداق دېگەن: ‹مەن الله تائالادىن مېنى دۇنيادا زاھىد قىلىشىنى سورىغانىدىم، مېنى زاھىد قىلدى، دۇنيا ماڭا ئالدىنى قىلسۇن ياكى ئارقىسىنى قىلسۇن پەرۋايىم يوق؛ الله تائالادىن ماڭا ناماز ئۈچۈن قۇۋۋەت بېرىشىنى سورىغانىدىم، ماڭا قۇۋۋەت ئاتا قىلدى؛ مەن يەنە ئۇنىڭدىن شاھادەتنى سورىدىم، ئۇنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن›».

ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: بىز قوشۇن بىلەن جىھادقا چىقتۇق، ئەمر ئىبنى ئۇتبە ھەم بىز بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا بىر يېڭى ئاق تون كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇ: «بۇ تونىنىڭ ئۈستىگە قان ئاققان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!؟» دېدى. جەڭنىڭ كەسكىن پەيتىدە، دۈشمەن تەرەپتىن ئېتىلغان بىر تاش ئۇنىڭغا تېگىپ بېشىنى يېرىۋەتتى، بېشىدىن ئاققان قان ئۇنىڭ تونىغا تۆكۈلدى ۋە ئۇ الله تائالاغا شاھادەت بىلەن ئۇچراشتى.

(9) الله يولىدا ئات باققان كىشى ئەجىرگە ئېرىشىدۇ چۈنكى ئۇ الله ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ﷺ نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان بولىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى قورقۇتىسىلەر». ②

112. ئەبۇ ۋەھەب جۇشەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

① ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2- توم 134-، 135- بەتلەر.

② سۈرە ئەنفال 60- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئات بېقىڭلار، پېشانىسىنى ۋە ساغرىسىنى سىلاڭلار، بوينىغا بىر نەرسە ئېسىپ قويۇڭلار ئەمما تارا ئاسماڭلار!»[1]

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەبلەر ئاتلىرىغا تارىلارنى ئېسىپ، ئۇنى <كۆز تېگىشتىن ساقلايدىغان تۇمار> دەپ ئېتىقاد قىلاتتى، شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاتلارنىڭ بوينىغا تارىلارنى ئېسىشتىن توسقانىدى».[2]

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاتلىرىنىڭ ئىسىملىرى

1. سەكب (يورغا). بۇ ئاتنىڭ ئۈچ پۇتى قاشقىلىق، بىر پۇتى ئۆز رەڭگىدە بولۇپ، چىلانتورۇق ئىدى. بۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ تۇنجى ئىگە بولغان ئات بولۇپ، بىر ئەئرابىدىن ئون ئۇقىيىگە (يەنى 120 دەرھەمگە) سېتىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئات بىلەن تۇنجى بولۇپ ئوھۇد غازىتىغا قاتناشقان.

2. ئەلمۇرتەجىز (شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغۇچى). بۇ ئات خۇددى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغاندەك گۈزەل كىشنىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

3. ئەللەھىيب (يۆگىگۈچى). بۇ ئاتنىڭ قۇيرۇقى توم بولغانلىقى ئۈچۈن «يۆگىگۈچى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە فەرۋە ئىبنى ئەمر جۇزامى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىيە قىلغان.

4. لەززاز (چاپلاشقۇچى). بۇ ئات نىشانغا تېز يېتىپ بارغانلىقى ئۈچۈن «چاپلاشقۇچى» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مۇقەۋقىس ھەدىيە قىلغان.

5. ئەززارب (بەستلىك). ئۇ ئات كۆچتۈڭگۈر ۋە بەدىنى مۇستەھكەم بولغانلىقى ياكى سېمىز ۋە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن «بەستلىك» دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتنى ھەم فەرۋە ئىبنى ئەمر جۇزەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىيە قىلغان.

6. ئەلۋەرد (گۈل). بۇ ئاتنىڭ رەڭگى قىزىل تورۇق بىلەن سېرىق ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ ئاتنى تەمىم دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىيە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىيە قىلغانىدى.

7. سەبەھە (يۈگۈرەك). بۇ، ئەرەبلەرنىڭ «يۈگۈرەك ئات» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ئات چاپقاندا ئالدى ئىككى پۇتىنى تولىمۇ گۈزەل

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ناملىق كىتابى 2- توم 937- بەت.

ھەرىكەتلەندۈرەتتى.

يۇقىرىقى يەتتە ئاتنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئالىملار ئىتتىپاقتا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەڭ كۆپ مىنىدىغىنى بىرىنچى ئات «سەكب» ئىدى.

يۇقىرىقى يەتتە ئاتتىن باشقىسى ھەققىدە ئالىملار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بار. بىر رىۋايەتتە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر ئالا ئېتى بار ئىدى دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، زۇلئۇقال، زۇللەممە، ئەلمۇرتەجىل، ئەلمۇراۋىھ، ئەسسەرھان، ئەلىيەئسۇب، ئەلىيەئبۇب، ئەلمەندۇب، ئەلبەھر، ئەننەجىب دېگەن ئاتلىرى بار ئىدى. بۇ ئاتلار ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپلاشقان. بۇ بابتىن چىقىدىغان خۇلاسە شۇكى، ئاتقا ئىسىم قويۇشتا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىشتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۇلدۇل، فىددا ۋە شەھبائ ئىسىملىك قېچىرلىرى بار بولۇپ، شەھبائ ئىسىملىك قېچىرنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەيلە قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ھەدىيە قىلغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يەنە تۆتىنچى بىر قېچىرى بار بولۇپ، بۇنى دەۋمەتۇل جەندەل دېگەن ئورۇننىڭ ئاقساقىلى ھەدىيە قىلغان.

※ ※ ※

# 14 ـ باب

## ئاتقا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەشنىڭ پەزىلىتى

تەمىم ئىبنى ئەۋس دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەيتۇلمۇقەددەسكە ئەمىر ئىدى. رەۋھ ئىبنى زىنباڭ ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەھلى ـ باللىرى ۋە خىزمەتچىسى بىللە بىللە ئىتى ئۈچۈن ئارپا تازىلاۋاتقىنىنى كۆردى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىتىنى ھۆرمەتلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى.

ئاتنىڭ كۆكۈلا چېچىغا ياخشىلىق ۋە بەرىكەت پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈن، تەمىم ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتنىڭ كۆكۈلا چېچىنى كېسىۋېتىشنى يامان كۆرەتتى.

113. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەرىكەت ئاتنىڭ كۆكۈلىسىدا».[①]

114. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئات سېتىۋالماقچى ئىدىم، قانداق ئاتنى سېتىۋالسام بولار؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۆزى قارا، ئۈستى كالپۇكىدا ئاقلىق بار، ئاق قاشقىلىق ۋە ئالدى ئوڭ پۇتىدا ئاقلىق يوق ئاتنى سېتىۋالغىن ياكى مۇشۇ ئالامەتتىكى قىزىل توروق ئاتنى سېتىۋالغىن، غەنىيمەت ئالىسەن ۋە سالامەت بولىسەن» دېدى.[②]

115. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ ياخشىسى چىلانتورۇقتۇر».[③]

116. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ رەڭگى چاپراس ئاتلارنى ياخشى كۆرمەيتتى. چاپراس دېگەندە، ئوڭ ئارقا پۇتى بىلەن سول ئالدى پۇتى ياكى ئوڭ ئالدى پۇتى بىلەن سول ئارقا پۇتى ئاق بولغان ئاتلارنى كۆرسىتىدۇ.[④]

※ ※ ※

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[②] دارىمى توپلىغان، ھەيسەمى «ھەسەن» دېگەن.
[③] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[④] مۇسلىم توپلىغان.

# 15 ـ باب

## مۇجاھىد ۋە مۇرابىتنىڭ[1] روزا ۋە نامازلىرىنىڭ پەزىلىتى

117. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، شۇ بىر كۈننىڭ سەۋەبى بىلەن الله ئۇنىڭ يۈزىنى دوزاختىن يەتمىش يىللىق يىراق قىلىدۇ». [2]

سەلەف سالىھلارنىڭ كۆپىنچىسى جىھادتا روزا تۇتاتتى. ئۇلار الله نىڭ دەرگاھىدىن ئەجىر ئۈمىد قىلىپ، الله نىڭ رازىلىقىنى تىلەپ ھەمدە ئۇنىڭ بېھىساب ساۋابىغا قىزىقىپ روزىسىنى بۇزماي ئۈرۈش قىلاتتى. تۆۋەندە ئۇلاردىن بەزىلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

1. ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن يەمامە جېڭىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەخرەمە ۋە ئەبۇ ھۇزەيفىنىڭ ئازاد گەردىسى سالىم بىلەن بىللە بولدۇم. ئىچىمىزدىن ھەر بىرەيلەن بىر كۈندىن كۆزەتچىلىك قىلاتتۇق، جەڭ بولغان كۈنى كۆزەتچىلىك قىلىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن جەڭ مەيدانىغا كېلىپ ئابدۇللاھ ئىبنى مەخرەمەنى ئېغىر يارىلانغان ھالىتىدە كۆردۈم. ئۇنىڭ ھاياتى ئاخىرقى مىنۇتلىرىغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇ شۇ ۋاقىتتا روزىدار ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ: «ئىپتار ۋاقتى بولدىمۇ؟» دېدى. مەن: «ياق تېخى» دېسەم، ئۇ: «ماڭا بۇ قاچىدا سۇ ئېلىپ كەلگىن، كۈن پاتقان چاغدا ئىپتار قىلىمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭغا سۇ بېرىپ، بىرئازدىن كېيىن قېشىغا قايتا كەلسەم، ئۇ ئالللىبۇرۇن جان ئۈزۈپ بولۇپتۇ. [3]

2. «ئەيناﺋ» ئىسىملىك ھۆر بىلەن مۇڭداشقان ياش مۇجاھىد يىگىت.

سابىت بۇنانى مۇنداق دەيدۇ: مەلۇم بىر زاماندا، ياشلىقىدا نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان بىر يىگىت شەھىدلىكنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ لېكىن

---

[1] مۇرابىت — ئىسلام زېمىنلىرىنى قوغداپ الله يولىدا رىباتتا تۇرغۇچى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 316 ـ بەت.

جەڭدىن دائىم سالامەت چىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «مەن شەھىدلىكنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلغان بولساممۇ نېسىپ بولمىدى، ئەگەر بۇ قېتىم ئۆيگە قايتسام چوقۇم ئۆيلىنىمەن» دېدى.

چۈشلۈك ئارام ئېلىش ۋاقتىدا ئۇ يىگىت بىر چېدىردا ئۇخلاۋاتاتتى. ھەمراھلىرى ئۇنى پېشىن نامىزىغا ئويغاتقانىدى، ئۇ ئويغىنىپ يىغلاپ كەتتى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا بىرەر مۇسىبەت يەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدى. يىگىت ئۇلارغا: «ماڭا ھېچ ئىش بولمىدى، چۈشۈمدە بىر كىشى كېلىپ، ماڭا: ‹ئايالىڭ "ئەيناۇ" نىڭ قېشىغا يۈر› دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. بىز بىر ئاپئاق ۋە پاكىز زېمىندا ماڭدۇق ۋە بىر باغقا يېتىپ كەلدۇق، مەن ئۇنىڭدەك گۈزەل باغنى ھېچبىر كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئۇ باغدا 10 قىزچاق بار بولۇپ، مەن ئۇلاردەك گۈزەل قىزلارنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. مەن ئۇلاردىن بىرەرىنىڭ "ئەيناۇ" بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ: ‹سىلەرنىڭ قايسىڭلار "ئەيناۇ" بولىسىلەر؟› دەپ سورىسام، ئۇلار: ‹ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا، بىز ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى› دەپ جاۋاب بەردى. مەن ھەمراھىم بىلەن مېڭىپ، يەنە بىر باغقا كېلىپ قالدۇق. بۇ باغ ئىلگىرىكىدىنمۇ گۈزەل ئىدى. بۇ باغدا ئىلگىرىكى 10 قىزدىنمۇ گۈزەل 20 قىزچاقنى ئۇچراتتىم. مەن ئۇلاردىن بىرەرىنىڭ ھۆر "ئەيناۇ" بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ: ‹قايسىڭلار "ئەيناۇ" بولىسىلەر؟› دەپ سورىسام، ئۇلار: ‹ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا، بىز ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى› دېدى. مەن يەنە 30 قىزچاق بىلەن ئۇچرىشىپ، ئالدىدىكى قىزلار بىلەن دېيىشكەن گەپلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، ئاندىن قىزىل ياقۇتتىن ياسالغان، ئىچى كاۋاك بىر قەسىرگە يېتىپ كەلدىم، ئۇنىڭ نۇرى ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ھەمراھىم ماڭا: ‹كىرگىن› دېدى، مەن قەسىرگە كىرىپ قارىسام، ئىچىدە شۇنچىلىك بىر گۈزەل قىز بار ئىدىكى، ئۇنىڭ نۇرى ئالدىدا قەسىرنىڭ نۇرى خىرەلىشىپ قالاتتى. ئىككىمىز بىر-بىرىمىز بىلەن بىر سائەتچە مۇڭداشتۇق. ئاندىن ھەمراھىم: ‹ماڭ، قايتىمىز› دېدى. مەن ئۇنىڭ كېيىگە قارشى چىقالماي ئورنۇمدىن تۇردۇم. قىزچاق مېنىڭ پېشىمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: ‹كەچتە مېنىڭ قېشىمدا ئىپتار قىلىڭ!› دېدى. سىلەر مېنى ئويغاتقاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يىغلاپ كەتتىم» دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاتقا مىنىش نىداسى چاقىرىلدى. جەڭ قىزىپ كەتتى.

مۇجاھىدلار دۈشمەنلەر بىلەن تاكى كۈن پاتقىچە جەڭ قىلدى. كۈن پېتىپ، ئىپتار ۋاقتى بولدى؛ ھېلىقى روزىدار مۇجاھىد يىگىت شەھىد بولغان ھالدا اللە قا ئۇچراشتى. [1]

اللە يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ ئىبادىتى مەيلى روزا، ناماز، قۇرئان تىلاۋىتى، اللە نى زىكىر قىلىش، اللە قا تەسبىھ ئېيتىش ۋە ياكى اللە قا تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىش بولسۇن، ئۇنىڭغا 700 ھەسسىگىچە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئەجىر بېرىلىدۇ.

※ ※ ※

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2- توم 144-، 145- بەتلەر.

# 16 ـ باب

## الله يولىدىكى رىباتنىڭ① پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا انسَلَخَ الأَشْهُرُ الْحُرُمُ فَاقْتُلُواْ الْمُشْرِكِينَ حَيْثُ وَجَدتُّمُوهُمْ وَخُذُوهُمْ وَاحْصُرُوهُمْ وَاقْعُدُواْ لَهُمْ كُلَّ مَرْصَدٍ﴾ «(ئۇرۇش قىلىش) ھارام قىلىنغان ئايلار ئۆتۈپ كەتكەندە مۇشرىكلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىرگە ئېلىڭلار، قورشاڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ وَرَابِطُواْ وَاتَّقُواْ اللّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! (تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا) سەۋر قىلىڭلار، (دۈشمەنلەرگە) زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن الله تىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)»③.

ئىبنى جەرىر تەبەرى ئۆز تەپسىرىدە ھەسەن بەسرىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «﴿اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ﴾ <ئى مۇئمىنلەر! (تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا) سەۋر قىلىڭلار، (دۈشمەنلەرگە) زىيادە چىداملىق بولۇڭلار> دېگەن بۇ ئايەتتە، كاپىرلار تاكى ئۆز دىنلىرىدىن زېرىككەنگە قەدەر مۇسۇلمانلار چىدامچانلىقتا ئۇلار بىلەن بەسلىشىشكە بۇيرۇلدى»④.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى بۇ ئايەتنى مۇنداق شەرھلىدى: «مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار تاكى ئۆز دىنىنى تەرك ئېتىپ سىلەرنىڭ دىنىڭلارغا كىرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار!»⑤.

ئەزھەري «تهذيب اللغة» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ: ﴿وَرَابِطُواْ﴾ <(چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار> دېگەن سۆزى ئىككى خىل بۇيرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

---

① رىبات — جەڭنى كۈتۈپ تەييار تۇرۇش.

② سۈرە تەۋبە 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە ئال ئىمران 200 ـ ئايەت.

④ «تفسير الطبري» 7 ـ توم 502 ـ بەت.

⑤ «تفسير الطبري» 7 ـ توم 502 ـ بەت.

1. سىلەر دۈشمىنىڭلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ۋە ئات تەييارلاش بىلەن جىھادنى بەرپا قىلىڭلار.

2. سالىھ ئەمەللەرنى قىلىڭلار ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتا مۇستەھكەم بولۇڭلار».

108. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن سىلەرنى الله تائالا ئۇ ئارقىلىق خاتالىقىڭلارنى ئۆچۈرۈپ، دەرىجەڭلارنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان بىر ئەمەلگە باشلاپ قويايمۇ؟» دېگەنىدى، ساھابىلەر: «شۇنداق قىلغىن، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مۇشكۇل ئەھۋالدىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدكە كۆپ بېرىش ۋە بىر نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازنى كۈتۈش. مانا بۇلار الله يولىدىكى رىباتقا ئوخشاشتۇر» دېدى.[1] رەسۇلۇللاھ ﷺ يۇقىرىقى سالىھ ئەمەللەرنى، الله تائالانىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئات تەييارلاپ تۇرغان مۇرابىتلارغا ئوخشاش دەپ تىلغا ئالدى.

ئىمام قۇرتۇبى مۇپەسسىر ئىبنى ئەتىييەدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سۆزنىڭ توغرىسى، رىبات دېگىنىمىز الله تائالا يولىدا جەڭگە تەييار تۇرۇشتۇر، ئۇنىڭ ئاساسى ئات باغلاشتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ چېگرالىرىنى قوغداپ تۇرغان ھەربىر كىشى مەيلى ئاتلىق ياكى پىيادە بولسۇن مۇرابىت (يەنى رىباتتا تۇرغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ»[2].

ئىبنى قۇتەيبە مۇنداق دەيدۇ: «رىباتتا تۇرۇش ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئاتلىرىنى باغلاپ، دۈشمەنگە قارشى تەييارلىق كۆرۈپ رىباتتا تۇرىدۇ؛ كاپىرلارمۇ ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئاتلىرىنى باغلاپ، دۈشمىنىگە قارشى تەييارلىق كۆرۈپ جەڭگە تەييار تۇرىدۇ».

شۇنىڭ ئۈچۈن چېگرىدا تۇرۇش «رىبات» دەپ ئاتالدى.

ئىبنى رۇشد ئۆزىنىڭ «المقدمات» ناملىق كىتابىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا جىھادنى مۇشرىكلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش ئۈچۈن پەرز قىلدى، رىباتنى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى قوغداش ئۈچۈن پەرز قىلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى قوغداش مەن

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «تفسير القرطبي» 4- توم 323- بەت.

ئۇچۇن مۇشرىكلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن سۆيۈملۈكتۇر»[①].

بىلگىنكى، رىبات — ئىماننىڭ بىر تارمىقىدۇر ھەمدە الله تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىندۇر. الله تائالاغا يېقىنلىشىشتا، رىباتتا باشقا ئەمەللەردىن تېپىلمايدىغان كاتتا پەزىلەتلەر بار:

بىرىنچى، بىر كۈن جىھادنى كۈتۈپ رىباتتا تۇرۇش بولسا دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر.

119. سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «الله يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى بىر تال قامچا مىقدارىچىلىك ئورنى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر»[②].

دېمەك، بۇ ئىبادەت دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. «بۇنىڭ مەنىسى، ئەگەر بىر مۇسۇلمان دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئاندىن ئۇنى الله يولىدا سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئەمىلىدىن يەنىلا رىباتنىڭ ساۋابى يۇقىرى بولىدۇ لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ئۇنداق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن»[③].

ئىككىنچى، بىر كېچە-كۈندۈز رىباتتا تۇرۇش — بىر ئاي روزا تۇتۇش ۋە قىيامدا تۇرۇشتىن ياخشى، بىر ئاي رىباتتا تۇرۇش بولسا بىر ئۆمۈر ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقاندىن ياخشىدۇر.

120. سەلمان فارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كېچە-كۈندۈز رىباتتا تۇرۇش بىر ئاي (كۈندۈزى) روزا تۇتۇش ۋە (كېچىسى) قىيامدا تۇرۇشتىن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ رىباتتا ۋاپات تاپسا، ئۇنىڭغا قىلىپ كېلىۋاتقان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى داۋاملىق يېزىلىپ تۇرىدۇ، (جەننەتتىن) رىزقى يېتىپ تۇرىدۇ ھەمدە قەبرە پىتنىسىدىن[④] خاتىرجەم بولىدۇ»[⑤].

---

① «المقدمات» 1- توم 275- بەت.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ ئىمام نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13- توم 26-، 27- بەتلەر.

④ قەبرە پىتنىسى دېگىنىمىز، مۇنكىر-نەكىرنىڭ قەبرىدىكى بەندىدىن رەببى، دىنى ۋە پەيغەمبىرى ھەققىدە سورىشىدۇر — تەرجىماندىن.

⑤ مۇسلىم توپلىغان.

121. ئەبۇ دەرداء رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر ئاي رىباتتا تۇرۇش بىر ئۆمۈر روزا تۇتۇشتىن ياخشىدۇر. كىمكى الله يولىدا رىباتتا تۇرۇپ ۋاپات تاپسا، قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ قورقۇنچتىن خاتىرجەم بولىدۇ؛ ئۇنىڭغا جەننەتتىن رىزقى يېتىپ تۇرىدۇ؛ تاكى الله تائالا ئۇنى قايتا تىرىلدۈرگەنگە قەدەر، رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ ئەجرى ئۇنىڭغا داۋاملىق يېزىلىپ تۇرىدۇ».①

ئۇچىنچى، رىباتتا تۇرغۇچىدىن باشقا كىشىلەر ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئەملى توختاپ قالىدۇ ئەمما رىباتتا تۇرغۇچى رىبات مەيدانىدا ۋاپات بولسا، ئۇنىڭغا رىبات ۋە ئۇنىڭدىن باشقا سالىھ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرى تا قىيامەت كۈنىگىچە توختىماي يېزىلىپ تۇرىدۇ.

122. فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق كىشى ئۆلگەندە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئەجىر توختىتىپ قويۇلىدۇ ئەمما الله يولىدا رىباتتا تۇرغۇچى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇنىڭ ئەملىنىڭ ساۋابى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۆسۈپ بارىدۇ ھەمدە قەبرە پىتنىسىدىن خاتىرجەم بولىدۇ».②

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس — مېيىتنىڭ ساۋابى مەڭگۈلۈك داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى رىبات ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە ئىگىسى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ساۋابى داۋاملىشىپ تۇرىدىغان ئەمەللەردىن خەۋەر بەرگەن.

123. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: <ئەگەر ئىنسان ۋاپات بولسا ئۈچ خىل ئەملىدىن باشقا ئەملىنىڭ ئەجرى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ: ساۋابى ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقە، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئۆزىگە دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنتنى تەربىيىلەپ قويۇش>③.

ساۋابى ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقىنىڭ تۈگىشى، ئىلىمنىڭ كېتىپ قېلىشى ۋە پەرزەنتىنىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئۇ ئۈچ خىل ئەمەلنىڭ ساۋابىمۇ

① تەبرانى توپلىغان ، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن .
② ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ مۇسلىم توپلىغان.

ئۆزۈلۈپ قالىدۇ ئەمما رىباتنىڭ ساۋابى قىيامەت كۈنىگىچە ھەسسىلىنىپ بارىدۇ چۈنكى يۇقىرىقى ھەدىستە ئېيتىلغان <قىيامەت كۈنىگىچە ئۆسۈپ بارىدۇ> دېگەن لەۋزىدىكى <ئۆسۈپ بارىدۇ> دېگەن سۆز <ھەسسىلىنىدۇ> دېگەندىن ئىبارەت، بۇ يەردىكى <ھەسسىلىنىش> رىباتتىن باشقا ھېچبىر سەۋەب بىلەن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. بۇ — قىيامەت كۈنىگىچە الله تائالا تەرىپىدىن بولغان داۋاملىشىپ تۇرىدىغان پەزىلەتتۇر. ئىنسان ھەرقانداق ياخشى ئەمەلنى قىلىش ئۈچۈن دۈشمەندىن سالامەت بولۇپ، دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى ئۇلاردىن ھىمايە قىلىپ ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى تىكلىيەلىگەندىلا، ئاندىن يېتەرلىك ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ خىل ئىمكانىيەت پەقەت رىبات ۋە جىھاد بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ».[1]

124. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئەجىرلىرى ئۇلارغا داۋاملىق يېتىپ تۇرىدىغان تۆت كىشى بار، ئۇلار: الله يولىدا رىباتتا تۇرغۇچى، ۋاپاتىدىن كېيىن ھەم مۇسۇلمانلار داۋاملىق مەنپەئەتلىنىپ تۇرىدىغان ئەمەلنى قىلغان كىشى، ساۋابى ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدىغان سەدىقىنى قىلغان كىشى ۋە ئۆزىگە دۇئا قىلىدىغان سالىھ پەرزەنتىنى تەربىيىلەپ قويغان كىشى».[2]

ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رىباتتا تۇرغۇچىدىن باشقا ھەرقانداق كىشى جان تەسلىم قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ. مۇرابىت ئەگەر جان تەسلىم قىلىشتىن ئىلگىرى رىباتتا تۇرۇۋاتقان بولسىلا ئۇنىڭ ئەجرى ئۇ ۋاپات تاپقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىپ تۇرىدۇ».[3]

ئۇبادەنىڭ سۆزى توغرا چۈنكى ئۆلۈكنىڭ ئەمىلى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نەپسى بىلەن تۈگەيدۇ ـ دە، ئۆز ئورنىنىڭ جەننەت ياكى دوزاختا ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ ئەمما رىباتتا تۇرغۇچى الله نىڭ دەرگاھىدىكى ئۆزىنىڭ ئورنىنى كۆرمەيدۇ چۈنكى ئۇنىڭ ئەمىلى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن تۈگىمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەجرى قىيامەت كۈنىگىچە ھەسسىلىنىپ كۆپىيىپ بارىدۇ. رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ ئەجرى نېمە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى ۋە ئاخىرەتتىكى دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك

[1] «تفسير القرطبي» 4 ـ توم 325 ـ بەت.

[2] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 164 ـ بەت.

بولىدىغانلىقىنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. رىباتتا تۇرغۇچى جان ئۈزگەندە كاتتا خۇرسەنچىلىكنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۆز دەرىجىسىنى يۇقىرى، قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭ چېكىگە يەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئېگىزلىكتە كۆرىدۇ.

تۆتىنچى، رىباتتا تۇرغۇچى ئۆز رىباتىدا جان ئۈزسە، الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ قورقۇنچتىن خاتىرجەم ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ.

125. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا رىباتتا تۇرۇپ ۋاپات تاپسا، ھايات ۋاقتىدا قىلىپ كېلىۋاتقان سالىھ ئەمەلىنىڭ ئەجرى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، (جەننەتتىكى) رىزقى يېتىپ تۇرىدۇ ۋە (قەبرە) پىتنىسىدىن[1] خاتىرجەم بولىدۇ شۇنداقلا الله تائالا ئۇنى قىيامەت كۈنىدىكى چوڭ قورقۇنچتىن خاتىرجەم ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ».[2]

بەشىنچى، رىباتتا تۇرغۇچى ئۆز رىباتىدا جان ئۈزسە، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى شەھىدلىك ھالىتىدە تىرىلدۈرىدۇ.

126. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى رىباتتا تۇرۇپ ۋاپات تاپسا شەھىدلىك ھالىتىدە ۋاپات تاپىدۇ، قەبرە پىتنىسىدىن قۇتۇلدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا جەننەتتىن رىزقى يەتكۈزۈلىدۇ ۋە ھايات ۋاقتىدىكى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەجرى ئۇنىڭغا داۋاملىشىپ يېتىپ تۇرىدۇ».[3]

رىبات مەيدانىدا جان ئۈزگەن مۇرابىتنى قىيامەت كۈنى الله تائالا شەھىدلىك ھالىتىدە تىرىلدۈرۈشىنىڭ سەۋەبى، ئۇ شاھادەتنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا سادىقلىق ھالىتىدە يۈزلەنگەن لېكىن ئۇنىڭغا دۇنيادا شەھىدلىك ھالىتىدە ۋاپات بولۇش تەقدىر قىلىنمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى شەھىدلىك ھالىتىدە تىرىلدۈرىدۇ. بۇ، الله تائالانىڭ سالىھ بەندىلىرىگە تۇتقان يولىدۇر. كىمكى الله تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەل ۋە تائەتكە سادىقلىق بىلەن يۈزلەنسە ھەمدە ئۇ ئەمەلنى قىلىشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن ۋە نىيىتى سەمىمىي بولسا ئەمما ئىلاھىي تەقدىر ئۇنى مەزكۇر ئەمەلنى قىلىشتىن توسۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى ياخشى، نىيىتى خالىس ۋە ئىرادىسى سادىق

---

[1] قەبرە پىتنىسى دېگىنىمىز، مۇنكىر ـ نەكىر پەرىشتىلەرنىڭ قەبرىدىكى بەندىدىن رەببى، دىنى ۋە پەيغەمبىرى ھەققىدە سورىشىدۇر.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىبنى ماجە ۋە ئابدۇرراززاق سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

بولغانلىقى ئۈچۈن، الله تائالا ئۆز تەرىپىدىن بولغان رەھمەت، شەپقەت ۋە ياخشىلىق يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى شۇ ئەمەلىنىڭ ئەجرىنى تولۇق ئاتا قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، كىمكى ئۆيىدىن جىھاد قىلىش ئىرادىسى بىلەن چىقىپ يولدا ۋاپات بولسا، ئۇ شەھىدلىك ھالىتىدە ۋاپات قىلغان بولىدۇ؛ كىمكى ھەج قىلىشقا ئىھرام باغلاپ، ھەجنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ۋاپات بولىدىكەن، ئۇنىڭغا ھەجنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ؛ كىمكى تەھەججۇد نامىزىغا تۇرۇشنى نىيەت قىلىپ ئەمما ئۇيقۇسى غالىب كېلىپ ئۇخلاپ قالسا، نىيەت قىلغان تەھەججۇدنىڭ ئەجرى ئۇنىڭغا يېزىلىدۇ ۋە ئۇيقۇسى ئۇنىڭغا رەببى تەرىپىدىن سەدىقە بولىدۇ؛ كىمكى راستچىللىق بىلەن جامائەت نامىزىغا مېڭىپ ئەمما كىشىلەرنى ناماز ئوقۇپ بولغان ھالەتتە تاپسا، الله تائالا ئۇنىڭغا جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغان كىشىنىڭ ئەجرىنى ئاتا قىلىدۇ. رىباتتا تۇرغۇچى شەھىدلىككە ھېرىس بولۇپ، ئۇنى تەلەپ قىلىپ، شەھىدلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىسىمۇ ئەمما ئۇ جەڭ مەيدانىدا شەھىد بولمىسا، الله تائالانىڭ ئۇنى قىيامەت كۈنى شەھىدلىك ھالىتىدە تىرىلدۇرۇشىدە ھېچ شەك يوق، الله تائالا ئۇنىڭغا شەھىدلەرنىڭ ئەجرىنى ئاتا قىلىدۇ.

ئالتىنچى، الله يولىدا رىباتتا تۇرغۇچىغا ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ئەجرى ئوخشاش يېزىلىپ تۇرىدۇ.

127. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن رىباتنىڭ ئەجرى ھەققىدە سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مۇسۇلمانلارنى قوغداپ كېچىدە رىباتتا تۇرغان كىشىگە ئۇنىڭ كەينىدىكى ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتقان ئادەملەرنىڭ ئەجرى ھەم يېزىلىدۇ»[1].

ئىبراھىم ئەلىيەمانى مۇنداق دەيدۇ: «مەن يەمەندىن كېلىپ سۇفيان سەۋرىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا: ‹ئى ئەبۇ ئابدۇللاھ! مەن جىددىگە ئولتۇراقلىشىپ شۇ يەردە تۇرۇشنى ھەمدە ھەر ئايدا ئۆمرە، ھەر يىلى ھەج قىلىشنى ۋە ئەھلىم بىلەن بىللە تۇرۇشنى قارار قىلدىم؛ سېنىڭچە مۇشۇنداق قىلىشىم ياخشىمۇ ياكى شامغا بېرىشىممۇ؟› دېگەنىدىم، ئۇ ماڭا: ‹ئى يەمەنلىك قېرىندىشىم، سەن شام قىرغاقلىرىنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتقىن، شام قىرغاقلىرىنى

[1] تەبرانى توپلىغان، تىرمىزى: «تەبرانى ياخشى ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان» دېگەن، ھەيسەمى: «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

ئۆزۈڭگە لازىم تۇتقىن! بەيتۇللاھ (كەئبە)نى ھەر يىلى ئىككى ـ ئۈچ يۇزمىڭدىن ئارتۇق كىشى الله نىڭ ئىزنى بىلەن ھەج ـ تاۋاپ قىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ قىلغان ھەج، ئۆمرە ۋە قۇربانلىقلىرىنىڭ ئەجرى ساڭىمۇ ئوخشاش بېرىلىدۇ› دېدى». [1]

ئوسمان ئىبنى ئەبۇ سەۋدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن پەلەستىنىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن ‹يافا› دېگەن يەردە رىباتتا تۇردۇق. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹بۇ يەردە بىر كېچە رىباتتا تۇرۇشۇم مەن ئۈچۈن قەدىر كېچىسىنى بەيتۇلمۇقەددەستە ئۆتكۈزگىنىمدىن سۆيۈملۈكتۇر› دېدى». [2]

يەتتىنچى، الله يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش — باشقا ئورۇنلاردىكى مىڭ كۈندىن ياخشىدۇر.

128. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش — ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلاردىكى مىڭ كۈندىن ئەۋزەلدۇر». [3]

بۇ ھەدىس — چېگرانى قوغداپ رىبات مەيدانىدا بىر كۈن رىباتتا تۇرۇش بولسا ھەتتا مەككە، مەدىنە، بەيتۇلمۇقەددەس ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلاردا مىڭ كۈن تۇرۇشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار مۇقەددەس ئىككى ھەرەمگە يېقىن ياشاشتىن ۋاز كېچىپ، الله يولىدا جىهادقا چىقىپ شام قىرغاقلىرىغا چۈشكەن ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان ياكى الله قا شەھىدلىك ھالىتىدە ئۇچراشقانغا قەدەر رىباتتا تۇرغان ئىدى.

ھارىس ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەھلىنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، مەككە فەتھىسى كۈنى ئىسلامغا كىرگەن ئىدى. ئۇ شام دىيارىدا رىباتتا تۇرۇش ۋە جىهاد قىلىش ئۈچۈن مەككىدىن يولغا چىقتى. مەككىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى «بەتهائ» دېگەن جايغا كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى ئۇزىتىپ چىققان مەككە ئەھلى بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن توختاپ مۇنداق دېدى: «ئى خالايىق! الله بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەردىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىم ۋە سىلەرنىڭ بۇ شەھىرىڭلاردىن باشقا بىر شەھەرنى تاللىغانلىقىم ئۈچۈن چىقمىدىم لېكىن بۇ بۇيرۇقتۇر. الله تائالا ئىسلامنى بىزگە دىن قىلىپ بەردى، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولدى،

[1] «تارىخ مدينة دمشق» ناملىق كىتاب 2 ـ توم 125 ـ بەت. د. سالاھىددىن ئەلمۇنەججىد تەكشۈرگەن.

[2] ئابدۇررازاق نەقىل قىلغان.

[3] تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

ئاندىن ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ھىجرەت ۋە جىھاد قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ ئەمەللىرى بىلەن بىزدىن ساۋاب جەھەتتە ئىلگىرىلەپ كەتتى. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەككە تاغلىرى ئالتۇن بولۇپ، ئۇنى الله يولىدا سەرپ قىلساقمۇ ئۇلارنىڭ كۈنلىرىدىن بىر كۈننىڭ ئەجرىگە يېتەلمەيمىز. الله بىلەن قەسەمكى، گەرچە بىز بۇ دۇنيادا ئەجىر جەھەتتە ئۇلار بىلەن باراۋەر بولالمىساقمۇ ئەمما ئاخىرەتتە بولسىمۇ چوقۇم ئۇلار بىلەن ئەجىردە شېرىك بولۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئالدىمىزدا جىھاد، رىبات ۋە الله تائالا تەرىپىگە ھىجرەت قىلىشتىن باشقا يول يوق!» دېدى. ئاندىن ھارىس ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شام تەرەپكە قاراپ يول ئالدى ھەمدە ئۇ يەردە رىباتتا تۇرۇپ، يەرمۇك جېڭى كۈنى شەھىد بولغانغا قەدەر الله يولىدا جىھاد قىلدى.[1]

ئىمام ئىبنى تەيمىيە بىر كىشىنىڭ رىبات زېمىنىدا رىباتتا تۇرۇشى بولسا، ئۇنىڭ مەككە، مەدىنە ۋە بەيتۇلمۇقەددەستە تۇرۇشىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسىنى رىۋايەت قىلغان.[2]

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھتىن: «سىز ئۈچۈن مەككىدە تۇرۇش ئەۋزەلمۇ ياكى ئىسلام چېگرالىرىدا رىباتتا تۇرۇشمۇ؟» دەپ سورالغانىدى، ئۇ: «مەن ئۈچۈن رىباتتا تۇرۇش ئەۋزەل» دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بىزنىڭ قارىشىمىزدا الله يولىدىكى غازات ۋە رىباتقا باراۋەر كېلىدىغان بىرەر سالىھ ئەمەل يوق» دېدى.[3]

بىر كىشى ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھتىن: «مېنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەردە تۇرۇشۇم ئەۋزەلمۇ ياكى ئىسكەندىرىيەدىمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ: «ئىسكەندىرىيەنىڭ چېگرا رايونىدا تۇرغىن!» دەپ جاۋاب بەردى.[4]

رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ بىر كۈنى باشقا ماكاندىكىلەرنىڭ مىڭ كۈنىدىن ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭدەك، مۇرابىتنىڭ رىباتتا تۇرۇپ قىلغان بىر ئىبادىتى ئۇنىڭدىن

---

[1] ھاكىم توپلىغان. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 29- بەت، ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تاريخ مدينة دمشق» ناملىق كىتابى 11- توم 499- بەت، ئىبنى ئەسىرنىڭ «أسد الغابة» ناملىق كىتابى 1- توم 421- بەتتە ھەم نەقىل قىلىنغان.

[2] ئىبنى تەيمىيەنىڭ «مجموع الفتاوى» ناملىق كىتابى 5- توم 28- بەت.

[3] «المغني» 8- توم 349- بەت.

[4] «المغني» 8- توم 357- بەت.

باشقا ماكاندىكى مىڭ ھەسسە ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر چۈنكى رىبات كۈنىدىكى ھەرقانداق ئەمەلنىڭ ئەجرى رىبات كۈنىدىن باشقا كۈندىكى ئەمەلنىڭ ئەجرىدىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ نامىزىنىڭ ساۋابى باشقىلارنىڭ نامىزىنىڭ ساۋابىدىن كاتتا ھەمدە ئۇنىڭ روزىسى، زىكرى، قۇرئان تىلاۋىتى، قىلغان سەدىقىلىرى ۋە ئۇ تەرىپىدىن سادىر بولغان ھەرقانداق ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى باشقىلارنىڭكىدىن كاتتىدۇر.

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رىباتتا تۇرغۇچىنىڭ ھەرقانداق بىر ياخشىلىقى ئابىدلارنىڭ بارلىق ياخشىلىقىغا باراۋەر كېلىدۇ. الله تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈممىتىنىڭ يامىنىنى سۇلتانلىقىقا تاللىغاندەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈممىتىنىڭ ياخشىسىنى رىباتتا تۇرۇشقا تاللىغان».

شام دىيارىدا رىباتتا تۇرغۇچىلاردىن بىر كىشى 100 دىنارنى الله يولىدا ئىشلىتىشكە ۋەسىيەت قىلدى ۋە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پۇلنى قەيەرگە سەرپ قىلىشنى سورىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن: «قەيەردە ياشايسەن؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى: «شامدا» دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنى ئۆزۈڭگە، ئەھلىڭگە، قوشنىلىرىڭغا ۋە ئەتراپىڭدىكى ھاجەت ئىگىلىرىگە سەرپ قىلغىن! شام ئەھلىدىن بىر كىشىنىڭ ئۆز ئەھلىگە بىر دەرھەملىك گۆش سېتىۋېلىشى 700 دەرھەمنىڭ ئورنىدا بولىدۇ» دېدى.[1]

شام بولسا رىبات زېمىنى، ئۇنىڭ ئەۋزەللى دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى چېگرا رايونلىرىدۇر، ئۇ يەردە رىباتتا تۇرۇش بولسا ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب بولسا ئەسقەلان دىيارىدا رىباتتا تۇراتتى، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «ئەسقەلاندا يەپ ـ ئىچىش ۋە توي قىلىش ئۇنىڭدىن باشقا دىياردىكىدىن ئەۋزەلدۇر».[2]

ئىسكەندەرىيە، دىمىيات، ئوككا، سەيىدا، بېيرۇت، ترابلۇس، تەرتۇس، ئانتاكىيا، قەزۋەين، ئەندەلۇس قاتارلىق جايلار بولسا چېگرا ئېتىبارى بىلەن رىبات تۇرۇش ياخشى كۆرۈلىدىغان رايونلار ھېسابلىنىدۇ.

## رىباتنىڭ مەنىسى ۋە مۇددىتى

[1] ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تاريخ مدينة دمشق» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 234 ـ، 235 ـ بەتلەر.

[2] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 287 ـ بەت.

الله يولىدا رىباتتا تۇرغۇچى مۇرابىتلار كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، رىباتتا تۇرۇش ۋە جىھاد قىلىش ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

129. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى ھايات شۇكى، بىر كىشى ئۆز ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى الله يولىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ، قاچانكى ئۇرۇش شەپىسى ياكى ئەنسىزلىكنى ئاڭلىسا دۇشمەننى ئۆلتۈرۈش ياكى الله يولىدا شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ ئات چاپتۇرىدۇ؛ ياكى مۇنداق بىر كىشى بولۇپ، قويى بىلەن مۇشۇ تاغ چوققىلىرىدىن بىر چوققا ياكى جىلغىلاردىن بىر جىلغىدا تۇرۇپ ئەجىلى توشقۇچە ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىپ، ئۆز رەببىگە ئىبادەت قىلىدۇ ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ».[1]

ئىبنى مۇبارەك ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «الله يولىدا ئېتىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرغان ھالەتتە كەچ قىلغان، بىر بۇردا نان ۋە سوغۇق سۇ بىلەن ئىپتار قىلغان كىشىگە جەننەت بىلەن خۇش مۇبارەك بولسۇن!»[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «دېڭىز قىرغىقىدا مۇسۇلمانلارنى قوغداپ بىر كېچە رىباتتا تۇرۇش — ھەرەم مەسجىدى ياكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەسجىدىدە قەدىر كېچىسىنى ئۆتكۈزۈشمەدىن سۆيۈملۈكتۇر. ئۈچ كۈن رىباتتا تۇرۇش — بىر يىلغا باراۋەر. تولۇق رىبات 40 كۈندۇر».[3]

ئەتا مۇنداق دەيدۇ: «رىباتنىڭ تولۇقى 40 كۈندۇر».[4]

يەزىد ئىبنى ئەبۇ ھەبىيب مۇنداق دەيدۇ: «ئەنسارىلاردىن بىر كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن: ‹قەيەردە بولدۇڭ؟› دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى: ‹رىباتتا› دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹رىباتتا قانچىلىك تۇردۇڭ؟› دەپ سورىۋېدى، ئۇ كىشى: ‹30 كۈن› دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹40 كۈننى تاماملىمىدىڭمۇ؟!› دېدى».[5]

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2- توم 167- بەت.

[3] «المغني» 8- توم 613- بەت.

[4] ئىبنى مۇنزىرنىڭ «الأوسط» ناملىق كىتابى، «مصنف عبد الرزاق» 5- توم 280- بەت.

[5] «مصنف عبد الرزاق» 5- توم 280- بەت.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى 30 كۈن رىباتتا تۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭغا: «سەن چوقۇم يەنە قايتىپ بېرىپ 10 كۈن رىباتتا تۇرۇشنى ئىرادە قىل ھەمدە 40 كۈننى تاماملىغىن!» دېدى.[1]

كىمكى 3 كۈن رىباتتا تۇردىكەن ئۇنىڭغا يېتەرلىك ھەمدە ئۇ ﷲ تائالا تەرىپىدىن چەكسىز پەزىلەتكە ئېرىشىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «قاچانكى سەن ئۈچ كۈن رىباتتا تۇرساڭ، ئىبادەت قىلغۇچىلار قانچىلىك ئىبادەت قىلسىمۇ بۇنىڭ ئەجرىگە يېتەلمەيدۇ».[2]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مۇسۇلمانلارنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدىن بىرەر ئورۇندا ئۈچ كۈن رىباتتا تۇرسا، ئۇ كىشىگە بىر يىل رىباتتا تۇرغاندەك ئەجىر بېرىلىدۇ».[3]

تەلەپ قىلىنغان رىباتتىن مەقسەت، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى يۈز بېرىدىغان ئورۇندا جىھاد قىلىش ياكى ھارىستا تۇرۇش[4] ۋە ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىشتىن ئىبارەت مەقسەتتە مۇستەھكەم تۇرۇشتۇر. رىبات ئورنى مەيلى دېڭىز قىرغىقى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئورۇندا بولسا ئۇنىڭ پەزىلىتى شۇنچە كاتتا، ساۋابى شۇنچە چەكسىز بولىدۇ. ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ جىددە شەھىرىدە رىباتتا تۇرۇشنى ئاجىز ئەمەل سانىدى چۈنكى دۈشمەن ئۇ يەرگە پەقەت بىر قېتىملا ھۇجۇم قىلغان ئىدى.

ئىمام مالىكتىن چېگرا ۋە دېڭىز قىرغاقلىرىدا ئەھلى-بالىلىرى بىلەن ياشىغۇچىلار توغرىسىدا سورالغانىدى، ئۇ جاۋاب بېرىپ: «ئۇلار مۇرابىت (يەنى رىباتتا تۇرغۇچى) ھېسابلانمايدۇ، مۇرابىت دېگەن ئۆز دىيارىدىن قورقۇنچلۇق ئورۇنغا رىباتنى مەقسەت قىلىپ چىققان كىشىلەردۇر» دېدى.

توغرىسى، ئىسلام زېمىنىنىڭ ھەرقانداق چېگرىسىدا ياشىغۇچى كىشى جىھادقا قاتنىشىش ياكى ھارىستا تۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ ياشىغان ھەمدە

---

[1] «مصنف عبد الرزاق» 5- توم 328- بەت.

[2] ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنف» ناملىق كىتابىنىڭ 4- توم 218- بېتىدە سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

[3] ئەھمەد ۋە ھەيسەمى توپلىغان.

[4] ھارىستا تۇرۇش — ئىسلام زېمىنىنى قوغداپ پوستتا تۇرۇش. قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش.

ئۇنىڭغا ئەھلى ۋە ئەۋلادىنى كۆچۈرۈپ ئايرىپ ياشاشتا مۇشەققەت بولمىسا، ئۇ كىشى ئەھلى ـ بالىلىرى بىلەن بىللە ياشىسىمۇ مۇرابىت ھېسابلىنىدۇ ۋە رىباتنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ چۈنكى سەلەف سالىھلار ۋە تابىئىنلار چېگرىدا ئۆز ئەھلى ـ ئەۋلادى بىلەن رىباتنى نىيەت قىلىپ ياشايتتى. ئېھتىمال، ئىمام مالىكنىڭ سۆزى چېگرا رايونىدا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان ھەمدە ئۇ يەردە تۇرۇشى رىبات مەقسىتى بىلەن ئەمەس بەلكى پەقەتلا ئۆز ئەھلىلىرىنىڭ بولغانلىقى ۋە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋەتىنىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بولغان كىشىلەر توغرىسىدا ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىر كىشى چېگرا رايونىدا جىھاد ۋە رىباتنى مەقسەت قىلماستىن تۇرسا «مۇرابىت» ھېسابلانمايدۇ ۋە رىباتنىڭ ئەجرىنىمۇ ئالالمايدۇ، ئۇ كىشى خۇددى ئۆز باشلىقى تۇرغۇزۇپ قويغان ياكى باشقا بىرەر سەۋەب بىلەن چېگرادا تۇرغان كىشىگە ئوخشايدۇ. چېگرا رايونىدا ياشىغان ئۇ كىشىلەرنىڭ نىيىتى ئەگەر دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش بولسا ساۋابقا ئېرىشىدۇ چۈنكى زەررە مىسقالچىلىك ياخشىلىق قىلغان كىشى ئۇنىڭ ئەجرىنى كۆرىدۇ.

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ئەھلى بىلەن رىباتقا چىققان كىشىگە مالامەت يوق». سەھنۇن بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ئەھلىنى ئىسكەندىرىيە ۋە تۇنىسقا ئوخشاش ئائىلىلىكلەر كۆپ ئورۇنلاشقان، بىخەتەر ئورۇنغا ئېلىپ چىقىش دۇرۇس».

ئىمام ئەھمەد چېگرا رايونىدا ئەھلى بىلەن تۇرۇشتىن توساتتى چۈنكى چېگرا رايونلىرى ئەھلىگە بىخەتەر بولمىغان يەرلەر بولۇپ، بۇنداق يەرلەردە ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىنى مۇشرىكلارنىڭ ئۆلتۈرۈش ياكى ئەسىر ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولۇپ قالاتتى.

※ ※ ※

# 17 ـ باب

## الله يولىدا ھارىستا تۇرۇشنىڭ[1] پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْيَأْخُذُواْ حِذْرَهُمْ وَأَسْلِحَتَهُمْ﴾ «(دۈشمەنلىرىدىن) ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھوشيار تۇرسۇن. (دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييار تۇرۇش يۈزىسىدىن) قوراللىرىنى يېنىدا تۇتسۇن»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَطَـُٔونَ مَوْطِئًا يَغِيظُ الْكُفَّارَ وَلَا يَنَالُونَ مِنْ عَدُوٍّ نَّيْلًا إِلَّا كُتِبَ لَهُم بِهِ عَمَلٌ صَالِحٌ إِنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەربىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەربىر نەرسىسى ئۈچۈن (الله نىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب) يېزىلىدۇ. الله ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ»[3].

130. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «دىنار، دەرھەم ۋە كەشتىلەنگەن رەڭلىك كىيىمنىڭ بەندىلىرى ھالاك بولسۇن! ئەگەر ئۇلارغا بېرىلسە رازى بولىدۇ، بېرىلمىسە ئاچچىقلايدۇ. ھالاك بولسۇن، كېسەل ۋە خارلىقتىن قۇتۇلالمىسۇن! ئۇنىڭغا تىكەن كىرسە چىقىرىلمىسۇن! چېچى چۇۋۇق، ئىككى قەدىمى توپىغا مىلەنگەن ھالەتتە الله يولىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان كىشىگە خۇش مۇبارەك بولسۇنكى، ئەگەر ئۇنى ھارىستا تۇرۇشقا قويسا، ھارىستا تۇرىدۇ؛ ئارقا سەپتە قويسا، ئارقا سەپتە بولىدۇ؛ رۇخسەت سورىسا، رۇخسەت بېرىلمەيدۇ؛ شاپائەت قىلماقچى بولسا، شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ»[4].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ قورقۇنچ ئىچىدە الله يولىدا بىر كېچىنى ھارىستا ئۆتكۈزۈشۈم 100 تۆگىنى سەدىقە قىلىشىمدىن سۆيۈملۈكرەكتۇر»[5].

[1] ھارىستا تۇرۇش — ئىسلام زېمىنىنى قوغداپ پوستتا تۇرۇش. قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش.
[2] سۈرە نىسا 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەۋبە 120 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] بۇخارى توپلىغان.
[5] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 168 ـ بەت.

بىلگىنكى، الله يولىدا ھارىستا تۇرۇش — الله تائالاغا يېقىنلىشىشتىكى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، تائەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى ۋە رىبات تۇرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. دۈشمەن تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە خېيىمخەتەر يېتىدىغان ئورۇندا مۇسۇلمانلارنى قوغداپ ھارىستا تۇرغان ھەرقانداق كىشى — مۇرابىتتۇر. ھارىستا تۇرۇشنىڭ كۆپلىگەن پەزىلەتلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدىن:

بىرىنچى، الله يولىدا ھارىستا تۇرغان كىشىنىڭ كۆزىگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ.

131. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئىككى كۆزگە دوزاخ ئوتى تەگمەيدۇ: بىرى، الله تىن قورقۇپ يىغلىغان كۆز؛ يەنە بىرى، الله يولىدا ھارىستا تۇرغان كۆز».[1]

132. ئەبۇ رەيھانە ئەزدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىر غازاتتا ئىدۇق. بىر كۈنى بىز بىر ئېگىزلىككە كېلىپ ئۇ يەردە كەچلىدۇق. ئۇ كېچە قاتتىق سوغۇق بولدى ھەتتا بەزى كىشىلەرنىڭ يەرنى كولاپ كىرىۋېلىپ، ئۈستىگە قالقان بىلەن يېپىۋالغانلىقىنى كۆردۇم. رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن: «بۇ كېچە بىزگە كىم ھارىستا تۇرىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا پەزىلەتلىك دۇئا قىلىمەن» دېدى. ئەنسارىلاردىن بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن تۇراي» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «يېقىن كەل» دېدى، ئۇ يېقىن كەلدى. ئۇنىڭدىن: «سەن كىم؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇ ئەنسارى ئىسمىنى دەپ بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا كۆپ دۇئا قىلدى. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇنىڭغا قىلغان دۇئاسىنى ئاڭلاپ: «مەنمۇ بىللە تۇراي» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «يېقىن كەل» دېدى، مەن يېقىن باردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن: «سەن كىم؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «ئەبۇ رەيھانە» دېدىم. ئۇ ماڭا ئەنسارىغا قىلغان دۇئاغا قارىغاندا ئازراق دۇئا قىلدى، ئاندىن: «الله تىن قورقۇپ يىغلىغان ياكى ياش تۆككەن كۆزگە ۋە الله يولىدا بىدار بولغان كۆزگە دوزاخ ئوتى ھارام قىلىندى» دېدى.[2]

ئىككىنچى، الله يولىدا ھارىستا تۇرغان كىشىنىڭ جەننەت ئەھلى ئىكەنلىكىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى.

---

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

133. سەھل ئىبنى ھەنزەلىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇلار ھۇنەين كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە چىقتى. كەچ كىرىپ ھەتتا خۇپتەن ۋاقتى بولدى. ناماز ۋاقتىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بىر ئاتلىق كىشى كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا پالانى تاغقا چىقتىم. مەن ئۇشتۇمتۇت ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى ۋە چارۋا ـ قويلىرىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇلار ھۇنەينگە يىغىلىپتۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبەسسۇم قىلىپ: «اللە خالىسا بۇلار ئەتە مۇسۇلمانلارنىڭ غەنىيمىتى بولىدۇ» دېدى، ئاندىن: «بۈ كېچە بىزگە كىم ھارىستا تۇرىدۇ؟» دېدى. ئەنەس ئىبنى ئەبۇ مەرسەد غەنەۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھارىستا تۇراي» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداقتا ئېتىڭغا مىنگىن!» دېدى. ئۇ ئېتىغا مىنىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «بۇ ۋادىغا قاراپ مېڭىپ ئۇنىڭ ئەڭ ئۇستىگە چىققىن، بۇ كېچە بىز سەن تۇرغان تەرەپتىن خاتىرجەم بولايلى» دېدى.

تاڭ ئاتقاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇيدىغان جايغا چىقىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى ۋە: «سىلەرنىڭ چەۋەندازىڭلاردىن خەۋەر بارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھېچبىر خەۋەر يوق» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. نامازنى ئوقۇپ سالام بەرگىچە ۋادى تەرەپكە قارايتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامىزىنى تاماملاپ سالام بەرگەندىن كېيىن: «خۇشخەۋەر! چەۋەندازىڭلار قايتىپ كەلدى» دېدى. بىز ۋادىدىكى دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۇنىڭغا قارىساق ئۇ راستىنلا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ: «مەن بۇ ۋادىنىڭ ئۇستىدىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇيرۇغان ئورۇنغىچە ماڭدىم. تاڭ ئاتقاندا ئىككى ۋادىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە چىقىپ قاراپ بىرەر كىشىنىمۇ كۆرمىدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن: «كېچىدە چۈشتۈڭمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇ: «ياق، پەقەت ناماز ئوقۇش ياكى ھاجىتىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن چۈشتۈم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەن بۇ كېچىدە ھارىستا تۇرغانلىق سەۋەبلىك ئۆزۈڭگە جەننەتنى ۋاجىب قىلدىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر ئەمەل قىلمىساڭمۇ ساڭا زەرەر يوق» دېدى.[1]

ئۇچىنچى، جېنىغا خېيىمخەتەر بولغان ئورۇندا بىر كېچە ھارىستا تۇرۇش قەدر كېچىسىدىن ئەۋزەلدۇر.

134. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى، نەسائى ۋە ھاكىم سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قەدر كېچىسىدىنمۇ ئەۋزەل بىر كېچىنى سىلەرگە خەۋەر قىلايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئۆز ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان خەتەرلىك بىرەر زېمىندا هارىستا تۇرۇشتۇر».[1]

تۆتىنچى، بىر كېچە هارىستا تۇرۇش — كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزۈلگەن مىڭ كۈندىن ئەۋزەلدۇر.

ئەرتا ئىبنى مۇنزىردىن ئىبنى ئەساكىر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغانلاردىن: «قايسى كىشىلەرنىڭ ئەجرى ئەڭ كاتتا؟» دەپ سورىدى. ئۇلار «روزا» ۋە «ناماز»نى دېيىشتى ۋە «ئەمىرۇلمۇئمىنىندىن كېيىن پالانى ـ پالانى كىشىلەر» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن سىلەرگە سىلەر سۆزلەپ ئۆتكەن كىشىلەر ۋە ئەمىرۇلمۇئمىنىندىنمۇ ئەجىر جەھەتتە ئەڭ كاتتا بولغان كىشىلەرنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دېگەندى، ئۇلار: «شۇنداق قىلسىلا» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «شام زېمىنىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىنى قوغداپ مۇهاپىزەت قىلىدىغان ئادەتتىكى بىر كىشى بولۇپ، ئۇنى يىرتقۇچ هايۋانلار تالىۋېتەمدۇ، يىلان چېقىۋالامدۇ ياكى دۈشمەن هۇجۇم قىلامدۇ بۇنى بىلمەيدىغان كىشىدۇر. بۇ كىشىنىڭ ئەجرى سىلەر زىكىر قىلغان كىشىلەر ۋە ئەمىرۇل مۇئمىنىنىنىڭ ئەجرىدىن ھەم كاتتىدۇر» دېدى.[2]

135. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر مەنزىلگە چۈشتى، ئاندىن: «بۇ كېچىدە بىزگە كىم هارىستا تۇرىدۇ؟» دېدى. مۇهاجىرلاردىن بىر كىشى ۋە ئەنسارىلاردىن بىر كىشى چىقىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىز تۇرايلى» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سىلەر ۋادىنىڭ ئېغىزىدا تۇرۇڭلار» دېدى. ئۇلار ۋادىدىن جىلغىغا چۈشۈپ، جىلغىنىڭ ئېغىزىغا بارغاندا ئەنسارى مۇهاجىرغا: «سەن مېنىڭ كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە تۇرۇشۇمنى خالامسەن ياكى ئاخىرىدىمۇ؟» دېدى. مۇهاجىر: «ئەۋۋىلىدە تۇرغىن» دېدى. ئاندىن مۇهاجىر يانچە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئەنسارى تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا باشلىدى. مۇشرىكلاردىن بىر كىشى كېلىپ ئۇنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئەۋەتكەن مۇهاپىزەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا ئوقيانى بەتلەپ ئاتتى، ئوق تەگدى. ئەنسارى ئوقنى

[1] نەسائى، هاكىم ۋە بەيهەقى رىۋايەت قىلغان؛ ئەلبانى «سەهىه» دېگەن.

[2] ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تاريخ مدينة دمشق» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 283 ـ بەت.

يۇلۇپ ئېلىۋېتىپ نامىزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئاندىن ئۇ مۇشرىك ئىككىنچى ئوقنى ئېتىپ تەگكۈزدى، ئەنسارى ئۇنىمۇ ئېلىۋېتىپ نامىزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۈچىنچى ئوق تەگكەندە ئۇنىمۇ ئېلىۋېتىپ ئاندىن بېرىپ قېرىنداشىنى ئويغاتتى ۋە ئۇنىڭغا: «تۇرغىن، مەن كەلدىم» دېدى. مۇشرىك ئۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى. مۇھاجىر ئەنسارىدىن چىققان قاننى كۆرۈپ: «سۇبھانەللاھ! ساڭا بىرىنچى ئوق تەگكەندىلا نېمىشقا مېنى ئويغاتمىدىڭ؟» دېگەنىدى، ئەنسارى: «مەن بىر سۈرىنى ئوقۇۋاتاتتىم، ئۇنى تۈگەتمەي تۇرۇپ ئۈزۈپ قويۇشنى ياخشى كۆرمىدىم، ئوق ئارقا-ئارقىدىن ئېتىلغاندىن كېيىن رۇكۇ قىلىپ ئاندىن سېنى چاقىردىم. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چېگرانى ساقلاش بۇيرۇقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقتىن قورقمىغان بولسام، ئۇ سۈرىنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ئىلگىرى جېنىم چىققان ياكى ئۇنى تۈگەتكەن بولاتتىم» دېدى.[1]

※ ※ ※

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

# 18 ـ باب

## الله يولىدا جىهادتىكى قورقۇنچنىڭ پەزىلىتى

136. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر غازاتچى قوشۇن غازات قىلىپ غەنىيمەت ئېلىپ سالامەت قايتىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئېلىپ بولغان بولىدۇ. قانداق بىر غازاتچى قوشۇن غازات قىلىپ غەنىيمەت ئالماستىن مۇسىبەتكە ئۇچرايدىكەن، تولۇق ئەجىرگە ئېرىشىدۇ».[1]

137. ئۇممۇ مالىك بەھزىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ پىتنە ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بايان قىلدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مال ـ چارۋىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، زاكاتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، رەببىگە ئىبادەت قىلغان ھەمدە ئېتىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ (يەنى دۈشمەنگە قارشى تەييار تۇرۇپ) دۈشمەننى قورقىتىدىغان، دۈشمەنمۇ ھەم ئۇنى قورقىتىدىغان كىشىدۇر» دېدى.[2]

سەلمان فارسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىبنى ئەبۇ شەيبە نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى ئەگەر الله يولىدا بولۇپ قەلبى بىرەر خەتەردىن قورقسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى خورمىنىڭ يوپۇرمىقى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلىدۇ».[3]

※ ※ ※

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 286 ـ بەت.

# 19 ـ باب

## الله يولىدىكى سەپنىڭ ۋە ئۇنىڭدا تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُمْ بُنْيَانٌ مَرْصُوصٌ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ»[1].

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ئەنسارىلاردىن بىر توپ كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىدى. ئۇلار بىر مەجلىستە: <ئەگەر بىز الله قا قايسى ئەمەلنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق، ۋاپات بولغۇچە شۇ ئەمەلنى قىلاتتۇق> دېيىشتى. ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <مەن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر الله يولىدىكى سەپتە مۇستەھكەم تۇرىمەن> دېدى. ئاندىن ئۇ شەھىدلىك ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلدى».[2]

138. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىرنەچچە ساھابىلىرى ئولتۇرۇپ ئۆزئارا: «قايسى ئەمەلنىڭ الله قا ئەڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق شۇنى قىلغان بولاتتۇق» دېيىشكەن ئىدۇق، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿سَبَّحَ لِلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ ۞ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ ۞ كَبُرَ مَقْتًا عِنْدَ اللَّهِ أَنْ تَقُولُوا مَا لَا تَفْعَلُونَ ۞ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِهِ صَفًّا كَأَنَّهُمْ بُنْيَانٌ مَرْصُوصٌ ۞﴾ «ئاسمانلاردىكى نەرسىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر (يەنى ئىنسانلار، ئۈسۈملۈكلەر، جانسىز شەيئىلەر) الله قا تەسبىھ ئېيتتى. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [1]. ئى مۇئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟) [2] سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز)

[1] سۈرە سەپ 4ـ ئايەت.

[2] «تفسير الطبري» 23ـ توم 142ـ بەت، «تفسير ابن كثير» 8ـ توم 107ـ بەت، «تفسير القرطبي» 18ـ توم 79ـ بەت، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1ـ توم 55ـ بەت.

دېيىشىڭلار اللہ نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۈچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر) [3]. شۈبھىسىزكى، اللہ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (يەنى ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇرۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ [4]»①. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەردى.②

139. سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدىغان ئىككى ۋاقىت باركى، بۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسى كەمدىن ـ كەم رەت قىلىنىدۇ: ئەزان تۇۋلانغان ۋە اللہ يولىدا سەپ تۈزۈشكەن ۋاقىت».③

140. ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ اللہ يولىدىكى جىھاد سېپىدە تۇرۇشى اللہ نىڭ نەزىرىدە ئاتمىش يىل ئىبادەت قىلغىنىدىن ئەۋزەلدۇر».④

بەيھەقى توپلىغان يەنە بىر ھەدىستە: «بىر كىشىنىڭ اللہ يولىدىكى جىھاد سېپىدە بىر سائەت تۇرۇشى ئاتمىش يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر» دېيىلگەن.⑤

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قىلىچ چاپماي، نەيزە تىقماي ۋە ئوقيا ئاتماي اللہ يولىدا دۈشمەنگە يۈزلىنىپ تۇرغان ئورنۇم بولسا گۇناھ قىلماي 60 يىل ئىبادەت قىلغىنىمدىن ئەۋزەلدۇر».

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: يەزىد ئىبنى شەجەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلغان سۆزگە ئەمەل قىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇ بىر كۈنى بىزگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «ئى خالايىق! اللہ نىڭ بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار. اللہ نىڭ نېئمەتلىرىنى ھەممە يەردە ۋە ھەرخىل ئورۇندا كۆرۈشۈڭلار نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە!» دېدى.

مۇجاھىدلار جەڭگە سەپ تۈزۈشكەندە يەزىد ئىبنى شەجەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: «ئاسمان، جەننەت ۋە دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلدى؛ ھۆر ئەينىلەر زىننەتلىنىپ چىقتى. كىشى قاچانىكى دۈشمەنگە ئالدىنى قىلىپ ماڭسا،

① سۈرە سەپ 1 ـ ئايەتتىن 4 ـ ئايەتكىچە.

② تىرمىزى ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن.

③ ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

④ تەبرانى، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

⑤ ئەلبانى «صحيح الجامع» ناملىق كىتابىدا «سەھىھ» دېگەن.

ھۆر ئەينلەر: ‹ئى الله ! ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن› دەيدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئارقىغا قاچسا يۈزىنى ئېتىپ: ‹ئى الله ! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن› دەيدۇ. دۈشمەنگە قاراپ ئاتلىنىڭلار! ئاتا ـ ئانام سىلەرگە پىدا بولسۇنكى، ھۆر ئەينلەرنى خىجىل قىلماڭلار! تۇنجى تامچە قاننىڭ تۆكۈلۈشى بىلەن الله سىلەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. قىلىچلار — جەننەتنىڭ ئاچقۇچلىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە ماڭا خەۋەر بېرىلدى». ①

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ كىشىگە قىيامەت كۈنى الله كۈلىدۇ: كېچىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرغان كىشى، ناماز ئۈچۈن سەپكە تىزىلغان كىشىلەر ۋە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن سەپكە تىزىلغان كىشىلەر». ②

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى الله ئەززە ۋەجەللەنىڭ دەرگاھىدا ئورۇن جەھەتتە ئەڭ پەزىلەتلىك شەھىدنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ سەپتە دۈشمەنگە ئۇچراشقان چاغدا ئوڭ ـ سولغا قاراپ قويماي قىلىچىنى يەلكىسىگە قويۇپ: ‹ئى الله ! بۇندىن بۇرۇنقى خالىي كۈنلەردە قىلغان گۇناھلىرىم سەۋەبلىك بۈگۈن مەن جېنىمنى سەن ئۈچۈن ئاتىدىم› دېگەن ۋە شۇ مەيداندا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر». ③

※ ※ ※

① تەبرانى ۋە ھەيسەمى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا توپلىغان. ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 289 ـ بەت.

③ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 86 ـ بەت.

# 20 ـ باب

## اللە يولىدا ئوق ئېتىشنىڭ پەزىلىتى ھەمدە ئۇنى ئۆگىنىپ تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

بىلگىنكى، اللە يولىدا جىھاد قىلىش نىيىتى بىلەن ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىش، ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭدا ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىش بولسا پەيغەمبەر ﷺ ئۇندىگەن ۋە قىزىقتۇرغان ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىندۇر. ئوق ئېتىشنىڭ نۇرغۇنلىغان پەزىلەتلىرى بار:

بىرىنچى، كىشىلەرنىڭ اللە يولىدىكى جىھادقا تەييارلىق قىلىشى ئۈچۈن اللە تائالا ئوق ئېتىشقا بۇيرۇدى.

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار»[1].

بىر قىسىم ئالىملار ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىشنىڭ ۋاجىبلىقىغا يۇقىرىقى ئايەتنى دەلىل كەلتۈردى چۈنكى ئايەتتىكى «كۈچ» بولسا ئوق ئېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

141. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنبەردە تۇرۇپ: <دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار>[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن: <بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش دېگەن ئوق ئېتىشتۇر! بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش دېگەن ئوق ئېتىشتۇر! بىلىپ قويۇڭلاركى، كۈچ تەييارلاش دېگەن ئوق ئېتىشتۇر!> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم».[3]

ئىككىنچى، اللە تائالا بىر ئوق سەۋەبلىك ئۈچ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ: ئوقنى ياسىغۇچى، ئاتقۇچى ۋە ئاتقۇچىغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى.

142. خالىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مەرگەن ئىدىم، ئۇقبە ئىبنى ئامىر مىنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈۋېتىپ: «ئى خالىد! ئوق ئاتقىلى

---

[1] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

چىقايلى» دەيتتى. بىر كۈنى ئوق ئېتىشقا چىقىش خۇشياقمىغانىدى، ئۇ ماڭا: «ئى خالىد! يۈر، مەن ساڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ ھەقتە نېمە دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەي. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹الله تائالا بىر پاي ئوق سەۋەبلىك ئۈچ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار: ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىپ ياسىغۇچى، ئاتقۇچى ۋە ئاتقۇچىغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى. شۇڭا، ئوق ئېتىش ۋە ئات مىنىشنى مەشىق قىلىڭلار! ماڭا نىسبەتەن ئوق ئېتىپ مەشىق قىلغىنىڭلار ئات مىنىپ مەشىق قىلغىنىڭلاردىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر. مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىش بىھۇدە ئويۇن ـ تاماشىغا كىرمەيدۇ: ئەر كىشىنىڭ ئېتىنى مەشىق قىلدۇرۇشى، ئايالى بىلەن ئوينىشىشى ۋە (يا بىلەن) ئوق ئېتىشى. كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ تاشلىۋەتسە، نېئمەتنى تاشلىۋەتكەن بولىدۇ› دېگەن» دېدى.[1]

ئوقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ يەتمىش نەچچە كامانى قالغان بولۇپ، ھەربىر كامانىنىڭ ئوقى ۋە ئوقدىنى تولۇق ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ الله يولىدا ئىشلىتىلىشىنى ۋەسىيەت قىلغانىدى.[2]

ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلار ئارىسىدا ئوق ئاتاتتى.

143. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئى ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرى، ئېتىڭلار! سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ھەم مەرگەن ئىدى. ئېتىڭلار! مەن پالانى جەمەت تەرەپتە» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى گۇرۇھتىن بىرى ئوق ئېتىشتىن توختاپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاردىن: «سىلەرگە نېمە بولدى، ئاتمايسىلەرغۇ؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۇلار تەرەپتە تۇرساڭ قانداق ئاتىمىز؟!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئېتىڭلار! مەن ھەممىڭلار تەرەپتە» دېدى.[3]

بۇ ھەدىس، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش يۈزىسىدىن ياخشىلىقنى مەقسەت قىلىش شەرتى بىلەن مەرگەنلەرنىڭ قەلبىنى كۆچلەندۈرۈش، روھىنى ئاشۇرۇش، ئوق ئېتىشقا تەرغىب قىلىش ۋە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن مەرگەنلەر تەرەپتە تۇرۇشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. ئەمما، كىنە ـ ئاداۋەت تۇغۇلىدىغان، ھاۋايى ـ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە نەسائى توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئەھمەد ۋە بەيھەقى توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

[3] بۇخارى توپلىغان.

ھەۋەس ئۇستىگە قۇرۇلغان، شەيتانپەرەسلىك قىلىپ مەرگەنلەر تەرەپدارى بولۇش دۇرۇس ئەمەستۇر. بۇنداق تەرەپبازلىق ھارام بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇزغۇنچىلىق كېلىپ چىقىدۇ.

قىلىچ، نەيزە ـ كالتەك ۋە باشقا جەڭ قوراللىرىنى مەشىق قىلىش — ئوق ئېتىشقا قىياس قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، ئوق ئېتىش بولسا ماختالغان ۋە تەرغىب قىلىنغان ئويۇن بولۇپ، ئەيىبلەنگەن ئىش قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ.

144. ئوقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «پات ئارىدا سىلەرگە نۇرغۇنلىغان زېمىنلار فەتىھ قىلىنىپ بېرىلىدۇ. الله سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، شۇ ۋاقىتتا سىلەردىن بىرىڭلار ئۆزىدە مەرگەنلىكنى يېتىلدۇرۇشتىن بوشاپ قالمىسۇن».[1]

145. ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە جابىر ئىبنى ئۇمەير ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوق ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئاندىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرۇۋالغاندى، يەنە بىرى ئۇنىڭغا: «ھورۇنلۇق قىلىۋاتامسەن؟! مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم: ‹الله نى زىكىر قىلىشتىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئىش ياكى خاتالىقتۇر لېكىن تۆت خىسلەت بۇنىڭدىن مۇستەسنا: ئىككى نىشان ئوتتۇرىسىدا مېڭىش، ئېتىنى مەشىق قىلدۇرۇش، ئۆز ئايالى بىلەن ئوينىشىش ۋە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىش›» دېدى.[2]

بۇ يەردە مەقسەت كۆرسىتىلگىنى قەغەز ياكى تېرىدىن قىلىنغان نىشان تاختىسى بولۇپ، ئوق ئاتقۇچىنىڭ نىشان تاختىسىغا تەگكۈزۈپ ئېتىشى مەقسەت قىلىنغاندۇر.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىھاد مەيدانىدا ئەسكەرلەرنى ئوق ئېتىشقا ھەمدە ئۈنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەۋسىيە قىلاتتى.

146. ئەمر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە تائىفنى مۇھاسىرىگە ئالدۇق. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «كىمكى الله يولىدا بىر پاي ئوق ئاتسا، ئۇنىڭغا بىر قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ:

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] تەبرانى، نەسائى ۋە بەيھەقى توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كىمكى الله يولىدا دۈشمەنگە بىر پاي ئوق تەگكۈزسە، شۇ ئوق سەۋەبلىك ئۇنىڭ جەننەتتىكى مەرتىۋىسى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم ھەمدە شۇ كۈنى 16 تال ئوقنى دۈشمەنگە تەگكۈزدۈم.[1]

147. كەئب ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ: «كىمكى دۈشمەنگە بىر تال ئوق تەگكۈزسە، (قىيامەت كۈنى) الله ئۇنىڭ دەرىجىسىنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى نەھام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر دەرىجە بىلەن يەنە بىر دەرىجىنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ ئۆيۈڭنىڭ بوسۇغىسىچىلىك ئارىلىق ئەمەس بەلكى ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى 100 يىللىق مۇساپىدۇر» دېدى.[2]

ھەتتا دۈشمەنگە ئوقنى تەگكۈزەلمىسىمۇ، الله شۇنىڭغا ئاساسەن مۇكاپاتلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەجرىنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ.

148. ئەمر ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ: «ئىسلام ئۈچۈن ئاقارغان چاچ-ساقال قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى ئۈچۈن نۇر بولىدۇ؛ كىمكى الله يولىدا بىر پاي ئوق ئاتسا، ئۇ ئوق دۈشمەنگە تەگسۇن ياكى تەگمىسۇن ئۇنىڭغا بىر مۇئمىن قۇلنى ئازاد قىلغانلىقنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ ھەمدە بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن دوزاختىن پەردە بولىدۇ».[3]

## ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىش ھەققىدە

ئىبراھىم ئىبنى يەزىد تەيمىي ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزۈن ئىشتىنى يوق ھالەتتە مەيداندا ئىككى نىشان ئارىسىدا مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم».[4]

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككى نىشان ئارىسىدا مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ: <ماڭا نېمە بولغاندۇ،

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] سەئىد ئىبنى مەنسۇرنىڭ «سنن» ناملىق كىتابى 2- توم 184- بەت، ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 9- توم 23- بەت، ئىبنى ھەجەرنىڭ «التلخيص» ناملىق كىتابى 4- توم 400- بەت.

نىمىشقا نىشانغا تەگمەيدىغاندۇ؟> دەيتتى». [1]

ھۇزەيفە ۋە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلاتتى ۋە ئۇياق ـ بۇياققا يۈگرەيتتى، ئادەتتە ماڭغاندەك ماڭمايتتى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇلايلىق بولۇشى ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن كالتا كىيىملەر بىلەن يۈگۈرەيتتى.

بۇ — ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئوق ئېتىشقا نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار ھىدايەت قۇياشى، ئەگەشكۈچىلەر يۇلتۇزى ۋە دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ سۇلتانلىرى ئىدى شۇنداقلا ئىسلاھ قىلغۇچى ھىدايەت يولىدا ۋە توغرا پىكىر ئۈستىدە ئىدى. الله نىڭ ئۇلارنى سۆيەتلىشى ۋە ماختىشى سىزگە يېتەرلىكتۇر! الله تائالا ئۇلارنى سۆپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ تَرَاهُمْ رُكَّعًا سُجَّدًا يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِمْ مِنْ أَثَرِ السُّجُودِ﴾ «مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر؛ ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن؛ ئۇلار الله نىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار». [2]

ئوق ئاتقۇچىلار ئېتىش جەريانىدا تارتىنچاقلىق، كۆنۈپ كەتكەن باشلىقلىق ئادىتىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئوق ئېتىش مەشىقىدە قېرىنداشلىرىغا دائىم كەمتەر بولۇشى؛ ئۇنى الله قا يېقىنچىلىق ھاسىل قىلىش، بۇيۇك ئەجىرگە ئېرىشىش، مول مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرۈش دەپ ئويلىشى لازىم. ئەگەر بۇ ئەمەلنى ئارقىلىق كاتتا ساۋابنى ئۈمىد قىلسا ۋە ئۇنىڭغا ھېرىسمەن بولسا، الله نىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئەمما بۇنى ئويۇن ـ چاقچاق ۋە بىھۇدە ئىشلارنىڭ قاتارىدىن دەپ قارىماسلىقى بەلكى ئىبادەتنىڭ كاتتىسى ۋە ئۇلۇغ تائەت دەپ بىلىشى لازىم. ئوق ئاتقاندا، ئۆزىگە قۇۋۋەت ۋە ئىمكانىيەت ئاتا قىلغان؛ ئەيىبلىنىدىغان ھەرخىل ئويۇنلاردىن يىراق قىلىپ، ئۆزىگە ئوق ئېتىشنى سۆيۈملۈك كۆرسەتكەن الله قا ھەمدە ئېيتىشى لازىم. چۈنكى الله تائالا ھەر ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر پەرۋەردىگار يوقتۇر.

---

[1] سەئىد ئىبنى مەنسۇرنىڭ «سنن» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 185 ـ بەت، ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 12 ـ توم 502 ـ بەت.

[2] سۈرە فەتھ 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئوق ئېتىشقاندا قېرىنداشلىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشسە ھېچقىسى يوق بەلكى بۇ مۇستەھەبتۇر چۈنكى يامان ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆز بولۇپ قالمىسىلا چاقچاقلىشىش ئارقىلىق بۇ ئىبادەتكە بولغان مۇھەببەتنى كۈچەيتكىلى ۋە كەيپىياتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بىلال ئىبنى سەئىد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىككى نۇقتىنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى ئۇچراتتىم، ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈشەتتى، ئۇلار كېچىنى ھەم ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى».[①] تابىئىنلارنىڭ ئۆلىمالىرى ۋە ئابىدلىرىدىن بولغان بىلال ئىبنى سەئىد ھەم شۇلارنىڭ قاتارىدىن ئىدى.

ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىيمىي مۇنداق دەيدۇ: «ئوق ئاتقان كىشىدىن باشقا بىرەر كىشىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاتا ـ ئانىسىنى جەملەپ پىدا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمىگەنلىكى — ئوق ئېتىشنىڭ قەدرىنىڭ نەقەدەر ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر»[②].

149. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد كۈنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ‹ئاتقىن، ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!› دېدى».[③]

ئەبۇ ئابدۇللاھ جۇرجانى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلۇغ سەييىدىمىز ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم رەھىمەھۇللاھ بىلەن دېڭىز غازىتىدا بىللە ئىدۇق. بىر كېچىسى ئۇ ئىچى سۈرۈپ ۋاپات بولدى. شۇ كېچىسى ئۇ 25 قېتىم تەرەت قىلغانىدى، ھەر قېتىمدا ناماز ئۇچۇن تاھارەت يېڭىلايتتى. ئۇ سەكراتتا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتتا: ‹ماڭا كامانىمنى ئوقيا بىلەن ئەكىلىپ بېرىڭلار› دېدى ۋە ئۇنى قولىغا ئالدى. الله ئۇنى كامان ئۇنىڭ قولىدىكى ھالەتتە جېنىنى ئالدى. ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم بۇنى الله تائالانىڭ قىيامەت كۈنى ئۆزىنى كامان تۇتقان ھالەتتە تىرىلدۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىپ قىلغان ئىدى چۈنكى ئىنسان قىيامەت كۈنى ۋاپات بولغان ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ».

ئىمام مالىك «ئات مىنىشنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭدا مۇسابىقىلىشىش بولسا ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭدا مۇسابىقىلىشىشتىن ئەۋزەلدۇر» دېگەن

---

① ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 9 ـ توم 349 ـ بەت، بەغەۋىينىڭ «شرح السنة» ناملىق كىتابى 12 ـ توم 318 ـ بەت، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الزهد» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 26 ـ بەت.

② ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىيمىينىڭ «شعب الإيمان» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 498 ـ بەت.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى[1] ئەمما كۆپچىلىك ئالىملار «ئوق ئېتىش ۋە نەيزىۋازلىقنى ئۆگىنىش بولسا ئات مىنىش ۋە ئۇنىڭدا مۇسابىقىلىشىشتىن ئەۋزەل» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «ئوق ئېتىش ۋە ئات مىنىشنى مەشىق قىلىڭلار! ماڭا نىسبەتەن ئوق ئېتىپ مەشىق قىلغىنىڭلار ئات مىنىپ مەشىق قىلغىنىڭلاردىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر»[2] دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. يەنە بىر قىسىم ئالىملار بولسا ھەربىر كىشىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆگىنىشى زۆرۈر ئىكەنلىكىگە، ھەر ئىككىلىسى جەملەنگەندىلا ئاندىن مۇكەممەل چەۋەنداز بولغىلى بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كېلىشتى چۈنكى دۈشمەن يىراق بولغاندا ئوق ئېتىش ئەڭ ياخشىدۇر، سەپلەر كىرىشىپ كەتكەن چاغدا دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ۋە چېكىنىشتە ئات مىنىش ئەڭ مەنپەئەتلىك بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئىككىسىدىنمۇ ئەۋزەلراق بولغىنى دۈشمەنگە ئەڭ بەك زەربە بېرەلەيدىغان ۋە قوشۇنغا ئەڭ مەنپەئەتلىك بولغىنى بولۇپ، بۇ، شەخسلەرنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ۋە ھالەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئوق ئاتىدىغان بەش تال كامانى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى: رەۋھائ، سەفرائ، بەيزائ، زەۋرائ ۋە كەتۇم ئىدى. ئوق سالىدىغان ئوقدىنىنى «كەفۇر» دەپ ئاتايتتى.

## ئات چاپتۇرۇش ۋە ئوق ئېتىشتا مۇسابىقىلىشىش

ئىسلام ئۈممىتى ئات چاپتۇرۇش ۋە ئوق ئېتىشتا مۇسابىقىلىشىشنىڭ دۇرۇسلىقىغا بىرلىككە كەلدى. ئات بىلەن مۇسابىقىلىشىش — رىھان (بەيگە)، ئوق ئېتىپ مۇسابىقىلىشىش — مۇنازەلە (مەرگەنلىك) دەپ ئاتىلىدۇ؛ نىيىتى جىھاد ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش شەرتى ئاساسىدا ئۇ ئىككىسىنى قىلغۇچى — الله تائالا تەرىپىدىن ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدىغان سۈننەتنى قىلغان بولىدۇ.

بەيگىگە چۈشۈشنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) مۇسابىقىدە يەڭگۈچىگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلمەكچى بولغان مال مەخسۇس جەڭگە تەييارلانغان ئۇلاغ بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، ئات، تۆگە... دېگەندەك.

---

[1] «تفسير ابن كثير» 2- توم 321- بەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە نەسائى توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

(2) نىشانى ئېنىق، باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش ۋاقتىسى بەلگىلەنگەن، مۇسابىقىلەشكۈچىلەر باراۋەر تۇرغان بولۇشى لازىم. ئەگەر بۇلار بېكىتىلمىگەن بولسا مۇسابىقە دۇرۇس بولمايدۇ.

(3) مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىققۇچى مالنىڭ ھەممىسىگە ياكى كۆپىنچىسىگە ئېرىشىشى لازىم.

(4) ئەگەر مۇسابىقىگە ئۈچىنچى بىر كىشى قاتنىشىپ، مال ئىككى تەرەپتىن چىقىرىلغان بولسا ھەمدە ئۈچىنچى كىشى ئۇ ئىككىسىنى ئۇتۇۋالغان بولسا، ئىككىسى شەرت قىلغان مالنى ئالىدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئىككىسى ئۇ ئادەمنى ئۇتۇپ چىققان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئىككىسىگە ھېچنىمە بەرمەيدۇ ئەمما ئۇ ئىككىسىدىن بىرى ئۇتۇپ چىققان بولسا، ئۇتۇپ چىققۇچى ئۆزىنىڭ ۋە ھەمراھىنىڭ ئۇتقان مېلىغا ئېرىشىدۇ.

(5) ئىككىسىنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۇتۇپ چىقىش ئىمكانىيىتى بولۇشى كېرەك.

(6) مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئىككى ئۇلاغنى ئېنىق بېكىتىش كېرەك.

(7) ئىككى ئۇلاغقا مىنگەن ئىككى كىشى ئەسلى كېلىشكەن شۇ ئىككىسى بولۇشى كېرەك (يەنى ئورنىغا ئادەم سەپلەشكە بولمايدۇ).

(8) مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى ئىككى ئاتنىڭ ھېرىپ توختاپ قالماي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بولۇشى كېرەك.

150. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ مەشىق قىلدۇرۇلۇپ ئورۇقلىتىلغان ئاتلارنى ھەفيا بىلەن ۋەدا داۋىنىنىڭ ئارىلىقىدا، مەشىق قىلدۇرۇلماي سەمرىپ كەتكەن ئاتلارنى ۋەدا داۋىنى بىلەن بەنى زۇرەيق مەسجىدى ئارىسىدا بەيگىگە سالاتتى. شۇ بەيگىلەردە مەنمۇ بار ئىدىم». سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: «ھەفيا بىلەن ۋەدا داۋىنىنىڭ ئارىلىقى بەش-ئالتە مىل، ۋەدا داۋىنى بىلەن بەنى زۇرەيق مەسجىدىنىڭ ئارىلىقى بىر مىل (تەخمىنەن 1700 مېتىر) كېلەتتى».[①]

(9) شەرت قىلىنغان مال ئېنىق بولۇشى كېرەك.

(10) بۇزۇق شەرتتىن ساقلانغان بولۇشى كېرەك

ئوق ئېتىش مۇسابىقىسىنىڭ تۈۋەندىكىچە:

(1) ئەگەر مال شەرت قىلىنغان بولسا، مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلارنىڭ

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ھەربىرىگە مالنى نەقلەشتۇرۇپ بەرگۈچى بولۇشى كېرەك.

(2) مۇسابىقە تۈرى بىرخىل بولۇشى كېرەك چۈنكى تۈر ئوخشىمىسا مۇسابىقىلىشىش دۇرۇس بولمايدۇ. مەسىلەن، نەيزە بىلەن ئوقيانى مۇسابىقىگە سېلىش دۇرۇس ئەمەس چۈنكى ئىككىسىنىڭ تۈرى ئوخشىمايدۇ.

(3) شەرت قىلىنغان تەگكۈزۈش نىشانى مۇمكىن بولىدىغان نەرسە بولۇشى كېرەك شۇنداقلا تەگكۈزۈش مۇمكىنچىلىكى يوق ياكى جەزمىي تەگكۈزىدىغان بولماسلىقى كېرەك.

(4) شەرت قىلىنغان مال، مۇساپە نىشانى، تەگكۈزۈش سانى، ئوق ئاتىدىغان دائىرە، ئاتىدىغان ئوقنىڭ سانى ۋە كىمنىڭ باشلايدىغانلىقى ئېنىق بولۇشى كېرەك.

(5) ئاتقۇچىلارنى بېكىتىش كېرەك چۈنكى كېلىشىم پەقەت تەيىنلەنگەن ئاتقۇچىلارغىلا دۇرۇس بولىدۇ.

(6) مەيدان بېكىتىلگەن بولۇشى، مۇسابىقىگە چۈشكۈچىلەر مەيداندا باراۋەر بولۇشى كېرەك.

## ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ تەرك قىلغۇچى ھەققىدە كەلگەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش

ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ ئاندىن تەرك قىلغۇچى ھەققىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشلار كەلگەن.

151. فۇقەيم لەخمىي (ئىسمىلىك بىرى) ئوقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ياشىنىپ قالغان تۇرۇپمۇ بۇ ئىككى نىشان ئارىسىدا ئوق ئېتىپ يۈرۈش ساڭا ئېغىر كەلمەمدۇ؟» دېگەنىدى، ئوقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەر مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولسام بۇنچىۋالا قىلمىغان بولاتتىم» دېدى. ھارىس (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى شىماسەدىن: «ئۇ قايسى سۆزكەن؟» دەپ سورىسام، ئىبنى شىماسە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹كىمكى ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ ئاندىن ئۇنى تەرك ئەتسە بىزدىن ئەمەس> ياكى <بىزگە ئاسىي بولغان بولىدۇ> دېگەنىكەن» دېدى.[①]

ئالىملار: «ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولۇپ ئاندىن ئۇنى تەرك ئېتىش بولسا

[①] مۇسلىم توپلىغان.

چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن» دەپ قارىدى چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «بىزدىن ئەمەس» ياكى «ماڭا ئاسىي بولغان بولىدۇ» دېگەنلىكى بولسا بۇنداق ئەمەللەرنىڭ چوڭ گۇناھ قاتارىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىمام نەۋەۋى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە: «ئوق ئېتىشنى تەرك ئېتىش — مەكرۇھ تەھرىمىيدۇر[1]» دېگەن.[2]

بىزنىڭ ئېتىقادىمىزچە، يەنى ئۇلارنىڭ قارىشىغا قارىغاندا بولسا ئوق ئېتىشنى تەرك ئېتىش ياكى ئۇنتۇپ قېلىش داۋاملىشىۋەرسە چوڭ گۇناھنى قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇش، تەۋبە قىلىشقا ئالدىراش ھەمدە بۇ گۇناھتىن دەرھال قۇتۇلۇش كېرەك.

※ ※ ※

[1] مەكرۇھ تەھرىمىي — ھارامغا ئېھتىماللىقى كۈچلۈك بولغان ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش.

[2] نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13- توم 65- بەت.

# 21 ـ باب

## مۇجاھىدلارنىڭ قىلىچ ـ نەيزىسىنىڭ ۋە تەييارلىق قىلىشىنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلْيَأْخُذُوا أَسْلِحَتَهُمْ﴾ «قوراللىرىنى (ئېھتىيات يۈزىسىدىن) يېنىدا تۇتسۇن»①.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ﴾ «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ تەييارلاڭلار»②.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «قۇۋۋەت بولسا قورال ـ ياراق ۋە ئوقيادۇر». ③

الله تائالا نەيزە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَيَبْلُوَنَّكُمُ اللَّهُ بِشَيْءٍ مِنَ الصَّيْدِ تَنَالُهُ أَيْدِيكُمْ وَرِمَاحُكُمْ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! قولۇڭلار ۋە نەيزەڭلار بىلەن ئۇۋلىنىدىغان بىر ئاز ئوۋ بىلەن الله سىلەرنى چوقۇم سىنايدۇ»④.

قورال ـ ياراق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش پەرز كۇپايە بولۇپ، ئەگەر بۇنىڭغا مۇسۇلمانلار قاتتىق موھتاج بولسا ۋە بۇنى قىلالايدىغانلار يېتەرلىك بولمىسا، بۇنىڭ ھۆكمى پەرز ئەينگە ئايلىنىدۇ. ⑤

قىلىچ ۋە نەيزىنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كەلگەن بەزى دەلىللەر:

152. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن يېگانە اللهقا ئىبادەت قىلىنىشى ئۈچۈن قىيامەتتىن ئىلگىرى قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلدىم. مېنىڭ رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسى ئاستىدا قىلىندى. خارلىق ۋە بىچارىلىك مېنىڭ بۇيرۇقۇمغا خىلاپلىق قىلغان كىشىگە بولىدۇ. كىمكى قايسى بىر قەۋمگە ئوخشىۋالسا ئۇ شۇلارنىڭ

① سۈرە نىسا 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ «تفسير القرطبي» 5 ـ توم 373 ـ بەت.
④ سۈرە مائىدە 94 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑤ «تفسير القرطبي» 8 ـ توم 36 ـ بەت.

قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ». [①]

ئىمام ئىبنى قەييىم «الفروسية» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشىدا، جىھاد قىلىشقا موھتاج ئورۇنلاردا نەيزىگە ئوخشاش جەڭ قوراللىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش بولسا نەفلە نامازدىن ئەۋزەلدۇر»[②]. جىھادقا كېرەكلىك ھەرقانداق كونا ۋە ھازىرقى زامان جەڭ قوراللىرىنىڭ ھۆكۈمى ھەم نەيزىگە قىياس قىلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە جەننەتنىڭ قىلىچلار سايىسى ئاستىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن.

153. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەبۇبەكرى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاتامنىڭ (الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «رەسۇلۇللاھ ﷺ: <شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىدۇر> دېگەن». ئاندىن كىيىملىرى كۆرۈمسىز بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئەبۇ مۇسا! سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى راست ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دەپ سورىۋىدى، ئاتام (ئەبۇ مۇسا): «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ ئۇلارغا سالام قىلدى ۋە قىلىچىنىڭ غىلىپىنى سۇندۇرۇپ تاشلىۋەتتى، ئاندىن قىلىچىنى ئېلىپ دۈشمەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدى. [③]

154. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۈشمەننى تاكى كۈن قايرىلغۇچە كۈتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئىنسانلار! دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار، الله تىن خاتىرجەملىكنى سوراڭلار. ئەگەر دۈشمەن بىلەن ئۇچراشساڭلار چىداملىق بولۇڭلار. بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا» دېدى. [④]

يەزىد ئىبنى شەجەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: «قىلىچلار —

---

[①] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] «الفروسية» 18 ـ بەت.

[③] مۇسلىم توپلىغان.

[④] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

جەننەتنىڭ ئاچقۇچلىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە ماڭا خەۋەر بېرىلدى چۈنكى قىلىچ — جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر». [1] دۈشمەننى قىلىچ بىلەن چېپىش بولسا جەننەتكە كىرىش، ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشىش ۋە ئىززەتكە يېتىشنىڭ سەۋەبىدۇر؛ مۇجاھىد ئۇ ئارقىلىق الله نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ ۋە دوزاختىن ساقلىنىدۇ. ساھابىلەرنىڭ قىلىچلىرى جىھاد ئۈچۈن تەييارلانغان بولغاچقا، ئۇلار قىلىچلىرىنى ئالتۇن بىلەن زىننەتلىمىگەن ئىدى.

155. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇن فەتىھلەرنى قولغا كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ قىلىچلىرى نە ئالتۇن، نە كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن ئەمەس ئىدى بەلكى دەستى ۋە غىلىپى تاسما، قوغۇشۇن ۋە تۆمۈر بىلەن قاپلانغان ئىدى». [2]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەن زېمىنىدا تىرنىقىڭلارنى قويۇۋېتىڭلار! ئۇمۇ بىر قورالدۇر». [3]

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل مۇنداق دەيدۇ: «مۇجاھىد دۈشمەن زېمىنىدا تىرناقلىرىغا موھتاج بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ تىرناقلىرى بولمىسا ئارغامچا ياكى بىرەر نەرسىنى يېشىش تەس بولىدۇ». [4]

الله يولىدا تۇنجى سۇغۇرۇلغان قىلىچ — زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىلىچى بولۇپ، بۇ ۋەقە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن ئىدى. زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ 12 ياشقا كىرگەن ۋاقىتلىرى ئىدى. بىر كۈنى مەككىدە «رەسۇلۇللاھ ﷺ تۇتۇۋېلىندى» دېگەن سۆز تارقالدى، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇئان قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئىزدەپ ماڭدى ۋە ئۇنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا ۋە قىلىچىغا دۇئا قىلدى.

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شىجائەتلىك ۋە كۈچلۈك ساھابە بولۇپ، قىلىچۋازلىقتا ماھىر ئىدى، ئۇنىڭ دۈشمەنگە قىلىچ بىلەن بەرگەن زەربىلىرى ئىسلام تارىخىدا مەشھۇر ئىدى.

---

[1] تەبرانى ۋە ھەيسەمى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8- توم 353- بەت.

[4] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8- توم 353- بەت.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىرنەچچە قىلىچلىرى بار بولۇپ، ئۇلار:

(1) مەئسۇر. بۇ قىلىچ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دادىسىدىن مىراس قالغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلگەن.

(2) ئەزب. بۇ قىلىچنى بەدر جېڭى كۈنى سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سوۋغا قىلغان.

(3) زۇلپىقار. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ قىلىچنى بەدر جېڭى كۈنى غەنىيمەت ئالغان بولۇپ، ھەممە جەڭلەردە دېگۈدەك ئېلىپ چىقاتتى.

(4) سىمسام. بۇ قىلىچنى ئەمر ئىبنى مەئدى كەرىب زۇبەيدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سوۋغا قىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، قەلئىي، بەتتار، ھەتف، رەسۇب، مىخزەم ۋە قەزىيب قاتارلىق قىلىچلىرى ھەم بار ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بەش تال نەيزىسى بار بولۇپ، ئۇلار: بەتئە، بەيزائ، ئىنزە... قاتارلىقلاردۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىنزەگە تايىنىپ ماڭاتتى. ھېيت كۈنلىرى قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى، نامازغا تۇرغاندا ئالدىغا سۇترە[1] قىلىپ قوياتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يەتتە تال ساۋۇتى ۋە «مۇشىج» ناملىق تۆمۈر دۇبۇلغىسى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، «سەبۇغ» ناملىق يەنە بىر دۇبۇلغىسى بار بولۇپ، بۇ دۇبۇلغا مەككە فەتھىسى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇبارەك بېشىدا بار ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ «زەلۇق» ناملىق قالقىنىمۇ بار بولۇپ، بۇ قالقانغا ئۇرۇلغان قوراللار ئۆتمەي، تېيىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى قالقىنى ھەم بار ئىدى.

※ ※ ※

[1] سۇترە — ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچىلەرگە قارشى توساقتۇر.

## 22 ـ باب

# الله يولىدا يارىلىنىشنىڭ پەزىلىتى ۋە بەزى يارىدارلارنىڭ بايانى

156. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله يولىدا يارىلانسا، — الله ئۆزىنىڭ يولىدا يارىلانغان كىشىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، — قىيامەت كۈنى يارىسىدىن قان ئاققان ھالەتتە كېلىدۇ، يارىسىنىڭ رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، قېنىنىڭ پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ».[1]

بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا يارىلانغان ھەرقانداق مۇسۇلمان قىيامەت كۈنى نەيزە سانجىلغان چاغدىكى ھالەتكە ئوخشاش قان ئېقىپ تۇرغان ھالەتتە كېلىدۇ؛ يارىسىنىڭ رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، قېنىنىڭ پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ».

ئىبنى دەقىيق ئىيد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ يارىسىدىن قان ئاققان ھالەتتە كېلىشىدىكى ھېكمەت — ئۆزىنى جاراھەتلەندۈرگەن زالىم دۈشمەن ھەققىدە گۇۋاھچى بولۇش ھەمدە يارىسىدىكى ئىپار پۇرىقى ئارقىلىق قىيامەت مەيدانىدا تۇرغان ھەربىر كىشىگە ئۆز شەرىپىنى نامايەن قىلىشتۇر».[2]

157. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى تۆگە سۈتى يېلىنىغا يىغىلغانچىلىك (قىسقا ۋاقىت) بولسىمۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ؛ كىمكى چىن كۆڭلىدىن الله يولىدا ئۆلۈشنى تىلىسە ئەمما ئۆز ئۆلۈمىدە ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ شەھىدنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ؛ كىمكى الله يولىدا جاراھەتلەنسە ياكى يارىلانسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ يارىسىدىن رەڭگى زەپىرانىنىڭ رەڭگىدە ۋە پۇرىقى ئىپاردەك خۇشپۇراق قان بۇلدۇقلاپ تۇرغان ھالدا كېلىدۇ؛ كىمنىڭ بەدىنىگە الله يولىدا بىرەر نەرسە چىقىپ قالسا، ئۇنىڭغا شەھىدلەرنىڭ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئىبنى دەقىيقنىڭ «شرح عمدة الأحكام» ناملىق كىتابى 4 ـ توم 515 ـ بەت.

تامغىسى ئۇرۇلىدۇ». [1]

158. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله قا ئىككى تامچە ۋە ئىككى ئىزدىنمۇ سۆيۈملۈك نەرسە يوق. ئۇ ئىككى تامچە بولسا، الله تىن قورقۇپ ئاققۇزغان ياش تامچىسى ۋە الله يولىدا تۆكۈلگەن قان تامچىسى؛ ئىككى ئىز بولسا، الله يولىدا جىھاد قىلىش داۋامىدا قالدۇرغان ئىز ۋە الله نىڭ پەرزلىرىدىن بىرىنى ئادا قىلىش يولىدا قالدۇرغان ئىز». [2]

ھەسەن بەسرى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «الله ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك ئىككى تامچە ۋە ئىككى يۇتۇم بار. ئىككى يۇتۇم بولسا: بىر بەندىنىڭ غەزىپى كەلگەندە الله رازىلىقى ئۈچۈن غەزىپىنى يۇتۇشى ۋە مۇسىبەت كەلگەندە الله ئۈچۈن سەۋر قىلىپ مۇسىبەت ئەلىمىنى يۇتۇشىدۇر؛ ئىككى تامچە بولسا: الله يولىدا تۆكۈلگەن قان تامچىسى ياكى سەجدە قىلغۇچى بەندە كېچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا الله تىن باشقا ھېچكىم كۆرمىگەن جايدا (الله تىن قورقۇپ) تۆككەن ياش تامچىسىدۇر». [3]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇھۇد كۈنى تىلغا ئېلىنسىلا ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇ كۈننىڭ ھەممىسى تەلھەگە (يەنى تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا) مەنسۇپ» دەيتتى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا تۇنجى بولۇپ بارغانىدىم. شۇ پەيتتە، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇرۇشۇۋاتقان بىر كىشىنى كۆردۈم ـ دە: ‹تەلھە بولغىيتتىڭ› دېدىم. مەن نېرىراق يۆتكەلدىم. كېيىن يەتمىش نەچچە يېرى نەيزە، ئوقيا ۋە قىلىچ بىلەن يارىلانغان تەلھەنى ئۇچراتتۇق ۋە ئۇنىڭ يارىسىنى داۋالىدۇق». [4]

قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇھۇد كۈنى تەلھەنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغداش ئۈچۈن قولىنىڭ يارىلىنىپ تۇتماس بولۇپ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] بەيھەقى ۋە ئىبنى ئەساكىر توپلىغان.

[4] ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 4 ـ توم 33 ـ ۋە 34 ـ بەتلەر، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 106 ـ ۋە 107 ـ بەتلەر، زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 190 ـ ۋە 191 ـ بەتلەر.

قالغانلىقىنى كۆردۇم». [1]

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «زۇبەيرنىڭ بەدىنىدە قىلىچ چېپىلغان ئۈچ تال ئىز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى (بەدر كۈنى) گەدىنىگە (ئۇرۇلغان زەربىنىڭ ئىزى) بولۇپ، مەن (كىچىك چاغلىرىمدا) بارماقلىرىمنى ئۇ يەرگە كىرگۈزۈپ ئوينايتتىم؛ يەنە بىرى يەرمۇك كۈنى چېپىلغان زەربىنىڭ ئىزى ئىدى». [2]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ دۇجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمامە كۈنى ئۆزىنى (دۈشمەن يوشۇرۇنغان) باغنىڭ ئىچىگە ئېتىپ پۇتى سۇنۇپ كەتتى، ئۇ پۇتى سۇنۇق ھالەتتە تاكى شەھىد بولغۇچە ئۇرۇش قىلدى». [3]

مۇئاز ئىبنى ئەمر ئىبنى جەمۇھ مۇنداق دەيدۇ: «بەدر جېڭى كۈنى ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغاندا بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ پاچىقىنىڭ يېرىمىدىنلا ئۈزۈپ تاشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىكرىمە مۈرەمگە چاپتى ـ دە، قولۇم ئۈزۈلۈپ، ئازغىنە قىسمىنى بېقىنىمنىڭ ئازراق تېرىسىلا تۇتۇپ ئېسىلىپ قالدى. جەڭ ماڭا ئۇنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئاندىن مەن ئېسىلىپ قالغان قولۇمنى ئارقامغا تاشلاپ كۈن بويى جەڭ قىلدىم. (قولۇم ساڭگىلىغىلىپ) مۇشەققەت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قولۇمنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ تۇرۇپ كۈچەپ تارتىپ ئۈزۈپ تاشلىدىم». [4]

جەئفەر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەسلەم مۇنداق دەيدۇ: «يەمامە كۈنى ئەبۇ ئۇقەيل جەڭگە چىققان كىشىلەرنىڭ ئەۋۋىلى ئىدى. (دۈشمەن تەرىپىدىن) ئوقيا ئېتىلىپ ئۇنىڭ دولىسى بىلەن كۆكرىكىنىڭ ئارىسىغا تەگدى، ئاندىن ئۇ ئوقنى چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپى ھەرىكەتتىن ئاجىزلاپ كەتكەنىدى، كىشىلەر ئۇنى مەيدان سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. جەڭ قىزىغىنلىق تۇردى ئەمما مۇسۇلمانلار بارا ـ بارا مەغلۇپ بولۇشقا باشلىدى. شۇئان ئەبۇ ئۇقەيل مەئن ئىبنى ئەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: <الله ، الله ! دۈشمەنگە ھۇجۇم!> دەپ ئەنسارىلارنى

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 52 ـ بەت.

[3] زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 244 ـ بەت.

[4] ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 3 ـ توم 351 ـ بەت، تەبەرىنىڭ «تاريخ الطبري» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 154 ـ بەت، زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 250 ـ ۋە 251 ـ بەتلەر.

چاقىرىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى». ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قىسسىنىڭ داۋامىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ئۇقەيل ئورنىدىن تۇردى، مەن ئۇنىڭغا: ‹نېمە قىلماقچىسەن؟› دېسەم، ئۇ: ‹توۋلاۋاتقان كىشى مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىۋاتىدۇ› دېدى. مەن: ‹ئۇ يارىلانغان كىشىنى چاقىرمىدى› دېسەم، ئۇ: ‹مەن ئەنسارىمەن، گەرچە ئۆمىلەپ بولسىمۇ ئۇ چاقىرىققا چوقۇم ئىجابەت قىلىمەن› دېدى. ئاندىن ئۇ قىيىنىلىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە قىلىچىنى قولغا ئېلىپ: ‹ئى ئەنسارىلار! ھۇنەين كۈنىگە ئوخشاش ھۇجۇم!› دەپ توۋلاشقا باشلىدى. قىلىچلار كىرىشىپ كەتتى... ئۇنىڭ يارىلانغان قولى مۈرىسىدىن ئۈزۈلۈپ كەتتى. مەن: ‹ئى ئەبۇ ئۇقەيل!› دېسەم، ئۇ تىترەك ئاۋازدا: ‹لەب...بەي، كىم مەغلۇپ بولدى؟› دەپ سورىغاندى، مەن: ‹خۇشخەۋەر، الله نىڭ دۈشمەنلىرى ئۆلتۈرۈلدى› دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارمىقىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، الله قا ھەمدە ئېيتقان ھالدا جان ئۈزدى».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن دادام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بۇنى خەۋەر قىلسام، ئۇ: ‹الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن! ئۇ تاكى شۇ دەمگىچە داۋاملىق شەھىدلىكنى سوراپتىكەن› دېدى».[①]

ھەنزەلە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھامىيلىقىدىكى سالىم يەمامە كۈنى بايراق تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى، باشقىلار ئۇنىڭغا: ‹سەن تەرەپتىن مەغلۇپ بولۇشىمىزدىن قورقىمىز، بايراقنى باشقىلارغا بەرگىن› دېگەندى، ئۇ: ‹ئۇنداقتا مەن قۇرئان يادلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇپ قالامدىمەن!؟› دېدى. ئۇ بايراقنى كۆتۈرۈپ جەڭگە كىرگەندە (دۈشمەن تەرەپتىن ئۈزۈلغان بىر قىلىچ بىلەن) ئۇنىڭ ئوڭ قولى ئۈزۈلۈپ تاشلاندى، ئاندىن ئۇ بايراقنى سول قولى بىلەن تۇتقاندى سول قولى ئۈزۈلۈپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بايراقنى ئۈزۈلگەن قوللىرى ئارىسىغا قىسىپ مەيدىسىگە باستى ھەمدە: ﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِنْ مَاتَ أَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ﴾ <مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟! (يەنى

① ئىبنى جەۋزىنىڭ «مرآة الزمان»ناملىق كىتابىدىن.

ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟!)>[1] ۋە: ﴿وَكَأَيِّن مِّن نَّبِيٍّ قَاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَمَا وَهَنُوا لِمَا أَصَابَهُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَمَا ضَعُفُوا وَمَا اسْتَكَانُوا وَاللَّهُ يُحِبُّ الصَّابِرِينَ﴾ <نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار الله يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى. الله (ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ>[2] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى.

سالىم يىقىلغاندا ھەمراھلىرىغا: ‹ئەبۇ ھۇزەيفە ئىبنى ئۇتبە قانداقراق؟› دەپ سورىۋېدى، ئۇلار: ‹ئۇ شەھىد بولدى› دېدى. سالىم: ‹پالانچۇ؟› دەپ سورىۋېدى، ئۇلار: ‹ئۇمۇ شەھىد بولدى› دېدى. سالىم: ‹مېنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇڭلار!› دېدى».[3]

يەزىد ئىبنى سەكەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد كۈنى جەڭگە كىرگەندە دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىدا قالدى. بۇ كۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۈچۈن ئېغىر بىر كۈن بولغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىككى قات ساۋۇت كىيىۋالغانىدى. دۈشمەنلەر ئۇ كىشىگە يېقىنلىشىپ كەلدى.

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاكى شەھىد بولغۇچە رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھىمايە قىلدى، ئەبۇ دۇجانە سىماك ئىبنى خەرەشە ھەم ئېغىر يارىلانغانغا قەدەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغدىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزى يارىلاندى، ئېزىق چىشى سۇنۇپ كەتتى، كالپۇكى ۋە مەڭزى يېرىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹بىز ئۈچۈن الله قا جېنىنى ساتىدىغان كىم بار؟› دېگەندى، ئەنسارىلاردىن بەش يىگىت دەرھال كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە زىياد ئىبنى سەكەنمۇ بار ئىدى. زىياد ئىبنى سەكەندىن باشقا ھەممىيلەن شەھىد بولدى، ئۇمۇ مۇستەھكەم تۇرۇپ جەڭ قىلدى. ئاندىن ئۇ تەرەپكە مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى دۈشمەننىڭ ئىسكەنجىسىدىن چىقاردى ۋە دۈشمەننى ھاردۇرۇپ، چېكىنىشكە

[1] سۈرە ئال ئىمران 144- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە ئال ئىمران 146- ئايەت.

[3] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 123- بەت، ئىبنى ئەسىرنىڭ «أسد الغابة» ناملىق كىتابى 1- توم 410- بەت.

مەجبۇر قىلدى». [1]

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى سەئىد ئىبنى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىزدەشكە ئەۋەتتى ۋە: «ئەگەر ئۇنى كۆرسەڭ مەندىن سالام ئېيتقىن ھەمدە رەسۇلۇللاھ سەندىن <ئەھۋالىڭ قانداقراق؟> دەپ سورايدۇ دېگىن» دېدى. مەن جەسەدلەر ئارىسىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇنى ئاخىرقى نەپەسكە چۈشۈپ قالغان ھالىتىدە تاپتىم، ئۇنىڭ 70 يېرى جاراھەتلەنگەنىكەن. مەن ئۇنىڭغا: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ئەھۋالىڭنى سورىدى» دېدىم. ئۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ گىمۇ سالام بولسۇن! ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويغىنكى: <الله تائالا پەيغەمبەرگە ئۆز ئۈممىتى ئارقىلىق بېرىدىغان مۇكاپاتنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ساڭا بىز تەرەپتىن ئاتا قىلسۇن! مەن ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن>. ئاندىن قەۋمىم ئەنسارىلارغا مېنىڭ سالامىمنى يەتكۈزگىن ۋە ئۇلارغا ئېيتقىنكى: <سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار مىلدىرلاپلا تۇرىدىكەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر پېشكەللىككە يولۇقۇپ قالسا قىيامەت كۈنى الله نىڭ دەرگاھىدا ئۆزۈڭلارنى ئاقلاشقا ھېچبىر ئۆزرەڭلار قالمايدۇ>» دېدى ـ دە، جان ئۈزدى. [2]

ئىراق دىيارىدىكى جىسىر جېڭىدە مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر شەھىد بولغان ۋە مىڭلارچە كىشىلەر يارىلانغان بولۇپ، بۇ جەڭدە مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى مەسئۇد سەقەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 6000 ئەتراپىدا ئىدى. پارىسلارنىڭ قوماندانى بەھمان جازەۋەيھ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ياكى سىلەر بىز تەرەپكە كېلىسىلەر، بىز سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارغا توسقۇنلۇق قىلمايمىز؛ ياكى بىزنىڭ بېرىشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلماڭلار» دەپ خەت يازدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇلار ئۆلۈمگە بىزدىن جۈرئەتلىك ئەمەس، بىز بارايلى» دېدى.

مۇسۇلمانلار قېچىش ۋە چېكىنىش قىيىن بولغان بىر ئورۇندىن پارىسلارغا ھۇجۇم قىلدى، جەڭ قاتتىق باشلىنىپ تاكى كەچ كىرگىچە داۋاملاشتى. (جەڭدە) پارىسلارنىڭ پىلى بار بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىرى پىلغا ھۇجۇم قىلالمىدى.

---

[1] بۇخارىنىڭ «التاريخ الكبير» ناملىق كىتابى 8ـ توم 122ـ بەت، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1ـ توم 119ـ بەت.

[2] ھاكىم رىۋايەت قىلىپ «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن، زەھەبى «التلخيص» ناملىق كىتابىدا نەقىل قىلىپ «سەھىھ» دېگەن.

ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنى پىلغا ھۇجۇم قىلىشقا چاقىردى ـ دە، ئۆزى ئەڭ چوڭ ئاق پىل تەرەپكە ئىلگىرىلەپ ئۇنىڭ خارتۇمىنى كېسىۋەتتى. لېكىن پىل ئەبۇ ئۇبەيدىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى قاتتىق بىر ئۇرۇپ شەھىد قىلىۋەتتى ۋە ئۇنى ئاستىغا بېسىۋالدى. مۇسۇلمانلار ئۆز ئەمىرىنىڭ پىل ئاستىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۈشكۈنلىشىپ مەغلۇپ بولدى ۋە جىسىرگە قايتىشتى. بۇ جەڭدە مۇسۇلمانلاردىن 4000 كىشى شەھىد بولۇپ، پەقەت 2000 كىشى سالامەت قالغان ئىدى.

مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئەنسارىلاردىن بىرىنىڭ جىسىرغا ئۆملەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتى كېسىلگەن ئىدى. ئۇ: ﴿فَأُولَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا﴾ «ئۇلار (ئاخىرەتتە) الله نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ؛ ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار!»[1] دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى ۋە شاھادەتكە ئېرىشتى. الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن![2]

بىلگىنكى، الله يولىدا يارىلانغۇچى ئۇنىڭدىن باشقىلار تارتقان ئاغرىق ئازابىنى ھېس قىلمايدۇ. الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچى پەقەت چۈمۈلە چاققانچىلىكلا ئاغرىق سېزىدۇ. ئەگەر الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى پەقەت چۈمۈلە چاققانچىلىكلا ئاغرىق ھېس قىلسا، ئۇنداقتا يارىلانغان كىشى قانچىلىك ئاغرىق سېزەر؟! بۇ ھەقىقەتەن مۇقەررەر بىر ئىشتۇر ئەمما ئۇنى پەقەت ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان كىشىلا ئىنكار قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئەقىلگە ھەم مۇۋاپىقتۇر چۈنكى ئىنساننىڭ غەزىپى ۋە ھىممىتى قاتتىق كۈچەيگەندە، ئىلگىرى ئۆزىدە بولمىغان شىددەت، قۇۋۋەت، سەۋر، مۇشەققەتكە پەرۋا قىلماسلىق ۋە ئاغرىقنى سەزمەسلىك پەيدا بولىدۇ.

گاھىدا ئىككى كىشى ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۆزىگە يەتكەن ئېغىر يارىلىنىشلارنىڭ ئاغرىقىنى پەقەت جېدەل تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن ھېس قىلىدۇ چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشۇۋاتقاندا ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قوغداشقا ۋە رەقىبىگە زەربە بېرىشكە تىرىشقان. دېمەك،

[1] سۈرە نىسا 69 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 133 ـ بەت.

الله ئۈچۈن غەزەپلەنگەن؛ الله قا ئۆز جېنىنى ئاتىغان؛ الله نىڭ دەرگاھىدىكى شاھادەتنى ئارزۇ قىلغان ۋە الله تائالا ئۆز پەزلىدىن تەييارلىغان نېئمەتلەرنى بىلىپ، الله نىڭ شەھىدلەرگە ۋە ئۆز يولىدا جەڭ قىلىپ يارىلانغان مۇجاھىدلارغا بېرىدىغان پەزلى ـ رەھمىتىگە ئىمان نۇرى بىلەن ھەقىقىي شاھىد بولۇپ، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟! بۇنىڭ ئىسپاتى ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇھۇد كۈنى ئېيتقان سۆزىدۇر: «پاھ، جەننەتنىڭ پۇرىقى! مەن ئۇھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن». ئاندىن ئۇ مۇشرىكلار ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ تاكى شەھىد بولغۇچە جەڭ قىلدى.

مۇۋەسسىل فەتىھ قىلىنغاندا، بىر ئايالنىڭ پۇتى قايرىلىپ كېتىپ تىرنىقى چىقىپ كەتتى لېكىن ئۇ ئايال يەنىلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا: «تىرنىقىڭىز چىقىپ كەتسىمۇ كۈلەمسىز؟» دېيىلگەندە، ئۇ ئايال: «ئەجرىنىڭ لەززىتى مەندىن ئاغرىقنىڭ ئاچچىقىنى كەتكۈزۈۋەتتى» دېدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەيياش ئىبنى قەيس قۇشەيرىنىڭ پۇتى يەرمۇك جېڭىدە كېسىلىپ كەتتى لېكىن ئۇ جەڭدە پۇتى كېسىلگەن ھالەتتە نۇرغۇن رۇملۇقلارنى ئۆلتۈردى. ھالبۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ پۇتىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى جەڭ تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن ھېس قىلدى.

※ ※ ※

# 23 ـ باب

## الله يولىدا كاپىر ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيُقْتَلْ أَوْ يَغْلِبْ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ «كىمكى الله يولىدا جىهاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز».[①]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا لَقِيتُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا فَضَرْبَ الرِّقَابِ﴾ «سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چىغىڭلاردا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار».[②]

159. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كاپىر بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى دوزاختا مەڭگۈ جەملەنمەيدۇ».[③]

سەلمان ئىبنى رەبىئە باھىلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇشۇ قىلىچىم بىلەن تۆمۈر ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا كىيگەن، ھەممىسى الله تىن باشقىغا ئىبادەت قىلىدىغان 100 كىشىنى ئۆلتۈردۈم، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئەسىر ئېلىپ ئۆلتۈرمىدىم».[④]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ سەلمان ئىبنى رەبىئە باھىلى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنى كۇفەنىڭ قازىسى قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئۇنى ئەرمىنە غازىتىغا باش قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇ شۇ غازاتتا شەھىد قىلىندى.

مۇھەممەد ئىبنى سىيرىن مۇنداق دەيدۇ: بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئارقىسىغا يىقىلىپ چۇشۇپ يېتىپ قالدى. ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ: «قېرىندىشىم، الله نى زىكىر قىلغىن!» دېگەنىدى، بەرا رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئولتۇرۇپ: «ئى ئاتامنىڭ ئوغلى ئەنەس! مەن كۆرپەمنىڭ ئۈستىدە ئۆلمەيمەن. سەن بىلەن بىرگە جەڭگە كىرگەندە ئۆلتۈرگەن مۇشرىكلاردىن سىرت يەنە يەكمۇيەك ئېلىشىپ 100 مۇشرىكنى ئۆلتۈرگەنمەن» دېدى.[⑤]

---

[①] سۈرە نىسا 74 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] سۈرە مۇھەممەد 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[③] مۇسلىم توپلىغان.

[④] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 320 ـ بەت.

[⑤] تەبرانى ۋە ئابدۇرراززاق توپلىغان، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەرا ئىبنى مالىك بىر مىسرا شېئىر ئوقۇغانىدى، مەن ئۇنىڭغا: ‹ئى قېرىندىشىم! ئوقۇغان بۇ شېئىرىڭ سېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈڭ بولۇپ قالمىسۇن› دېسەم، ئۇ: ‹مەن كۆرپەمنىڭ ئۈستىدە ئۆلمەيمەن. مەن مۇشرىك ۋە مۇناپىقلاردىن 100 كىشىنى ئۆلتۈرگەن› دېدى».①

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق بىر خەت يازغانىدى: «ئۇ (بەرا ئىبنى مالىك)نىڭ قەيسەرلىكى تۈپەيلى قوشۇنلىرىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتەمسلىكى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا ئۇنى قوماندان قىلماڭلار!»②

يەمامە جېڭىدە مۇجاھىدلار بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قالقانغا ئولتۇرغۇزۇپ، نەيزە بىلەن كۆتۈرۈپ (دۈشمەنىنىڭ سېپىلى ئىچىگە تاشلىدى). شۇنىڭ بىلەن ئۇ سېپىلدىكى مۇسەيلىمەنىڭ ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇشۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋەتتى؛ بۇ چاغدا ئۇنىڭ 80 نەچچە يېرى يارىلانغان ئىدى.③

مۇسۇلمانلار تۇستەر شەھىرىدە پارىسلار بىلەن جەڭ قىلغاندا بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۆزلىرىگە دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى چۈنكى ئۇ دۇئا قىلسىلا ئىجابەت بولاتتى. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله قا دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىم! ئۇلارغا قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن، ئۇلارنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرگىن، مېنى پەيغەمبىرىڭگە ھەمراھ قىلغىن» دېدى. ئاندىن ئۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان كىشىلەر پارىسلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ كۈنى شاھادەتكە ئېرىشتى.

بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىھادقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدى، مەنسەپ تۇتۇشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى بەسرەگە (ۋالى قىلىنىپ) ئەۋەتىلگەندە بەرا ئىبنى مالىك ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى. بەرا ئىبنى مالىك ئەبۇ مۇسانىڭ

---

① ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 312- بەت.

② ھاكىم توپلىغان. ئىبنى ھەجەرنىڭ «الإصابة» ناملىق كىتابى 1- توم 143- بەت، ئىبنى ئەسىرنىڭ «أسد الغابة» ناملىق كىتابى 1- توم 108- بەت، زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 1- توم 400- بەت.

③ ئىبنى ھەجەرنىڭ «الإصابة» ناملىق كىتابى 1- توم 143- بەت،

ۋەزىرى ئىدى. ئەبۇ مۇسا بەراغا: ‹مەندىن خالىغان ئەمەلنى تاللاپ ئالغىن!› دېگەندە، بەرا: ‹مەن سەندىن ئەمەل ۋە مائاش سورىمايمەن لېكىن ماڭا ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، قالقان ۋە الله يولىدىكى جىھادنى بەرگىن› دېدى».[1]

160. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ ھۇنەين كۈنى: «كاپىرنى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىگە ئېرىشىدۇ» دېدى. شۇ كۈنى ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشرىكلاردىن يىگىرمە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئالدى.[2]

ئەلى ئىبنى بەككار مۇنداق دەيدۇ: «مەن رۇم دىيارىدا مۇجاھىدلاردىن بىر كىشىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ (قورسىقى يېرىلىپ) ئۇچەيى ئېگەرنىڭ ئۇستىگە ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۇچەيىنى قورسىقىغا كىرگۈزۈپ، ئاندىن سەللىسى بىلەن قورسىقىنى چىگدى ۋە ئۇرۇش قىلىپ رۇم كاپىرلىرىدىن ئوندىن كۆپرەك كىشىنى ئۆلتۈردى».

※ ※ ※

[1] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 312- بەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم ۋە ئەھمەد توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

# 24 ـ باب

## شىجائەتلىك بىر كىشى ياكى كىچىك بىر جامائەت شاھادەتكە قىزىقىپ ۋە دۈشمەنگە شىكەستە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆپ دۈشمەن ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشنىڭ پەزىلىتى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَمْ مِنْ فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتْ فِئَةً كَثِيرَةً بِإِذْنِ اللَّهِ وَاللَّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ﴾ «الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائە كۆپ جامائە ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. الله چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْرِي نَفْسَهُ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللَّهِ وَاللَّهُ رَءُوفٌ بِالْعِبَادِ﴾ «بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار الله نىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). الله بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر».[2]

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا، بۇ ئايەت سۇھەيب ئىبنى سىنان رۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان. سۇھەيب رۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدە مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا ئۇمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ھىجرەت قىلغان ئىدى ئەمما بىر تۈركۈم مۇشرىكلار ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى ھىجرەتتىن توستى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ، ئوقدىنىنى ۋە كامانىنى قولىغا ئالدى ھەمدە ئۇلارغا: «سىلەر مېنىڭ سىلەردىن مەرگەنرەك ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. الله بىلەن قەسەمكى، ئوقدىنىمدىكى ئوقنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە ئېتىپ بولغۇچە سىلەر ماڭا يېقىن كېلەلمەيسىلەر. ئاندىن مەن قىلىچىمنى ئېلىپ تاكى ھېرىپ قالغۇچە سىلەرنى چاپىمەن، ئاندىن سىلەر خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار!» دېدى. ئۇلار: «يېنىمىزدىن باي ھالەتتە كېتىشىڭگە يول قويمايمىز چۈنكى سەن قېشىمىزغا كەلگەندە كەمبەغەل ئىدىڭ. سەن پەقەت مەككىدىكى مال ـ مۈلۈكلىرىڭنى بىزگە كۆرسىتىپ قويساڭ ئاندىن سېنى قويۇۋېتىمىز» دېدى. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلگەندە الله تائالا: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْرِي

[1] سۈرە بەقەرە 249 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە بەقەرە 207 ـ ئايەت.

نَفْسَهُ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللَّهِ وَاللَّهُ رَءُوفٌ بِالْعِبَادِ﴾ «بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار اللە نىڭ رىزاسى ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت اللە نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). اللە بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر»[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «ئەبۇ يەھيا تىجارەتتە پايدا ئالدى» دېدى ۋە يۇقىرىقى ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ بەردى.[2]

بۇ ئايەت گەرچە سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە نازىل بولغان بولسىمۇ ئەمما پەقەت ئۇنىڭغىلا خاس ئەمەس. ھافىز ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇن ئالىملار <بۇ ئايەت ئۆز جېنىنى اللە ئۈچۈن ساتقان ۋە اللە يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىد ھەققىدە نازىل بولغان> دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ﴾ <شۈبھىسىزكى، اللە مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى[3]>».[4]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْرِي نَفْسَهُ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللَّهِ﴾ «بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار اللە نىڭ رىزاسى ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت اللە نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ)» دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇجاھىدلار — اللە يولىدا جىھاد قىلىش ۋە اللە نىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق تاكى شەھىد بولۇپ اللە قا ئۇچراشقانغا قەدەر ئۆز جانلىرىنى اللە قا ساتقان كىشىلەردۇر».[5]

ساھابىلار ئۆز جانلىرىنى اللە قا ساتقان ھالدا دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلاتتى. ھىشام ئىبنى ئامىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاپىرلارنىڭ سېپىگە ئۆزى يالغۇز ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ كەتتى. بەزىلەر ئۇنىڭ قىلغىنىنى توغرا تاپمىغانىدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقىلار ئۇلارغا رەددىيە قايتۇرۇپ بۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْرِي نَفْسَهُ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللَّهِ﴾ «بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار اللە نىڭ رىزاسى ئۇچۇن جېنىنى پىدا

---

[1] سۈرە بەقەرە 207- ئايەت.

[2] «تفسير القرطبي» 3- توم 20- بەت.

[3] سۈرە تەۋبە 111- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] «تفسير ابن كثير» 1- توم 216- بەت.

[5] «تفسير ابن أبي حاتم» 2- توم 369- بەت.

قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ)».[1]

مۇدرىك ئىبنى ئەۋف ئەھمەسى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدىم، شۇ چاغدا ئۇنىڭ قېشىغا نوئمان ئىبنى مۇقەررىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەلچىسى كەلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن كىشىلەر توغرىسىدا سورىغاندا، ئۇ: «پالانى، پالانى مۇسىبەتكە ئۇچرىدى، باشقىلارنى بىلمەيمەن» دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «الله ئۇلارنى ئوبدان بىلىدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇ: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىين! بىر كىشى ئۆز جېنىنى الله قا ساتتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىين! ئۇ مېنىڭ تاغام بولىدۇ، كىشىلەر ئۇنى: <ئۇ ئۆزىنى هالاكەتكە تاشلىدى> دېيىشىۋاتىدۇ» دېسەم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇلار يالغان ئېيتىپتۇ بەلكى ئۇ دۇنيا بەدىلىگە ئاخىرەتنى سېتىۋالغان كىشىدۇر» دېدى.[2]

ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنف» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «مەشرىق تەرەپتىن كاپىرلارنىڭ بىر قوشۇنى كەلگەنىدى، ئەنسارىلاردىن بىر كىشى ئۇلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى ۋە دۈشمەن سېپىنى يېرىپ كىرىپ كەتتى، ئاندىن قايتىپ چىقىپ يەنە كىرىپ كەتتى ۋە ئىككى-ئۈچ قېتىم شۇنداق قىلدى. سەئىد ئىبنى ھىشام ئەنسارى بۇنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېيتقانىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يَشْرِي نَفْسَهُ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللَّهِ﴾ <بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار الله نىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ)> دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى»[3].

ھاكىم «المستدرك» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ ئىسھاق سەبىئىيدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئى ئەبۇ ئەمارە! ﴿وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾ <ئۆزۈڭلارنى هالاكەتكە تاشلىماڭلار>[4] دېگەن بۇ ئايەت دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا تاكى ئۆلتۈرۈلگىچە ئۇرۇشقان كىشى

---

[1] «تفسير ابن كثير» 1- توم 247- بەت.

[2] ئىبنى ئەبۇ شەيبە «المصنف» ناملىق كىتابىنىڭ 5- توم 303- بېتىدە سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

[3] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 322- بەت.

[4] سۈرە بەقەرە 195- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەققىدىمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، بۇ ئايەت بولسا، گۇناھ قىلىپ ئاندىن <الله مېنى كەچۈرمەيدۇ> دەپ نائۇمىد بولغان كىشى ھەققىدە» دېدى.[1]

يەنە بىر رىۋايەتتە، بىر كىشى بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئەگەر مەن دۈشمەنگە يالغۇز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، مەن ئۆزۈمنى ھالاكەتكە تاشلىغان بولامدىمەن؟» دەپ سورىغانىدى، بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، الله تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: ﴿فَقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لَا تُكَلَّفُ إِلَّا نَفْسَكَ﴾ <(ئى مۇھەممەد!) الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان، مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە)، سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكارسەن>[2] دەپ بۇيرۇغان، سەن دېگەن ئۇ ئايەت (يەنى <ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار> دېگەن ئايەت بولسا) الله يولىدا خىراجەت قىلىشتىن بېخىللىق قىلغان كىشى ھەققىدە» دېدى.[3]

يەنە بىر رىۋايەتتە، بىرەيلەن بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «بىر كىشى مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قولىدىكى قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىلسا، ئۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغان بولامدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، بىر كىشى گۇناھ قىلىپ ئاندىن: <تەۋبە قىلسامۇ بەرىبىر> دېسە ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغان بولىدۇ» دېدى.[4]

ئەسلەم ئىبنى يەزىد تەجەيبىي (يەنى ئەبۇ ئىمران) مۇنداق دەيدۇ: بىز رۇم شەھىرىدە ئىدۇق، رۇملۇقلار بىزگە چوڭ بىر قوشۇن چىقاردى. مۇسۇلمانلاردىن جەڭگە ئۇلارنىڭ سانىنىڭ باراۋىرىدە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك كىشى چىقتى. مىسىر ئەھلىگە ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، جامائەتكە فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسئۇل بولدى. مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى رۇم سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ سېپىنى يېرىپ كىرىپ كەتتى. كىشىلەر توۋلىشىپ: «سۇبھانەللاھ! ئۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى» دېگەنىدى، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى خالايىق! سىلەر بۇ (ئايەت)نى خاتا ئىزاھلاۋاتىسىلەر. بۇ

[1] ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە نىسا 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ھاكىم رىۋايەت قىلىپ «بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ سەھىھ ھەدىس شەرتىگە چۈشىدۇ» دېگەن. ئىبنى كەسىر ئۆزىنىڭ «تفسير ابن كثير» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 529 ـ بېتىدە ھەم نەقىل قىلغان.

[4] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان.

ئايەت بىز ئەنسارىلار ھەققىدە نازىل بولغان. الله تائالا ئىسلامغا ئىززەت ئاتا قىلغاندا ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچىلەر كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن يوشۇرۇن ھالدا: ‹مانا ئىسلام ئەزىز بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچىلەر كۆپەيدى، بۇ جەرياندا بىزنىڭ نۇرغۇن پۇل ـماللىرىمىز سەرپ بولدى، ئەمدى مال ـ مۈلكىمىزنى پەرۋىش قىلىپ، ھال ـ ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىۋالايلى› دېيىشكەندى، الله تائالا بۇنىڭغا رەددىيە قايتۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ گە: ﴿وَأَنفِقُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوا إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾ ‹الله نىڭ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ›[1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. دېمەك، ‹ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاش› بىزنىڭ مال ـ دۇنيانى كۆپەيتىشكە بېرىلىپ جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكىمىز ئىدى» دېدى.

ئەبۇ ئەييۇب دائىم جىھادقا چىقاتتى، ھەتتا ئۇ رىم زېمىنىغا دەپنە قىلىندى.[2]

بەيھەقى ئۆز كىتابىدا: «گەرچە ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپى كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ بىر ۋە بىرقانچە كىشىنىڭ دۈشمەن زېمىنىغا يالغۇز غازات قىلىپ، چوڭ بىر قوشۇنغا قارشى ھۇجۇم قىلىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى ھەققىدە» دەپ بىر باب[3] ئېچىپ، مۇجاھىدتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بىر گۇرۇپپا، دىھيە ئىبنى خەلىفە كەلبىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يالغۇز بىر گۇرۇپپا قىلىپ (دۈشمەن زېمىنىغا) ئەۋەتتى»[4].

بەيھەقى مۇجاھىددىن نەقىل قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەمىر ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنى بىر گۇرۇپپا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يالغۇز بىر گۇرۇپپا قىلىپ (دۈشمەن زېمىنىغا) ئەۋەتتى»[5].

161. يەزىد ئىبنى ئەبۇ ئۇبەيدە مۇنداق دەيدۇ: مەن سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ

---

[1] سۈرە بەقەرە 195 ـ ئايەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

[3] بەيھەقىنىڭ «السنن الكبرى» ناملىق كىتابى 9 ـ توم 99 ـ بەت.

[4] بەيھەقىنىڭ «السنن الكبرى» ناملىق كىتابى 9 ـ توم 100 ـ بەت.

[5] بەيھەقىنىڭ «السنن الكبرى» ناملىق كىتابى 9 ـ توم 100 ـ بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «سىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قايسى نەرسىگە بەيئەت قىلدىڭلار؟» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئۆلۈمگە» دېدى.①

162. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: تاغام ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەدر ئۇرۇشىغا قاتنىشالمىغانىدى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن مۇشرىكلارغا قارشى قىلغان تۇنجى جەڭگە مەن قاتنىشالماي قالدىم. ئەگەر الله مېنى مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا نېسىپ قىلسا، مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ» دېدى.

ئۇھۇد ئۇرۇشى كۈنى مۇسۇلمانلار تالاپەتكە ئۇچراپ پېتىراپ كەتكەندە ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى الله ! مەن ھەمراھلىرىمنىڭ قاچقانلىقىدىن ساڭا ئۆزرە ئېيتىمەن ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىشىدىن ئادا-جۇدامەن» دەپ كاپىرلار تەرەپكە ئىلگىرىلەپ ماڭدى. ئاندىن ئالدىغا سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچرىغانىدى، ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئى سەئىد ئىبنى مۇئاز! مەن جەننەتنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن. دادام نەزىرنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇھۇد تەرەپتىن جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن» دېدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنىڭدەك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم» دېدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەنەس ئىبنى نەزىرنىڭ جەسىتىدىن قىلىچ بىلەن چېپىلغان، نەيزە بىلەن سانجىلغان ۋە ئوقيا بىلەن ئېتىلغان بولۇپ سەكسەن نەچچە يېرىنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆردۇق. مۇشرىكلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن قۇلاق-بۇرۇنلىرىنى كېسىپ، يۈزىنى بۇزۇۋەتكەن بولغاچقا ھېچكىم ئۇنى تونۇيالمىدى. ئۇنى پەقەت ھەمشىرىسىلا بارمىقىدىن تونۇيالىدى. بىز ﴿مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ فَمِنْهُمْ مَنْ قَضَى نَحْبَهُ وَمِنْهُمْ مَنْ يَنْتَظِرُ وَمَا بَدَّلُوا تَبْدِيلًا﴾ «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە (رەسۇلۇللاھ بىلەن غازاتقا چىققاندا ساباتلىق بولۇپ، شەھىد بولغانغا قەدەر داداللىق بىلەن جەڭ قىلىش توغرۇلۇق) الله قا بەرگەن ئەھدىنى ئىشقا ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى (ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ) شەھىد بولدى، بەزىسى (شەھىد بولۇشنى) كۈتمەكتە، ئۇلار (پەرۋەردىگارىغا بەرگەن ئەھدىسىنى) ھەرگىز ئۆزگەرتكىنى يوق»② دېگەن بۇ ئايەتنى ئەنەس ئىبنى نەزىر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولدى دەپ

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② سۈرە ئەھزاب 23- ئايەت.

ئۇيلايمىز.[1]

163. مۇئاز ئىبنى ئۇفرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بەندىنىڭ قايسى ئەمىلى رەببىنى كۈلدۈرىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قالقانسىز ھالەتتە دۈشمەن ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىشى» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇئاز ئىبنى ئۇفرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇستىدىكى ساۋۇتىنى يېشىپ تاشلاپ تاكى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر جەڭ قىلدى.[2]

164. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «رەببىمىز ئىككى كىشىدىن ئەجەبلىنىدۇ (خۇرسەن بولىدۇ): بىرى، كۆرپىسىدىن ۋە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئايالىنىڭ يېنىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ نامازغا تۇرغان كىشى. الله ئەززە ۋە جەللە (پەرىشتىلەرگە): ‹بەندەمگە قاراڭلار! ئۇ مېنىڭ دەرگاھىمدىكى مۇكاپاتنى ئۈمىد قىلىپ ۋە ئازابىمدىن قورقۇپ، كۆرپىسى ۋە ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئايالىنىڭ يېنىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ نامازغا تۇردى› دەيدۇ؛ يەنە بىرى، الله يولىدا غازات قىلغان، ھەمراھلىرى بولسا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەن، ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈمدىن باشقا يولى يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە دۈشمەن تەرەپكە قايتىپ بېرىپ تاكى قېنى تۆكۈلگىچە جەڭ قىلغان كىشى. الله (پەرىشتىلەرگە): ‹بەندەمگە قاراڭلار! ئۇ مېنىڭ دەرگاھىمدىكى مۇكاپاتنى ئۈمىد قىلىپ ۋە ئازابىمدىن قورقۇپ دۈشمەن تەرەپكە قايتىپ تاكى قېنى تۆكۈلگىچە جەڭ قىلدى› دەيدۇ».[3]

ئەگەر مەزكۇر بابتا پەقەت مۇشۇ سەھىھ ھەدىسنىڭ ئۆزى يالغۇز كەلگەن بولسىمۇ، كۆپ دۈشمەننىڭ ئىچىگە يالغۇز ھالەتتە بۆسۈپ كىرىشنىڭ پەزىلىتى بارىسىدا يېتەرلىك دەلىل بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسى ھەم مۇجاھىدنىڭ يالغۇز ھالەتتە دۈشمەن قوشۇنىغا شۇڭغۇپ كىرىشى ھەققىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ نەمۇنىلىكىدۇر.

165. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ تۆگىلىرىنى خىزمەتچىسى رەباھتىن يايلاققا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا مەنمۇ رەباھ بىلەن بىللە بولۇپ، تەلھەنىڭ ئېتىنى تۆگە بىلەن بىللە ئوتلىتىشقا ئېلىپ

---

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] ئىبنى ئەبۇ شەيبە ۋە بەيھەقى توپلىغان.
[3] ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

چىققان ئىدىم. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئابدۇراھمان فەزارى باستۇرۇپ كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پادىچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تۆگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ ھەيدەپ كەتتى. مەن رەباھقا:

— ئى رەباھ! بۇ ئاتنى ئېلىپ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا يەتكۈزۈپ بەر ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەھۋاللارنى خەۋەر قىلغىن، — دېدىم. ئاندىن بىر دۆڭگە چىقىپ مەدىنىگە قاراپ:

— دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى! — دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدىم ۋە:

مەنكى ئەكۋەئ ئوغلىمەن،

دىن ئىسلامنىڭ قالقىنى.

بۈگۈن دۈشمەن تېتىيدۇ،

ھالاكەتنىڭ تەمىنى.

دەپ بېيىت ئوقۇغاچ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ ماڭدىم. ئۇلاردىن بىرىگە يېتىشىۋېلىپ ئوق ئاتقانىدىم، ئوق ئۇنىڭ تارغىقىغا تەگدى. مەن:

— ئالە مانا! مەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلىمەن، بۈگۈن سەن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر، — دېدىم.

الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلارغا توختىماي ئوق ئېتىپ، ئاتلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەردىم. ناۋادا ئاتلىق بىرەرسى ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭا ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، دەرھال دەرەخنى دالدا قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئوق ئېتىپ ئېتىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم. ئاندىن تاغ يولى تارىيىپ چىغىر يوللارغا كىرگەندە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارغا تاش دومىلاتتىم. ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈردۈم. ئۇلار ئاخىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆگىلىرىنى تاشلاپ قاچقىلى تۇردى، مەنمۇ تۆگىلەرنى ئارقامدا قالدۇرۇپ، داۋاملىق ئوق ئاتقان ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىۋەردىم. ئۇلار يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئوتتۇز قۇرغا يېقىن كىيىم-كېچەك ۋە ئوتتۇز تالغا يېقىن نەيزىلىرىنى تاشلاپ ماڭدى. ئۇلار تاشلاپ ماڭغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەرنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن تاش بىلەن بەلگە قويۇپ ماڭدىم. ھەتتا ئۇلار بىر چاغدا تاغ قاپتىلىغا كېلىپ قالدى، ئۇلارنىڭ قېشىغا بەدر فەزارىنىڭ ئوغلىمۇ كەلدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېگەچ پاراڭلىششقا باشلىدى. مەنمۇ بىر تۆپىلىككە چىقىپ ئولتۇردۇم. فەزارى ئۇلاردىن:

— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

— بۇ ئادەم بېشىمىزغا بالا بولدى. تاڭ يورىغاندىن باشلاپ بىزدىن نېرى كەتمەي ئوق ئېتىپ قوغلاۋاتىدۇ، قولىمىزدىكى ھەممە نەرسىنى ئېلىۋالدى، — دېيىشتى. فەزارى:

— تۆت كىشى تۆپىلىككە چىقىپ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېسۇن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن تۆت كىشى مەن بار تۆپىلىككە ياماشقىلى تۇردى. ئۇلار يېقىنلاپ گېپىمنى ئاڭلىغۇدەك يەرگە كەلگەندە، مەن:

— مېنى تونۇمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم، ئۇلار:

— ياق، كىمسەن؟ — دېيىشتى، مەن:

— سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ بولىمەن. مۇھەممەد ﷺ نىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قايسىڭلارنى قوغلىسام ئۇ ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ئەمما مېنى تۇتماقچى بولساڭلار ھېچقايسىڭلار يېتىشەلمەيسىلەر، — دېدىم، ئۇلاردىن بىرى:

— ھەقىقەتەن شۇنداقكەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قايتىپ چۇشۇپ كەتتى. مەن جايىمدا مىدىرلىماي تۇردۇم. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ دەرەخزارلىقنىڭ ئارىسىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ئەڭ باشتا ئەخرەم ئەسەدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەبۇ قەتادە ئەنسارى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد كىندى كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر قېچىپ كېتىشتى. مەن ئەخرەمنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئى ئەخرەم! دىققەت قىل، پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەر يېتىپ كەلگۈچە ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قالمىسۇن، — دېسەم، ئۇ:

— ئى سەلەمە! سەن اللە قا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرسەڭ، جەننەت ۋە دوزاخنى ھەق دەپ بىلسەڭ، مېنى شەھىد بولۇشتىن توسمىغىن! — دېدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئۇ بېرىپ ئابدۇراھمان بىلەن ئېلىشىپ ئېتىنى ئۆلتۈردى لېكىن ئابدۇراھمان ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپ شەھىد قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىپ قاچماقچى بولغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چەۋەندازى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ نەيزە بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مۇھەممەد ﷺ نىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى،

مەن دۈشمەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن پىيادە يۈگۈردۈم. (مەن بەك ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولغاچقا) ئارقامدىن كېلىۋاتقان ساھابىلەرنىڭ بىرىنىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭ-توزاننىمۇ كۆرمىدىم. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان ۋاقىتتا، دۈشمەن زىقەرەد دەپ ئاتىلىدىغان سۇلۇق جىلغىغا يېتىپ باردى ۋە قاتتىق چاڭقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇ ئىچمەكچى بولۇشقانىدى لېكىن مېنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ بىر تامچىمۇ سۇ ئىچمەلمەي يەنە قاچتى ۋە ئېگىز بىر تۆپىلىككە قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ بىرسىگە يېتىشىۋېلىپ مۈرىسىنى چەنلەپ تۇرۇپ ئوق ئاتتىم ۋە:

— ئالە مانا! مەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلىمەن، بۈگۈن سەن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر، — دېدىم، ئۇ:

— ۋۇي ئانىسى ئۆلگۈر، يەنە شۇ ئەتىگەنكى ئەكۋەئمۇسەن؟ — دېگەنىدى، مەن:

— شۇنداق، ئى ئۆز جېنىڭنىڭ دۈشمىنى! ئەتىگەنكى ئەكۋەئىڭمەن، — دېدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تاغ يولىدا ئىككى تۇياق ئاتنى تاشلاپ قاچتى. مەن ئۇ ئىككى ئاتنى ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا قاراپ قايتىپ ماڭدىم. شۇ ئارىدا، تاغام ئامىر ماڭا يېتىشىپ كەلدى. ئۇ بىر تۇلۇمدا سۈت، يەنە بىر تۇلۇمدا سۇ ئەكەلگەن ئىكەن. سۈتنى ئىچىپ، سۇدا تاھارەت ئالدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ زىقەرەدتىكى سۇلۇق جىلغىدا تۇرۇۋاتقانىكەن؛ قارىسام، مەن مۇشرىكلاردىن تارتىۋالغان تۆگە، نەيزە ۋە كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كەپتۇ. بىلال مەن قايتۇرۇۋالغان تۆگىدىن بىرنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ جىگىرى بىلەن لوكىسىنى پەيغەمبەر ﷺ گە كاۋاپ قىلىپ پۇشۇرۇپ بېرىۋېتىپتۇ. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىجازەت بەرگىن، ساھابىلەردىن يۈز ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تۈگىتىۋېتەي، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ چىشلىرى ئوت يورۇقىدا كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇ:

— ئى سەلەمە! راستىنلا شۇنداق قىلالامتىڭ؟ — دېگەنىدى، مەن:

— ھەئە، سېنى ئىززەت-ھۆرمەتلىك قىلغان زات بىلەن قەسەمكى، راستىنلا

شۇنداق قىلىمەن، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇلار ھازىر غەتفان زېمىنىدا مېھمان قىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

شۇ ئارىدا، غەتفان تەرەپتىن بىر ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىرەيلەن ئۇلار ئۇچۇن تۆگە بوغۇزلاپ، تېرىسىنى چىقىرىۋاتقان ۋاقىتتا يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزاننى كۆرۈپ: «ھوي! مەدىنىلىكلەر ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەپتۇ» دېيىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە پەيغەمبەر ﷺ:

— بۈگۈنكى چەۋەندازلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەبۇ قەتادە، پىيادىلىك ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەلەمەدۇر، — دېدى.①

بىر كىشىنىڭ يالغۇز ھالەتتە كۆپ سانلىق دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە يۇقىرىقى سەھىھ ھەدىس كۈچلۈك دەلىل بولالايدۇ، گەرچە ئۆز گۇمانىدا ئۆلتۈرۈلۈش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ كىشىنىڭ شاھادەتنى تەلەپ قىلىپ ھۇجۇم قىلىشى دۇرۇستۇر، ئەخرەم ئەسەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىنكار قىلمىدى، ساھابىلارنىمۇ ئۇنداق قىلىشتىن توسمىدى بەلكى يۇقىرىقى ھەدىس بۇ ئىشنىڭ مۇستەھەب ۋە ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. يەنە كېلىپ، ئەبۇ قۇدامە ۋە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىككىسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە قوشۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرماستىن ئۆزى يالغۇز دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى پەيغەمبەر ﷺ ماختىغان.

يۇقىرىقى ھەدىستە يەنە دۈشمەنگە ئۆزى يالغۇز ھۇجۇم قىلماقچى بولغان كىشىگە ئەمىر ياكى باشقا كىشىلەر مېھرىبانلىق قىلىپ ئۇنى توسۇشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ھەم دەلىل بار؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر ئۇنىڭ نىيىتى راستچىل، ئىرادىسى سەمىمىي ۋە شەھىدلىككە بولغان ئارزۇسىنىڭ خالىس ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئارىسىنى توسۇپ قويماي، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشىنىڭ دۇرۇسلىقىغىمۇ دەلىل بولالايدۇ چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەخرەم ئەسەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى توسقانلىقىنىمۇ، كېيىن ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكىنىمۇ ئەيىبلىمىگەن. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەينىدىن قوغلىغان كاپىرلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ ئىدى چۈنكى ئۇ دۈشمەنلەرگە قايتا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن

① مۇسلىم توپلىغان.

ئۆزىگە يۈز ئادەمنى بېرىشنى سورىدى. ئەگەر كاپىرلار كۆپ بولمىغان بولسا، ئۇ ئۇنچىلىك ئادەم سورىمىغان بولاتتى ئەمما شۇنداقتىمۇ ئۇ دۈشمەنلەرگە ئۆزى يالغۇز ھۇجۇم قىلىپ باردى.

ئىبنى ئەساكىر ئۆزىنىڭ «تاريخ مدينة دمشق» ناملىق كىتابىدا ئۇقبە ئىبنى قەيس كىلابىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىدۇ: يەرمۇك كۈنى مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «مەن دۈشمەنلەرگە قارشى قاتتىق ھۇجۇم قىلماقچىمەن، پەيغەمبەرﷺ گە دەيدىغان بىرەر سۆزۈڭلار بولسا (يەتكۈزۈپ قويايمۇ)؟» دېگەنىدى، ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنىڭغا سالام ئېيتقىن ھەمدە رەببىمىز بىزگە ۋەدە قىلغان نەرسىنى ھەق تاپقانلىقىمىزنى يەتكۈزۈپ قويغىن» دېدى.[1]

ئىبنى ئەساكىر شامنىڭ فەتھى قىلىنغان ۋە دەمەشقىنىڭ قورشاۋغا ئېلىنغان ۋاقىتلىرىنى مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئاتقا مىنگەن ھالدا ھۇمۇس شەھىرىنىڭ تۆۋىنىدىكى، مىسھەل چىركاۋىنىڭ يېنىدىكى دەرياغىچە كېلىپ ئېتىنى سۇغۇرۇشقا باشلىدى. شۇئاندا ھۇمۇسلۇق كاپىرلاردىن 30 كىشى ئۇنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى. ئۇ كىشى ئۇلارنى كۆرۈپ ئېتى بىلەن (دەريادىن) ئۇلار تەرەپكە ئۆتتى ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن ئۇلارنىڭ ئۈچ ئادىمىنى ئۆلتۈرگەنىدى، ئۇلار قېچىشقا باشلىدى، ئۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ مىسھەل چىركاۋىغا يېتىپ بارغىچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ 11 كىشىنى ئۆلتۈردى ھەتتا ئۇلار چىركاۋنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغاندا كەينىدىن كىرىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى. شۇ ۋاقىتتا چىركاۋغا يوشۇرۇنۇۋالغان كاپىرلار ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ ئۇنى شەھىد قىلىۋەتتى».

ھافىز ئەبۇ ھەججاج مىززى ئەلا ئىبنى سۇفيان ھەزرەمىيدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇمغا قارشى قىلىنغان غازاتقا قاتناشتى. رۇم چېرىكلىرى مۇجاھىدلارغا پىستىرما قويۇپ، ئۇلارغا تالاپەت يەتكۈزۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە يۈز ھەمراھنى ئېلىپ رۇملۇقلارنىڭ پىستىرمىلىرىنى تەكشۈرۈشكە ماڭدى.

---

[1] «تاريخ مدينة دمشق» 4 ـ توم 107 ـ بەت.

بىر كۈنى ئۇ رۇمنىڭ بەزى جىلغىلىرىنى ئۆزى يالغۇز كۆزىتىۋېتىپ بىر ۋادىدا چىركاۋ ۋە ئۇنىڭ يېنىدا 30 تۇياق باغلاغلىق ئاتنى ئۇچراتتى. بۇ ئاتلارنىڭ ئىگىلىرى چىركاۋ ئىچىدە بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا پىستىرما قويىدىغان كىشىلەر ئىدى. بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ چىركاۋ تەرەپكە كەلدى ۋە ئېتىنى ئۇ ئاتلارنىڭ يېنىغا باغلىدى. ئاندىن چىركاۋغا كىرىپ ئۆزى ۋە چېرىكلەرنىڭ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چىركاۋنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋەتتى. رۇم چېرىكلىرى ئىشىكنىڭ تاقالغانلىقىدىن ھەيران قېلىپ، قوراللىرىنى قولىغا ئېلىپ بولغۇچە بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۈچ كىشىنى يەر چىشلەتتى ۋە ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا باشلىدى.

بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭ ئېتىنى تونۇدى ھەمدە چىركاۋ ئىچىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە قورال ئاۋازىنى ئاڭلاپ چىركاۋ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇپ قارىسا ئىشىك ئىچىدىن تاقاق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئۆگزىنىڭ بىر قىسمىنى بۇزۇپ ئېچىپ، چىركاۋنىڭ ئىچىگە چۈشتى ۋە ئۆز قوماندانى بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سول قولى بىلەن ئۈچەيلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىدا قىلىچ بىلەن بىر توپ كىشىلەرگە قارشى جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاندىن بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇشسىزلىنىپ يىقىلدى. مۇسۇلمانلار رۇم چېرىكلىرى بىلەن داۋاملىق جەڭ قىلىپ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىسىنى ئەسىر ئالدى. رۇم ئەسىرلىرى مۇسۇلمانلارغا: «الله بىلەن قەسەمكى، بىزگە يالغۇز ھۇجۇم قىلغان بۇ كىشى كىم؟» سورىغانىدى، ئۇلار: «بۇ بۇسىر ئىبنى ئەرتاھ» دېدى. ئۇلار: «الله بىلەن قەسەمكى، ئاياللار بۇنىڭدەك بىرىنى تېخى تۇغۇپ باقمىدى» دېيىشتى.

ھەمراھلار ئۇنىڭ ئۈچەيلىرىنى ئىچىگە قايتۇرۇپ سالدى، ئۇنىڭ ئۈچەيلىرىنىڭ ھېچبىر يېرى زەخىملەنمىگەن ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ قورسىقىنى سەللىلىرى بىلەن تېڭىپ قويدى. كېيىن ئۇ تولۇق ساقىيىپ كەتتى ۋە جىھادنى داۋاملاشتۇردى. الله ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!»

بەيھەقىدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمامە جېڭىگە قاتنىشىپ، مۇسەيلىمە كاززاپ يوشۇرۇنۇۋالغان باغچىغا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە ھۇجۇم قىلدى. جەڭ باغچا ئەتراپىدا شىددەتلىك داۋام قىلدى. (باغچىنىڭ

تاملىرى ئېگىز قوپۇرۇلغان بولۇپ، دۈشمەنلەر باغچا ئىچىدىن مۇسۇلمانلارغا قارىتىپ ئوق ياغدۇراتتى.) بەرا ھەمراھلىرىدىن ئۆزىنى قالقانغا قويۇپ، قالقاننى نەيزە بىلەن كۆتۈرۈپ، تامدىن ئاشۇرۇپ دۈشمەن ئۇستىگە ئېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ئۇنى تامدىن ئاشۇرۇپ باغچىغا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى يالغۇز كاپىرلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ ئۇلاردىن ئون كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە باغچىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتتى. بۇ قېتىملىق جەڭدە ئۇنىڭ سەكسەن نەچچە يېرى يارىلانغان بولۇپ، ساھابىلاردىن ھېچبىر كىشى ئۇنىڭ قىلغىنىغا قارشى چىقمىغان ئىدى. الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!

ئىبنى ئەساكىر ۋەلىد ئىبنى مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھۇمۇسلۇق بىر بوۋاي ماڭا مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: [ھۇمۇستىكى روم چېركىلىرىدىن بىرىنى ئۇچرىتىپ قالدىم، ئۇ قارىغۇ ئىدى. ماڭا: «ئۇنىڭ نېمىشقا قارىغۇ بولۇپ قالغانلىقىنى سوراپ باقىن» دېيىلدى. مەن ئۇنىڭدىن سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: «مۇسۇلمانلار ھۇمۇس تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ ئاسىي (ئۇرۇنىد) دەرياسىنىڭ يېنىدىكى بىر كۆل بويىغا چۈشتى. ئاندىن ماڭا ئاتلىق 30 كىشى بىلەن دەريانىڭ يېنىدىكى مۇسۇلمانلار قارارگاھىغا يېقىنلىشىپ، مۇسۇلمانلاردىن بىرەرىنى ئەسىر ئېلىپ كېلىش ياكى خەۋەر تىڭتىڭلاپ كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشتى.

بىز يولغا چىقىپ دەريانىڭ قىرغىقىغا قاراپ ماڭدۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلاشقىنىمىزدا، دەريانىڭ يەنە بىر قىرغىقىدا ئېتىنى سۇغۇرۇۋاتقان بىر كىشىنى كۆردۇق. ئۇنىڭ نەيزىسى يېنىدا ئىدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ ئېتىنى ئېگەرلىدى-دە، ئېتىغا مىنىپ نەيزىسىنى قولىغا ئالدى. بىز: <ئۇ چوقۇم بىزدىن قېچىپ مۇسۇلمانلار تەرەپكە كېتىدۇ> دەپ گۇمان قىلغانىدۇق ئەمما ئۇ ئېتى بىلەن دەرياغا كېچىپ بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېتى بىلەن دەريادىن كېچىپ ئۆتۈپ بىز تەرەپكە كېلىۋاتقانلىق جۈرئىتىنى كۆرۈپ تەمتىرەپ قالدۇق. ئېتى ئۇنى دەريادىن چىقاردى-دە، سىلكىنىپ ئاندىن يېنىمىزدىكى دۆڭگە يېتىپ كەلگەندە چىقالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئېگەرىدىن تۇردى-دە، نەيزىسىگە تايىنىپ بىر سەكرەپ دۆڭنىڭ ئۇستىگە چۈشتى ۋە ئېتىنى چاقىردى، ئاتمۇ سەكرەپ چىقىپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاندىن ئۇ ئېتىغا مىندى-دە، بىزگە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ سېپىمىزنى بۆلۈۋەتتى ۋە بىزدىن بىر

كىشىنى ئۆلتۈردى. بىز يەنە بىر يەرگە يىغىلىۋالغان ئىدۇق لېكىن ئۇ بىزگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ سېپىمىزنى يەنە بۆلۈۋەتتى ۋە بىزدىن يەنە بىر كىشىنى ئۆلتۈردى. بۇ ئەھۋال بىرنەچچە قېتىم يۈز بەرگەندىن كېيىن بىز چېكىنىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ قاچتۇق. ئۇ بىزنى قوغلاپ كىمگە يېتىشىۋالسا شۇنى ئۆلتۈرۈپ ھەتتا بىزدىن 29 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ بولدى، 30 كىشىدىن مەندىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. مەن قېچىپ ھۇمۇسنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا ئۇ ھېلىھەم مېنى قوغلاۋاتاتتى. دەرۋازا ئۈستىدىكى قاراۋۇللار ئۇنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتلىق قوشۇن چىقاردى. ئاتلىق قوشۇننىڭ ئۇ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: <ئۇ ئەمدى قېچىپ كېتىدۇ> دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كەينىمگە ئۆرۈلۈشۈمگىلا ئۇ نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى كۆزۈمگە سانجىپ، كۆزۈمنى ئويۇۋەتتى. كېيىن نۇرغۇن ئاتلىق قوشۇن ئۇنى قورشاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى كەينىدىن يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شەھەرگە كىرىۋالدۇق. ئۇلار ئۇنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ، كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ كۆمۈپ قويدى»].

166. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىك ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارغا قوشۇپ بىرنەچچە ساھابىلەرنى يەھۇدىي ئەبۇ رافىئىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇلار مېڭىپ قورغانغا يېقىن كەلگەندە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقىلارغا: «مەن بېرىپ قاراپ باقاي، سىلەر تۇرۇپ تۇرۇڭلار!» دېدى.

ئىبنى ئەتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن قورغانغا كىرىش ئۈچۈن پايلاپ تۇرغانىدىم، ئېشىكىنى يوقىتىپ قويغان بىرنەچچە كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ سىرتقا چىقتى. مەن بىلىنىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ بېشىمنى ئورىۋالدىم ۋە ھاجەت قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئولتۇرۇۋالدىم. دەرۋازىۋەن: <كىرىدىغانلار دەرھال كىرىۋالسۇن، دەرۋازىنى تاقايمەن!> دېدى. مەن كىرىۋالدىم-دە، قورغان دەرۋازىسى يېنىدىكى ئېشەك ئېغىلىغا مۆكۈنۈۋالدىم. بىرنەچچەيلەن ئەبۇ رافىئىنىڭ قېشىدا كەچلىك غىزا يەپ، خېلى كېچىگىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئاندىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى. مەن ئەتراپ جىمجىتلىقتا چۆمگەندە ئاندىن چىقتىم. دەرۋازىۋەننىڭ قورغان ئاچقۇچىنى دەرۋازا قېشىدىكى تۈڭلۈككە قويغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. مەن ئاچقۇچنى ئېلىپ، قورغاننىڭ دەرۋازىسىنى

ئاچتىم ـ دە، ئۇلار ئۆيلىرىگە قايتىپ بولغاندا ئىشىكلىرىنى سىرتىدىن تاقىۋەتتىم. ئاندىن شوتا بىلەن ئەبۇ رافىئنىڭ ياتاق ئۆيىگە چىقتىم. بۇ ۋاقىتتا ئۆيىنىڭ چىرىقى ئۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆي ئىچى قاراڭغۇ ئىدى. مەن ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي: <ئى ئەبۇ رافىئ!> دېدىم. ئۇ: <كىم؟> دېگەنىدى، مەن ئاۋاز چىققان تەرەپنى مۆلچەرلەپ قىلىچ ئۇرغانىدىم ئەمما جايىغا تەگكۈزەلمىدىم.

ئاندىن مەن (ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كېتىپ بىرئازدىن كېيىن) خۇددى ياردەمگە كىرگەن كىشىدەك بولۇپ كىرىپ ئاۋازىمنى ئۆزگەرتىپ: <ئى ئەبۇ رافىئ! ساڭا نېمە بولدى؟> دېدىم. ئۇ: <ۋۇي ئۆلگۈر! نېمە بولدى دەيسەنغۇ!؟ باياتىن بىرى كىرىپ ماڭا قىلىچ ئۇردى> دېدى. مەن مۆلچەرلەپ تۇرۇپ يەنە بىر قىلىچ ئۇرغانىدىم ئەمما ئۇمۇ تەگمەي ئەبۇ رافىئ ۋارقىراشقا باشلىدى، ئايالىمۇ ھەم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

مەن يەنە ئاۋازىمنى ئۆزگەرتىپ ياردەمگە كىرگەن كىشى بولۇپ كىردىم. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئوڭدىسىغا يېتىۋالغان ئىكەن، مەن قىلىچىمنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭ قورسىقىغا قويۇپ، تاكى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى غىرسىلاپ كەتكىچە قىلىچنىڭ ئۈستىدىن ئۆزۈمنىڭ ئېغىرلىقىنى چۈشۈرۈپ باستىم.

ئاندىن ئالدىراپ شوتىنىڭ يېنىغا كەلدىم ـ دە، پەسكە چۈشۈۋاتقاندا يىقىلىپ كېتىپ پۇتۇم چىقىپ كەتتى. پۇتۇمنى تېڭىپ ھەمراھلىرىمنىڭ قېشىغا ئاقساپ كەلدىم. ئاندىن ھەمراھلىرىمغا: <يىغا ـ زارىنى ئاڭلىمىغۇچە قەتئىي قايتمايمەن> دېدىم. تاڭ ئېتىش بىلەن يىغا ـ زارە كۆتۈرۈلۈپ، بىر جاكارچى: <ئەبۇ رافىئ ئۆلدى> دەپ توۋلىدى.

مەن ھەمراھلىرىمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئاندىن بىرلىكتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا قايتتۇق ۋە ئەبۇ رافىئنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدۇق. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە پۇتۇمنىڭ سۇنغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <پۇتۇڭنى سۇنغىن> دېدى. مەن پۇتۇمنى سۇندۇم، رەسۇلۇللاھ ﷺ پۇتۇمنى سىيلاپ قويۇۋېدى، پۇتۇم خۇددى ھېچنىمە بولمىغاندەكلا ساقىيىپ كەتتى».[1]

ئىبنى ھىشام رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ ھەدرەد ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئىككى ساھابىنى مەدىنىنىڭ ئەتراپىدا ئەسكىرىي مەشىق قىلىدىغان مۇشرىكلارنىڭ چوڭ گازارمىسىغا ئەۋەتتى، ئۇلار

① بۇخارى توپلىغان.

مەدىنىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. ئەبۇ ھەدرەد ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى، الله تائالا مۇشرىكلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، ئەبۇ ھەدرەد ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشرىكلاردىن نۇرغۇنلىغان غەنىيمەتلەرگە ئېرىشتى». [①]

قادىسىيە جېڭى ئىراقتىكى شىددەتلىك جەڭلەردىن بىرى ئىدى. بۇ جەڭدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 7000 دىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇلارغا سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوماندان ئىدى. كاپىرلار بولسا 40 مىڭدىن كۆپرەك بولۇپ، ئۇلارغا پارىسلارنىڭ چوڭى رۇستەم قوماندانلىق قىلغان ئىدى.

تەرتۇشى ئۆزىنىڭ «سراج الملوك» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بىر ۋەقەنى زىكىر قىلىدۇ: ئەمىر ئىبنى مەئدى كەرىب قادىسىيە كۈنى دەرياغا چۇشۇپ ئۆز ھەمراھلىرىغا: «مەن كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتىمەن. ئەگەر سىلەر بىر تۆگە سويغۇچىلىك ۋاقىتتا يېتىپ بارساڭلار، قولۇمدا قىلىچ تۇتقان ھالەتتە تاكى ئۇلار مېنى ئۆلتۈرگۈچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقىنىمنى كۆرۈسىلەر. ئەگەر كېچىكىپ قالساڭلار، مېنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلتۈرۈلگەن ھالىتىمدە تاپىسىلەر» دېدى. ئاندىن ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، پارىسلارغا ھۇجۇم قىلىپ بۆسۈپ كىرىپ كەتتى.

مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە: «ئى بەنى زۇبەيد! نېمە ئۇچۇن ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەردىڭلار؟ الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۇنى ئەمدى ھايات ھالىتىدە تاپالمايسىلەر» دېيىشتى. ئاندىن مۇسۇلمانلارمۇ ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغىنىدا، ئۇ ئېتىدىن يىقىلغان بولۇپ، ئەجەملەردىن بىرىنىڭ ئېتىنىڭ ئىككى پۇتىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىدى. ئاتلىق ئەجەم ئېتىنى ماڭدۇرۇش ئۇچۇن ئۇرۇپ باققان بولسىمۇ، ئۇ بەك مەھكەم تۇتۇۋالغاچقا ئېتى ھەرىكەت قىلالمايۋاتاتتى.

مۇسۇلمانلار يېتىپ كەلگەندە پارىسلار ئۇ يەردىن تارقاپ كېتىشتى، ئات ئىگىسىمۇ قېچىپ كەتتى. ئاندىن ئەمىر ئىبنى مەئدى كەرىب ئۇ ئاتقا مىندى-دە، مۇسۇلمانلارغا: «مەن ئەبۇ سەۋرمەن! الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر مەندىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىڭلار» دېدى.

تەرتۇشى مەزكۇر كىتابىدا يەنە مۇنداق بايان قىلىدۇ: تارىق ئىبنى زىياد

---

① «الروض الأنف» 2- توم 362- بەت.

ئەندەلۇسقا 1700 كىشى بىلەن كىرگەن بولۇپ، بۇ يەرنىڭ پادىشاھى لەزرىقنىڭ نائىبى تەزفىير ئىدى. ئىسپانلار ئۈچ كۈن ئۇرۇشۇپمۇ مۇسۇلمانلارغا تەڭ كېلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، تەزفىير لەزرىققا مۇنداق خەت يازدى: «بىزگە شۇنداق بىر تۈركۈم كىشىلەر كەلدىكى، ئۇلار ئاسماندىن چۈشتىمۇ ياكى يەردىن ئۈندىمۇ بىلمىدىم. بىز ئۇلار بىلەن شۇنچە ئۇرۇشقان بولساقمۇ لېكىن ھېچ كۈچىمىز يەتمىدى شۇڭا سېنىڭ كېلىشىڭنى توغرا تاپتۇق».

لەزرىق 90 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بىلەن كېلىپ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۈچ كۈن جەڭ قىلدى. بۇ قېتىملىق جەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قاتتىق بىر سىناق بولغان ئىدى. تارىق مۇسۇلمانلارغا خىتاب قىلىپ: «سىلەرگە الله تىن باشقا پاناھ بەرگۈچى يوقتۇر. جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىشتىن باشقا قۇتۇلۇش يولىمىز قالمىدى. سىلەر ھازىر ئۇلارنىڭ زېمىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئارقاڭلاردىن بولسا دېڭىز قورشاپ تۇرۇپتۇ، يەنە قەيەرگىمۇ بارالايسىلەر؟! بىزنىڭ ئالدىمىزدا غەلىبە قازىنىش ياكى ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق. مەن ھازىر ئۇلارنىڭ باتىل ئىلاھى لەزرىققا ھۇجۇم قىلىمەن، مەن ھۇجۇمغا ئاتلانغان ھامان سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار!» دېدى.

مۇسۇلمانلار شۇنداق قىلدى. تارىق لەزرىقنى ئۆلتۈردى، ئىسپان ئەسكەرلىرىدىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى، الله كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۈچ كۈنگىچە تىرىپىرەن قىلىۋەتتى، مۇسۇلمانلاردىن پەقەت ئازغىنە كىشىلەرلا شەھىد بولدى.

مۇلازكورد جېڭى — ئاز سانلىق مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىق مۇشرىكلارنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرگەن جەڭلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئىسلام تارىخشۇناسلىرىدىن تەرتۇشى «سراج الملوك» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلغان:

مۇلازكورد جېڭىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى ئالىپ ئارسلان بولۇپ، ئۇ رۇم پادىشاھىغا قارشى جەڭ قىلدى. رۇم پادىشاھى بۇ جەڭگە ئالاھىدە تەييارلىق كۆرگەن بولۇپ، تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە تەييارلانغان قوراللىق 600 مىڭدىن ئارتۇق رۇم قوشۇنى چىققان ئىدى. رۇملۇقلار ئۆزىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا شۇنچىلىك دەرىجىدە ئىشەنگەن ئىدىكى، ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرى ۋە رايونلىرىنى ئۆزئارا تەقسىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھەربىر مەنسەپدارلىرىغا ھەرقايسى ۋىلايەتلەرنى بۆلۈپ بېرىدىغانلىقىغا كېلىشىپ بولغان ئىدى.

پادىشاھ ئالىپ ئارسلان تۈركىي ئىراق ۋە ئەجەملەرنىڭ سۇلتانى ئىدى. ئۇ رۇملۇقلارنىڭ كۈچلۈك قوشۇن بولۇپ توپلانغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز شەھەر ئاھالىسىنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يىغدى. ئۇلار ئىشنى ئالىپ ئارسلانغا تاپشۇرۇپ: «سەن نېمە دېسەڭ شۇنىڭغا قوشۇلىمىز ئەمما ئۇلارنىڭ قوشۇنى بەك كۈچلۈككەن، تەڭ كەلگىلى بولارمۇ؟» دېگەنىدى، ئۇ: «ئۇنداقتا قېچىپ نەگە بارىسىلەر؟! ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىدى. ئىززەت بىلەن ئۆلۈش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر» دېدى ۋە 20 مىڭ ئەتراپىدىكى جەڭگە تەييار مۇجاھىدلارنى توپلاپ، رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا يېقىن جايغا قارارگاھ تىكلىدى.

ئىككى تەرەپ سەپ تارتقاندا، بۇنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئەقلىدىن كېتىپ قېلىشى ھەم ھەيران قالارلىق ئەمەس ئىدى چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى رۇملۇقلارغا نىسبەتەن خۇددى قارا ئۆكۈزدىكى ئاق تۈككە ئوخشاش تۇراتتى.

ئالىپ ئارسلان: «مەن ئۇلار بىلەن كۈن قايرىلغاندىن كېيىن جۈمە خۇتبىسى ۋاقتىدا جەڭ قىلىشنى توغرا تاپتىم» دېدى. كۆپچىلىك: «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «چۈنكى بۇ ۋاقىتتا زېمىن يۈزىدىكى بارلىق مۇنبەرلەر بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىزغا دۇئا قىلىدۇ» دېدى.

كۈن قايرىلىپ پېشىن ناماز ۋاقتى بولغاندا ئۇ ئەسكەرلەرگە: «ھەربىر كىشى ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ۋىدالىشىۋالسۇن ۋە ۋەسىيەتلىرىنى قالدۇرۇۋالسۇن! مەن رۇمغا قارشى ھۇجۇم قىلىشقا كەسكىن ئىرادىگە كەلدىم، سىلەرمۇ مەن بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار!» دېدى.

رۇم قوشۇنلىرى 20 قاتار بولۇپ تىزىلدى، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەتتا سەپنىڭ چېتىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئالىپ ئارسلان ئەسكەرلىرىنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە مۇجاھىدلار رۇمغا قارشى بىراقلا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى شۇنچىلىك ئۇشتۇمتۇت بولدىكى، رۇم قوشۇنلىرىنىڭ سەپلىرىنى يېرىپ ھەتتا رۇم پادىشاھىنىڭ قارارگاھىغىچە يېتىپ باردى. رۇم پادىشاھى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ يەرگىچە يېتىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى. مۇسۇلمانلار قارارگاھقا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قوروقچىلىرىنى ئۆلتۈردى ھەمدە ئۇلاردىن بىرىنىڭ بېشىنى كېسىپ نەيزىگە سانجىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ: «پادىشاھ ئۆلتۈرۈلدى!» دەپ توۋلىدى. رۇم قوشۇنلىرى بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلىپ ئالدى-كەينىگە قارىماي

قېچىشقا باشلىدى.

الله تائالا بۇ قېتىملىق جەڭدە مۇسۇلمانلارغا كاتتا غەلىبە ئاتا قىلدى. قىلىچ رۇم ئەسكەرلىرى ئىچىدە بىرنەچچە كۈن ھۆكۈم سۈردى. مۇسۇلمانلار رۇملۇقلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قالغانلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. رۇم پادىشاھىمۇ بوينىغا ئارغامچا سېلىنغان ھالەتتە ئالىپ ئارسلاننىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى. ئالىپ ئارسلان ئۇنىڭغا: «ئەگەر سەن مېنىڭ ئۈستۈمدىن غەلىبە قىلغان بولساڭ قانداق قىلغان بولاتتىڭ؟» دېگەندى، ئۇ: «ئۇ چاغدا سېنى ئۆلتۈرۈشۈمدىن شەكلىنەرمىدىڭ؟» دېدى. ئارسلان: «سەن مېنىڭ ئۆلتۈرۈشۈمگە ئەرزىمەيسەن» دېدى ۋە ئەسكەرلىرىگە: «ئۇنى سېتىۋېتىڭلار» دېدى. ئۇلار ئۇنىڭ بوينىغا ئارغامچا سېلىنغان ھالەتتە ئەسكەرلەر ئىچىدە ئايلاندۇرۇپ يۈردى. ھەتتا ئۇنىڭغا بىرنەچچە دەرھەم باھا قويۇلغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بىرنەچچە دەرھەمگىمۇ يارىمايدىغانلىقىنى بىلىپ ھېچكىم سېتىۋالمىدى. ئاخىرىدا مۇجاھىدلاردىن بىرەيلەن: «ئەگەر سىلەر ئۇنى بۇ ئىتقا ساتساڭلار ئۇنى سېتىۋالاي» دېدى. ئۇلار ئۇنى ۋە ئىتنى ئالىپ ئارسلاننىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى ۋە بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىپ: «ئۇنى سېتىۋېلىشقا ھېچكىم چىقمىدى، پەقەت بىرەيلەن ئۇنى بىر ئىتقا سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى» دېگەندى، ئالىپ ئارسلان: «ئىتمۇ ئۇنىڭدىن ياخشىراق چۈنكى ئىتتىن پايدىلانغىلى بولىدۇ لېكىن ئۇنىڭ نېمە پايدىسى تېگىدۇ!؟» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئالىپ ئارسلان رۇم پادىشاھىنى قويۇۋېتىشنى بۇيرۇپ، ئۇنى ئۆز يېرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا بىر كىشىنى تەيىنلىدى. ئۇ يېتىپ بارغاندا رۇملۇقلار ئۇنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا باشقا پادىشاھ تەيىنلەشتى.

ئىبنى ئەساكىر زۇبەير ئىبنى بەككاردىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇلئەزىز ئىبنى زۇرارە مال ـ دۇنيالىرى كۆپ، ئابرۇيلۇق كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيالىرىغا قاراپ: «ئى الله ! ئابدۇلئەزىز گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى، جېنىنى ۋە ئەھلىنى الله يولىدا ئاتىدى» دېدى. ئاندىن ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى ئاتا! مېنىڭ قارارىمغا قانداق قارايسەن؟» دېگەندى، ئاتىسى: «ئى ئابدۇلئەزىز! (ھەق ئۈستىدە بولساڭلا) خۇرسەن بولغان ھالدا يولۇڭنى داۋاملاشتۇر» دېدى. ئۇ: «مەن جېنىم، مېلىم ۋە ئەھلىمنى الله يولىغا ئاتىدىم» دېگەندى، ئاتىسى: «ئۇنداقتا ئاتلانغىن ئى

ئابدۇلئەزىز! اللّٰه ساڭا بەرىكەت بەرسۇن» دېدى.

ئۇ مۇجاھىدلار بىلەن بىرگە قۇستانتىنىيىگە يولغا چىقتى. ھالبۇكى ئۇ شاھادەت ئارزۇسىدا مېڭىۋاتاتتى.

رۇم بىلەن بىر كۈن گىرەلەشمە جەڭ بولۇپ، جەڭ ناھايىتى شىددەتلىك داۋام قىلدى. ئابدۇلئەزىز رۇم قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۆزى ئارزۇ قىلغان شاھادەتكە ئېرىشكۈچە جەڭ قىلدى.

مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇلۋاھھاب ئىبنى بوخت بىلەن ئەبۇ مۇھەممەد بەتتال رۇمغا قارشى غازاتقا چىقتى. مۇسۇلمانلار رۇمغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەندە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ئابدۇلۋاھھاب ئېتىنى جەڭ مەيدانىغا قايتۇرۇپ: «سېنىڭدەك قورقۇنچاق ئاتنى كۆرمىگەنمەن. ئەگەر سېنىڭ قېنىڭنى تۆكمىسەم، اللّٰه مېنىڭ قېنىمنى تۆكسۇن!» دېدى ۋە بېشىدىكى دۇبۇلغىنى ئېلىپ تاشلاپ: «مەن ئابدۇلۋاھھاب ئىبنى بوختمەن، سىلەر ئەجەبا جەننەتتىن قېچىۋاتامسىلەر؟» دېدى ۋە دۈشمەن تەرەپكە ھۇجۇم قىلىپ ئىلگىرىلىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇسساپ چاڭقاپ كەتكەن بىر كىشى: «ۋاي سۇ!» دەپ توۋلاۋاتقان ئىدى. ئىبنى بوخت ئۇنىڭغا: «جەننەت ئالدىڭدا تۇرسا!؟» دېدى ۋە دۈشمەن ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاقىۋەت، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئېتى شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلدى.[1]

تەبەرى يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى ئىبنى ئەسەد ھاياتىنى گۇناھ-مەئسىيەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن چوڭ گۇناھلارنى قىلغان كىشى ئىدى. بىر كېچىسى ئۇ كۇفەدە كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت: ﴿قُلْ يَا عِبَادِيَ الَّذِينَ أَسْرَفُوا عَلَىٰ أَنفُسِهِمْ لَا تَقْنَطُوا مِن رَّحْمَةِ اللَّهِ﴾ «(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى: <(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! اللّٰه نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار>»[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئەلى ئىبنى ئەسەد مەزكۇر ئايەتنى ئوقۇغۇچىغا: «قايتا ئوقۇغىن!» دېدى، ئۇ قايتا ئوقۇدى؛ ئەلى يەنە: «قايتا ئوقۇغىن!» دېگەنىدى، ئۇ يەنە قايتا ئوقۇدى؛ ئەلى يەنە: «قايتا ئوقۇغىن!» دېگەنىدى، ئۇ يەنە قايتا ئوقۇدى.

ئەلى ئىبنى ئەسەد قايتىپ غۇسل قىلدى ۋە كىيىملىرىنى پاكلىدى. ئاندىن ئىبادەتكە شۇنداق كىرىشتىكى، ئىككى كۆزى ياشتىن قۇرۇماي ئاجىزلاپ كەتتى،

[1] «تاريخ الطبري» 4- توم 139- بەت.

[2] سۈرە زۇمەر 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىككى تېزى ھەم تۆگىنىڭ تېزىدەك ئىشىپ كەتتى.

كېيىن رۇم قوشۇنلىرىغا قارشى قىلىنغان دېڭىز غازىتىغا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ كېمىسى دۈشمەن كېمىسىگە يېقىنلاشقاندا ئەلى ئىبنى ئەسەد رۇم كېمىسىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى چېكىندۈردى. ئۇ دۈشمەنگە قىلىچ ئۇراتتى، ئۇلار چېكىنەتتى؛ ئۇ قىلىچ ئۇراتتى، ئۇلار چېكىنەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كېمىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قىستىلىپ قېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن كېمە دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئەلى ئىبنى ئەسەد سۇغا غەرق بولۇپ شەھىد بولدى، شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۇستىدە تۆمۈر ساۋۇت بار ئىدى.

ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەرمۇك كۈنى ئاتتىن چۈشۈۋالدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئۇنداق قىلما، سېنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشۈڭ مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كېلىدۇ» دېگەنىدى، ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى خالىد! مېنى توسمىغىن. سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە بولۇپ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدىڭ ئەمما دادام بىلەن ئىككىمىز رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەشەددىي يامانلىقلارنى قىلغان» دېدى ۋە دۈشمەن ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ شەھىد بولغۇچە جەڭ قىلدى.[1]

يۇقىرىدا بىز بايان قىلىپ ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇجاھىدلار جىھاد مەيدانىدا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەمەلىي ۋەقەلەردۇر. مەزكۇر ۋەقەلەردە شىجائەتلىك بىر كىشى ياكى ئاز سانلىق مۇئمىنلەر جامائىتىنىڭ شاھادەتنى كۆزلەپ كۆپ دۈشمەن ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان شۇنداقلا مۇجاھىدلارنىڭ بۇ ئەمەللىرى ئالقىشلاشقا تېگىشلىك كاتتا جىھادتۇر.

## بىر كىشىنىڭ كۆپ دۈشمەنگە يالغۇز ھۇجۇم قىلىشى ھەققىدە ئالىملارنىڭ ئوخشىمىغان كۆزقاراشلىرى

بىر كىشىنىڭ يالغۇز ھالەتتە كۆپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشى ھەققىدە ئالىملار (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئوخشىمىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

[1] ئىبنى ئەساكىر ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك «الجهاد» ناملىق كىتابىنىڭ 1- توم 88- بېتىدا ھەم كەلتۈرگەن.

ئىمام ئەبۇ ھامىد غەززالى «إحياء علوم الدين» ناملىق كىتابىدا ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ھەققىدە قىلغان سۆزىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر مۇسۇلمان كىشى گەرچە ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلسىمۇ يالغۇز ھالەتتە كاپىرلار سېپىگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق. ئۇنىڭ كاپىرلار بىلەن ئۆلتۈرۈلگىچە جەڭ قىلىشى دۇرۇس بولغىنىدەك، شۇ خىل ھالەتتە ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشى ھەم دۇرۇس. ئەگەر ئۇ ئۆلتۈرۈلگىچە بولغان ئارىلىقتا دۈشمەن تەرەپتىن ئۆلتۈرۈلمەيدىغانلىقىنى بايقىسا ياكى بۇ سەۋەبلىك كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى سۇندۇرۇشنى بىلسە، ئۇنىڭغا ئىلگىرىلەش دۇرۇس بولىدۇ. كاپىرلار ئۇنىڭ جۈرئىتىنى كۆرۈپ ھەيۋىسى سۇنىدۇ چۈنكى كاپىرلار مۇسۇلمانلار ھەققىدە: ‹ئۇلار الله يولىدا شاھادەتكە ئېرىشىشكە ھېرىسمەن، جىھادتىن ۋە الله يولىدىكى ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقمايدۇ› دەپ ئەقىدە قىلىشىدۇ». [1]

ئىمام نەۋەۋى بىر مۇجاھىدنىڭ شاھادەتكە ئىنتىلىپ يالغۇز ھالەتتە كاپىرلار قوشۇنىغا بۆسۈپ كىرىپ كېتىشىنىڭ شەكسىز دۇرۇس ئىكەنلىكىگە ھەمدە بۇنىڭ مەكرۇھ بولمايدىغانلىقىغا ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرگەن. [2]

ئىمام شافىئىي بۇنىڭ دۇرۇسلىقىغا مۇنداق بىر ۋەقەنى دەلىل كەلتۈردى: «بەدر كۈنى ئەنسارىلاردىن بىر كىشى مۇشرىكلارغا قالقانسىز ھالدا ھۇجۇم قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ بۇ ئەمىلىدە ياخشىلىق بارلىقىنى بىلدۈردى». [3]

قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار بىر كىشىنىڭ يالغۇز ھالەتتە كۆپ سانلىق دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

قاسىم ئىبنى مۇخەيمەرە، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ۋە باشقا ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ‹ئەگەر بىر كىشىدە قۇۋۋەت ۋە الله قا بولغان خالىس نىيەت بولسا، ئۆزى يالغۇز ھالەتتە كاتتا قوشۇنغا ھۇجۇم قىلسا ھېچ ۋەقەسى يوق؛ ئەگەر قۇۋۋىتى بولمىسا، بۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلاشتۇر›.

---

[1] «إحياء علوم الدين» 7- توم 26- بەت.

[2] ئىمام نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13- توم 46- بەت.

[3] بەيھەقى توپلىغان.

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ نىيىتى خالىس ۋە شەھىدلىكنى كۆزلىگەن بولسا، ئۆزى يالغۇز ھالەتتە دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشى دۇرۇس. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْرِي نَفْسَهُ ابْتِغَاءَ مَرْضَاتِ اللَّهِ وَاللَّهُ رَءُوفٌ بِالْعِبَادِ﴾«بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار الله نىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەمەلى بىلەن پەقەت الله نىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). الله بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر». ①

ئىبنى خۇۋەيز مىنداد مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى 100 كىشىگە ياكى بىرەر ئوغرىلار گۇرۇھىغا ۋە ياكى بىر توپ قوشۇنغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغانلارنى ھەم ئۆلتۈرۈپ قۇتۇلۇپ كېتەلىشى ئۆز گۇمانىدا مۇمكىن بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى ياخشىدۇر؛ ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ لېكىن دۈشمەنگە زەربە بېرەلىسە ياكى شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت ھاسىل قىلالىسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىمۇ ھەم دۇرۇستۇر».

مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر كىشى دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ياكى ئۇلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز ھالەتتە مۇشرىكلاردىن مىڭ كىشىگە ھۇجۇم قىلسا ھېچ مەسىلە يوق. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا مەكرۇھتۇر چۈنكى بۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھېچبىر مەنپەئەتى يوق بولۇپ، بۇ ئۆز جېنىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارغا بولغان جاسارىتىنى ئاشۇرۇش ھەمدە ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكىنى كۆرگەن مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ھەم جاسارىتىنىڭ ئىرىلىشىگە سەۋەب بولۇشىنى كۆزلەش بولسا، بۇ چەكلەنمەيدۇ چۈنكى بۇنىڭدا مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت بار. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ مەقسىتى دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ (كاپىرلارغا نىسبەتەن) قاتتىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى قورقۇتۇش بولسا، بۇمۇ ھەم دۇرۇستۇر. الله نىڭ دىنىنىڭ ئەزىز بولۇشى ۋە كاپىرلارنىڭ ئاجىزلىشى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىش بولسا كاتتا شەرەپلىك مەرتىۋىدۇركى، الله تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى بۇ خىل كىشىلەرنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ

① سۈرە بەقەرە 207 ـ ئايەت.

سېتىۋالدى>[1]». [2]

## مۇبارىزە (يەكمۇيەك جەڭ قىلىش)

ئالىملار مۇبارىزىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، ئەگەر كاپىر مۇبارىزىگە چاقىرسا چىقىش مۇستەھەبتۇر ئەمما ئۇنى باشلاش بولسا مۇستەھەبمۇ ئەمەس، مەكرۇھمۇ ئەمەس. ئۆزىنىڭ غالىب كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن كىشىنىڭ مۇبارىزىگە چاقىرىشى ياخشىدۇر ئەمما ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان، ئاجىز كىشىنىڭ كاپىرلارنى مۇبارىزىگە چاقىرىشى مەكرۇھتۇر. ئالىملارنىڭ كۆپچىلىك قارىشى بويىچە، ئەمىرنىڭ رۇخسىتى ياكى رۇخسىتىسىز مۇبارىزىگە چۈشۈش دۇرۇستۇر.

ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھتىن جەڭ مەيدانىدا ئىككى سەپ ئارىسىدا تۇرۇپ: «كىم مۇبارىزىگە چۈشىدۇ؟» دېگەن كىشى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: «بۇ ئۇنىڭ نىيىتىگە قارىتا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ ئارقىلىق الله رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن. [3]

ئىمام شافىئىي: «مۇبارىزە چەكلەنمەيدۇ» دېگەن. [4]

ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: «ئىمامنىڭ رۇخسىتى بىلەن مۇبارىزىگە چۈشۈش ياخشى. ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز مۇبارىزىگە چۈشكەن كىشىگىمۇ ھەم گۇناھ بولمايدۇ ھەمدە بۇ مەكرۇھمۇ ئەمەس چۈنكى مەن بۇنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى ھەققىدە بىرەر دەلىلنى كۆرۈپ باقمىدىم». [5]

جەڭدە مۇبارىزىگە چۈشۈش ۋە مۇبارىزىگە چاقىرغان كىشىگە ئىجابەت قىلىش — باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ تۇتقان يولى؛ جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەم، ئىسلامدا ھەم شىجائەتلىك ئەرلەرنىڭ شۇئارى ۋە پەخرى بولۇپ كەلمەكتە. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋرىدە ساھابىلار ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇبارىزىگە چۈشەتتى. شۇنىڭدەك، خۇلاپائىي راشىدىنلار دەۋرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى مەزگىللەردىمۇ كىشىلەر بۇنى

---

[1] سۈرە تەۋبە 111- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «تفسير القرطبي» 2- توم 363-، 364- بەتلەر.

[3] «تفسير القرطبي» 3- توم 258- بەت.

[4] «مختصر المزني» 8- توم 274- بەت.

[5] «تفسير القرطبي» 3- توم 258- بەت.

داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

بىر ئىلگىرىكى بايانلىرىمىزدا بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەكمۇيەك قىلغان جېڭىدە 100 مۇشرىكنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

ئىبنى ئىسھاق ۋە باشقىلار ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەندەك غازىتى كۈنى ئەمىر ئىبنى ئابدۇۋۇد بىلەن مۇبارىزىگە چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەمر ئىبنى ئابدۇۋۇد مەيدانغا چۈشۈپ:

— كىم يەكمۇيەك چۈشەلەيدۇ؟ — دەپ توۋلاشقا باشلىدى. تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن چۈشەي، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇ دېگەن ئەمر! سەن ئولتۇر، — دېدى. ئەمر يەنە مۇسۇلمانلارغا:

— مەن بىلەن يەكمۇيەك چۈشەلەيدىغان ئەركەك بارمۇ؟ قېنى، ئۆلتۈرۈلسەڭ جەننەتكە كىرىمىز دەپ دەۋا قىلاتتىڭلارغۇ؟! — دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا مەن تېتاي، — دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئولتۇر! — دېدى. ئەمر ئۈچىنچى قېتىم مەسخىرە قىلىپ:

چۈشۈش ئۈچۈن يەكمۇيەك مەن چاقىردىم نەچچە رەت،
قورققاندا باتۇرلار تۇرماقتىمەن بەھەيۋەت.
جەڭدىن بۇرۇن ئاتلىنىش بولغان ماڭا خاس ئادەت،
ئەجدادىمدىن مىراستۇر بۇ سېخىيلىق، شىجائەت.

دەپ شېئىر ئوقۇدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا مەن تېتاي، — دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئۇ دېگەن ئەمر! — دېگەنىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئەمر بولسىمۇ مەيلى! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەيدانغا چۈشۈپ:

ئالدىرىمىغىن مەن كەلدىم سۆزلىرىڭگە جاۋابەن،
پاراسەتلىك، ئەقىللىق، سادىق، باتۇر يىگىتمەن،
جىنازاڭغا توپلىنار ئاجىزەلەر كۆزى نەم
داستان بولۇر تىللاردا باتۇرلار ھۆرمەت بىلەن.

دەپ شېئىر ئوقۇدى. ئەمر:

— سەن كىم؟ — دەپ سورىۋېدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— مەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ! — دېدى. ئەمىر:

— ئى قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى! تاغىلىرىڭنىڭ ئىچىدىكى يېشى چوڭراقىدىن بىرى چىقسۇن، مەن سېنىڭ قېنىڭنى تۆكۈشنى خالىمايمەن، — دېگەنىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— الله بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭ قېنىڭنى تۆكۈشنى خالايمەن، — دېدى. ئەمر قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ ئوتنىڭ شولىسىدەك پارقىراپ تۇرغان قىلىچىنى سۇغاردى ـ دە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپكە غەزەپ بىلەن ماڭدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالقىنىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا روبىرو تۇردى. ئەمر بىر قىلىچ ئۇرغانىدى، قىلىچ قالقاندىن ئۆتۈپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېشىغا تېگىپ يېرىۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ كېلىشتۈرۈپ ئەمرنىڭ بويۇن تومۇرىغىلا چاپقانىدى، ئەمر يىقىلدى. قىيقاس ـ چۇقانلار كۆتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تەكبىر ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمرنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلدى.

ئەمر ئىبنى ئابدۇۋۇد قۇرەيشنىڭ ساناقلىق پالۋانلىرىدىن بولۇپ، ئۆلتۈرۈلگەندە 90 ياشقا كىرگەن ئىدى.[1]

يەرمۇك جېڭىدە مۇسۇلمانلار سېپىدىن بىر كىشى چىقىپ ئىككى سەپ ئارىسىدا تۇرۇپ، رۇملۇقلارنى مۇبارىزىگە چاقىردى. رۇملۇقلار ئۇنىڭغا بەدىنى تۆگىدەك يوغان، تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن بىرىنى چىقارغانىدى، مۇسۇلمان ئۇنى چېپىپ ئۆلتۈردى. ئاندىن ئۇ يەنە دوئېلغا چاقىردى. ئۇلار ئۆزىنىڭ بايراقدارىنى چىقارغانىدى، مۇسۇلمان ئۇنىمۇ بىر چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن يەنە دوئېلغا چاقىرغانىدى، رۇملۇقلارنىڭ ئىچى ئېچىشىپ: «شەيتانغا ئېيت! ئۇ سەن بىلەن دوئېلغا چۈشسۇن» دېيەلىدى خالاس.

كاپىرلار بىلەن مۇبارىزىگە چۈشۈۋاتقان مۇسۇلمانغا باشقىلارنىڭ ياردەم قىلىشى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزىلەر بۇنى چەكلىسە، يەنە بەزىلەر بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان. ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغانلار قاتارىدىن بولۇپ، ئۇلار بەدر جېڭىدا قۇرەيش بىلەن

---

[1] ئىبنى ئەساكىر، ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان.

مۇبارىزىگە چۇشكەن ساھابىلارنىڭ بىر-بىرىگە ياردەم قىلغانلىقىنى دەلىل كەلتۈرىدۇ.

167. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇتبە ئىبنى رەبىئە مەيدانغا چىقىۋېدى، ئوغلى بىلەن قېرىندىشىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىللە چىقتى. ئۇ:

— كىم مەن بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىدۇ؟ — دەپ توۋلىۋېدى، ئەنسارىلاردىن بىرقانچە يىگىت يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار كىملىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئۇ:

— سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا ھاجىتىمىز يوق، بىز بىر نەۋرە تۇغقانلىرىمىز بىلەن چۇشىمىز، — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئى ھەمزە، تۇر! ئى ئەلى، تۇر! ئى ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس، تۇر! — دەپ بۇيرۇدى. ھەمزە ئۇتبە بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈردى، مەن شەيبە بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈردۈم، ئۇبەيدە بىلەن ۋەلىد ئىككىسى بىر-بىرىگە قىلىچ ئۇرۇپ ئىككىلىسى يارىلاندى. ھەمزە ئىككىمىز بىرلا ھۇجۇم قىلىپ ۋەلىدنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇبەيدىنى كۆتۈرۈپ (مەيداندىن چىقىپ) كەتتۇق.[1]

كۇچلۇك قاراش شۇكى، مۇسۇلمان بىلەن كاپىر مۇبارىزىگە چۇشكەندە باشقىلارنىڭ ياردەم بەرمەسلىكىنى شەرت قىلسا، شەرتكە ۋاپا قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر كاپىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرسە، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ كاپىرنى ئۆلتۈرۈشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر كاپىر مۇبارىزىگە چۇشۇشنى تەلەپ قىلىپ مەيدانغا چىقسا، ئۇنىڭغا ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش دۇرۇس چۈنكى مۇشرىك ئۇچۇن ئەھدە ۋە ئامانلىق يوقتۇر، ئۇنى ئۆلتۈرۈش مۇباھتۇر.

※ ※ ※

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

# 25 ـ باب

## ئىككى قوشۇن ئۇچراشقاندا جەڭدىن قاچقان كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمُ الَّذِينَ كَفَرُوا زَحْفًا فَلَا تُوَلُّوهُمُ الْأَدْبَارَ ۞ وَمَنْ يُوَلِّهِمْ يَوْمَئِذٍ دُبُرَهُ إِلَّا مُتَحَرِّفًا لِقِتَالٍ أَوْ مُتَحَيِّزًا إِلَى فِئَةٍ فَقَدْ بَاءَ بِغَضَبٍ مِنَ اللَّهِ وَمَأْوَاهُ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار) [15]. كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي! [16]».[1]

بىلگىنكى، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا جەڭدىن قېچىش دۇرۇس ئەمەس؛ بۇ — الله نىڭ دەرگاھىدا گۇناھلارنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدىغانلىقىغا ئالىملار ئىتتىپاقتا كەلگەن. ئۇنى قىلغۇچى الله نىڭ غەزىپى، يامان كۆرۈشى ۋە قاتتىق ئازابىغا لايىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇنى قىلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن.

168. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھالاك قىلغۇچى يەتتە تۈرلۈك گۇناھتىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار قايسىلار؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «الله قا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جازانە (ئۆسۈم) يېيىش، جەڭ مەيدانىدىن قېچىش ۋە ئىپپەتلىك، پاك مۇئمىن ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش» دېدى.[2]

169. ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير ئىبنى قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋىدالىشىش ھەججىدە مۇنداق دېگەن: «ناماز ئوقۇغۇچىلار الله نىڭ دوستلىرىدۇر. الله پەرز قىلغان بەش ۋاق نامازنى ئادا قىلغان،

---

[1] سۈرە ئەنفال 15 ـ، 16 ـ ئايەتلەر.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەجىر ئۇمىد قىلىپ رامىزان روزىسىنى تۇتقان، زاكاتىنى چىن كۆڭلىدىن ئادا قىلغان، ﷲ چەكلىگەن چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان كىشىلەر ﷲ نىڭ دوستلىرىدۇر» دېگەنىدى، ساھابىلەردىن بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! چوڭ گۇناھلار قانچە؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «توققۇز. ئۇلار: ﷲ قا شېرىك كەلتۈرۈش، مۇئمىننى ناھەق ئۆلتۈرۈش، جەڭدىن قېچىش، پاك ئايالغا تۆھمەت قىلىش، سېھىرگەرلىك قىلىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جازانە يېيىش، مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىش، بەيتۇل ھەرەمدە چەكلەنگەن نەرسىنى ھالال ساناش» دېدى.[①]

## ئىككى سەپ ئۇچراشقاندا جىهاد پەرز ئەين بولىدۇ

بىلگىنكى، گەرچە جىهاد مۇسۇلمانغا پەرز كۇپايە بولسىمۇ لېكىن ئۇ كىشى سەپكە كېلىپ جەڭگە قاتناشسا، جىهاد ئۇ كىشىگە پەرز ئەين بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. كاپىرلارنىڭ سانى مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئىككى ھەسسىدىن كۆپ بولمىسىلا قېچىش ھارامدۇر. ئەگەر قايتا ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۆتكەلسە دۇرۇس بولىدۇ. قايتا ئۇرۇشۇش ئۈچۈن يۆتكىلىش ھەرخىل بولىدۇ، مەسىلەن، كاپىرلارغا پىستىرما قويۇپ ھۇجۇم قىلىش؛ ياكى ئۆزلىرى تار ئورۇندا بولۇپ قالغان بولسا دۈشمەننى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ئۇرۇشقا قولايلىق كەڭ ئورۇنغا ئېلىپ چىقىش؛ ياكى قۇياش، شامالغا قارىتا يۆتكىلىش؛ ياكى شۇنىڭدەك بىرەر پىلان ئۈچۈن سەپتىن قايتىشتۇر.

شۇنىڭدەك، مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، يېقىن ياكى يىراق بولسۇن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالايدىغان مۇسۇلمان جامائىتىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە قېچىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئاجىز كەلسە ياكى قورالىدىن ئايرىلىپ قالسا ھەتتا تاش ئېتىش ئىمكانىيىتىمۇ بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ مەيداندىن چېقىشى دۇرۇس بولىدۇ ئەمما تاش ئېتىپ بولسىمۇ جەڭ قىلىش ئىمكانىيىتى بولسا، ئۇنىڭ مەيداندىن چىقىپ كېتىشى ھارامدۇر. بىرەر ئۆزرە سەۋەبلىك مەيداندىن چېكىنىش، ئايەتتە ئېيتىلغىنىدەك قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە) قوشۇلۇش مەقسىتىدىكى يۆتكىلىش بولسا سۈننەتتۇر.

[①] تەبرانى، ھاكىم ۋە بەيھەقى توپلىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر ئىبتى ئۆلسە ۋە ئاتسىز پىيادە ئۇرۇش قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئەھۋالدا چېكىنسە دۇرۇس. ئەگەر ئۇ مۇستەھكەم تۇرسا شەھىد قىلىنىشى گۇمانىغا غالىب كەلسە، ئۇنىڭ سەپتىن چىقىپ كېتىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر كاپىرلارنىڭ سانى مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئىككى ھەسسىدىن كۆپ بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىشى دۇرۇس ئەمما 100 مۇسۇلماننىڭ 200 كاپىردىن چېكىنىشى هارامدۇر.

ئىمام نەۋەۋى ئەبۇ قاسىم رافىئىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ 2 ھەسسىسىدىن كۆپ بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئاجىز كېلىپ قاچسا دۇرۇس بولىدىغان ئەھۋالغا تەپسىلىي قارايمىز. ئەگەر مۇستەھكەم تۇرسا غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يەتسە مۇستەھكەم تۇرۇشى ئەۋزەلدۇر. ئەگەر مۇستەھكەم تۇرسىمۇ ھالاك بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا گۇمانى غالىب كەلسە قېچىشى دۇرۇس ئەمما ئۆلتۈرۈلۈش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ قاچماي جەڭ قىلىشى ئەۋزەلدۇر».

ئىمام نەۋەۋى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىل ھالەتكە دۇچ كەلگەندە ئەڭ توغرا قاراش — قېچىش ۋاجىب ئەمەس بەلكى مۇستەھەبتۇر». ①

ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ كۆزقارىشى بويىچە، ئەگەر دۈشمەننىڭ سانى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كۆپ بولسا، (مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك گۇمانى بويىچە) مۇستەھكەم تۇرۇشى ھالاك بولۇشقا ۋە چېكىنىشى قۇتۇلۇپ قېلىشقا سەۋەب بولسا، ئۇنداقتا چېكىنىشى ئەۋزەلدۇر ئەمما شەھىدلىكنى ئارزۇ قىلىپ مۇستەھكەم تۇرسا بۇمۇ دۇرۇستۇر. ②

ئەڭ كۈچلۈك قاراش شۇكى، دۈشمەنگە ھېچبىر تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغان ئورۇندا مۇستەھكەم تۇرۇش پەقەت ھالاكەتنى ئېلىپ كەلسە، ئۇنداقتا بۇ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ھالەتتە ئۇ كىشى ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغان بولىدۇ. بۇ خۇددى دۈشمەنگە قورالسىز يۈزلەنگەن قارىغۇ كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، دۈشمەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ خالاس.

ئەمما، مۇسۇلمان خالىس نىيەت بىلەن شەھىدلىكنى ئارزۇ قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىسە ۋە شىجائەت بىلەن سابىت تۇرسا ھەمدە قولىدىكى قورال بىلەن

---

① نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 10- توم 249- بەت.

② ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8- توم 485-، 486- بەتلەر.

دۈشمەنلەرگە مۇسىبەت يەتكۈزۈپ، تەسىر قوزغىيالىسا، ئاندىن دۈشمەنلەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرسە، الله خالىسا بۇ كىشى ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمان ئىككى كاپىرغا يولۇقۇپ، كاپىرلار ئۇنىڭغا ئېغىر زىيان يەتكۈزسە، ئۇنىڭ كاپىرلاردىن قېچىشى دۇرۇس ئەمما مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۇرۇشسا ئەۋزەل. الله تائالا مۇئمىنلەرنى ئۆزىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر بولغان دۈشمەن ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ حَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَلَى الْقِتَالِ إِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ عِشْرُونَ صَابِرُونَ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ مِائَةٌ يَغْلِبُوا أَلْفًا مِنَ الَّذِينَ كَفَرُوا بِأَنَّهُمْ قَوْمٌ لَا يَفْقَهُونَ ۞ الْآنَ خَفَّفَ اللَّهُ عَنْكُمْ وَعَلِمَ أَنَّ فِيكُمْ ضَعْفًا فَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ مِائَةٌ صَابِرَةٌ يَغْلِبُوا مِائَتَيْنِ وَإِنْ يَكُنْ مِنْكُمْ أَلْفٌ يَغْلِبُوا أَلْفَيْنِ بِإِذْنِ اللَّهِ وَاللَّهُ مَعَ الصَّابِرِينَ ۞﴾ «ئى پەيغەمبەر! مۇئمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن. ئەگەر سىلەردە چىداملىق 20 ئادەم بولىدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن 1000 نى يېڭەلەيدۇ چۈنكى ئۇلار (جاھىل) قەۋم بولۇپ، (الله نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ [65]. الله ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى. ئەگەر سىلەردە چىداملىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، الله نىڭ ئىزنى بىلەن 2000 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ. الله چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر [66]».[1]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئۈچ كاپىردىن قاچسا، ئۇ قاچقان ھېسابلانمايدۇ ھەمدە بۇ ئۇنىڭغا دۇرۇستۇر ئەمما ئىككى كاپىردىن قاچسا، ئۇ قاچقان ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا دۇرۇس ئەمەس».[2]

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كاپىرلار ئەسكىرىنىڭ سانى مۇسۇلمانلار ئەسكىرىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كۆپ بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ قېچىشى دۇرۇس ئەمما ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا سەۋر قىلىش ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر.

مۇئتە غازىتى كۈنى مۇسۇلمانلاردىن 3000 كىشى 300 مىڭ ئەتراپىدىكى رۇم قوشۇنىغا قارشى تۇرغان ئىدى. ئەندەلۇس فەتھىسىدە تارىق ئىبنى زىياد باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلاردىن 1700 كىشى 90 مىڭ ئىسپانلارغا قارشى تۇرغان

[1] سۈرە ئەنفال 65-، 66- ئايەتلەر.

[2] تەبرانى ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئىدى» .[①] ھالبۇكى، كاپىرلارنىڭ سانى مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كۆپ بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىشى دۇرۇس ئىدى.

ئىبنى قاسىم مۇنداق دەيدۇ: «(جەڭدە) ئەگەر كاپىرلارنىڭ سانى مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلسە، گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمامى ۋە قوماندانى قېچىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ قېچىشى دۇرۇس بولمايدۇ ئەمما كاپىرلارنىڭ سانى مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كۆپ بولسا قېچىشى دۇرۇس بولىدۇ».

بەزى ئالىملار: «كاپىرلارنىڭ سانى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى ھەسسىسىدىن كۆپ بولسا ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 12 مىڭغا يەتمىسە قېچىشى دۇرۇس، ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 12 مىڭ بولسا قېچىشى دۇرۇس ئەمەس» دەپ، بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنى دەلىل كەلتۈردى.

170. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھەرگىزمۇ سانىنىڭ ئازلىقىدىن مەغلۇپ بولمايدۇ».[②]

ئىككى ھەسسىگە باراۋەر بولغان كاپىرلار ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇشنى ۋاجىب قىلغان ھەمدە ئىككى ھەسسىدىن كۆپ بولغان چاغدا قېچىشقا ئىجازەت بەرگەن ئايەتنىڭ ئومۇمىي لەۋزىدىن يۇقىرىقى ھەدىسنى خاس قىلىپ چىقىرىۋالدى ۋە: «مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 12 مىڭ بولسا، گەرچە كاپىرلارنىڭ سانى ئىككى ھەسسىدىن كۆپ بولسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قېچىشى دۇرۇس بولمايدۇ» دېدى.

## اللہ نىڭ مۇجاھىدلارغا نۇسرەت ۋە كۈچلەندۈرۈش بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقى ھەققىدە

بىلگىنكى، اللہ نىڭ ئۆز بەندىلىرى بىلەن بىرگە بولۇشى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى، ئومۇمىي بىرگە بولۇش. (بۇ، اللہ نىڭ ئۆز بەندىلىرىنى) قورشاش ۋە (مۇكەممەل) بىلىشى بىلەن بىرگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل بىرگە بولۇش مۇسۇلمان، كاپىر ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. اللہ تائالا ئۆز بەندىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر ۋە ئۇلارنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچىدۇر،

---

① «تفسير القرطبي» 7- توم 381- بەت.

② ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

ئۇلاردىن بىرەر نەرسە الله قا مەخپىي قالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ فِي سِتَّةِ أَيَّامٍ ثُمَّ اسْتَوَى عَلَى الْعَرْشِ يَعْلَمُ مَا يَلِجُ فِي الْأَرْضِ وَمَا يَخْرُجُ مِنْهَا وَمَا يَنْزِلُ مِنَ السَّمَاءِ وَمَا يَعْرُجُ فِيهَا وَهُوَ مَعَكُمْ أَيْنَ مَا كُنْتُمْ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ بَصِيرٌ﴾ «الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، (ئاندىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى. الله زېمىنغا كىرىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى، زېمىندىن چىقىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسماندىن چۈشىدىغان نەرسىلەرنى، ئاسمانغا ئۆرلەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ. سىلەر قەيەردە بولساڭلار، الله سىلەر بىلەن بىرگە، الله قىلمىشلىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر».[①]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَا يَكُونُ مِنْ نَجْوَى ثَلَاثَةٍ إِلَّا هُوَ رَابِعُهُمْ وَلَا خَمْسَةٍ إِلَّا هُوَ سَادِسُهُمْ وَلَا أَدْنَى مِنْ ذَلِكَ وَلَا أَكْثَرَ إِلَّا هُوَ مَعَهُمْ أَيْنَ مَا كَانُوا﴾ «الله نىڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن!؟ ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن الله ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر؛ بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن الله ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر؛ مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن، الله ھامان ئۇلار بىلەن بىللىدۇر».[②]

ئىككىنچى، خاس بىرگە بولۇش. بۇ (الله تائالانىڭ) ئىنايەت، نۇسرەت، كۈچلەندۈرۈش، ھىمايە قىلىش بىلەن بىرگە بولۇشى بولۇپ، بۇ پەقەت الله قىلا ئىبادەت قىلغۇچى سالىھ مۇئمىنلەرگە خاستۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا﴾ «(رەسۇلۇللاھ) ھەمراھىغا: <غەم قىلمىغىن، الله ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە> دەيتتى».[③] الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تَهِنُوا وَتَدْعُوا إِلَى السَّلْمِ وَأَنْتُمُ الْأَعْلَوْنَ وَاللَّهُ مَعَكُمْ وَلَنْ يَتِرَكُمْ أَعْمَالَكُمْ﴾ «(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھكە چاقىرماڭلار. ھالبۇكى، سىلەر غالىبتۇرسىلەر، الله سىلەر بىلەن بىرگىدۇر، الله ھەرگىز ئەمەللىرىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتىۋەتمەيدۇ».[④]

بۇ خاس بىرگە بولۇش — ھەرخىل بۇلغىنىشلاردىن ساپ ھالەتتە ئىبادەت

---

① سۈرە ھەدىد 4 ـ ئايەت.

② سۈرە مۇجادەلە 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە تەۋبە 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

④ سۈرە مۇھەممەد 35 ـ ئايەت.

قىلىشقا باغلانغاندۇر. كىمكى الله قا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلسا، ھېچكىم ئۇنى مەغلۇپ قىلالمايدۇ چۈنكى الله ئۇنىڭ بىلەن بىرگىدۇر، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچىدۇر ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرگۈچىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَٰلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ مَوْلَى الَّذِينَ آمَنُوا وَأَنَّ الْكَافِرِينَ لَا مَوْلَىٰ لَهُمْ﴾ «بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، الله مۇئمىنلەرنىڭ مەدەتكارىدۇر، كاپىرلارغا مەدەتكار يوقتۇر».[1]

مۇجاھىد قاچانكى قۇللۇق سۈپىتىدىن ياكى مۇئمىنلىك ھالىتىدىن ئايرىلسا ۋە ياكى (الله قا) قارشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن بىرەرى ئۇنىڭدا تېپىلسا، ئۇ دۈشمەنلەرگە مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاپ قالىدۇ ۋە دۈشمەن سۈپەتلىرى ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ قالىدۇ-دە، بۇ ئۇنى گۇمراھلىققا، دىلىنىڭ قارىيىپ كېتىشىگە ھەممە ۋەھىمە، قورقۇنچاقلىق، خار-زەبۇنلۇققا مۇپتىلا بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دۇنيادا ياشاشقا ۋە ھاياتقا ھېرىسمەن بولۇپ قالىدۇ-دە، جەڭدىن قېچىشقا رىغبىتى ئېشىپ بارىدۇ. ئىمانغا زىت ئەمەللەرنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇش مىقدارىغا ئاساسەن يۇقىرىقى ناچار سۈپەتلەرمۇ ئېشىپ بارىدۇ-دە، ئۇنىڭ نۇسرەت ۋە غەلىبىگە يېتەلمەسلىكىگە سەۋەب بولىدۇ. ھۇنەين قىسسىسىنى ئويلاپ كۆرمەمسىلەر!؟ مۇسۇلمانلاردىن بىرى: «بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز!» دېدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 12 مىڭ ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن مەغرۇرلانغانلىقى ۋە ياردەمنىڭ پەقەت الله تائالا تەرەپتىن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇلارنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈردى چۈنكى بۇ ئىككى سۈپەت كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىدى: ئۇ ئىككى سۈپەت مۇسۇلمانلاردا تېپىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇلارنىڭ قەلبىدە قورقۇنچ پەيدا قىلىپ، جەڭدىن قېچىش يۈز بەردى. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ فِي مَوَاطِنَ كَثِيرَةٍ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ إِذْ أَعْجَبَتْكُمْ كَثْرَتُكُمْ فَلَمْ تُغْنِ عَنْكُمْ شَيْئًا وَضَاقَتْ عَلَيْكُمُ الْأَرْضُ بِمَا رَحُبَتْ ثُمَّ وَلَّيْتُمْ مُدْبِرِينَ﴾ «الله سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار. بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى). سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى، (قاتتىق

[1] سۈرە مۇھەممەد 11- ئايەت.

قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى، ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ رەسۇلۇللاھنى ئازغىنە مۆئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار». ①

ئۇھۇد كۈنى سادىر بولغان ۋەقە ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ تَوَلَّوْا مِنكُمْ يَوْمَ الْتَقَى الْجَمْعَانِ إِنَّمَا اسْتَزَلَّهُمُ الشَّيْطَانُ بِبَعْضِ مَا كَسَبُوا﴾ «ئىككى قوشۇن (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقان كۈندە ئىچىڭلاردىكى (جەڭدىن) ھەقىقەتەن يۈز ئۆرۈگەن كىشىلەرنى بەزى قىلمىشلىرى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغانلىقى) تۈپەيلىدىن شەيتان تېيىلدۇرۇشقا ئۇرۇندى». ②

سەيىيدىمىز مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئورنى شەرەپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن جەڭدىن قېچىشتىن پاك ئىدى، الله تائالا ئۇنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان بىر تۈركۈم ساھابىلەرنى قېچىشتىن ساقلاپ قالدى ۋە قەلبلىرىگە خاتىرجەملىك چۈشۈرۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ئۇلارغا قارشى يول تاپالمىدى، الله ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىلدى ۋە دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ بەردى. بۇ سۆزىمىزنى الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى كۈچلەندۈرىدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قَاتِلُوا الَّذِينَ يَلُونَكُمْ مِنَ الْكُفَّارِ وَلْيَجِدُوا فِيكُمْ غِلْظَةً وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ مَعَ الْمُتَّقِينَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن). بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)». ③

ئەقىل ئىگىلىرى يۇقىرىقى ئايەتتىن شۇنى بىلىۋالالايدۇكى، نۇسرەت ۋە كۈچلەندۈرۈش پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاصْبِرْ وَمَا صَبْرُكَ إِلَّا بِاللَّهِ وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلَا تَكُ فِي ضَيْقٍ مِمَّا يَمْكُرُونَ ۞ إِنَّ اللَّهَ مَعَ الَّذِينَ اتَّقَوْا وَالَّذِينَ هُمْ مُحْسِنُونَ ۞﴾ «(ئى مۇھەممەد!) (الله نىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋرەڭ پەقەت الله نىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقى)غا قايغۇرمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىدىن يۈرىكىڭ

① سۇرە تەۋبە 25 ـ ئايەت.

② سۇرە ئال ئىمران 155 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۇرە تەۋبە 123 ـ ئايەت.

سىقىلمىسۇن [127]. اللہ ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر [128]».①

بۇ — رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ئۈممىتىگە ئۆگىتىشكە ھېرىس بولغان ئىشتۇر.

171. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلىغىغا مىنگىشىۋالغانىدىم، ئۇ: «ئى ئوغلۇم! مەن ساڭا بىرقانچە كەلىمە ئۆگىتىپ قوياي. اللہ نى ياد ئېتىپ تۇرغىنكى، اللہ مۇ سېنى ياد ئېتىدۇ؛ اللہ نى ھەمىشە ياد ئەتسەڭ، اللہ نى كۆز ئالدىڭدىلا تاپىسەن. بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭ اللہ تىنلا سورىغىن، ياردەم تىلىمەكچى بولساڭ اللہ تىنلا تىلىگىن. بىلىپ قويغىنكى، بارلىق كىشىلەر ساڭا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلسىمۇ، اللہ ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر بارلىق كىشىلەر ساڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ، اللہ ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇدى».②

ئىلگىرىكى مۇجاھىدلار گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن ھەزەر ئەيلەيتتى چۈنكى ئۇلار گۇناھ ـ مەئسىيەتنىڭ جەڭگە يامان تەسىر كۆرسىتىشىنى ھەتتا مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولۇشىنى ياخشى بىلەتتى.

ھافىز ئىبنى كەسىر «تاريخ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «سۇلتان زاھىر بىيبەرس زامانىدا مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئاتلىق غازى بولۇپ جەڭ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئادىتى — جەڭ مەيدانىغا ئۇچقاندەك چېپىپ، ئۇرۇش قاينىمىغا ئالدىدا بۆسۈپ كىرىدىغان يورغا ئات ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئېتىنى ئالدىغا چاپتۇرسىمۇ بىراق ئارقىدا قالدى، ئېتىنىڭ دۈشمەنگە ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ھەرقانچە ئۇرسىمۇ يەنىلا ئارقىدا قالدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، سەۋەبى ھەققىدە ئويلىنىپ، ھارام يولدىن كەلگەن دەرھەمگە ئېتىغا ھەلەپ سېتىۋالغانلىقى سەۋەبلىك بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتى؛ يەنى ئۇ ئېتىنى ھارام ھەلەپ بىلەن ئوزۇقلاندۇرغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇنىڭ ئېتىغا تەسىر قىلغان بولۇپ، ئات جىھادقا مېڭىشتىن ئۆزىنى تارتقان ئىدى».

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ئەسكەرلەر كاپىرلارنىڭ بىر

---

① سۇرە نەھل 127 ـ، 128 ـ ئايەتلەر.

② تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

قورغىنىنى مۇھاسىرىگە ئالغان بولسىمۇ لېكىن فەتھ قىلىش تەسلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئەمىرى: «سىلەرگە غەلىبىنىڭ كېچىكىپ كېتىشىنىڭ چوقۇم بىر سەۋەبى بار. ئېچىڭلاردا بىرەر بىدئەت سادىر بولۇۋاتامدۇ ياكى بىرەر سۈننەت تەرك ئېتىلدىمۇ قاراڭلار!» دېدى. ئاندىن ئۇلار قاراپ ئۆزلىرىنىڭ مىسۋاك سۈننىتىگە سەل قارىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

بىر سۈننەتنىڭ تەرك ئېتىلگەنلىكىنىڭ تەسىرىگە قارىغىن شۇنداقلا ھارامغا چۈشۈپ قېلىش، الله نىڭ چەكلىمىلىرىگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە يېمەك-ئىچمەكتە ھارامنى ئىستىمال قىلىش قاتارلىق گۇناھلارنى ئۇنىڭغا قىياس قىلغىن! شۇندىلا سەن شەيتاننىڭ نۇسرەتنىڭ چۈشۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغان، جەڭدىن قاچۇرغان ۋە گۇناھقا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ھەمدە شۇ سەۋەبلىك مەغلۇبىيەت يۈزلەنگەنلىكىنى بىلىۋالالايسەن.

ئى مۇجاھىد! قەلبىڭدە الله نىڭ شەرىئىتىگە زىت نەرسە پەيدا بولۇپ ھىممىتىڭنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشى ھەمدە ئۇنىڭ ئىرادەڭ ۋە نىيىتىڭگە غالىب كېلىشىدىن ھەزەر ئەيلە، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىلىرى زۇلمىتىگە ئىشەنچ ۋە تەۋەككۇل چىرىغىنى ياققىن. ھەرقانداق ھالەتتە ئۆلۈمگە كېلىدىغاندەك قەدەم ئالغىن، تاغ چوققىلىرى ۋە ئېگىزلىكلەرگە قېچىش ئۆلۈمدىن توسۇپ قالالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھىيلە قىلىشى بەربىر ئۇنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَيْنَمَا تَكُونُوا يُدْرِككُّمُ الْمَوْتُ وَلَوْ كُنتُمْ فِي بُرُوجٍ مُّشَيَّدَةٍ﴾ «قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ، سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ».[1]

الله ئۆلۈمنى تەقدىر قىلغان كىشى ھەرگىز ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُل لَّوْ كُنتُمْ فِي بُيُوتِكُمْ لَبَرَزَ الَّذِينَ كُتِبَ عَلَيْهِمُ الْقَتْلُ إِلَىٰ مَضَاجِعِهِمْ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: <ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۈشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ (الله نىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ)>».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَيَنصُرَنَّ اللَّهُ مَن يَنصُرُهُ إِنَّ اللَّهَ لَقَوِيٌّ عَزِيزٌ﴾ «كىمكى الله نىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ؛ الله ئەلۋەتتە

[1] سۈرە نىسا 78- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئال ئىمران 154- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر». [1]

ئى جەڭ مەيدانىدىن قاچماقچى بولغان كىشى! (بىلگىنكى،) جەڭدىن قېچىش ئۆمۈرنى زىيادە قىلمايدۇ، سابىت تۇرۇش ئۆمۈرنى قىسقارتمايدۇ. ھېچبىر جان ئىگىسىنىڭ ئەجىلى ھەرگىز ئىلگىرى-كېيىن بولمايدۇ. بىلگىنكى، سەن جەڭدىن قېچىپ اللهقا ئاسىي بولدۇڭ، جاببار زاتىنىڭ غەزىپىگە قالدىڭ ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا خارلىق ۋە ئار-نومۇس كىيىمىنى كىيدىڭ. ئەجىبا سەن ئەسىر ئېلىنىپ، دىنىڭدا پىتنىگە ئۇچراپ، ئاخىرەتتە زىيان تارتىشتىن قورقمامسەن؟! ياكى سەن ھەرتۇرلۈك قىيىن-قىستاق ۋە خارلىققا چىدىغان ھالىتىڭدە ئۆلتۈرۈلىسەن. ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ قارىشىدا، ئۇنىڭ ۋاقتى توشقان چاغدا ئۆلۈمگە ئالدىنى قىلىش — ئۇنىڭغا ئارقىسىنى قىلىشتىن ياخشىدۇر.

※ شائىرنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرى نېمىدېگەن گۈزەل-ھە!

قېچىش بىلەن ھېچ كىشى ئۆلۈمدىن بولماس ئامان،
قورقۇپ ئۆلۈش شۇ سەۋەب ئاجىزلىق، خارلىق ھامان.

※ يەزىد ئىبنى ھەكەم ئىبنى ئەبۇ ئاس مۇنداق دەيدۇ:

ياشاش كېرەك شاھلاردەك ياكى ئەردەك ئۆلگۈلۈك،
قىلىچ تۇتۇپ ئۆلگۈچى ھېسابلىنار ئۆزرىلىك.

※ بەزى باھادىرلار مۇنداق مىسرالارنى قالدۇرغان ئىدى:

دېگۈم كېلەر جېنىمغا جانلار ئۇچقان مەيداندا،
قىلمىساڭمۇ ساڭا ھېچ زەررىچىلىك بىر پەرۋا.

ئارتۇق ياشاش ئەجەلدىن قۇرۇق ئارزۇدۇر پەقەت،
ئەجەل مۇقىم پۈتۈلگەن بېرىلمەيدۇ ھېچ مۆھلەت.

سەۋر قىلغىن ئۆلۈمگە، سەۋر گۈزەل بىر ئەدەب،
مۈمكىن بولماس ھېچ جانغا ئۆلمەي ياشاش تائەبەت.

---

[1] سۈرە ھەج 40- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

باقىيلىقنىڭ كىيىمى — خارلىق كىيىمىدۇر ھامان،
قۇتۇلالماس خارلىقتىن ئۇنى كىيگەن ھەر ئىنسان.

چاقىرغۇچى ئۆلۈمنى ئورتاق زېمىن ئەھلىگە،
چېكىت قويار ھەم ئۆلۈم كەلسە ھايات پەسلىگە.

ھايات بولسا ئەرزىمەس قىممىتى يوق بىر ماتا،
ئۆلۈم ئەۋزەل ھاياتتىن شۇ چاغ، شۇنداق زاماندا.

※ ئەرەب باتۇرلىرىدىن بىرى بولغان بەھلۇل ئىبنى بەشار مۇنداق دېگەن:

ئۇچرىشىشنى ئۆلۈمگە يامان كۆرسە بىر كىشى،
ھەسەلدىنمۇ شېرىندۇر ماڭا ئۇنىڭ ئۆلۈمى.

چاقىرالماس ئۆلۈمنى جەڭگاھلارغا ئات سېلىش،
ياكى توسۇپ قالالماس ئېھتىياتلار ۋە قېچىش.

※ تۆۋەندىكى مىسرالار پىچاق دەستىسىگە ئۇيۇلغان ئىكەن:

قەھرىمانلىق شەرەپتۇر، قورقۇش نومۇس بەلگىسى،
قاچار بىرى جەڭگاھتىن لېكىن تەقدىر كەلگۈسى[1].

※ تۆۋەندىكى مىسرالار دۇبۇلغىغا ئۇيۇلغان ئىكەن:

كىرگىنىڭدە جەڭلەرگە چىقمىغىن ھېچ زەپەرسىز،
سەۋر قىلغىن قورقۇشقا ئۆلۈم كەلمەس ئەجەلسىز.

※ بەزىلەر مۇنداق دېگەن:

ھېرىس بولما رىزىققا، رىزىق كېلەر قىسمەتتىن،
مېلىڭ مىراس بىر كۈنى، ساقلان بېخىل نىيەتتىن.
رەب ساۋابى چەكسىزدۇر كەچسەڭ ئەزىز ھاياتتىن.
ھامان ئۆلۈم، ئۆل شۇڭا رەب يولىدا شەرەپتىن.

[1] بۇ يەردىكى «كەلگۈسى» بولسا «كېلىدۇ» دېگەن مەنىدە.

بىلگىنىكى، قېچىش — ئۆلۈم سەپەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ قولدىن بېرىپ قويۇشتىن قورقمايدىغان نەرسىگە ھېرىس بولۇشتۇر. ھاياتلىقنىڭ سەۋەبى گاھىدا ئۆلۈمگە توغرىلىنىش بولسا، ئۆلۈمنىڭ سەۋەبى گاھىدا ھاياتلىقنىڭ ئۆزىراپ كېتىشىدۇر. ئەجەل كېچىكمەي تۇرۇپ جەڭچى ئۇچۇن ھالاكەتتىن قۇتۇلىدىغان قورغان بولمايدۇ. ئىنسان قاچانىكى الله يولىدا ئۆلۈمگە ئالدىنى قىلسا، ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى ئۇچۇن ھاياتلىق بېرىلىدۇ. جەڭدىن قاچقۇچى ئۆز جېنىنى ئەسىرگە تاپشۇرىدۇ، جەڭ قىلغۇچى بولسا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قوغدايدۇ. ئەجەل ۋاقتى توشقاندا ھاياتلىقتىن ئايرىلماي چارە يوق. ئەمما، ئى جەڭدىن قاچقۇچى! ئەگەر سەن ئۆلۈمدىن قورقۇپ (جەڭدىن قاچساڭ) دوزاخ ئەھلىدىن بولىسەن؛ ئوق تېگىشىدىن قورقۇپ دۈشمەندىن يۈز ئۆرۈپ قاچساڭ، ئاخىرەتتىكى ماكانىڭ ھالاكەت يۇرتى بولۇپ قالىدۇ.

جەڭدىن قېچىپ ئەسىرگە چۈشكەن ياكى شەھۋەتكە چۆمۈپ، نۇرغۇنلىرى ناسارا بولۇپ، ئۆز دىنىدىن يېنىپ كەتكەنلەرنىڭ ھېكايىلىرىنى ئەبۇ قاسىم قۇشەيرى ئۆزىنىڭ «الرسالة القشيرية» ناملىق كىتابىدا مەنسۇر ئىبنى خەلەف مەغرىبىيدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئىرادىسى ئوخشاش بولغان ئىككى دوست بولۇپ، ئۇلار جىهاد ۋە تەلىم ـ تەربىيىدە بىللە بولغان ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ بىرى ھەمراھى بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە چىقتى ئەمما قېلىپ قالغىنى ھەمراھىنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە (ھەمراھىنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغان) سالىھ كىشى رۇمغا قارشى جىهادقا چىقتى. سەپلەر تۈزۈلۈپ، رۇم قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشۇش ئالدىدا رۇم ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدىن تۆمۈر كىيىم كىيگەن بىر كىشى چىقىپ، مۇسۇلمانلاردىن يەكمۇيەك چۈشۈشكە ئادەم تەلەپ قىلدى. مۇسۇلمان پەلۋانلىرىدىن بىر كىشى ئۇتتۇرىغا چىقتى ـ يۇ، ئەمما ئۇ مۇسۇلماننى شەھىد قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇسۇلمان كىشى چىققانىدى، ئۇنىمۇ شەھىد قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا قارشى ھېلىقى سالىھ كىشى ئوتتۇرىغا چىقتى. مۇسۇلمان ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇشتى ۋە رۇملۇقنىڭ بېشىدىن دۇبۇلغىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى. سالىھ كىشى قارىسا، ئۆزى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان بۇ كىشى جىهاد ۋە ئىبادەتلەردە نەچچە يىل بىرگە ئۆتكەن ھېلىقى ھەمراھى ئىدى. بۇنى كۆرگەن مۇجاھىد ئۆز كۆزىگە

ئىشەنمەي قالدى چۈنكى ئۇ ئۆز دوستىنىڭ رۇملۇقلارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، سالىھ كىشى ئۇنىڭدىن قانداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سورىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىدىن قايتىپ ناسارا بولغانلىقىنى، رۇملۇقلارغا قوشۇلۇپ، شۇلاردىن ئۆيلىنىپ پەرزەنتلىك بولغانلىقىنى ۋە نۇرغۇن مال-دۇنيالىق بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. سالىھ كىشى ئۇنىڭدىن: «سەن قۇرئان ئوقۇيتتىڭ، ئۇنى چۈشىنەتتىڭ، ئەمدى ئۇلار قەيەردە قالدى؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «مەن قۇرئاننى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىم، ھازىر ھەتتا بىر ھەرپىنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن» دېدى. سالىھ كىشى ئۇنىڭغا: «ئىسلامغا قايتقىن! الله تەۋبەڭنى قوبۇل قىلىدۇ» دېگەنىدى، ئۇ: «ياق، ئۇنداق قىلسام پۇل-ماللىرىم ۋە ئەۋلادلىرىمدىن ئايرىلىپ قالىمەن» دېدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئۇرۇشۇپ، مۇجاھىد سالىھ كىشى ئۇ مۇرتەد ناسارانى ئۆلتۈردى. بۇ مۇرتەد دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك زىياندا قالدى، مانا بۇ ھەقىقىي ئوچۇق زىياندۇر.①

بەيھەقى ئەبدە ئىبنى ئابدۇرەھىمدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر ئەترەت بولۇپ رۇم زېمىنىغا قاراپ ئاتلاندۇق. بىزنىڭ ئىچىمىزدە بىر ياش يىگىت بار بولۇپ، ئارىمىزدا ئۇنىڭدىنمۇ قارىراق ۋە ئالىمراق بىرەر كىشى يوق ئىدى. ئۇ كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتى.

بىز رۇم قورغانلىرىدىن بىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. بىز ئۇ قورغاننىڭ قېشىدا تۇرماسلىقىقا بۇيرۇلغان ئىدۇق لېكىن ھېلىقى ياش قارى يىگىت قورغان تەرەپكە مايىل بولۇپ قالدى. بىز ئۇنى كىچىك تەرەت قىلىش ئۈچۈن توختىدى دەپ ئويلاپ قاپتىمىز ئەمما ئۇ ناسارا ئايالنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قېلىپ، رۇم تىلىدا: «سىزگە قانداق قىلسام ئېرىشەلەيمەن؟» دېدى. ئۇ ئايال ئۇنىڭغا: «بۇ ئاسان، ناسارا بولساڭلا بىز ساڭا ئىشىكىمىزنى ئاچىمىز-دە، مەن ساڭا مەنسۇپ بولىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ياش يىگىت ناسارا بولدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئېچىپ بەردى، ئۇ قورغانغا كىرىپ كەتتى.

بىز سەپىرىمىزگە يۈرۈپ كەتتۇق. مەن بۇ ياشنىڭ ناسارا بولۇپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق قايغۇردۇم، گويا ئۇ بىزنىڭ ئوغلىمىزدەكلا بولۇپ قالغان ئىدى. بىز جىھادتىن قايتقاندا بۇ قورغاننىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. شۇ چاغدا ئۇ يىگىت قورغان

① «الرسالة القشيرية» 1- توم 350- بەتتىن 352- بەتكىچە.

ئىستىھكامىدا باشقا ناسارالار بىلەن قاراۋۇللۇق قىلىۋاتاتتى. بىز ئۇنىڭدىن: «ئى پالانى! سېنىڭ قۇرئانىڭ، ئىلمىڭ، نامىزىڭ ۋە روزىلىرىڭ قېنى!؟» دەپ سورىغانىدۇق، ئۇ: «مەن قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتتىم، پەقەت مۇشۇ ئىككى ئايەتتىن باشقىسىنى ئەسلىيەلمەيمەن» دەپ بۇ ئىككى ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ بەردى: ﴿رُبَمَا يَوَدُّ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْ كَانُوا مُسْلِمِينَ ۝ ذَرْهُمْ يَأْكُلُوا وَيَتَمَتَّعُوا وَيُلْهِهِمُ الْأَمَلُ فَسَوْفَ يَعْلَمُونَ ۝﴾ «كاپىرلار (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرگەندە، دۇنيادىكى چېغىمىزدا) مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ دەپ ئارمان قىلىدۇ [2]. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنى (يەنى كۇففارلارنى مەيلىگە) قويۇۋەت، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرسۇن؛ ئۇلار بىھۇدە ئارزۇلار بىلەن بولۇۋەرسۇن، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ يامانلىقىنى) بىلىدۇ [3]»[1].

مۇئمىن كىشى ئۆز جىهادىدا سادىق بولۇپ، دۈشمەن قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا، ئۇلار ئۇنىڭ دىنىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولسىمۇ الله ئۇنى قوغدايدۇ، ھىمايە قىلىدۇ ھەمدە دىنىغا زىيان يېتىپ قېلىشىدىن ساقلايدۇ. بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە سەھمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەچۈرمىشى تىپىك مىسالدۇر:

ئىبنى ئەسىر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: رۇم قوشۇنلىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە سەھمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەسىر ئالدى. ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئۇنى خىرىستىئان بولۇشقا دەۋەت قىلدى لېكىن ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىماي ئۆز دىنىدا مۇستەھكەم تۇردى. رۇم پادىشاھى ئۇنىڭغا ئەگەر خىرىستىئان بولۇشقا ئۇنىمىسا قايناۋاتقان مايغا تاشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تەھدىت سالدى ھەمدە مۇسۇلمان ئەسىرلىرىدىن بىرىنى كەلتۈرۈپ قىزىق مايغا تاشلىغانىدى، سۆڭەكلىرى يالىڭاچلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئەگەر خىرىستىئان بولمىساڭ سېنى بۇ مايغا تاشلايمەن» دېدى ئەمما ئۇ يەنىلا ئۇنىمىدى. پادىشاھ ئۇنى مايغا تاشلاشقا بۇيرۇق قىلدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ كەتتى. چېرىكلەر پادىشاھقا: «ئۇ قورقۇپ يىغلىدى» دېدى. ئۇنى ماي ئالدىدىن قايتۇرۇپ كەلگەندە، ئۇ پادىشاھقا: «سەن مېنى مايغا تاشلىنىشتىن قورقۇپ يىغلىدى دەپ ئويلاپ قالما! مەن (ياغقا چۈشىدىغان) جېنىمنىڭ پەقەت

[1] سۈرە ھىجر 2 ـ، 3 ـ ئايەتلەر.

بىر بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ يىغلىدىم. ياغقا تاشلىنىش بىلەن جېنىم الله يولىدا (شەھىد) قىلىنىدۇ. ئەگەر مېنىڭ چېچىمنىڭ سانىچىلىك جېنىم بولسا، شۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قازانغا تاشلىنىپ، الله يولىدا شەھىد قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جاۋابىدىن ئەجەبلەنگەن پادىشاھ ئۇنىڭ خرىستىئان بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئالدىماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا: «خرىستىئان بولساڭ قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، پادىشاھلىقىمنىڭ يېرىمىنىمۇ ساڭا بۆلۈپ بېرىمەن» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەرگىز خرىستىئان بولمايمەن» دېدى. پادىشاھ: «ئۇنداقتا، پېشانەمگە سۆيۈپ قويساڭ سېنى قويۇپ بېرىمەن» دېگەنىدى، ئۇ: «مەن بىلەن بارلىق مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قويۇپ بەرسەڭ (شۇنداق قىلاي)!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پادىشاھنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. پادىشاھ ئۇنى ۋە مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قويۇپ بەردى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدىكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا قايتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلارنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈش مەجبۇرىيىتى بار!» دېدى ـ دە، ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، باشقىلارمۇ ھەم سۆيدى.[1]

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ ئۇرۇشتىن قېچىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش ئارقىلىق ئۆلۈم سەكراتىدىن نىجاتلىق تېپىشتىن باشقىسى بولمىغان تەقدىردىمۇ، شۇنىڭ ئۆزى جەڭدە مۇستەھكەم تۇرۇشنى ۋاجىب قىلغان بولاتتى. ئۇنداقتا الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن نېئمەتلىك جەننەتلەردىكى كاتتا بەخت قانداقمۇ سابىت تۇرۇشنى ۋاجىب قىلمىسۇن!؟

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله يولىدىكى جەڭگە قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر جەڭ قىلمىساڭلارمۇ بەربىر ئۆلىسىلەرغۇ!؟ جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، قىلىچ بىلەن مىڭ قېتىم چېپىلىش كۆرپە ئۈستىدە ۋاپات بولۇشتىن كۆپ ئاساندۇر».

شەدداد ئىبنى ئەۋس مۇنداق دەيدۇ: «كۆرپىدە ئۆلۈش مۆئمىن ئۈچۈن دەھشەتلىك بىر قورقۇنچتۇر. ھەتتا ئۇ ھەرىلەر بىلەن تىلىنىش، قايچىلار بىلەن تىتىلىش ۋە قازانلاردا قورلىنىشتىنمۇ قورقۇنچلۇقتۇر».

---

[1] ئىبنى ئەسىرنىڭ «أسد الغابة» ناملىق كىتابى 3 ـ توم 212 ـ ، 213 ـ بەتلەر.

ئى دوستۇم! قايسى يولنى تاللىغانلىقىڭ ھەققىدە ئويلىنىپ باق. الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش ياخشىمۇ ياكى جەڭدىن قېچىشمۇ؟! كۆرپە ئۈستىدە ۋاپات بولغان كىشى ئۆلۈم سەكراتى ۋە ئۇنىڭ ئازابىنى تېتىيدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن قەبرىنىڭ سىقىشى ۋە ئۇنىڭدىكى غېرىبلىق، ئىككى پەرىشتىنىڭ ئىمتىھانى ۋە سوئال ـ سورىقى، قاتتىق سۇر ئاۋازى، ئۆلگەندىن كېيىنكى قايتا تىرىلىش، ئۆز ھاياتىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن توپلىنىش شۇنداقلا ئەمەل دەپتەرلىرىنىڭ ئۇچۇپ كېلىشى، سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈش، ھېساب بەرگەندىكى ئېغىرچىلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئۆلچىنىشىدىن ئىبارەت قىيامەتنىڭ دەھشىتى، قاباھىتى، ۋەھىمىسى ۋە قورقۇنچىسىغا دۇچ كېلىسەن. الله تائالا بۇ قىيىنچىلىق ھالەتنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا النَّاسُ اتَّقُوا رَبَّكُمْ إِنَّ زَلْزَلَةَ السَّاعَةِ شَيْءٌ عَظِيمٌ ۞ يَوْمَ تَرَوْنَهَا تَذْهَلُ كُلُّ مُرْضِعَةٍ عَمَّا أَرْضَعَتْ وَتَضَعُ كُلُّ ذَاتِ حَمْلٍ حَمْلَهَا وَتَرَى النَّاسَ سُكَارَى وَمَا هُمْ بِسُكَارَى وَلَكِنَّ عَذَابَ اللَّهِ شَدِيدٌ ۞﴾ «ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر [1]. ئۇ كۈندە ھەربىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن تېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ، ھەربىر ھامىلىدار ئايالنىڭ بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ. ئىنسانلارنى مەست كۆرۈسەن، ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەست ئەمەس (دېمەك، قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن) لېكىن الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر [2]». ①

الله تائالا بىزگە ئۆز دەرگاھىدىكى شەھىدلەردىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ ۞ فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِمْ مِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ۞﴾ «الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرۇلىدۇ) [169]. ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شەھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن

---

① سۈرە ھەج 1 ـ ،2 ـ ئايەتلەر.

خۇشخەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ [170]».①

الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن بۇ شەھىدلەر قىيامەتتىكى دەھشەتلىك ئازاب ۋە قىيىنچىلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولدى ھەمدە ئەڭ ئالىي جەننەتتىكى ئەڭ گۈزەل ئورۇندا جامدىكى سوغۇق شەربەتلەردىن ئىچىدۇ، ھەرخىل ئېسىل كىيىملەرنى كىيىدۇ، فىردەۋس جەننەتلەردە شەھلا كۆزلۈك تەڭتۇش ھۆر قىزلار بىلەن مەڭگۈلۈك ھايات كەچۈرىدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرىشتىن ئىلگىرى روھلىرى يېشىل قۇشنىڭ پوكىنىدا جەننەتتە ئايلىنىپ، يەپ-ئىچىپ راھەتلىنىدۇ ھەمدە رەھمان تائالانىڭ ئەرشىنىڭ ئاستىدىكى ئېسىلغان قونداقلارغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار الله تائالانىڭ تۈگىمەس مۇكاپاتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپمۇ، الله يولىدا قايتا-قايتا ئۆلتۈرۈلۈشى ئۈچۈن بۇ دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ پۇرسەتلەرنى غەنىيمەت بىلىشتىن ئاجىز كېلىش نەقەدەر ھاماقەتلىك-ھە!

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن (ئۆلگەندىن كېيىنكى) غەم-قايغۇلاردىن جىھاد قىلىش ئارقىلىق ساقلىنىش نېمىدېگەن كاتتا مۇۋەپپەقىيەت-ھە! بۈگۈن الله نىڭ دۈشمەنلىرىدىن قاچقان كىشى ئەتە قايسى يۈز بىلەن الله قا ئۇچرىشىدۇ!؟ الله تائالاغا ئۆز جېنىنى سېتىشقا ئەھدە بەرگەندىن كېيىن جەڭدىن قېچىپ ئۆز جېنىنى كاپىرلارغا تاپشۇرسا، ئۇ كىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولماقچى!؟ الله ئۇنى جەننەتكە چاقىردى ئەمما ئۇ جەڭدىن قېچىپ، رەببىگە ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. الله نىڭ بۇيرۇقىنى كېچىكتۈرگەن ئۇ كىشى الله يولىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە قىزىقتۇرۇلغان كاتتا بەختتىن ۋاز كەچكەن تۇرسا، رەببى ئالدىدا يەنە قايسى باھانە بىلەن ئۆزرە ئېيتىدۇ!؟

ئى قەلبلەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى الله! قەلبىمىزنىڭ ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم بولۇشىنى سەندىنلا تىلەيمىز. ئى غەيبلەرنى بىلگۈچى الله! مەقسەتلىرىمىزنىڭ توغرا بولۇشىدا، نىيەتلىرىمىزنىڭ خالىس بولۇشىدا ساڭىلا يۆلىنىمىز ۋە سەندىنلا ئۈمىد قىلىمىز. پەزلى-رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىپ، ساڭىلا قول سۇنۇپ، سەن رازى بولغان شەھىدلىك بىلەن بىزنى رىزىقلاندۇرۇشىڭنى، سېنىڭ يولۇڭدا ئۆلتۈرۈلۈشكە قەدەملىرىمىزنىڭ سابىت تۇرۇشىغا نېسىپ قىلىشىڭنى سورايمىز. ئاخىرەتتە سەن تەرەپكە قايتىمىز ۋە جايلىشىمىز. ھەربىر ياخشىلىقتا ساڭىلا يۆلىنىمىز، سەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن!

① سۈرە ئال ئىمران 169-، 170- ئايەتلەر.

# 26 ـ باب

## جىھادنىڭ ئەجرىگە پەقەت خالىس نىيەت بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە

اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَا لِلَّهِ الدِّينُ الْخَالِصُ﴾ «بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن اللە قا خاستۇر».[1]

اللە تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾ «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللە قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللە قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر».[2]

172. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بارلىق ئەمەللەر پەقەت نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەرقانداق ئىنسان پەقەت ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ. كىمكى اللە ۋە اللە نىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇ ھىجرىتىدىن شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ؛ كىمكى بۇ دۇنيادا پۇل ـ مالغا ئېرىشىش ياكى بىرەر خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى نىيەت قىلغان نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ».[3]

173. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە غازاتقا چىققان ئىدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «مەدىنىدە كېسەل سەۋەبىدىن قېلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. سىلەر قەيەرگە ماڭساڭلار ۋە ھەرقانداق جىلغىدىن كېسىپ ئۆتسەڭلار، ئۇلار خۇددى سىلەر بىلەن بىللە بولغاندەك ھېسابلىنىدۇ».[4]

174. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبۇك غازىتىدىن

---

[1] سۇرە زۇمەر 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۇرە بەييىنە 5 ـ ئايەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قايتىپ مەدىنىگە يېقىن قالغاندا: «مەدىنىدە قېلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار. سىلەر قەيەرگە ماڭساڭلار ۋە ھەرقانداق جىلغىدىن كېسىپ ئۆتسەڭلار ئۇلار خۇددى سىلەر بىلەن بىللە بولغاندەك ھېسابلىنىدۇ» دېدى. ساھابىلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار مەدىنىدە تۇرۇپمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «شۇنداق چۈنكى ئۇلارنى ئۆزرە توختىتىپ قويدى» دېدى.①

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس ئۆزرە ئىگىلىرىگە غازىنىڭ ساۋابى بېرىلىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ غازى بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. الله نىڭ پەزلى كەڭدۇر، الله نىڭ ئۆز بەندىسىگە بەرگەن ساۋابى بولسا بەندىنىڭ ئۇنىڭغا ھەقلىق ئىكەنلىكىدىن ئەمەس بەلكى الله نىڭ بەندىگە ئاتا قىلغان پەزلىدۇر. الله تائالا بەزى ئەمەللەرگە بەرمىگەن ساۋابنى بەندىنىڭ نىيىتىگە ئاساسەن بېرىدۇ».②

175. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، بىر ئەئرابى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم غەنىيمەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بىر ئادەم نام-ئاتاقىقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بىر ئادەم ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بۇلارنىڭ قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېدى.③

ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىش، گۇرۇھۋازلىق قىلىش ۋە رىيا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلار بار؛ بۇلارنىڭ قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟» دەپ سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېدى.④

176. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئەئرابى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «نام-ئاتاقىقا ئېرىشىش، ماختىنىش،

① بۇخارى توپلىغان.
② «تفسير القرطبي» 5- توم 342- بەت.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

غەنىيمەت ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغانلار بار» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى اللە نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ اللە يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ» دېدى.[1]

177. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا جىھاد ۋە غازاتتىن خەۋەر بەرسەڭ» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر! ئەگەر سەن سەۋر قىلغان ۋە اللە تىن ئەجىر ئۈمىد قىلغان ھالەتتە جەڭ قىلساڭ، اللە سېنى سەۋر قىلغۇچى ۋە اللە تىن ئەجىر ئۈمىد قىلغۇچى ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ؛ ئەگەر سەن رىيا قىلىش ۋە مال ـ دۇنيالىرىڭنى كۆپەيتىش ئۈچۈن جەڭ قىلساڭ، اللە سېنى رىياكار ۋە مال ـ دۇنيالىرىنى كۆپەيتكۈچى ھالىتىڭدە تىرىلدۈرىدۇ. ئى ئىبنى ئەمر! قايسى ھالەتتە جەڭ قىلساڭ ياكى ئۆلتۈرۈلسەڭ، اللە سېنى شۇ ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ» دېدى.[2]

178. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم مال ـ دۇنيا ئۈچۈن جىھاد قىلماقچى بولسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلمەيدۇ» دېدى. بۇ گەپ باشقىلارغا ئېغىر تۇيۇلۇپ ھېلىقى كىشىگە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن قايتا سوراپ باققىن، بەلكىم سوئالىڭنى چۈشەندۈرەلمىگەن بولساڭ كېرەك» دېدى. ئاندىن ئۇ كىشى: «ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئادەم مال ـ دۇنيا ئۈچۈن جىھاد قىلماقچى بولسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلمەيدۇ» دېدى. ئۇ كىشى يەنە قايتىلاپ سورىغاندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە شۇنداق جاۋاب بەردى.[3]

ئۆمەر ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «اللە ساڭا ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن! مەن اللە رازىلىقى ئۈچۈن مال ـ دۇنيا سەرپ قىلىپ غازاتقا چىقسام شۇنداقلا اللە رازىلىقى ئۈچۈن جەڭگە ھەم كىرسەم ئەمما جەڭ پەيتىدە شىجائىتىم ۋە جەسۇرلۇقۇمنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇشنى كۆزلىسەم قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئۇ: «بۇ رىيادۇر» دېدى.[4]

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان.

[3] ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

[4] سەئىد ئىبنى مەنسۇر توپلىغان.

كىشىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىدا بىر تۈركۈم كىشىلەرنى «ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله يولىدا شەھىد بولدى» دېگەنىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىش سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان چاغدا مۇجاھىدلارنىڭ ئەھۋالىنى يېزىش ئۈچۈن پەرىشتىلەر چۈشۈپ: ‹پالانى دىنار ئۈچۈن، پالانى پادىشاھلىق ئۈچۈن، پالانى نام-ئاتاقنى ئېرىشىش ئۈچۈن، پالانى الله رازىلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. كىمكى الله رازىلىقى ئۈچۈن جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە، ئەنە شۇ جەننەتكە كىرىدۇ› دەيدۇ» دېدى.[①]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەسجىدىگە كىرگەندە «الله يولىغا چىقىپ ھالاكەت يەتكەن بىر قوشۇن» توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆردى. ئۇلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر: «ئۇلار الله نىڭ ئەسكەرلىرى، ئۇلار الله يولىدا ھالاكەتكە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئەجىر بېرىش الله نىڭ زىممىسىدە بولىدۇ» دېسە، يەنە بەزىلىرى: «الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر، ئۇلار نىيىتىگە ئاساسەن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ» دەيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن: «نېمە ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: «ھېلىقى قوشۇن توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتىمىز، بەزىلەر مۇنداق دېدى، بەزىلەر ئۇنداق دېدى» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، بەزى كىشىلەر مال-دۇنيا ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، بەزى كىشىلەر باشقىلارغا كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بەزى كىشىلەر الله رازىلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ, پەقەت (الله رازىلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرلا) ھەقىقىي شەھىدلەردۇر. ھەرقانداق كىشى قايسى خىل نىيەتتە ئۆلسە، شۇ خىل ھالەتتە تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېدى.[②]

ئەبۇ ئەجفا سەلەمى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «سىلەر جىھادتا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى ‹پالانى ئۆلتۈرۈلدى، ئۇ شەھىد ياكى پۇكۇنى ئۆلدى، ئۇ شەھىد› دەۋاتىسىلەر. ئېھتىمال ئۇ تىجارەت قىلماقچى بولۇپ ئۆلىغىنى ئالتۇن-كۈمۈشكە توشقۇزغان

---

① ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 32- بەت.

② ھاكىم رىۋايەت قىلىپ «سەھىھ» دېگەن، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ھەم «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 33- بەتتە سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق دېمەي بەلكى رەسۇلۇللاھ ﷺ دېگەندەك: ‹كىمكى الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسە ياكى ۋاپات تاپسا، ئۇ جەننەتتە بولىدۇ› دەڭلار». [1]

179. يەئلا ئىبنى مۇنەييەھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن غازاتقا چىقىشقا رۇخسەت سورىدىم ھەمدە (كىشىلەرگە): «مەن ياشىنىپ قالغان كىشىمەن، خىزمەتچىم ھەم يوق شۇڭا ماڭا ياخشى خىزمەت قىلالايدىغان خىزمەتچى ئىزدەيمەن. ئىش ھەققى ھېسابىدا غەنىيمەتتىن ئۈلۈشىنى بېرىمەن» دېدىم. ئاخىرى مەن بىر كىشىنى تاپتىم. يولغا چىقىشقا تەمشەلگەندە ئۇ يېنىمغا كېلىپ: «ماڭا بېرىدىغان ئۈلۈشنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن شۇڭا غەنىيمەتتىكى ئۈلۈشتىن بولامدۇ ياكى باشقا پۇلدىن بولامدۇ ماڭا بېرىدىغان ھەقنى ئېنىق بەلگىلەپ بەرگىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئۇنىڭغا ئۈچ دىنار ئىش ھەققى بېكىتتىم. غەنىيمەت كەلگەن چاغدا مەن ئۇنىڭغا ئۈلۈشىنى بەرمەكچى بولدۇم ـ يۇ، تۇرۇپلا دىنارلارنى ئەسلەپ قالدىم ـ دە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بۇنى سۆزلەپ بەردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ بۇ غازاتتىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پەقەت ئۆزى ئېيتقان دىنارلارنىلا ئالىدۇ، خالاس» دېدى. [2]

180. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەمر ئىبنى ئۇقەيش جاھىلىيەت دەۋرىدە جازانە ئالاتتى. ئۇ ئالىدىغان جازانىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بولغۇچە ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالاپ كەتمىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئۇ:

— تاغامنىڭ ئوغۇللىرى قېنى؟ — دەپ سورىغانىدى، كىشىلەر:

— ئۇلار ئۇھۇدتا، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ:

— پالانى قېنى؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۇلار:

— ئۇمۇ ئۇھۇدتا، — دېدى. ئۇ يەنە:

— پۇكۇنى قېنى؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

— ئۇمۇ ئۇھۇدتا، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ ئېتىغا مىنىدى ۋە ئۇھۇدقا قاراپ ئاتلاندى. مۇسۇلمانلار ئۇنى كۆرۈپ:

— ئى ئەمر! بىزدىن يىراق تۇرغىن، — دېيىشتى. ئۇ:

— مەن ئىمان ئېيتتىم، — دېدى ۋە جەڭگە كىرىپ يارىلاندى. كېيىن ئۇ

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى ۋە ھاكىم توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ياردار ھالەتتە ئائىلىسىگە ئاپىرىلدى. سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ھەمشىرىسىگە:

— ئۇنىڭدىن سوراپ باققىن، ئۇ بۇ قېتىم قەۋمى ئۈچۈن ئۇرۇشۇپتىمۇ ياكى ئاچچىقى كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇشۇپتىمۇ ۋە ياكى ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن غەزەبلىنىپ ئۇرۇشۇپتىمۇ، — دېدى. (ھەمشىرىسى ئۇنىڭدىن بۇ سوئالنى سورىغاندا،) ئۇ:

— ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن غەزەبلىنىپ ئۇرۇشتۇم، — دېدى ۋە شۇ جاراھىتى سەۋەبلىك جان ئۈزدى. نەتىجىدە، ئۇ ﷲ رازىلىقى ئۈچۈن بىر رەكئەت ناماز ئوقۇماستىن جەننەتكە كىرىپ كەتتى.[1]

181. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «غازات ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، بىر كىشى ﷲ رازىلىقىنى كۆزلەپ غازاتقا چىقسا، قوماندانىغا ئىتائەت قىلسا، ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى ﷲ يولىدا سەرپ قىلسا، سەبداشلىرىغا قولايلىق يارىتىپ بەرسە ۋە بۇزۇقچىلىقتىن ساقلانسا، ئۇنىڭ ئۇخلىغان ۋە ئويغاق ھالىتىنىڭ ھەممىسى ئەجىردۇر؛ يەنە بىرى، ئەگەر بىر كىشى پەخىرلىنىش، باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويۇش ۋە ئاڭلىتىش مەقسىتىدە غازاتقا چىقىپ، قوماندانىغا ئاسىيلىق قىلسا ۋە زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلسا، بۇنداق كىشى ئەجىرسىز قۇرۇق قول قايتىدۇ».[2]

182. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان كىشى <شەھىد> بولغان ئادەمدۇر. ﷲ ئۇ ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئۆز نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەم تونۇيدۇ. ﷲ ئۇنىڭدىن: <سەن ئۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟> دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: <سېنىڭ يولۇڭدا ئۇرۇش قىلىپ شەھىد بولدۇم> دەيدۇ. ﷲ ئۇنىڭغا: <يالغان ئېيتتىڭ، بەلكى سەن قەھرىمان دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدىڭ ۋە بۇ سۆزلەر ساڭا دېيىلىپ بولدى> دەيدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا بۇيرۇلىدۇ ۋە يۈزىچە سۆرىتىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئاندىن ئىلىم ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن شۇنداقلا قۇرئان ئوقۇغان كىشى ھازىر

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.
[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

قىلىنىدۇ. اﷲ ئۇنىڭغا ئۆز نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەم تونۇيدۇ. اﷲ ئۇنىڭدىن: ‹سەن ئۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: ‹ئىلىم ئۆگەندىم ۋە ئۆگەتتىم، سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇدۇم› دەيدۇ. اﷲ ئۇنىڭغا: ‹يالغان ئېيتتىڭ، بەلكى سەن ئالىم دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئۆگەندىڭ، قۇرئاننى قارى دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن ئوقۇدۇڭ، بۇ سۆزلەر ساڭا دېيىلىپ بولدى› دەيدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا بۇيرۇلىدۇ ۋە يۈزىچە سۆرىتىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئاندىن اﷲ تۈرلۈك مال-دۇنيالارنى بېرىپ كەڭچىلىك ئاتا قىلغان كىشى ھازىر قىلىنىدۇ. اﷲ ئۇنىڭغا ئۆز نېئمەتلىرىنى تونۇتىدۇ، ئۇ ئادەم تونۇيدۇ. اﷲ ئۇنىڭدىن: ‹سەن ئۇ نېئمەتلەر بىلەن نېمە ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟› دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: ‹سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن سەن پۇل-مال سەرپ قىلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان يوللاردىن بىرىنىمۇ قالدۇرماي سەرپ قىلدىم› دەيدۇ. اﷲ ئۇنىڭغا: ‹يالغان ئېيتتىڭ، بەلكى سەن سېخىي دەپ ئاتىلىش ئۈچۈن پۇل سەرپ قىلدىڭ، بۇ سۆزلەر ساڭا دېيىلىپ بولدى› دەيدۇ، ئاندىن ئۇ دوزاخقا بۇيرۇلىدۇ ۋە يۈزىچە سۆرىتىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ».[1]

## جىھادتىكى نىيەتنىڭ تۈرلىرى

جىھادتا اﷲ ئۈچۈن خالىس نىيەتتە بولۇش ۋاجىب چۈنكى اﷲ مۇجاھىدنىڭ جىھادىنى نىيىتى پەقەت اﷲ ئۈچۈن خالىس بولغاندىلا قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، نىيەت اﷲ ئۈچۈن سەممىي بولۇشى لازىم چۈنكى مۇجاھىد جىھادتا ئۆلتۈرۈلۈشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇنىڭ ئەمەلىدە ئىخلاس بولمىسا، ئۇ ئۆتكۈزۈۋەتكەن پۇرسەت قايتىپ كەلمەيدۇ.

مۇجاھىدلارنىڭ نىيەتلىرى ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرىگە ئاساسەن ھەر تۈرلۈك بولىدۇ. مۇجاھىدلارنىڭ نىيىتى بىرقانچە تۈرلۈك بولۇپ، ھەربىر تۈرىنىڭ ئۆزىگە خاس ھۆكۈمى باردۇر.

بىرىنچى، بەزى مۇجاھىدلار قىلغان جىھادى بىلەن پەقەت اﷲ رازىلىقىنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭغا لايىق بولغان زات پەقەت اﷲ تائالادۇر شۇڭا ئۇ زات بەندىلىرىنى جىھادقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنى پەرز قىلغان. اﷲ بەندىلىرىنىڭ بۇ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئىبادەتنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە قىلغانلارنى مۇكاپاتلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇجاھىد جىھادقا مۇشۇ نىيەت بىلەن ئالدىرىشى كېرەك. مانا بۇ مىسلىسىز ئۇلۇغ نىيەت ئۈچۈن مۇجاھىد الله رازىلىقىنىلا كۆزلەيدۇ ھەمدە ئاخىرەتتىكى ساۋاب ۋە مۇكاپاتلارنى ساناپ يۈرمەيدۇ. بۇ خىل تۈردىكى كىشىلەر ئاز بولۇپ، ئۇلار مەۋجۇداتنىڭ غالىبلىرىدۇر.

ئىككىنچى، بەزى مۇجاھىدلار ئىسلامنى قوغداپ، الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي ۋە ئەزىز قىلىش، كاپىرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ باتىللىرىنى خار قىلىش مەقسىتىدە جىھادقا چىقىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك نىيەتنىڭ توغرىلىقىدا ۋە الله نىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئىككى خىل نىيەت سەۋەبلىك بەختكە ئېرىشىدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوق.

ئۇ ئىككى تۈرلۈك مۇجاھىدنىڭ ئىخلاسىغا دالالەت قىلىدىغان ئىشلار: ئۆزىنىڭ قىلغان ئەملى ۋە جىھادنى مەخپىي قىلىشقا تىرىشىش، ئۆزىدىن سادىر بولغان ئارتۇقچىلىقتىن پەخىرلەنمەسلىك، ئۆز ئەملى ۋە جىھادىنىڭ بىرەرسىنىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنماسلىقىنى ئارزۇ قىلىش، بۇلار بىلەن پەقەت الله نىڭ دەرگاھىدىكى ئەجرىنى ئۈمىد قىلىش.

ئۈچىنچى، بەزى مۇجاھىدلار قىلغان جىھادى سەۋەبلىك جەننەتكە، ئۇنىڭدىكى ساۋاب ۋە نېئمەتكە ئېرىشىشنى شۇنداقلا دوزاختىن ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن نىجات تېپىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ كۆپچىلىك مۇجاھىدلارنىڭ نىيىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى جەننەتكە ئېرىشىش ۋە دوزاختىن نىجات تېپىش بولىدۇ.

بەزى ئالىملار: «بۇ مەقسەت شەھىدلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشكە يېتەرلىك بولمايدۇ» دېگەن لېكىن توغرىسى، بۇ مەقسەتتە ۋە ئەجىر ئېلىش مەقسىتىدە جىھاد قىلىش بولسا شەھىدلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشكە يېتەرلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا ئايەت ـ ھەدىس ۋە ساھابىلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى دەلىلدۇر.

الله تائالا مۇجاھىدلارنى جەننەتكە ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرىگە قىزىقتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى»[1].

الله تائالا جىھادنىڭ مۇئمىنلەر ئۈچۈن دوزاختىن نىجات تاپقۇزغۇچى پايدىلىق

[1] سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تىجارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا هَلْ أَدُلُّكُمْ عَلَى تِجَارَةٍ تُنجِيكُم مِّنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ ۞ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَتُجَاهِدُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ۞ يَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَيُدْخِلْكُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ وَمَسَاكِنَ طَيِّبَةً فِي جَنَّاتِ عَدْنٍ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ ۞﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ [10]. الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر [11]. (شۇنداق قىلساڭلار) الله سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمىي تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر [12]».[1]

183. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر كۈنى: «كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىندەك كېلىدىغان جەننەت ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار!» دېدى. ئۇمەير ئىبنى ھۇمام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە» دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پاھ ـ پاھ!» دەپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «پاھ ـ پاھ دەپ كەتتىڭغۇ؟» دېگەنىدى، ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت شۇ جەننەت ئەھلىدىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق دېدىم» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەن ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىدىن» دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقدىنىدىن بىر قانچە تال خورمىنى چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى. ئاندىن: «مەن بۇ خورمىلارنى يەپ بولغۇچە ياشىسام بەكلا ئۇزۇن ھايات بولۇپ كەتكۈدەك» دېدى ـ دە، خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شەھىد قىلىندى.[2]

184. شەدداد ئىبنى ھاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەئرابىلاردىن بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگەشتى. كېيىن ئۇ:

— سەن بىلەن ھىجرەت قىلىمەن، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى

[1] سۈرە سەپ 10 ـ ئايەتتىن 12 ـ ئايەتكىچە.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

ساھابىلىرىدىن بىرىگە تاپشۇردى.

(خەيبەر) غازىتى كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نۇرغۇن ئولجا غەنىيمەت ئالدى ۋە ئۇنى مۇجاھىدلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ھېلىقى ئادەمگىمۇ بىر كىشىلىك ئايرىپ، ئۇنىڭغا تەقسىم بولغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا بەردى چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇلاغلىرىنى باقاتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەندە ئۇلار ئۇنىڭ ھەسسىسىنى بەردى. ئۇ:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، ھەمراھلىرى:

— بۇ، پەيغەمبەر ﷺ غەنىيمەتتىن ساڭا ئايرىپ بەرگەن ھەسسەڭ، — دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان نەرسىلەرنى ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— بۇ، مەن ساڭا غەنىيمەتتىن بۆلۈپ بەرگەن ھەسسەڭ، — دېدى. ئۇ:

— مەن ساڭا بۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەشمىدىم بەلكى پەقەت بۇ يېرىمگە (گېلىنى كۆرسەتتى) ئوق تېگىپ ئۆلۈش ئۈچۈن، شۇ ئارقىلىق جەننەتكە كىرىشىم ئۈچۈن ئەگەشتىم، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئەگەر سەن الله قا سادىق بولساڭ، الله ساڭا سادىق بولىدۇ (يەنى سېنى مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ)، — دېدى. ساھابىلار بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن دۈشمەنگە قارشى جەڭگە كىرىپ كەتتى. ھېلىقى ئادەم قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى ۋە كۆرسەتكەن يېرىگە (گېلىغا) ئوق تېگىپ شەھىد بولدى. ساھابىلار ئۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— بۇ ھېلىقى ئادەممۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

— ھەئە، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇ الله قا سادىق بولغانلىقى ئۈچۈن، الله ئۇنىڭغا سادىق بوپتۇ (ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزۈپتۇ)، — دېدى. ئاندىن ئۇنى ئۆز تونى (يەنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تونى) بىلەن كېپەنلىدى ۋە ئالدىغا قويۇپ نامىزىنى چۈشۈردى. ئۇ نامىزىدا:

— ئى الله ! بۇ قۇلۇڭ سېنىڭ يولۇڭدا ھىجرەت قىلىپ چىقىپ شەھىد بولدى. مەن بۇنىڭغا گۇۋاھ بولىمەن، — دېدى.①

الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن ئى دوستۇم! قارىغىن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ شەھىد بولغانلىقىغا گۇۋاھ بولدى چۈنكى ئۇ پەقەت جەننەتنى ئارزۇ قىلغان ئىدى. ئەگەر

① نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولمىغان بولسا، پەيغەمبەرﷺ ئۇنىڭغا باشقا يول كۆرسەتكەن بولاتتى.

ئىمام ئىبنى دەقىق ئىيد مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مۇجاھىد الله نىڭ ساۋابىنى ۋە مەڭگۈلۈك جەننەتتىكى نېئمەتلەرنى تىلەپ ئۇرۇش قىلسا، ئۇ الله يولىدىكى مۇجاھىد ھېسابلىنىدۇ. ساھابىلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى جەننەت ئۈچۈن بولغان سالىھ ئەمەللەرنى توغرا دەپ قارايدۇ چۈنكى الله تائالا كىشىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن جەننەتنىڭ سۈپىتى ۋە سالىھ ئەمەل قىلغۇچىلارغا تەييارلانغان مۇكاپاتلارنى بايان قىلغان. ئەگەر بۇ توغرا بولمىسا، الله تائالا نېمە ئۈچۈن بەندىلەرنى جەننەتكە يەتكۈزىدىغان ئەمەللەرگە ۋە ئۇنىڭ ساۋابىغا قىزىقتۇرىدۇ!؟»[1]

يۇقىرىقى ئۈچ خىل نىيەت مەقسەتكە يېتىشكە، يەنى مەڭگۈلۈك دىيارغا ئېرىشىشكە يېتەرلىكتۇر لېكىن ئۈچىنچى تۈرنىڭ مەرتىۋىسى ئالدىنقى ئىككى تۈرگە قارىغاندا سەل تۆۋەنراق.

تۆتىنچى، بەزى مۇجاھىدلار دۈشمەن باستۇرۇپ كەلگەندە ئۇلارغا يۈزلىنىپ ئارقىسىنى قىلماي ئۇرۇشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى قوغداشتىن باشقا نىيىتى بولمايدۇ.

بۇ كىشىنىڭ مەرتىۋىسى گەرچە يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەرگە يەتمىسىمۇ ئەمما ئۈچىنچى تۈرلۈك كىشىنىڭ نىيىتىگە يېقىندۇر. ئەگەر بۇ مۇجاھىد مۇشۇ خىلدىكى جىھادتا ئۆلتۈرۈلسە شەھىد بولىدۇ چۈنكى يول قاراقچىلىرىدىن ئۆزىنى قوغداپ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شەھىد بولغان يەردە، دۈشمەنلەرنىڭ قوراللىرىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى قانداقمۇ شەھىد بولمىسۇن!؟

ئەگەر مۇجاھىد قېچىش ھارام بولغان چاغدا جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ، دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلغان ھالدا ئۆلتۈرۈلسە، گەرچە ئۇ دۇنيادا شەھىدلەرنىڭ ھۆكمىدە سۈپەتلەنسىمۇ ئەمما شەھىد بولغان بولمايدۇ.

185. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ (ساھابىلەرگە) خۇتبە ئوقۇپ، الله يولىدىكى جىھاد ۋە الله قا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانىدى، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم بارلىق گۇناھلىرىم مەغپىرەت

[1] ئىبنى دەقىقنىڭ «شرح عمدة الأحكام» ناملىق كىتابى 4ـ توم 248ـ بەت.

قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىگە: «ھەئە، سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا كەينىڭگە قاچماي الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قانداق دېدىڭ؟» دېدى. ھېلىقى كىشى (سۆزىنى تەكرارلاپ): «مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «ھەئە، سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا كەينىڭگە قاچماي الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ قەرزىڭدىن باشقا گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھازىر ماڭا شۇنداق دېدى».[1]

بۇ ھەدىس جەڭدىن قېچىش دۇرۇس بولمايدىغان چاغدا دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچقان ۋاقىتتا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ شەھىد ئەمەسلىكىگە، ھەتتا ئۇ الله نىڭ غەزىپى ۋە قەھرىگە ئۇچرايدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُوَلِّهِمۡ يَوۡمَئِذٖ دُبُرَهُۥٓ إِلَّا مُتَحَرِّفٗا لِّقِتَالٍ أَوۡ مُتَحَيِّزًا إِلَىٰ فِئَةٖ فَقَدۡ بَآءَ بِغَضَبٖ مِّنَ ٱللَّهِ وَمَأۡوَىٰهُ جَهَنَّمُۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ﴾ «كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي!».[2]

186. ئەبۇ يۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز دۇئاسىدا: «وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أَمُوتَ فِي سَبِيلِكَ مُدْبِرًا» «(ئى الله !) سېنىڭ يولۇڭدا دۈشمەنگە ئارقامنى قىلغان ھالدا ئۆلتۈرۈلۈشمدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى.[3]

ئىمام نەۋەۋى شەھىدلەرنىڭ ئۈچ قىسىم بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىرىنچى، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەھىدتۇر: ئىككىنچى، قورساق ئاغرىقى، ۋابا كېسىلى، سۇغا غەرق بولۇش.... قاتارلىقلار بىلەن ۋاپات تاپقانلار بولۇپ، دۇنيادا شەھىدلىك ھۆكۈمى

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] سۈرە ئەنفال 16- ئايەت.
[3] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بېرىلمەيدۇ لېكىن ئاخىرەتتە شەھىدتۇر؛ ئۈچىنچى، ئۇ غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغان ياكى جەڭدە ئارقىسىنى قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى بولۇپ، ئاخىرەتتە شەھىدلىك مەرتىۋىسى بېرىلمەيدۇ ئەمما دۇنيادا شەھىد ھېسابلىنىدۇ»[1].

بەشىنچى، مۇجاھىدلارنىڭ ئىچىدە مۇجاھىدلارنىڭ قارىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن جىھادقا چىققان ئەمما نىيىتى كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش بولمىغان كىشىلەر بار. ئەگەر بۇ كىشى ئۆلتۈرۈلسە شەھىد بولىدۇ چۈنكى قەۋمىنىڭ قارىسىنى كۆپەيتكەن كىشى شۇلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

ئالتىنچى، مۇجاھىدلارنىڭ ئىچىدە الله رازىلىقىنى كۆزلەپ جىھاد قىلىش بىلەن بىرگە غەنىيمەتكە ئېرىشىشنى ھەم مەقسەت قىلىدىغان كىشىلەر بار، يەنى بۇ كىشى نىيىتىدە دۇنيانى ئىرادە قىلىش بىلەن بىرگە الله رازىلىقىنى ھەم كۆزلىدى.

ئالىملار بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش نىيەتلەرگە قارىتا ھەرخىل كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر قىسىملىرى: «بۇ بۇزۇق نىيەتتۇر، بۇ خىل نىيەت بىلەن جىھاد قىلغۇچى ئەجىرگە ئېرىشەلمەيدۇ بەلكى الله ئازابىغا دۇچار بولىدۇ چۈنكى ئۇ دۇنياۋي مەقسىتىنى ئاخىرەت ئەمىلىگە ئارىلاشتۇردى» دەيدۇ. كۆپچىلىك ئالىملار: «بۇ خىل نىيەت توغرا، بۇ خىل نىيەت بىلەن جىھاد قىلغۇچى الله نىڭ دەرگاھىدا ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشىدۇ» دېدى. مانا بۇ توغرا قاراش چۈنكى بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئەمەللىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەبۇ سوفيان باشچىلىقىدىكى شامدىن كېلىۋاتقان كارۋاننى توسۇش ئۈچۈن چىققانلىقى — غەنىيمەت ئۈچۈن چىقىشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا دەلىلدۇر چۈنكى بۇ ھالال كەسىپتۇر». قۇرتۇبى يەنە ئىمام مالىكنىڭ «ئۇ — مال-دۇنيا ئۈچۈن قىلىنغان ئۇرۇشتۇر» دېگەن سۆزىگە رەددىيە قايتۇرۇپ: «<كىمكى غەنىيمەت ئۈچۈن ئەمەس بەلكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ> دېگەننىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ مەقسىتى پەقەت غەنىيمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈنلا بولسا، ئۇ ئەجىرگە ئېرىشەلمەيدۇ دېگەنلىكتۇر»[2] دەيدۇ.

قۇرتۇبى بۇ دەلىلنى ناھايىتى ياخشى كەلتۈرگەن. شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ

[1] نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 13- توم 63- بەت.

[2] «تفسير القرطبي» 4- توم 1812- بەت.

زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇرەيش كارۋىنىنى توسۇشقا ئەۋەتتى، ئۇ كارۋاندا سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە ۋە باشقا قۇرەيشلىكلەر بار بولۇپ، يەنە نۇرغۇن مال-مۈلۈك، كۈمۈش قاچا-قۇچىلار ۋە باشقا نەرسىلەر بار ئىدى. زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن يۈز مۇجاھىد نەجدە زېمىنىنىڭ قەرەدە ئايىمىقىدا كارۋانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قولغا چۈشۈردى، مۇشرىكلەر بولسا قېچىپ كەتتى. ساھابىلەر كارۋاننى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.[1]

اللە تائالانىڭ مۇئمىن مۇجاھىدلارنى غەنىيمەتكە قىزىقتۇرغان ئايىتى بولسا بۇ نىيەتنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ۋە شۇ نىيەت بىلەن شاھادەتكە ئېرىشىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَدَكُمُ اللَّهُ مَغَانِمَ كَثِيرَةً تَأْخُذُونَهَا فَعَجَّلَ لَكُمْ هَٰذِهِ وَكَفَّ أَيْدِيَ النَّاسِ عَنكُمْ﴾ «اللە سىلەر ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى سىلەرگە ۋەدە قىلدى، بۇنى (يەنى خەيبەرنىڭ غەنىيمىتىنى) ھەممىدىن بۇرۇن ئاتا قىلدى، سىلەرنى دۈشمەنلەرنىڭ قول سېلىشىدىن ساقلىدى».[2]

اللە تائالا بەندىلىرىنى غەنىيمەتكە قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارغا غەنىيمەتنى ۋەدە قىلىپ ۋە غەنىيمەتنى ئېھسان قىلىپ تۇرۇپ ئاندىن ئۇلارنىڭ غەنىيمەتكە يېتىشى، غەنىيمەتنى مەقسەت قىلىشى ۋە تەلەپ قىلىشىنى چەكلىشى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ نىيەتنىڭ توغرىلىقىغا يەنە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇشرىكلارنىڭ چارۋىلىرى، پۇل-ماللىرى ۋە ئەۋلادلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى دەلىل بولىدۇ. ئەگەر مۇشرىكلار ئۆز ماللىرىنى قوغداش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار غەنىيمەت ئالغان ماللىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىسا، مۇسۇلمانلار اللە نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن جەڭ قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا گاھىدا مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلاتتى، گاھىدا مۇشرىكلار غەلىبە قىلاتتى. ھەتتا بەزىدە ساھابىلەردىن بەزى كىشىلەر شەھىد بولاتتى. ئەگەر ساھابىلەر مۇشرىكلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشەلمىسە پەقەت غەنىيمەتلەرنى ئېلىپ قايتىپ كېتەتتى.

بۇ نىيەتنىڭ توغرىلىقىغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى ھەم دەلىل بولالايدۇ.

---

[1] ئىبنى سەئىدنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابى 2- توم 36- بەت.

[2] سۈرە فەتىھ 20- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

187. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى غەنىيمەت ئېلىپ كېلىشىمىز ئۈچۈن ئەۋەتتى. بىز ھېچقانداق غەنىيمەت ئالالماي قايتىپ كەلدۇق. ئۇ بىزنىڭ چىرايىمىزدىكى ھارغىنلىقنى كۆرۈپ، بىزنىڭ ئىچىمىزدە تۇرۇپ: «ئى الله ! ئۇلارنى ماڭا تاشلاپ قويمىغىن، مەن ئاجىز كېلىپ قالىمەن؛ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تاشلاپ قويمىغىن، ئۇلار ئاجىز كېلىپ قالىدۇ؛ ئۇلارنى كىشىلەرگە تاشلاپ قويمىغىن، كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۇلاردىن ئۈستۈن كۆرۈپ قالىدۇ» دەپ دۇئا قىلدى.[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەۋالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «بىزنى غەنىيمەت ئېلىپ كېلىشىمىز ئۈچۈن ئەۋەتتى» دېگەن سۆزى — ساۋاب بىلەن غەنىيمەت ئىككىلىسىنى تەڭ مەقسەت قىلىپ غازاتقا چىقىشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا روشەن دەلىلدۇر.

ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دېڭىز ساھىلىغا بارغان قوشۇنى ھەققىدە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس ئىلگىرى سۆزلەنگەن ئىدى[2]. ئۇنىڭدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى ئەبۇ ئۇبەيدىنىڭ قوماندانلىقىدا قۇرەيشنىڭ سودا كارۋىنىنى توسۇشقا ئەۋەتتى» دېگەن.

مۇجاھىدنىڭ جىھاد بىلەن غەنىيمەتنى بىرگە نىيەت قىلىشى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، غەنىيمەتكە قارىماي پەقەت جىھادنىلا نىيەت قىلغان كىشى بىلەن ھەر ئىككىلىسىنى نىيەت قىلغان كىشىنىڭ ئېرىشكەن ساۋابى باراۋەر بولمايدۇ چۈنكى جىھادتا غەنىيمەتكە ئېرىشىش مۇجاھىدنىڭ ئېرىشكەن ساۋابىنى كېمەيتىپ قويىدۇ. بۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوچۇق بايان قىلغان.

188. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر غازاتچى قوشۇن غازات قىلىپ، غەنىيمەت ئالماي، خەۋپ ۋە مۇسىبەتكە ئۇچرىسا تولۇق ئەجىرگە ئېرىشىدۇ».[3]

يەنە بىر رىۋايەتتە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله نىڭ يولىدا غازاتقا

---

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇشۇ كىتابنىڭ 49- ھەدىسى.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

چىققان ھەرقانداق بىر قوشۇن بىرەر غەنىيمەتكە ئېرىشسە، ئاخىرەتتىكى ئەجرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى (مۇشۇ دۇنيادىلا) ئېلىپ بولغان بولىدۇ، ئاخىرەتكە ئۈچتىن بىر قىسمى قالىدۇ. ئەگەر غەنىيمەتكە ئېرىشمىسە تولۇق ئەجرگە ئېرىشىدۇ».[1]

ئىلگىرىكى مۇجاھىدلارنىڭ كۆپچىلىكى جىهادتا غەنىيمەت ئېلىش بىلەن ئەجرى كېمىيىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەجرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ غەنىيمەت ئېلىشتىن ساقلىناتتى.

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم جىهادقا چىققاندا غەنىيمەت ئالمايتتى. مۇجاھىدلار ئۇنىڭدىن: «غەنىيمەتنىڭ ھالاللىقىدا شەك قىلامسەن؟» دەپ سورىغاندى، ئۇ: «ئۇنىڭ ھالاللىقىدا شەك قىلمايمەن چۈنكى زاھىدلىق ھالال نەرسىلەردە بولىدۇ (يەنى ھالال نەرسىلەردىكى زاھىدلىق تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر)» دېدى.

مۇجاھىد غەنىيمەتنى ئېلىشنى خالىمىسا، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ باشقا قېرىنداشلىرىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشى ئەۋزەل؛ ئۇنى ئالماي غەنىيمەت ئىچىدە قالدۇرسا ئۇمۇ ياخشىدۇر. ئەگەر نەپسىنىڭ ئىنتىلىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن غەنىيمەتنى تەرك ئەتسە، بۇ تولىمۇ ياخشىدۇر چۈنكى ئىنسان نەپسى غەنىيمەتكە ئېرىشىشكە ئىنتىلگەن چاغدا قەلبتىكى ئىخلاس كېمىيىدۇ.

يەتتىنچى، مۇجاھىدلارنىڭ ئىچىدە يەنە جىهادى سەۋەبلىك جىهاد ئىبادىتىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىشنى ۋە الله قا يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلماستىن بەلكى دۇنيا ماتالىرىدىن بىرنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان كىشىلەر بار. ئەگەر كاپىرلار بىلەن غازات قىلىش توغرا كەلگەندە، كاپىرلاردىن غەنىيمەت چۈشمەيدىغان بولسا بۇنداق كىشىلەر جىهادتىن توختاپ قالىدۇ. غەنىيمەتتىن چەكلەنسە ھەم غازاتتىن قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ كىشى غازات جەريانىدا ئۆلتۈرۈلسە، تاشقى كۆرۈنۈشتە «شەھىد» ھۆكۈمىدە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شەھىد بولمايدۇ، نىيىتى ساپ بولمىغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئەجىر ھەم بېرىلمەيدۇ.

سەككىزىنچى، مۇجاھىدلارنىڭ ئىچىدە كىشىلەرگە كۆرسىتىش، ئاڭلىتىش ۋە پەخىرلىنىش بىلەن ھەمدە كىشىلەرنىڭ «غازى»، «شجائەتلىك» دېيىشى ئۈچۈن جىهاد قىلىدىغان ئەمما قىلغان جىهادىدا الله رازىلىقىنى كۆزلىمەيدىغان كىشىلەر ھەم بار. بۇنداق كىشى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسە شەھىد بولمايدۇ ھەمدە

[1] مۇسلىم توپلىغان.

اﷲ نىڭ دەرگاھىدا ئەجىرگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇ بۇ نىيىتى سەۋەبلىك كاتتا زىيان تارتىدۇ ۋە ئاخىرەتتە خار-زەبۇنلۇققا لاياقەتلىك بولۇپ قالىدۇ، اﷲ ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن!

ئىلگىرىكى ھەدىس (180- ھەدىس)تە ئۆتكەندەك، بۇ تۆردىكى كىشىلەر قىيامەت كۈنى دوزاخقا تۇنجى تاشلىنىدىغانلارنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. ئۇ (نىيىتىنىڭ توغرا بولمىغانلىقى سەۋەبلىك) بۇ كاتتا ئازابنى اﷲ تەرىپىدىن ئۆزىگە ۋاجىب قىلىۋالدى ۋە شۇ ھەسرەتلىك ئازابقا تېگىشلىك بولدى چۈنكى ئۇ، بۇ ئىبادەت بىلەن ئۇنى يولغا قويغان ۋە بۇ ئىبادەتكە ھەقىقىي لايىق بولغان اﷲ نى قويۇپ، مەئبۇدنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، اﷲ قا شېرىك كەلتۈرگەن رىياكار بولدى.

ئەگەر ئۇ مۇشۇ نىيەتكە كىرىپ قالسا، جىھادىدا ئەجىر ۋە ساۋابنى كۆزلەش بىلەن بىرگە نام-ئاتاققا ئېرىشىش، مەدھىيىلىنىش، ئالغا ئىلگىرىلىگەندە باشقىلارنىڭ «شىجائەتلىك» دەپ سۆپەتلىشىنى ئارزۇ قىلىش قاتارلىقلار ئارىلىشىپ كەتكەن بولسا، گەرچە ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى «شەھىد» ھۆكۈمىدە بولسىمۇ ئەمما جىھاد ياكى شەھىدلىكنىڭ ئەجرىنى ئالالمايدۇ. ئايەت-ھەدىسلەر شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، ئۇنىڭ نىيىتى شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ساۋابمۇ بېرىلمەيدۇ، جەننەتكە ھەم ئېرىشەلمەيدۇ شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەملى ۋە جىھادىنىڭ بىكار بولۇشى، ئەجىر-ساۋابىنىڭ قولدىن كېتىشى بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئەزىز جېنىنى پىدا قىلغان تۆرۈپمۇ يەنە زىيان تارتىشىدىن ئىبارەت يامان ئاقىۋەت ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر. ئۇ جىھاد ۋە ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئەلەملىرىنى تارتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئەلىمى اﷲ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن مۇخلىس كىشىلەرنىڭ ئەلەملىرى يېنىكلىتىلگەندەك يېنىكلىتىلمەيدۇ.

189. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: <مەن شېرىكلەرنىڭ شېرىكلىكىگە قەتئىي ھاجىتى چۈشمەيدىغان زاتتۇرمەن. كىمكى بىر ئەمەلنى مەن ئۈچۈن قىلىپ، ئۇنىڭغا مەندىن باشقىنى شېرىك قىلسا (يەنى باشقىلارنى كۆرسۇن دەپ رىيا قىلسا) مەن ئۇنىڭدىن ئادا-جۇدامەن، ئۇ ئەمەل شېرىك كەلتۈرگەن كىشى ئۈچۈن بولىدۇ». [1]

---

[1] ئىبنى ماجە ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

190. ئەبۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ فۇزالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «الله بارلىق خالايىقنى شەكسىز بولىدىغان قىيامەت كۈنى توپلىغاندا، بىر جاكارچى: ‹كىمكى ئۆز ئەمەلىدە الله تىن باشقا بىرىنى شېرىك قىلغان بولسا، ساۋابىنى شۇنىڭدىن تەلەپ قىلسۇن! الله ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ قىلىنغان ئەمەلدىن بىهاجەتتۇر› دەيدۇ».[1]

توققۇزىنچى، مۇجاھىدلارنىڭ ئىچىدە الله قا يېقىنلىشىشنى ۋە الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىشنى ئارزۇ قىلماستىن بەلكى ئەلەملىك ئاجىزلىقتىن، قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزدىن، قۇتۇلالمىغان پېقىرلىقتىن، بېشىغا كەلگەن يامانلىقلاردىن ۋە چۈشكەن مۇسىبەتلەردىن بىراقلا قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن جىهاد ۋە غازات قىلىدىغان كىشى بار.

بۇ خىل كىشى ھەققىدە ئىككى خىل ئېهتىماللىق بار: بىرى، بۇ كىشى الله نىڭ دەرگاھىدا شەھىد ئەمەس چۈنكى ئۇ الله قا يېقىنلىشىش ۋە الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان؛ يەنە بىرى، ئۇ شەھىد چۈنكى ئۇ ئۆز جېنىنى باشقا جەڭگە ئەمەس بەلكى جىهادقا سەرپ قىلدى، ئۆز رىغبىتىنى باشقا جەڭگە ئەمەس بەلكى جىهادقا قاراتتى. بۇنىڭدا ئىككىنچى خىل ئېهتىماللىق بىرىنچىسىگە قارىغاندا توغرىغا يېقىنراق لېكىن بۇ خىل كىشى قىلغان جىهادى بىلەن الله قا يېقىنلاشقىدىغان سادىق مۇخلىسلار دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ.

## قىلغان غازىتىغا ھەق ئالغان كىشى ھەققىدە

قىلغان جىهادىغا ھەق ئالغان كىشى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپلاشتى، بەزىلىرى چەكلىدى، يەنە بەزىلىرى رۇخسەت قىلدى.

قىلغان جىهادىغا ھەق ئېلىشنى دۇرۇس دەپ قارايدىغانلارغا قارشى پىكىردىكىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇ ھەق ئالمىسا جىهادقا چىقمايدىغان بولسا، ئۇ قىلغان جىهادى بىلەن ئەجىر-ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ؛ ئۆلتۈرۈلسە شەھىد بولمايدۇ».

بۇ مۇجاھىد جىهاد مەيدانىغا مال-دۇنيا ئۈچۈن كېلىپ، كېيىنچە الله ئۈنىڭغا خالىس نىيەت ئاتا قىلسا، ئاندىن ئۇ ئۆلتۈرۈلگىچە دۈشمەندىن قاچماي،

[1] تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

دۈشمەنگە ئالدىنى قىلغان ھالدا ئۇرۇشقان بولسا، ئۇنىڭ شەھىد بولۇشى ئۈمىدلىكتۇر لېكىن ئۇ تاكى خالىس نىيەتكە كەلگۈچە ئەتىگەن ـ ئاخشامدا دۈشمەنگە يۈرۈش قىلىش جەريانىدىكى يول مۇشەققەتلىرى، چاڭ ـ توزان، خىيىمخەتەر قاتارلىق جاپالىرىغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ چۈنكى ئۇنىڭغا ھەق بېرىلمىسە جىھادقا چىقماس ئىدى. ئەگەر ئۇ كىشى جىھادتا ئۆزىنى قامدىغۇدەكمۇ نەرسە تاپالمىغۇدەك دەرىجىدە كەمبەغەل بولۇپ، جىھادقا تەييارلىنىش ئۈچۈنلا ھەق ئالسا، بۇ كىشى قىلغان جىھادىدا ئەجرىگە ئېرىشىدۇ ۋە ھەق ئېلىشى قىلغان جىھادىدىكى ساۋابىغا نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ.

191. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «غازى ئۆز ئەجرىگە ئېرىشىدۇ؛ غازىنى جابدۇپ، ئۇرۇشقا ئەۋەتكۈچى بولسا ئۆزىنىڭ ئەجرىنى ۋە جابدۇپ قويغان غازىنىڭ ئەجرىنى تەڭ ئالىدۇ».[①]

بىر كىشى غازاتقا چىقىشتىن بۇرۇن بىر خىزمەتكار ياللاپ، ئۇنىڭ غازاتقا چىقىشى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى پەقەت ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ياللىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ خىزمەتچى ھەم خالىس نىيەت بىلەن جەڭگە قاتناشسا، ئۇنىڭغىمۇ ئۇرۇشنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك، تىجارەتچى ۋە سانائەتچىلەرمۇ الله ئۈچۈن سادىق نىيەت بىلەن جەڭ قىلسا، ئۇلار الله تائالانىڭ دەرگاھىدا ساۋابقا ئېرىشىدۇ، ئەگەر الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىد بولىدۇ.

## سەمىمىلىك بىلەن جىھادقا چىققاندىن كېيىن رىيانىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە

تۆۋەندە، راستچىل ۋە خالىس نىيەت بىلەن الله يولىدىكى غازاتقا چىقىپ، جەڭگە كىرگەندىن كېيىن قەلبىگە رىيا كېلىپ قېلىشنىڭ مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلى توختىلىمىز.

رىيا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى قەلبىدە الله قا بويسۇنۇش ۋە يېقىنچىلىق ھاسىل قىلىش ئىستىكى بولسا، ئۇنىڭغا ساۋابى بېرىلىدۇ؛ يەنى ئۇنىڭ (رىياسىز قىلغان) الله يولىدا پۇل سەرپ قىلىش، مۇجاھىدلارنى جىھادقا تەييارلاندۇرۇش، جىھادنى كۈتۈپ رىباتتا تۇرۇشى ۋە ھارىستا تۇرۇش قاتارلىق ئەمەللىرىدە ئەجرىگە

[①] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

ئېرىشىدۇ. رىياكارلىق ئۇنىڭدىن كېيىن سادىر بولغان ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدە رىيا سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى قىلغان ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

مۇئمىن كىشى الله نىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى ھەمدە ئۆز بەندىلىرىگە سېخىيلىق ۋە ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى قەلبىگە رىيا كېچىشتىن ئىلگىرىمۇ ساۋابلىق ئىش قىلمىغان بولسا، ئاندىن جىھادقا چىققاندا بىردىنلا قەلبىگە رىيا كەچسە ئۇنىڭغا ئەجىر بولمايدۇ-دە، جىھاد مەيدانىدىكى ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر خالىس نىيەت بىلەن جىھادقا چىقىپ، ئىككى قوشۇن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن سەپ تۈزۈشكەندىمۇ ئۇنىڭ خالىس نىيىتى ئۆزگىرىپ كەتمىسە ھەمدە رىيا ۋە پەخىرلىنىش قەلبىدە شەكىللەنمىسە، ئۇنىڭغا دەسلەپكى نىيىتى كۇپايە قىلىدۇ-دە، ئۇ الله يولىدا جىھادقا چىققانلىقى ئۈچۈن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. كىمكى الله نىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە دەسلەپكى نىيىتىنى باتىل قىلىدىغان ئىشلار يۈز بەرمىسىلا شۇ كۇپايە، دەسلەپكى نىيەتنى جىھادنىڭ ھەربىر قەدىمى ۋە ھەربىر ۋاقتىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇش شەرت قىلىنمايدۇ، پەقەت جىھادتىكى نىيەتنى بۇزىدىغان ئامىللار يۈز بەرمەسىلا كۇپايە. ئەگەر ئۇنىڭ جىھادى الله يولىدا بولماي بەلكى يۈز-ئابرۇيىغا تەسىر يېتىپ قېلىشتىن قورقۇش يۈزىسىدىن بولسا ھەمدە ئېغىر پەيتتە جەڭدىن قاچسا، ئۇنىڭ نىيىتى الله ئۈچۈن بولمىغانلىقى سەۋەبلىك قىلغان جىھادىدا ئەجىرگە ئېرىشەلمەيدۇ.

مۇجاھىد رىيا ۋە پەخىرلىنىش، كىشىلەردىن (قىلغان جىھادىدا) ماختاپ ئۇچۇرۇشىنى تاما قىلىش، (قىلالمىغان ئىشلىرىدا) ئۇلارنىڭ سۆكۈشى ۋە ھەرخىل سۆز-چۆچەك قىلىشىدىن قورقۇش قاتارلىقلارنى ئۆز خىيالى ۋە قەلبىدىن يىراق قىلىشى كېرەك. جىھادنى بىكار قىلىپ تاشلايدىغان بۇ خەتەرلىك ئامىللارنى ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يوقىتىشى كېرەك. پەقەت الله ئۈچۈنلا بولغان خالىس نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، خۇددى ئۆركەشلەپ ئاققان ئېقىن سۇدا بارچە ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلىپ غەرق بولۇۋاتقان كىشىدەك الله قا ئىلتىجا قىلىشى كېرەك. ئۇمىدكى، الله ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئامالسىزلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئىخلاسنى ئىلھام قىلسا، شۇ سەۋەبلىك

شاھادەت بەختىگە ئېرىشىپ، «نامراتلىق»تىن قۇتۇلۇپ، سائادەت خەزىنىسى بىلەن زەپەر تېپىشى مۇمكىن. ﷲ تائالا خالىغان كىشىنى خاتالىقتىن ساقلاپ توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىدۇر.

## غازات ۋە جىھادقا قاتناشقانلىقىنى ئېلان قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى

ﷲ ئۈچۈن خالىس جىھاد قىلىپ، خالىس ۋە سەممىي نىيىتى جەڭ تۈگىگەندىن كېيىنمۇ ساقلىنىپ قالغان مۇجاھىد بەزىدە جەڭ ۋە غازاتتىن سالامەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىلغان غازىتىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ياكى جەڭدىكى شجائىتى ۋە سەۋر-سابات بىلەن تۇرغانلىقىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىش ئىشتىياقى قوزغىلىپ، ئۆزىنىڭ غازىتى ۋە جىھادىدىكى بىر قىسىم ھادىسىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ ئىلگىرىكى ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولىدىغانلىقى ۋە قىلغان بۇ سۆزلىرى بىلەن ئىلگىرىكى سەممىيلىك بىلەن قىلغان جىھادىنىمۇ يوققا چىقىرىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن دەلىل ۋە ئالىملارنىڭ سۆزلىرى كەلگەن.

192. ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! يىل بويى ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتقان كىشىنىڭ روزىسى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ روزا تۇتقانمۇ بولمايدۇ، روزا تۇتمىغانمۇ بولمايدۇ (يەنى ئۇ سۈننەتكە مۇۋاپىق روزا ئەمەس)» دېگەن.[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كىشىنىڭ «مەن تۈنۈگۈن سۈرە بەقەرەنى ئوقۇدۇم» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: «ئۇ مۇشۇ سۆزى بىلەن ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىپ بولدى» دېگەن.

ھەرقانداق كىشى قىلغان ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، قىلغان جىھادى ۋە باشقا ياخشى ئەمەللىرىنى مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرمەسلىكى لازىم. ئەگەر ئۆز جىھادىنى سۆزلەشتە بىرەر پايدىلىق مەنپەئەت بولسا، نىيىتى خالىس بولۇپ، ئۆزىنى رىيادىن ساقلىيالىسا، سۆزلىسە ھېچقىسى يوق، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ چۈنكى بۇ باشقىلارنىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئىبرەت ئېلىشى ياكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەلبلىرىدە جۈرئەت، شىجائەت ۋە قۇۋۋەتنى ئۇرغۇتۇشنى مەقسەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئاڭلىغۇچى ھەم ئۇنىڭ قانداق مۇستەھكەم تۇرغانلىقى، قانداق ئۇرۇشقانلىقى، الله يولىدا قانداق مال سەرپ قىلغانلىقىغا ئاساسەن ئۆز نەپسىگە دەرس بېرىپ، قەلبى كۈچلىنىدۇ؛ مېلى ۋە جېنىنى سېخىيلىق بىلەن پىدا قىلىدۇ؛ قەلبىدىن قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىق زۇلمىتى يوقىلىدۇ چۈنكى ئىنسان نەپسىنىڭ تەبىئىتى رىقابەتلىشىش ۋە يېقىنلىرىغا ئوخشاش بولۇشقا ھېرىسمەن بولىدۇ.

سەلەف ـ سالىھلار ئۆز ئەمەللىرىنى ئەنە شۇ مەقسەتتە سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇلار كىشىلەرنى ياخشىلىققا يېتەكلەش مەقسىتىدە، رىيا بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، جىھاد توغرۇلۇق سۆزلىگەندە ئۆزى قىلغان ئەمەلنى ھەم ئۆزىگە نىسبەت بەرمەي: «بەزى مۇجاھىدلار مۇنداق ئىشلارنى قىلغان» ياكى «مەن مۇنداق ئىش قىلغان بىر كىشىنى كۆردۈم» ۋە ياكى «مەن مۇنداق قىلغان بىرىنى تونۇيمەن» دېيىش ئارقىلىق يەتكۈزەتتى چۈنكى بۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپ مەزكۇر ئەمەلنى قىلغۇچىنىڭ سۆزلىگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ شۇنداقلا يېتەكلەش ۋە باشقا مەقسەتلەر ھەم ھاسىل بولىدۇ.

سەلەف سالىھلارنىڭ نۇرغۇنلىرى گەرچە باشقىلارنىڭ ئۇلگە قىلىۋېلىشى ئۈچۈن سۆزلىمەكچى بولسىمۇ يەنىلا ئۆز ئەمەللىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى چۈنكى ئۇلار رىيا بولۇپ قېلىشتىن قورقاتتى.

193. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى باشقىلارنىڭ ئاڭلىشىنى ئارزۇ قىلسا، الله ئۇنى بارلىق ئاڭلىغۇچى كىشىلەرگە ئاڭلىتىپ قويىدۇ ھەمدە ئۇنى بىچارە ۋە پەس ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ».[①]

194. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى باشقىلارغا ئاڭلىتىش (مەقسىتىدە بىرەر ئەمەلنى قىلسا)، الله (ئۇنىڭ بۇزۇق نىيىتىنى قىيامەت كۈنى خالايىقلارغا) ئاڭلىتىپ (ئاشكارىلاپ رەسۋا قىلىدۇ)».[②]

سەلەف سالىھلار ئۆزىنىڭ تائەت ـ ئىبادەتلىرىنى سۆزلەش ۋە ئۇنى

---

① ئەھمەد، تەبرانى ۋە بەيھەقى توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت ۋە تەبرانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئاشكارىلاشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ھەمدە ئۆز نەپسىنىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ساقلىنالمايدىغانلىقىنى بىلىپ ھەتتا كىچىك ئەمەللىرىنىڭمۇ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى ۋە پەقەت الله نىڭلا خەۋەردار بولۇشى ۋە بىلىشى بىلەن كۇپايىلىنەتتى. چۈنكى، ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلىغۇچى پەقەت الله تۇر.

ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى ۋە ئەۋزىلى — قىلغان جىھادىنى يوشۇرۇشتۇر چۈنكى خالىس الله ئۈچۈنلا قىلىنغان جىھاد — مەڭگۈلۈك سائادەتنىڭ مەنبەسىدۇر، ئەگەر ئۇنى رىيا بىلەن بىكار قىلىۋەتسە مەڭگۈلۈك بەختسىزلىككە سەۋەب بولىدۇ.

سەلەف سالىھلارنىڭ ئۆز جىھادىنى يوشۇرۇشقا تىرىشقانلىقىغا تۆۋەندىكى مىساللار دەلىلدۇر.

ئىبنى ئەساكىر ئابدۇللاھ ئىبنى سىناندىن نەقىل قىلىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى سىنان مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ۋە مۇئتەمىر ئىبنى سۇلايمان بىلەن بىللە تەرتۇستا ئىدىم. كىشىلەر: «جەڭگە چىقىدىغانلار، جەڭگە چىقىدىغانلار!» دەپ توۋلىدى. ئىبنى مۇبارەك، مۇئتەمىر ۋە باشقىلارمۇ چىقتى.

مۇسۇلمانلار بىلەن دۈشمەن سەپ تۈزۈشكەندە رۇملۇقلار ئارىسىدىن بىر كىشى چىقىپ يەكمۇيەك ئېلىشىشقا ئادەم تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭغا بىر مۇسۇلمان چىققانىدى، رۇملۇق قاتتىق ئېلىشىپ مۇسۇلماننى شەھىد قىلىۋەتتى. ئۇنىڭغا قارشى يەنە بىر مۇسۇلمان چىققانىدى، رۇملۇق ئۇنىمۇ شەھىد قىلىۋەتتى، تاكى مۇبارىزىدە مۇسۇلمانلاردىن ئالتە كىشى شەھىد بولدى. ھېلىقى رۇملۇق ئىككى سەپ ئارىسىدا مۇبارىزە تەلەپ قىلىپ ماڭاتتى، ئۇنىڭغا قارشى مۇسۇلمانلاردىن بىرەر كىشى چىقمىدى.

مۇئتەمىر مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ماڭا قاراپ: ‹ئەگەر ماڭا ئۆلۈم يەتسە سەن مۇنداق ـ مۇنداق قىلغىن!› دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ئاندىن (يۈزىنى ئورىۋالغان ھالەتتە) ئېتىنى چاپتۇرۇپ رۇملۇق بىلەن مۇبارىزىگە چۈشتى. بىرئاز ئېلىشقاندىن كېيىن ئىبنى مۇبارەك ئۇنى ئۆلتۈردى، ئاندىن ئۇ مۇبارىزە تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭغا قارشى رۇمنىڭ يەنە بىر كۈچتۈڭگۈرى چىققانىدى، ئۇ ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى. ئىبنى مۇبارەك شۇ تەرىقىدە رۇم چېرىكلىرىدىن ئالتىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن ئۇ يەنە مۇبارىزە تەلەپ قىلغانىدى، ئۇلار قورققانلىقىدىن بىرەرسى

ئۇنىڭغا قارشى چىقالمىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىتنى چاپتۇرۇپ ئىككى سەپ ئارىسىدا غايىب بولدى ۋە مېنىڭ يېنىمدىكى تۇرغان ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ماڭا: <باياتىنقى ئىشلارنىڭ مېنىڭ قىلغانلىقىمنى مەن ھايات ۋاقتىمدا ھېچكىمگە سۆزلىمىگىن!> دېدى. مەن ئۇنىڭ قىلغىنىنى پەقەت ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن سۆزلىدىم».

يەنە بىر مىسال، ئىبنى ئەساكىر ئەسمەئىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك رۇم دىيارىدىكى بىر قورغاننى مۇھاسىرىگە ئالدى لېكىن ئۇلارغا ھارغىنلىق يەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەرقانچە قىلىپمۇ باستۇرۇپ كىرىشكە ۋە فەتىھ قىلىشقا ئامال قىلالمىدى. شۇ پەيتتە بىر كىشى كېلىپ قورغاننىڭ سۇ تونىلىدىن قورغان ئىچىگە كىردى ۋە الله ئۇ كىشى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. جەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ جاكارچىسى: «تونىلدىن كىرگەن كىشى قەيەردە؟» دەپ توۋلىغاندى، ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى. كېيىن ئۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىم توۋلىغان بولسىمۇ يەنىلا ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى.

كېيىن مۇجاھىدلاردىن بىرى مەسلەمەنىڭ يېنىغا كىرىپ: «تونىلدىن كىرگەن كىشى ئۇنىڭ ئىسمىنى ھېچقانداق بىر ئورۇنغا يازدۇرماسلىقىڭنى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق مال ياكى مۇكاپات بېرىشكە بۇيرۇماسلىقىڭنى ۋە ئۇنىڭغا بىرەر ئەمەل ـ مەنسەپ بەرمەسلىكىڭنى شەرت قىلىدۇ، ئەگەر مۇشۇلارغا قوشۇلساڭ ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ» دېدى. مەسلەمە: «ئەگەر بۇ ئۇنىڭ شەرتى بولسا بىز ئۇنىڭغا قوشۇلىمىز» دېدى. ئۇ: «مەن شۇ كىشى بولىمەن» دېدى ۋە چىقىپ كېتىپ مەسلەمەگە قايتا ھېچيەردە كۆرۈنمىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەسلەمە ھەر نامازنىڭ ئاخىرىدا: «ئى الله ! مېنى تونىلدىن كىرگەن شۇ كىشى بىلەن بىللە قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىدىغان بولدى.

※ ※ ※

# 27 ـ باب

## جىھاد ئۈچۈن چىقىپ ئۇرۇشىسىز ئۆلگەن كىشىنىڭ شەھىد بولىدىغانلىقى ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَئِن قُتِلْتُمْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَوْ مُتُّمْ لَمَغْفِرَةٌ مِّنَ اللَّهِ وَرَحْمَةٌ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ ۞ وَلَئِن مُّتُّمْ أَوْ قُتِلْتُمْ لَإِلَى اللَّهِ تُحْشَرُونَ ۞﴾ «شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر الله يولىدا (يەنى غازاتتا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار ياكى (غازاتقا كېتىپ بېرىپ ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار، سىلەرگە الله تەرىپىدىن بولغان مەغپىرەت ۋە رەھمەت، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ توپلايدىغان دۇنياسىدىن ئارتۇقتۇر [157]. ئەگەر سىلەر (ئۆز ئەجىلىڭلار بىلەن) ئۆلسەڭلار ياكى (جەڭ مەيدانىدا) ئۆلتۈرۈلسەڭلار، (ئاخىرەتتە) چوقۇم الله نىڭ دەرگاھىغا توپلىنىسىلەر (الله سىلەرنى ئەمەلىڭلارغا قاراپ مۇكاپاتلايدۇ) [158]».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يَجِدْ فِي الْأَرْضِ مُرَاغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةً وَمَن يَخْرُجْ مِن بَيْتِهِ مُهَاجِرًا إِلَى اللَّهِ وَرَسُولِهِ ثُمَّ يُدْرِكْهُ الْمَوْتُ فَقَدْ وَقَعَ أَجْرُهُ عَلَى اللَّهِ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَّحِيمًا﴾ «كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇ زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ؛ كىمكى ئۆيىدىن الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم الله بېرىدۇ. الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر».[2]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هَاجَرُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ ثُمَّ قُتِلُوا أَوْ مَاتُوا لَيَرْزُقَنَّهُمُ اللَّهُ رِزْقًا حَسَنًا وَإِنَّ اللَّهَ لَهُوَ خَيْرُ الرَّازِقِينَ ۞ لَيُدْخِلَنَّهُم مُّدْخَلًا يَرْضَوْنَهُ وَإِنَّ اللَّهَ لَعَلِيمٌ حَلِيمٌ ۞﴾ «الله نىڭ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارغا، ئاندىن (جىھاد قىلىپ) ئۆلتۈرۈلگەنلەرگە ياكى (كېسەل بىلەن) ئۆلگەنلەرگە الله چوقۇم ياخشى رىزىق (يەنى جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك نېئمەتلىرىنى) ئاتا قىلىدۇ. رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھەقىقەتەن ياالغۇز الله تۇر [58]. الله ئۇلارنى ئەلۋەتتە ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان جايغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىدۇ، الله ھەقىقەتەن (ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدىغان نەرسىلەرنى) بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 157 ـ ، 158 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە نىسا 100 ـ ئايەت.

[59]». ①

195. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اﷲ يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ مىسالى خۇددى اﷲ ئۇنى غەنىيمەت ياكى ئەجىر بىلەن ئۆز ئەھلىگە قايتۇرغۇچە ياكى ئۇنى ۋاپات تاپتۇرۇپ جەننەتكە كىرگۈزگىچە ناماز ۋە روزىدىن بوشىشىپ قالماي قىيامدا تۇرۇپ، روزا تۇتقان كىشىگە ئوخشايدۇ». ②

196. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئىچىڭلاردىن قانداق كىشىلەرنى شەھىد دەپ ھېسابلايسىلەر؟» دەپ سورىغانىدى، ساھابىلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىمكى اﷲ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شۇ شەھىدتۇر» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداقتا ئۈممىتىمنىڭ شەھىدلىرى ئاز بولۇپ قالامدۇ؟!» دېدى. ساھابىلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا ئۇلار كىملەر؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كىمكى اﷲ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر، اﷲ يولىدا ئۆلسە شەھىدتۇر، ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلسە شەھىدتۇر، قورساق ئاغرىقىدا ئۆلسە شەھىدتۇر، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلسە شەھىدتۇر» دېدى. ③

197. ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەش ئىش بار، كىمكى ئۇلاردىن بىرسى بىلەن ۋاپات تاپسا شەھىدتۇر: اﷲ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، اﷲ يولىدا سۇغا غەرق بولسا، اﷲ يولىدا ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلسە، اﷲ يولىدا قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلسە ۋە اﷲ يولىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولسا». ④

198. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ اﷲ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «قايسى بەندەم مېنىڭ رازىلىقىمنى تىلىگەن ھالدا مېنىڭ يولۇمدا جىھادقا چىقسا، ئەگەر ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرسام، ئەجىر ۋە غەنىيمەت بىلەن قايتۇرۇشقا؛ ئەگەر ئۇنى قەبزى روھ قىلسام، ئۇنى مەغپىرەت قىلىشقا كېپىلمەن». ⑤

199. سەبۇرە ئىبنى ئەبۇ فاكىھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن

---

① سۇرە ھەج 58-، 59- ئايەتلەر.

② ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن، ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

③ مۇسلىم توپلىغان.

④ نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

⑤ نەسائى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ھەقىقەتەن شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ يوللىرىدا ئولتۇرۇپ (ۋەسۋەسە قىلىدۇ). شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولامسەن؟> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي مۇسۇلمان بولىدۇ. شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ ھىجرەت يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن ئۆز ۋەتىنىڭنى ۋە يۇرتۇڭنى تاشلاپ ھىجرەت قىلامسەن؟ مۇھاجىرنىڭ مىسالى خۇددى باغلاقتىكى ئاتقا ئوخشايدۇ (يەنى باغلاقتىكى ئات بىر يەرگە باغلىنىپ قالغىنىدەك، مۇھاجىرنىڭ قەلب رىشتىسىمۇ ئۆز ئانا ۋەتىنىگە باغلانغان بولىدۇ)> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ھىجرەت قىلىدۇ. ئاندىن شەيتان ئادەم بالىسىنىڭ جىهاد يولىدا ئولتۇرۇپ: <سەن جىهاد قىلامسەن؟ جىهاد دېگەن جان ۋە مالنى سەرپ قىلىشتۇر. ئۇرۇش قىلساڭ ئۆلتۈرۈلىسەن، ئاندىن ئايالىڭ باشقا ئەرگە نىكاھلىنىدۇ ۋە ماللىرىڭ باشقىلارغا تەقسىم قىلىنىدۇ> دەيدۇ. ئۇ كىشى شەيتاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي جىهاد قىلىدۇ». ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېدى: «كىمكى شۇنداق قىلسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش اللە سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ كىمكى جەڭدە شەھىد قىلىنسا، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش اللە سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ سۇدا غەرق بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش اللە سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش اللە سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ ئۈستىدىكى ھەق بولىدۇ».[①]

200. ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇراھمان ھۇمەيرى مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن ھەممە دېگەن بىر كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە جىهاد ئۈچۈن ئەسبىھانغا بېرىپ: «ئى اللە ! ھەممە ساڭا ئۈچرىشىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ دېگەن سۆزىدە سادىق بولسا، ئۇنى شۇ دەۋاسىدا سابىت قىلغىن؛ ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا، گەرچە (ساڭا ئۈچرىشىشنى) يامان كۆرسىمۇ ئۇنىڭ دەۋاسىنى روياپقا چىقىرىپ بەرگىن. ئى اللە ! ھەممەنى بۇ سەپىرىدىن قايتۇرمىغىن» دەپ دۇئا قىلدى. كېيىن ئۇ قورسىقى ئاغرىپ ئەسبىھاندا ۋاپات بولغاندا، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى

[①] نەسائى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

خالايىق! اللہ بىلەن قەسەمكى، بىز پەيغەمبىرىڭلاردىن ئاڭلىغان ۋە بىزگە يەتكۈزگەن ئىلىمگە (ئاساسەن شۇنداق ئېيتىمىزكى)، ھەممە ھەقىقەتەن شەھىدلىك ھالىتىدە جان ئۈزدى» دېدى.[1]

اللہ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى شەھىدتۇر شۇنداقلا جىهاد ئۈچۈن چىقىپ جەڭ مەيدانىغا كېلىشتىن ئىلگىرى اللہ يولىدا ئۆلسە ئۇمۇ ھەم شەھىدتۇر. بەزى ئالىملار بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشىلەرنى شەھىدلىك مەرتىۋىسىدە، ئەجىر ۋە ساۋابتا باراۋەر بولىدۇ دەپ قارىدى ئەمما توغرىسى، ئۇ ئىككىسى باراۋەر بولمايدۇ. اللہ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى بىلەن اللہ يولىدا ئۆلگەن كىشىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار بولۇپ، اللہ يولىدا ئۆلگۈچىدىن اللہ يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئىككىسى ئارىسىدىكى پەرقلەردىن بىرى، اللہ يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچىگە ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىبارەت مۇسىبەت يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ اللہ يولىدا ئۆلگۈچىدىن پەزىلەتلىك ۋە ئارتۇقتۇر.

201. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! جىهادنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟» دەپ سورىغاندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئېتىنىڭ چېپىلىپ، قېنىنىڭ تۆكۈلگىنى» دېدى.[2]

اللہ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى بولسا اللہ يولىدا ئۆلگەن كىشىدىن ئەۋزەلدۇر چۈنكى بىر ئەمەلنى نىيەت قىلغان ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان كىشى، نىيەت قىلىپ ئەمما قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىدىن ئەۋزەلدۇر. ئۆلتۈرۈلگەن كىشى نىيەت قىلغىنىنى ئەمەلگە ئاشۇردى ئەمما ۋاپات بولغان كىشىگە ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. ۋاپات بولغان كىشى گەرچە شەھىدنىڭ ئەجرىگە ئېرىشسىمۇ ئۆلۈك دېيىلىدۇ ئەمما ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئۆلۈك ئەمەس بەلكى شەھىد دېيىلىدۇ. اللہ تائالا شەھىدلەرنى «ئۆلۈك» دەپ ئاتاشتىن چەكلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَقُولُوا لِمَنْ يُقْتَلُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتٌ بَلْ أَحْيَاءٌ وَلَكِنْ لَا تَشْعُرُونَ﴾ «اللہ نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شەھىدلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر».[3]

اللہ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى يەتكەن جاراھىتىنىڭ ساۋابىغا ھەم ئېرىشىدۇ.

---

[1] ئەھمەد، ھەيسەمى ۋە بەيھەقى توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

[3] سۈرە بەقەرە 154 ـ ئايەت.

قىيامەت كۈنى قېنى قاننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا، يارىسىدىن قان تېمىپ تۇرغان ھالدا كېلىدۇ. ئەمما، ۋاپات بولغان كىشى بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ساۋابىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، الله يولىدا ئىككىنچى قېتىم ئۆلتۈرۈلۈش ئۈچۈن دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ئەمما الله يولىدا ئۆلگەن كىشى بۇنى ئۈمىد قىلمايدۇ.

202. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ۋاپات بولۇپ الله نىڭ دەرگاھىدا ياخشىلىققا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر كىشى گەرچە دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەر ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەقدىردىمۇ دۇنياغا قايتىشنى ئارزۇ قىلمايدۇ لېكىن شەھىد ئۇنداق ئەمەس، ئۇ شەھىدلىكنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، دۇنياغا قايتىپ يەنە (الله يولىدا) ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ».[1]

الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش بارلىق گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدۇ ئەمما الله يولىدا ئۆلۈش بارلىق گۇناھلارنى يوققا چىقارمايدۇ. الله يولىدا ئۆلگەن كىشىگە جىنازا نامىزى ئوقۇلىدۇ ئەمما الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچى يۇيۇلمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇلمايدۇ چۈنكى جىنازا نامىزى بولسا الله تىن مېيىتنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلەشتۇر. شەھىدنىڭ گۇناھلىرى الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەنلا مەغپىرەت قىلىنىدۇ شۇڭا ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇلمايدۇ. الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ روھى جەننەتتىكى يېشىل قۇشنىڭ پوكىنىدا بولىدۇ ئەمما الله يولىدا ئۆلگەن كىشى بۇ پەزىلەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن ئامان بولىدۇ ئەمما الله يولىدا ئۆلگەن كىشى بۇنداق بولمايدۇ، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى باشقىلارغا شاپائەت قىلالايدۇ ئەمما الله يولىدا ئۆلگەن كىشى بۇنداق قىلالمايدۇ، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى قېنى قۇرۇشتىن ئىلگىرى ھۆر ئەيىنى كۆرىدۇ لېكىن الله يولىدا ئۆلگەن كىشى بۇنداق بولمايدۇ. الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى بولسا الله يولىدا ۋابا كېسىلى، قورساق ئاغرىقى، سۇدا غەرق بولۇش، كۆيۈپ كېتىش ۋە ھەدىسلەردە ئېيتىلغان باشقا سەۋەبلەر ئارقىلىق ۋاپات بولغان كىشىلەردىن پەزىلەت جەھەتتە ئارتۇق بولىدۇ. الله يولىدا جىھادقا چىقىشى، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا دۈشمەنگە ئاتلىنىشى، چاڭ ـ توزان يېتىش، سەدىقە قىلىش، خەيرى ـ ئېھسان قىلىش ھەمدە الله يولىغا

[1] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

چىققانلىقى سەۋەبلىك ساۋابلىرى ھەسسىلىنىپ بېرىلىدۇ شۇنداقلا الله يولىدىكى مۇجاھىدقا باش ئاغرىقى ياكى ئۆز جىسمىدىكى بىرەر كېسەللىك سەۋەبلىك بىئارامىلىق يەتسە، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

※ ※ ※

# 28 ـ باب

## شاھادەتنى سوراش، ئۇنىڭغا ھېرىس بولۇش ۋە ئۇنىڭغا تىرىشقان كىشىنىڭ مەقسىتىگە يېتىدىغانلىقى ھەققىدە

الله تائالا مۇسۇلمانلارغا ھەربىر نامازدا، نېئمەت قىلىپ بېرىلگەن كىشىلەرنىڭ يولى بولغان توغرا يولغا ئۆزىنىمۇ ھەم ھىدايەت قىلىشىنى سوراشنى پەرز قىلدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿اهْدِنَا الصِّرَاطَ الْمُسْتَقِيمَ ۞ صِرَاطَ الَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ الْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا الضَّالِّينَ ۞﴾ «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن [6]. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن) [7]»①.

الله تائالا توغرا يولنى نېئمەت قىلىپ بەرگەن كىشىلەرنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَأُولَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا﴾ «كىملەركى الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) الله نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار»②.

203. سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله تائالادىن شەھىدلىكنى راستچىللىق بىلەن سورىسا، گەرچە ئۇ كىشى كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتسىمۇ، الله تائالا ئۇنى شەھىدلەرنىڭ مەرتىۋىلىرىگە يەتكۈزىدۇ».③

204. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى راستچىللىق بىلەن شەھىدلىكنى تىلىسە، گەرچە ئۇ شەھىد قىلىنمىسىمۇ شەھىدلىكنىڭ دەرىجىسى بېرىلىدۇ».④

205. مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

① سۈرە فاتىھە 6 ـ، 7 ـ ئايەتلەر.

② سۈرە نىسا 69 ـ ئايەت.

③ مۇسلىم توپلىغان.

④ مۇسلىم توپلىغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى تۆگە سۈتى يېلىنىغا يىغىلغانچىلىك (قىسقا ۋاقىت) بولسىمۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىب بولىدۇ؛ كىمكى چىن كۆڭلىدىن الله يولىدا ئۆلۈشنى تىلىسە ئەمما ئۇز ئۆلۈمىدە ئۆلسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ شەھىدنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ».[①]

206. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله ئۇز يولىدا جىھادقا چىققان كىشىگە كېپىل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: ‹كىمكى ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە مېنىڭ ئەلچىلىرىمنى تەستىقلىغان ھالدا پەقەت مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ جىھادقا چىقىدىكەن، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى نۇرغۇن ئەجىر ۋە ياكى نۇرغۇن غەنىيمەتكە ئېرىشكەن ھالدا ئۆيىگە قايتۇرۇشقا كېپىلمەن› دېدى. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، الله يولىدا يارىلانغان كىشى قىيامەت كۈنى يارىلانغان ھالىتىدە، رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مۇسۇلمانلارغا مۇشەققەت بولۇپ قالمىسا ئىدى، الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا ماڭغان ھەرقانداق بىر قوشۇندىن ھەرگىزمۇ ئايرىلىپ قالمىغان بولاتتىم. مەن ئۇلارنى مىندۈرگىدەك ئۇلاغ تاپالمايمەن، ئۇلارمۇ ھەم تاپالمايدۇ، (مەن جىھادقا چىقىپ كەتسەم،) ئۇلارغا مەندىن ئايرىلىپ قېلىش تېخىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن الله يولىدا ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن».[②]

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇھۇد كۈنى ئۇنىڭغا: «كەلگىن، الله قا دۇئا قىلايلى!» دېدى. سەئىد دۇئا قىلىپ: «ئى رەببىم! ئەتە دۈشمەنگە ئۇچراشقان چېغىمىزدا ماڭا ناھايىتى كۈچلۈك، غەزىپى تاشقان بىرىنى يولۇقتۇرغىن. سېنىڭ يولۇڭدا ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلاي. ئاندىن تاكى ئۇنى ئۆلتۈرگىچە ماڭا ئۈستۈنلۈكنى رىزىق قىلىپ بەرگىن!» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى الله ! ماڭا ئاچچىقى يامان،

---

[①] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان؛ ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] مۇسلىم توپلىغان، بۇ ھەدىسنىڭ بەزى قىسمىنى بۇخارىمۇ رىۋايەت قىلغان.

ناھايىتى كۈچلۈك بىر كىشىنى رىزىق قىلىپ بەرگىن (يەنى ئۇچراشتۇرغىن). سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشاي، ئۇمۇ مەن بىلەن ئۇرۇشسۇن. ئاندىن ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈپ، بۇرۇن ـ قۇلاقلىرىمنى كېسىۋالسۇن. ئەتە سەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىمدا سەن ماڭا: ‹ئى ئابدۇللاھ! بۇرۇن ـ قۇلاقلىرىڭ نېمە ئۈچۈن كېسىپ تاشلاندى؟› دېسەڭ، مەن: ‹سەن ۋە رەسۇلۇڭ ئۈچۈن كېسىپ تاشلاندى› دەپ جاۋاب بېرەي. ئاندىن سەن ماڭا: ‹راست ئېيتتىڭ› دەيسەن» دەپ دۇئا قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ جەڭدە شەھىد بولدى. سەئىد ئۇنىڭ ئوغلى ئىسھاقتا: «ئى ئوغلۇم! ئۇنىڭ دۇئاسى مېنىڭ دۇئايىمدىن خەيرلىك بولدى، مەن شۇ كۈنى كەچ تەرەپتە ئۇنى بۇرۇن ۋە قۇلاقلىرى كېسىلگەن ھالەتتە ئۇچراتتىم» دېدى.[1]

مۇسۇلمانلار قوشۇنى مۇئتە غازىتىغا ماڭغان چاغدا كىشىلەر ئۇلارنى ئۇزاتقىلى چىقتى. ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋىدالاشقان چاغدا يىغلاپ كەتتى. كىشىلەر: «ئى ئىبنى راۋاھە! نېمىگە يىغلايسەن؟» دەپ سورىغاندى، ئۇ: «مەن دۇنيانى ياخشى كۆرگەنلىكىم ياكى ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغانلىقتىن يىغلىمىدىم بەلكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قۇرئاندا دوزاخ زىكىر قىلىنغان مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم: ﴿وَإِن مِّنكُمْ إِلَّا وَارِدُهَا كَانَ عَلَىٰ رَبِّكَ حَتْمًا مَّقْضِيًّا ۝ ثُمَّ نُنَجِّي الَّذِينَ اتَّقَوا وَّنَذَرُ الظَّالِمِينَ فِيهَا جِثِيًّا ۝﴾ <سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر [71]. ئاندىن ئەڭ تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز [72] >[2]. دوزاخقا كىرگەندىن كېيىن قانداق چىقىشىمنى بىلمەيمەن» دېدى. مۇسۇلمانلار: «الله سىلەرگە ھەمراھ بولسۇن ۋە ھىمايە قىلسۇن، سىلەرنى بىزگە ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ بەرسۇن!» دەپ (خوشلاشقانىدى)، ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى:

لېكىن مەن ھەم تىلەيمەن الله تامان يۇزلىنىپ،
قاتتىق قوللۇق بولۇشنى ياۋ پۇشتىغا ئەتلىنىپ.

---

[1] ھاكىم رىۋايەت قىلىپ «سەھىھ» دېگەن، تەبرانى رىۋايەت قىلىپ «راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر» دېگەن.

[2] سۈرە مەريەم 71 ـ، 72 ـ ئايەتلەر.

نەيزە ئۇرسام مەردانە مەرگەن كەبى چەن بىلەن،
تۆمۈر شاخلىق پور كۆتەك يەرگە چۈشكەي مىخلىنىپ.

قەبرەم باشى كەلگەنلەر شەھىد بولسام دېگەيلەر:
«الله رازى غازى سەن»، ئەل قەلبىدە ئەسلىنىپ.

مۇسۇلمانلار مۇئتەدە رۇملۇقلار بىلەن جەڭ قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچىنچى قوماندان ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى زەيد ئىبنى هارىسە ۋە جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ جەڭگە قوماندانلىق قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى شەھىد بولغان ھالەتتە الله قا ئۇچراشتى. الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن![1]

زەيد ئىبنى ئەسلەمە مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! مەن سەندىن سېنىڭ يولۇڭدا شاھادەتكە ئېرىشىشنى ۋە رەسۇلۇڭ ﷺ نىڭ يۇرتىدا ۋاپات تېپىشنى سورايمەن». الله ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدى ۋە مەدىنىدە شاھادەت بىلەن رىزىقلاندۇردى.[2]

سۇلەيم ئىبنى ئامىر مۇنداق دەيدۇ: مەن جەرراھ ئىبنى ئابدۇللاھ ھەكەمىينىڭ قېشىغا كىرسەم ئۇ ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىرى قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىكەن. جەرراھ ماڭا: «ئى ئەبۇ يەھيا! بىزنىڭ نېمىگە قول كۆتۈرگەنلىكىمىزنى بىلەمسەن؟» دېدى. مەن: «سىلەرنىڭ دۇئادىكى رىغبىتىڭلارنى كۆرۈپ مەنمۇ قولۇمنى دۇئاغا كۆتۈردۈم» دېسەم، ئۇ: «الله تىن بىزنى شاھادەت بىلەن رىزىقلاندۇرۇشنى سوراۋاتىمىز» دېدى.

سۇلەيم ئىبنى ئامىر يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله بىلەن قەسەمكى، شۇ غازاتتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەھىد بولۇپ كەتتى».[3]

ھۇمەيد ئىبنى ھىلال مۇنداق دەيدۇ: «ئەسۋەد ئىبنى كۇلسۇم جىھادقا چىقىپ مۇنداق دۇئا قىلدى: <ئى الله! مېنىڭ بۇ جېنىم سېنىڭ رازىلىقىڭغا تەشنا، ئۇ سېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ساڭا ئۇچرىشىشنى ئۇنىڭغا رىزىق قىلىپ بەرگىن؛ ئەگەر ئۇ يالغانچى بولسا ۋە يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا بۇنى يۈكلىگىن ۋە سېنىڭ يولۇڭدا ئۆلتۈرۈلۈشنى مۇيەسسەر

[1] ئىبنى ئىسھاق توپلىغان.

[2] ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ناملىق كىتابى 2- توم 462- بەت.

[3] ئىمام زەھەبىنىڭ «سير أعلام انبلاء» ناملىق كىتابى 5- توم 190- بەت.

قىلغىن! گۆشۈمنى يىرتقۇچ ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلارغا تائام قىلىپ بەرگىن!>

ئەسۋەد جىھادقا يول ئالدى ۋە تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلدى.[1]

ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن قېرىندىشىم ھىشام بىلەن يەرمۇك جېڭىگە قاتناشتىم. كېچە اللە تىن بىزنى شاھادەت بىلەن رىزىقلاندۇرۇشىنى دۇئا قىلىپ سورىغاندۇق، ئەتىسى اللە ئۇنى شاھادەت بىلەن رىزىقلاندۇردى، مېنى بولسا مەھرۇم قويدى».[2]

207. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەر يولغا چىقىپ، بەدرگە مۇشرىكلاردىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى. كېيىن مۇشرىكلارمۇ كېلىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— مەن بۇيرۇق بەرمىگۈچە ھېچقايسىڭلار قوزغالماڭلار! — دېدى. مۇشرىكلارمۇ يېقىن كېلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىنچىلىك كېلىدىغان جەننەت ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار! — دېدى. ئەنسارىلاردىن بولغان ئۇمەير ئىبنى ھۇمام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! كەڭلىكى ئاسمان بىلەن زېمىنچىلىك كېلىدىغان جەننەتمۇ؟ — دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ھەئە، — دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— پاھ-پاھ! — دەپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— پاھ-پاھ دەپ كەتتىڭغۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! اللە بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت شۇ جەننەت ئەھلىدىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق دېدىم، — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— سەن ھەقىقەتەن جەننەت ئەھلىدىن، — دېدى. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقدىنىدىن بىر قانچە تال خورمىنى چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى. ئاندىن:

— مەن بۇ خورمىلارنى يەپ بولغۇچە ياشىسام بەكلا ئۇزۇن ھايات بولۇپ كەتكۈدەك، — دېدى-دە، خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ، مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 128- بەت، ئەبۇ نۇئەيمنىڭ «الحلية» ناملىق كىتابى 2- توم 254- بەت.

[2] ئىمام زەھەبىنىڭ «سير أعلام انبلاء» ناملىق كىتابى 3- توم 79- بەت.

قىلىپ شەھىد قىلىندى.[1]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «يەمامە كۈنى مەن ئۆزىگە خۇشبۇي سۈرتۈۋاتقان سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدىم ۋە ئۇنىڭغا: ‹ئى تاغا! مۇسۇلمانلارنىڭ قايسى ئەھۋالدا قالغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇنداق تۇرۇپ سەن بۇ يەردە (خۇشبۇي ئىشلىتىپ) تۇرىسەن؟› دېسەم، ئۇ تەبەسسۇم قىلىپ: ‹مانا هازىر قېرىنداشىم!› دېدى-دە، قورالىنى ئېلىپ، ئېتىغا مىنىپ ئۇرۇش سېپىگە كىرىپ كەتتى ۋە تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى. الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!»[2]

ساھابىلەر الله يولىدا شەھىدلىككە تەييارلانغاندا مېيىتكە ئىشلىتىدىغان خۇشبۇيىنى ئۆزىگە سۈرتەتتى.

208. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، الله ئۇنىڭغا: ‹ئى ئادەم بالىسى! ئورنۇڭ قانداقراق ئىكەن؟› دەيدۇ، ئۇ: ‹ئى رەببىم! ئورنۇم بەك ياخشى ئىكەن› دەيدۇ. الله : ‹مەندىن سورىغىن ۋە ئارزۇ قىلغىن!› دەيدۇ، ئۇ كىشى: ‹مېنى دۇنياغا قايتۇرۇشۇڭنى ۋە سېنىڭ يولۇڭدا ئون قېتىملاپ ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى سورايمەن!› دەيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ شاھادەتنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈندۇر».[3]

جەننەت ئەھلى كاتتا بەختنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق شەھىدلىكنى ئارزۇ قىلغان يەردە، ئۆزى هازىر ئىمتىھان ۋە يامانلىق زېمىنىدا تۇرۇۋاتقان كىشى نېمە ئۈچۈن شەھىدلىكنى سورىمايدۇ ۋە ئارزۇ قىلمايدۇ؟!

مەھمۇد ئىبنى لەبىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد غازىتىغا چىققاندا هۇسەيل ئىبنى جابىر (ئۇ هۇزەيفە ئىبنى يەمانىنىڭ دادىسى) بىلەن سابىت ئىبنى ۋەقش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىككىيلەن ئاياللار ۋە كىچىك باللار بىلەن قورغاندا تۇراتتى. ئۇلاردىن بىرى يەنە بىرىگە (ئىككىلىسى ياشانغان كىشى ئىدى): «نېمىنى كۈتۈپ تۇرىمىز؟! الله بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ پەقەت

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 100- بەت.

[3] ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

ئىشەك سۇ ئىچكىدەكلا ئۆمرىمىز قالدى. بىز بۇگۈن ياكى ئەتە بەربىر ئۆلۈپ كېتىمىز شۇڭا قىلمىچلىرىمىزنى ئېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قوشۇلايلى! ئۇمىدكى، الله بىزگە ھەم رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە شەھىدلىكنى رىزىق قىلىپ بېرەر» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قىلمىچلىرىنى ئېلىپ كىشىلەر ئارىسىغا كىردى، ئۇ ئىككىسىنى مۇسۇلمانلار تونىمىدى. سابىت ئىبنى ۋەقش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مۇشرىكلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. ھۇسەيل ئىبنى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بولسا مۇسۇلمانلار تونۇماي مۇشرىكلاردىن بىرى دەپ گۇمان قىلىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ دادام!» دەپ توۋلىدى. ئۇلار: «الله بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنى تونۇماي مۇشرىكلاردىن بىرى ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ قاپتۇق» دېيىشتى. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «الله سىلەرنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئۇ ئەڭ مېھرىبان زاتتۇر!» دېدى. ھۇسەيل ئىبنى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاتا ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلىمەكچى بولغانىدى، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ دىيىتىنى مۇسۇلمانلارغا سەدىقە قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ بۇ ئىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىۋەتتى.[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇھۇد غازىتى كۈنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قېرىندىشى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «قېرىندىشىم! ساۋۇتۇمنى كىيىۋال» دېگەنىدى، زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەنمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى. زەيد ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمامە جېڭىدە شەھىد بولدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا مېھرابتا شەھىد بولدى، الله ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن![2]

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەدر غازىتىغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى كۆزدىن كەچۈرۈشتىن بۇرۇن، مەن ئۇكام ئۇمەير ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ سەپنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭغا: «ئۇكام! ساڭا نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن يوشۇرۇنۇۋالدىڭ؟»

---

[1] «سيرة ابن هشام» 3 ـ توم 33 ـ، 34 ـ بەتلەر.

[2] ئەبۇ نۇئەيمنىڭ «الحلية» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 367 ـ بەت.

دېسەم، ئۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مېنى كىچىك كۆرۈپ قايتۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، مەن الله قا ئۇچرىشىشنى (شەھىد بولۇشنى) ياخشى كۆرىمەن» دېدى. دېگەندەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى كىچىك كۆرۈپ: «سەن قايتقىن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ يىغلاپ كەتكەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. ئۇ تېخى كىچىك بولغاچقا ئۇنىڭ قىلىچ ئاسىدىغان يىپىنى باغلاپ بەردىم. ئۇ بەدر ئۇرۇشى كۈنى 16 يېشىدا شەھىد بولدى، ئۇنى ئەمر ئىبنى ئابدۇۋۇد ئۆلتۈرگەن ئىدى.[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئۆزىنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلىشىچە، سىلە ئىبنى ئەشيەم ئەدەۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەۋمىدىن بولغان بىر كىشى ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇ سەھبائ! مەن چۈشۈمدە ماڭا بىر ھەسەل ھەرە ئۆۋىسى، ساڭا ئىككى ھەسەل ھەرە ئۆۋىسى بېرىلگەنلىكىنى كۆردۈم» دېگەندى، سىلە ئىبنى ئەشيەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياخشىلىقنى كۆرۈپسەن. پات ئارىدا سەن الله يولىدا شەھىد بولىدىكەنسەن، مەنمۇ ئوغلۇم بىلەن شەھىد بولىدىكەنمەن» دېدى.

سىلە ئىبنى ئەشيەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى بىلەن جىھادقا چىقتى، ئۇ شۇ ۋاقىتتا 130 ياش ئىدى. مۇسۇلمانلار ئافغانىستاندىكى سىجىستان دېگەن يەردە تۈركلەر بىلەن جەڭ قىلدى. جەڭ قىزىغاندا ئۇ ئوغلىغا: «ئوغلۇم! ئاناڭنىڭ قېشىغا قايتقىن!» دېگەندى، ئوغلى ئۇنىڭغا: «ئاتا! ئۆزۈڭگە ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلىپ، مېنى ئۆيگە قايتىشقا بۇيرۇمسەن؟! الله بىلەن قەسەمكى، ئانام ئۇچۇن سېنىڭ قايتىشىڭ ماڭا قارىغاندا ياخشىراقتۇر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاتىسى ئۇنىڭغا: «ئۇنداق بولسا جەڭگە يۈر!» دېدى. ئوغلى جەڭگە كىرىپ تاكى شەھىد بولغۇچە ئۇرۇشتى. ئاندىن سىلە ئىبنى ئەشيەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئىلگىرىلەپ شەھىد بولغۇچە ئۇرۇشتى.

سىلە ئىبنى ئەشيەم ۋە ئوغلىنىڭ شەھىدلىك خەۋىرى ئايالى مۇئازەگە يەتكەندە، ئۇ باشقا ئاياللارغا: «ئەگەر سىلەر ئۇ ئىككىسىنىڭ شەھىد بولۇشى بىلەن الله بىزنى مۇكەررەم قىلغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلگەن بولساڭلار،

[1] ئىبنى ئەسىرنىڭ «أسد الغابة» ناملىق كىتابى 4- توم 299- بەت.

مەرھەمەت! ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قايتىپ كېتىڭلار!» دېدى.[1]

سەئىد ئىبنى ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر قادىسىيە جېڭى كۈنى ئىككى قولى ۋە ئىككى پۇتى ئۈزۈلگەن، ئۆزى قانغا مىلىنىپ ياتقان ھالەتتە تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى: ﴿فَأُولَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا﴾ «ئۇلار (ئاخىرەتتە) الله نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار»[2]. ئۇلار ئۇنىڭدىن: «ئى الله نىڭ بەندىسى! سەن كىم؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «مەن ئەنسارىلاردىن بىرىمەن» دېدى.[3]

※ ※ ※

---

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 126- بەت، ئىمام زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 3- توم 499- بەت، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

[2] سۈرە نىسا 69- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 300- بەت، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 109- بەت.

# 29 ـ باب

## الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدنىڭ پەزىلىتى

بىلگىنكى، شەھىدلىك كاتتا مەرتىۋە ھەمدە ئالىي دەرىجىدۇر. ئۇنىڭغا كاتتا نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ ۋە مەڭگۈلۈك بەختكە تەقدىرى ئىلگىرى قىلىنغان كىشىلا يېتەلەيدۇ. شەھىدلەر جەننەتتە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُطِعِ اللَّهَ وَالرَّسُولَ فَأُولَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِم مِّنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاءِ وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا﴾ «كىملەركى الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) الله نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار»[1].

ئالىملار شەھىدنى «شەھىد» دەپ ئاتاشقا بولۇش ـ بولماسلىق ھەققىدە ھەرخىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بەزىلىرى: «(شەھىد دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى،) ئۇلار شەھىد بولۇشتىن بۇرۇن جەننەت كۆرسىتىلىدۇ» دېسە؛ يەنە بەزىلىرى: «ئۇلارنىڭ روھلىرى جەننەتنى كۆرگەنلىكى، ئەمىن جاي (جەننەت)كە ھازىر بولغانلىقى ۋە رەببىنىڭ ھوزۇرىدا تىرىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر» دەيدۇ. يەنە بەزىلىرى: «شەھىد — <شاھىد> (ھازىر بولغۇچى، گۇۋاھ بولغۇچى) دېگەن مەنىدە بولۇپ، جەننەتتە ھازىر بولغۇچى دېگەنلىكتۇر» دەيدۇ. قۇرتۇبى: «مانا مۇشۇ توغرا قاراشتۇر» دەيدۇ.[2]

ئىبنى فارىس ئۆزىنىڭ «مقاييس اللغة» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى <شەھىد> دەپ ئاتىلىدۇ. سەۋەبى، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا گۇۋاھچى بولىدۇ ۋە ياكى ئۇ الله تائالا ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلغان: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَىٰ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُم بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ﴾ <شۈبھىسىزكى، الله مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى، ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە

---

[1] سۈرە نىسا 69 ـ ئايەت.

[2] قۇرتۇبىنىڭ «التذكرة» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 200 ـ بەت.

ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ)>[1] دېگەن بەيئەتكە ۋاپا قىلىشنى ئۆزىگە لازىم تۇتۇپ، الله ئەززە ۋە جەللە ئۇچۇن ئۆز نەپسىگە قارشى تۇردى. ھەقىقىي شەھىدنىڭ شاھادىتى بەندىنىڭ گۇۋاھلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۇچۇن، الله ئۇنى <شەھىد> دەپ ئاتىغان»[2].

ئىبنى ئەنبارى مۇنداق دەيدۇ: «الله ۋە پەرىشتىلەر ئۇنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغانلىقى ئۇچۇن <شەھىد> دەپ ئاتالدى. بەزىلەر: <ئۇنىڭ روھى چىققان چاغدا الله تەييارلىغان ساۋاب ۋە كارامەتلەرنى كۆرگەنلىكى ئۇچۇن شۇنداق ئاتالدى> دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: <قان ئۇنىڭ شەھىد بولغانلىقىغا گۇۋاھ بولغانلىقى ئۇچۇن شۇنداق ئاتالدى> دەيدۇ»[3].

الله شەھىدلەرگە كاتتا نېئمەتلەرنى ئېھسان قىلدى ھەمدە ئۇلارغا پەقەت شەھىدلەرگىلا بېرىلىدىغان ئۇلۇغ نېئمەتلەرنى خاس قىلىپ بەردى. بۇ نېئمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەۋزەلى بولسا، ئۇلار الله ھوزۇرىدا تىرىك بولۇپ، الله ئۇلارنى جەننەتتىن خالىغىنىچە رىزىقلاندۇرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَقُولُوا لِمَنْ يُقْتَلُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتٌ بَلْ أَحْيَاءٌ وَلَكِنْ لَا تَشْعُرُونَ﴾ «الله نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى (يەنى شەھىدلەرنى) ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر لېكىن سىلەر بۇنى سەزمەيسىلەر».[4] الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ ۞ فَرِحِينَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ وَيَسْتَبْشِرُونَ بِالَّذِينَ لَمْ يَلْحَقُوا بِهِمْ مِنْ خَلْفِهِمْ أَلَّا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ۞ يَسْتَبْشِرُونَ بِنِعْمَةٍ مِنَ اللَّهِ وَفَضْلٍ وَأَنَّ اللَّهَ لَا يُضِيعُ أَجْرَ الْمُؤْمِنِينَ ۞﴾ «الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ) [169]. ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شەھىد بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ [170]. ئۇلار الله تەرىپىدىن

---

[1] سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] «مقاييس اللغة» 3 ـ توم 221 ـ بەت.

[3] «ترتيب القاموس المحيط للفائدة» 2 ـ توم 768 ـ بەت.

[4] سۈرە بەقەرە 154 ـ ئايەت.

بېرىلگەن نېئمەت ۋە پەزلىنى، مۇئمىنلەرنىڭ ئەجرىنى الله نىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ [171]».①

209. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «شەھىدلەر جەننەتلەرنىڭ دەرۋازىلىرى يېنىدىكى ئۆستەڭلەرنىڭ بويىغا جايلاشقان يېشىل گۈمبەزلەردە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ رىزىقلىرى ئەتىگەن ۋە كەچلەردە جەننەتتىن كېلىپ تۇرىدۇ».②

210. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مېنى كۆرۈپ:

— ئى جابىر، غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! دادام شەھىد بولۇپ، ماڭا (ئۇنىڭدىن) بىر قانچە بالا ۋە قەرز قېلىپ قالدى، — دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ساڭا داداڭنىڭ الله ھۇزۇرىدىكى دەرىجىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى. مەن:

— ھەئە، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى:

— الله ھېچكىشىگە ئارىدا پەردە بولماي تۇرۇپ گەپ قىلىپ باقمىغانىدى ئەمما داداڭنى تىرىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە تۇرۇپ: «ئى بەندەم! مەندىن نېمە تىلىسەڭ شۇنى بېرىمەن» دېدى. داداڭ: «ئى رەببىم! مېنى قايتا تىرىلدۈرسەڭ، سېنىڭ يولۇڭدا قايتا شەھىد بولسام» دېگەنىدى، الله : «مېنىڭ (ئىنسانلارنى) قايتا تىرىلدۈرمەسلىك (ھەققىدىكى) ھۆكۈمۈم بېكىتىلىپ بولدى» دېدى.③

ئالىملار شەھىدلەرنىڭ ھايات ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەرخىل قاراشتا بولدى:

قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپچىلىك ئالىملار: <الله تائالا خەۋەر بەرگىنىدەك، شەھىدلەرنىڭ ھاياتلىقى ھەقىقەتتۇر، ئۇلار جەننەتتە رىزىقلىنىپ تۇرىدۇ> دېگەن. يەنە بەزىلەر: <شەھىدلەر گەرچە بۇ دۇنيادىن كەتكەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلار جەننەتتە رىزىقلىنىپ، ھەتتا مەڭگۈ ھايات ئاتا قىلىنغاندەك باشقا كىشىلەردىن ئەۋزەل قىلىنغان> دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: <شەھىدلەرنىڭ روھلىرى قەبرىلىرىدە

① سۈرە ئال ئىمران 169 ـ ئايەتتىن 171 ـ ئايەتكىچە.
② ئەھمەد، تەبەرى، تەبرانى، ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم توپلىغان: ئەلبانى ۋە ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.
③ تىرمىزى، ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى ۋە ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

ئۇلارنىڭ جەسەدلىرىگە قايتۇرۇلۇپ، ئۇلار قەبرىدە نېئمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ تۇرىدۇ> دېدى. مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: <شەھىدلەر گەرچە جەننەتتە بولمىسىمۇ ئەمما جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن رىزىقلىنىپ، خۇشبۇي ھىدىنى پۇرايدۇ>. ئەڭ توغرىسى، شەھىدلەرنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشنىڭ پوكىنىدا بولىدۇ، ئۇلار جەننەتتە رىزىقلىنىدۇ، نېئمەتلىنىدۇ ۋە يەپ-ئىچىدۇ. ئىلگىرىكى ئايەت-ھەدىسلەر بۇنىڭغا دەلىلدۇر»[1].

شەھىدلەرنىڭ الله نىڭ دەرگاھىدىكى دەرىجىسى بىرخىل بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ دەرىجىسى ئىخلاسىنىڭ دەرىجىسى بويىچە پەرقلىق بولىدۇ. بەزى شەھىدلەرنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشنىڭ پوكىنىدا بولۇپ، جەننەتتە خالىغانچە ھوزۇرلىنىپ، ئاندىن ئەرشنىڭ سايىسىگە ئېسىلغان قونداقلارغا ئورۇنلىشىدۇ؛ شەھىدلەردىن جەننەت ئىشىكىنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭلەرنىڭ يېنىدا بولىدىغانلىرى بار، ئۇلارنىڭ رىزىقلىرى ئەتىگەن ۋە كەچلەردە جەننەتتىن كېلىپ تۇرىدۇ؛ شەھىدلەر ئارىسىدا پەرىشتىلەر بىلەن بىللە جەننەتتە خالىغانچە ئۇچۇپ يۈرىدىغانلىرى بار؛ شەھىدلەرنىڭ ئىچىدە يەنە جەننەتتىكى ئائىلىسىدە بولىدىغانلىرى ھەم بار. شۈبھىسىزكى، زېمىن شەھىدلەرنىڭ جەسەدلىرىنى يېمەيدۇ.

ئىمام مالىك ۋە ئىبنى سەئىد ئىككىسى ئابدۇراھمان ئەبۇ سەئسەئەدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەمىر ئىبنى جەمۇھ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئۇھۇد كۈنى شەھىد بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئىككىسىنى بىر قەبرىگە قويغان ئىدى. مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە كەلكۈن كېلىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئېقىتىپ كەتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورنىنى يۆتكەش ئۈچۈن قەبرىلىرىنى كولىغاندۇق، قارىساق خۇددى تۈنۈگۈن ۋاپات بولغاندەك ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەن ئىدى. ئىككىيلەننىڭ بىرى قولىنى جاراھەتلەنگەن ئورۇنغا قويغان ھالەتتە جان ئۈزگەن بولۇپ، كۆمگەندە ئۇنىڭ قولىنى يۆتكەپ قويساق، كېيىن يەنە ئەسلىدىكىدەك ھالەتكە قايتىپ قالغان ئىدى ۋە شۇ ھالەتتە دەپنە قىلىنغان ئىدى. ئۇھۇد كۈنى بىلەن قەبرە كولانغان ۋاقىت ئارىسىدا 46 يىل ئۆتكەن ئىدى»[2].

---

[1] «تفسير القرطبي» 4- توم 269-، 270- بەتلەر.

[2] ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ناملىق كىتابى 2- توم 470- بەت.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇھۇدتا سۇ قۇدۇقى قازماقچى بولۇپ: «كىمنىڭ بۇ يەردە شەھىد قىلىنغان ئادەملىرى بولسا كېلىپ باشقا يەرگە يۆتكىۋالسۇن» دېدى. كىشىلەر ئۇلارنى كولىغاندا، ئۇلار تېخى بەدىنى قاتمىغان، يۇمشاق ھالدا چىقتى. ھەتتا ئۇلاردىن بىرەيلەننىڭ پۇتىغا كەتمەن تېگىپ كەتكەنىدى، قان ئېتىلىپ چىقتى.[1]

قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيدۇ: تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسىدىن بىرەيلەن چۈشىدە تەلھەنى كۆردى. تەلھە ئۇنىڭغا: «سىلەر مېنى كۆمگەن جايدىكى سۇ ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزدى، مېنى ئۇ يەردىن يۆتكىۋېتىڭلار!» دېدى. ئۇلار ئۇنى قەبرىسىدىن چىقارغاندا ئۇنىڭ جەسىدىنىڭ ساقلىدىن باشقا ھېچبىر يېرى ئۆزگەرمىگەن ئىدى.[2]

سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇجاھىدلار بىلەن يەمامە جېڭىگە قاتناشتى. ئۇ جەڭ قىلىپ اللە قا شەھىدلىك ھالىتىدە ئۇچراشتى. جەڭدە ئۇ ئېسىل بىر ساۋۇت كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇ شەھىد بولغاندىن كېيىن بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ساۋۇتىنى ئېلىۋالدى.

مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى چۈشىدە سابىتنى كۆردى. سابىت ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ‹مەن ساڭا بىر ۋەسىيەت قالدۇرىمەن، بۇ ۋەسىيەتنى چۈش دەپ زايە قىلىۋەتمىگىن! مەن تۈنۈگۈن ئۆلتۈرۈلگەندە مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى مېنىڭ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ساۋۇتۇمنى ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ ئورنى كىشىلەرنىڭ ئەڭ چېتىدە. ئۇنىڭ چېدىرىنىڭ قېشىدا ئۇزۇن ئارغامچىغا باغلانغان ئات ئوتلاۋاتىدۇ. ئۇ، ساۋۇتقا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۆگىنىڭ توقۇمىنى قويۇپ قويدى. سەن خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقىن، ئادەم ئەۋەتىپ ساۋۇتنى قايتۇرۇپ كەلسۇن. ئاندىن مەدىنىگە بېرىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خەلىپىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا مېنىڭ شۇنداق-شۇنداق قەرزىم بارلىقىنى ۋە پالانى قۇلۇمنىڭ ئازات قىلىنغانلىقىنى ئېيتقىن. ئېيتقانلىرىمنى چۈش دەپ بىپەرۋالىق قىلمىغىن!›

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەكنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1- توم 84- بەت. ئابدۇراززاقنىڭ «مصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 277- بەت.

[2] ئابدۇراززاقنىڭ «مصنف» ناملىق كىتابى 5- توم 277- بەت.

ئەتىسى ھېلىقى كىشى خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى خەۋەر قىلدى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساۋۇتقا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئەكەلدۈردى، ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى يەتكۈزدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرا كۆرۈپ ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلدى.

بىز سابىت ئىبنى قەيستىن باشقا ۋاپاتىدىن كېيىن ۋەسىيىتى ئورۇندالغان بىرەر كىشىنى بىلمەيمىز». ①

شەھىد ھۆكۈمدە ھايات ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن، تىرىكلەرگە ئوخشاش ئۇنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ. شەھىدلەرنى يۇيۇش مەسىلىسىدە ئالىملار ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي، ئەبۇ ھەنىفە ۋە سەۋرىيلەر: «شەھىدلەر يۇيۇلمايدۇ» دەپ قارىدى.

211. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئۇھۇد شەھىدلىرىنى ئۆز قانلىرى بىلەن دەپنە قىلىشقا بۇيرۇدى، ئۇلارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمىدى، يۇيۇلمىدى». ②

ئۇلارنىڭ يۇيۇلماسلىقىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ قانلىرى قىيامەت كۈنى رەڭگى قانىنىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ.

ھەسەن ۋە ئىبنى مۇسەييەب: «شەھىدلەر يۇيۇلىدۇ» دەيدۇ لېكىن ئەڭ كۈچلۈك قاراش بولسا، كۆپچىلىك ئالىملار بىرلىككە كەلگەن ئەۋۋەلقى «شەھىدلەر يۇيۇلمايدۇ بەلكى قانلىرى بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ» دېگەن قاراشتۇر.

ئالىملار شەھىدلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش مەسىلىسىدە ھەم ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەدلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇھۇد شەھىدلىرىگە ناماز ئوقۇمىغانلىق توغرىسىدىكى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىنى دەلىل كەلتۈرۈپ: «شەھىدلەرگە ناماز ئوقۇلمايدۇ» دەپ قارىدى. كۇفە، بەسرە ۋە شام ئالىملىرى بولسا ئۇلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشنى توغرا كۆردى. ئەۋۋەلقى قاراش كۈچلۈك بولۇپ، شەھىدلەر يۇيۇلمايدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ قان كىيىملىرى بىلەن كېپەنلىنىدۇ، نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ.

يۇقىرىقى ھۆكۈم جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ھەققىدە بولۇپ ئەمما جەڭ

① ھاكىم ۋە ھەيسەمى توپلىغان.

② بۇخارى توپلىغان.

مەيدانىدا جاراھەتلىنىپ، ئۇنى باشقا ئورۇنغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ داۋالىغان ھەمدە ئۇ يەپ ـ ئىچكەن بولۇپ، كېيىن ئاشۇ جاراھەت سەۋەبلىك ئۆلگەن بولسا يۇيۇلىدۇ، نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ﷺ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەنجەر سانجىلغان سەۋەبلىك كېيىن شەھىد بولغان بولسىمۇ، ساھابىلار ئۇنى يۇغان ۋە نامىزىنى چۈشۈرگەن.

## شەھىدلەرنىڭ پەزىلىتى

شەھىدلەر ئۈچۈن الله نىڭ دەرگاھىدا نۇرغۇن پەزىلەتلەر بار، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە بۇ ھەقتە خەۋەر بەرگەن.

بىرىنچى، ھەرقانداق كىشى جەننەتكە كىرگەندىن كېيىن، گەرچە ئۇنىڭغا دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر بېرىلسىمۇ جەننەتتىن چىقىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ ئەمما پەقەت شەھىد ئۇنداق ئەمەس چۈنكى ئۇ شاھادەتنىڭ پەزىلىتى ۋە كارامىتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ دۇنياغا قايتۇرۇلۇپ، يەنە بىرنەچچە قېتىم الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

212. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدتىن باشقا جەننەتكە كىرگەن ھەرقانداق كىشى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغان تەقدىردىمۇ بۇ دۇنياغا قايتىشنى خالىمايدۇ. پەقەت شەھىدلا ئۆزىگە قىلىنغان مەرھەمەتنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن دۇنياغا قايتىپ يەنە ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ».[1]

ئىمام مۇسلىم توپلىغان يەنە بىر ھەدىستە: «شەھىدلىكنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن» دېيىلگەن.

213. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، الله ئۇنىڭغا: ‹ئى ئادەم بالىسى! ئورنۇڭ قانداقراق ئىكەن؟› دەيدۇ، ئۇ: ‹ئى رەببىم! ئورنۇم بەك ياخشى ئىكەن› دەيدۇ. الله : ‹مەندىن سورىغىن ۋە ئارزۇ قىلغىن!› دەيدۇ، ئۇ كىشى: ‹مېنى دۇنياغا قايتۇرۇشۇڭنى ۋە سېنىڭ يولۇڭدا ئون قېتىملاپ ئۆلتۈرۈلۈشۈمنى سورايمەن!› دەيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ شاھادەتنىڭ پەزىلىتىنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كۆرگەنلىكى ئۈچۈندۇر». ①

214. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن الله يولىدا ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە (تىرىلدۈرۈلۈپ) ئۇرۇشقا چىقسام ۋە ئۆلتۈرۈلسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن». ②

215. ئىبنى ئەبۇ ئۇمەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدتىن باشقا، رەببى قەبزى روھ قىلغاندىن كېيىن دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارچە نەرسىلەر بېرىلسىمۇ لېكىن سىلەر تەرەپكە قايتىپ كېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان يوق». ③

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشۈم مەن ئۈچۈن پۈتكۈل چۆل ـ جەزىرە ۋە شەھەر ـ يېزا ئەھلىنىڭ مېنىڭ بولۇشىدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر». ④

ئىككىنچى، الله يولىدىكى شەھىدلىك — الله بىلەن بەندە ئارىسىدىكى گۇناھلارنى يوققا چىقىرىدۇ.

216. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ (ساھابىلەرگە) خۇتبە ئوقۇپ، الله يولىدىكى جىھاد بىلەن الله قا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانىدى، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم بارلىق گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىگە: «ھەئە، سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا كەينىڭگە قاچماي الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «قانداق دېدىڭ؟» دېدى. ھېلىقى كىشى (سۆزىنى تەكرارلاپ): «مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ماڭا ئېيتىپ بەرگىن» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «ھەئە، سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا كەينىڭگە قاچماي الله يولىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ قەرزىڭدىن باشقا گۇناھلىرىڭ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھازىر ماڭا شۇنداق

① ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
④ نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دېدى» .[1]

بۇ ھەدىستە ئېيتىلغان «قەرز» بولسا ئوغرىلاش، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى ناھەق ئېلىۋېلىش، ئۆلتۈرۈش، جاراھەتلەندۈرۈش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش ۋە مەسخىرە قىلىش... قاتارلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى بارلىق ھەقلەرنى كۆرسىتىدۇ.

217. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدنىڭ قەرزدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ» .[2]

مۇسلىم توپلىغان يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللہ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش قەرزدىن باشقا بارلىق گۇناھلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ» .

قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «قەرز قەرزدارنى جەننەتتىن توسۇپ قويىدۇ، اللہ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر. يەنى ئۇ شەھىد بولۇشتىن ئىلگىرى پۇلى بار تۇرۇپ ئىگىسىگە بېرىشنى ۋەسىيەت قىلمىغان ياكى قايتۇرۇشقا قادىر تۇرۇقلۇق بەرمەي كەينىگە سوزغان ۋە ياكى گۇناھ ـ مەئسىيەت ۋە ئىسراپخورلۇق يوللىرىغا سەرپ قىلىپ، تەلەپ قىلىپ ئالغان قەرزنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ۋاپا قىلمىغان قەرزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمما، كەمبەغەللىك ۋە قىيىنچىلىقتا ئوخشاش ھەقىقىي زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن قەرز ئېلىپ، ئاندىن قولى قىسقا بولغانلىقتىن ئۇنى قايتۇرۇشقا كۈچى يەتمىسە شۇنداقلا ئۇنى قايتۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەن ھالدا شەھىد بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ شەھىدلىك ھالىتىدە جان ئۈزگەن بولىدۇ، اللہ ئۇنى جەننەتتىن توسۇپ قويمايدۇ» .[3]

ئەسلىدە، قەرزنى قايتۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەن قەرزدارنىڭ قەرزىنى سۇلتان سەدىقىلەردىن ياكى قەرزدارنىڭ نېسىۋىسىدىن ۋە ياكى پەيئى مالدىن[4] قايتۇرىدۇ. بۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنۇ ھەدىسى دەلىلدۇر:

218. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] «تفسير القرطبي» 4 ـ توم 274 ـ بەت.
[4] پەيئى مال — كاپىرلار ئۇرۇش قىلماستىن تاشلاپ كەتكەن مال.

مۇنداق دېگەن: «مەن مۇئمىنلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىگىدارچىلىق قىلىشتا بارلىق ئىنسانلاردىن ھەقلىقمەن. ئەگەر خالىساڭلار الله تائالانىڭ: ﴿النَّبِيُّ أَوْلَىٰ بِالْمُؤْمِنِينَ مِنْ أَنفُسِهِمْ﴾ <پەيغەمبەر مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ چارىدۇر>[1] دېگەن ئايىتىنى ئوقۇڭلار. قايسىبىر مۇئمىن پۇل ـ مال قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن (مىراسخور بولۇشقا تېگىشلىك) كىشىلەر ئالسۇن؛ كىمكى قەرز ياكى يېتىم ـ يېسىر قالدۇرۇپ كەتسە، مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن، مەن ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىمەن».[2]

ئەگەر سۇلتان ھەم ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلمىسا، دەۋا قىلغۇچىنى الله ئۆزى رازى قىلىدۇ.

219. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى كىشىلەرنىڭ مېلىنى قايتۇرۇپ بېرىش نىيىتى بىلەن قەرز ئالسا، الله ئۇنىڭغا قەرزنى قايتۇرۇشنى مۇيەسسەر قىلىدۇ؛ كىمكى ئۇلارنىڭ مېلىنى زىيانغا ئۇچرىتىش نىيىتى بىلەن قەرز ئالسا، الله ئۇنىڭ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ».[3]

ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (يەنى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسى)نىڭ ئۇھۇد كۈنى شەھىد بولغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىس — تۆلەش ۋاجىب بولغان قەرزگە قەرزدار بولغان شەھىدنى الله جەننەتتىن توسۇپ قويمايدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەرزدار ھالىتىدە شەھىد بولدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئوغلى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسىنىڭ قەرزى ئۈچۈن غەمكىن بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، الله تائالا ئۇنىڭ دادىسىغا يۈزمۇيۈز سۆز قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەگەر ئۇ جەننەت ئىشىكىنىڭ ئالدىدا توختىتىلىپ قويۇلغان بولسا، بۇ بۈيۈك مەرتىۋىگە ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

ئۈچىنچى، پەرىشتىلەر شەھىدگە ئۆز قاناتلىرى بىلەن سايە تاشلايدۇ.

220. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (ئۇھۇد غازىتى

---

[1] سۈرە ئەھزاب 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] بۇخارى توپلىغان.

كۇنى) دادام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى، ئۇ مۇسلى[①] قىلىۋېتىلگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىش ئۈچۈن ماڭسام كىشىلەر مېنى توسۇۋالدى. شۇ ۋاقىتتا بىرىنىڭ ئاھ ئۇرۇپ (يىغلىغان) ئاۋازى ئاڭلاندى، كىشىلەر ئۇنى «ئەمرىنىڭ قىزى ياكى سىڭلىسى» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «نېمىگە يىغلايسىز؟ (ياكى <يىغلىماڭ!> دېدى) پەرىشتىلەر تېخىچە ئۇنىڭغا قاناتلىرى بىلەن سايە تاشلاپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېدى.[②]

تۆتىنچى، الله يولىدا ئېرىشكەن خالىس شاھادەت — جەننەتكە كىرىشنى قەتئىي ۋاجىب قىلىدۇ.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى»[③].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَلَنْ يُضِلَّ أَعْمَالَهُمْ ۞ سَيَهْدِيهِمْ وَيُصْلِحُ بَالَهُمْ ۞ وَيُدْخِلُهُمُ الْجَنَّةَ عَرَّفَهَا لَهُمْ ۞﴾ «الله نىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شەھىدلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋەتمەيدۇ [4]. الله ئۇلارنى ھىدايەت قىلىدۇ ۋە ھالىنى ياخشىلايدۇ [5]. الله ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، الله ئۇنى ئۇلارغا تونۇتتى (يەنى جەننەتكە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ يەردىكى جايىنى ئىلگىرى كۆرگەندەكلا بىلىدۇ) [6]»[④].

221. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن كېچىدە ئىككى ئادەمنى كۆردۈم، ئۇ ئىككىيلەن مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مېنى دەرەخكە ئۆرلەتتى، ئاندىن تولىمۇ گۈزەل ۋە ھەشەمەتلىك بىر ھويلىغا ئېلىپ كىردى، مەن ئۇنىڭدەك گۈزەل ۋە ھەشەمەتلىك ھويلىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئۇ ئىككىيلەن ماڭا: <بۇ شەھىدلەرنىڭ ھويلىسى> دېدى».[⑤]

222. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ

---

[①] مۇسلى قىلىش — بۇرۇن، قۇلاق ۋە بېشىنى كېسىش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق جەسەتلىرىنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشتۇر.

[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[③] سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[④] سۈرە مۇھەممەد 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 5 ـ ، 6 ـ ئايەتلەر.

[⑤] بۇخارى توپلىغان.

مۇنداق دېگەن: «بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، ھەر ئىككىلىسى جەننەتكە كىرگەن ئىككى ئادەمگە الله كۈلىدۇ» دېدى. ساھابىلار: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قانداقسىگە شۇنداق بولىدۇ؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۆلاردىن ئۆلتۈرۈلگىنى جەننەتكە كىرىدۇ، ئاندىن الله قاتىلغا تەۋبە ئاتا قىلىپ، ئۇنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىدۇ-دە، ئۇمۇ الله يولىدا جىهاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ» دېدى.[1]

223. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھارىسە ئىبنى سۇراقىنىڭ ئانىسى (ئۇممۇ رەبىئ بىنتى بەرائ) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئوغلۇم ھارىسەنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ، ئۇ بەدر كۈنى غايىبتىن تەگكەن ئوق سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولسا سەۋر قىلىمەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قاتتىق يىغلايمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى ئۇممۇ ھارىسە! ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ھەرخىل دەرىجىلىرى بار. شۈبھىسىزكى، ئوغلىڭىز جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى بولغان فىردەۋس جەننىتىگە ئېرىشتى» دېدى.[2]

ھەدىسنىڭ يەنە بىر نەقىلىدە مۇنداق كەلگەن: «ئەقلىڭىزنى يوقاتتىڭىزمۇ، جەننەت بىرمۇ!؟ شۈبھىسىزكى، جەننەت كۆپتۇر، ھارىسە ئالىي فىردەۋستە».[3]

بەشىنچى، شەھىدلەر الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەندە الله ئۇلارنىڭ روھلىرىنى جەننەتتىكى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكىنىدا قىلىدۇ.

224. مەسرۇق مۇنداق دەيدۇ: بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ﴾ «الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن-ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)»[4] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورىغانىدۇق، ئۇ مۇنداق دېدى: بىزمۇ بۇ ئايەت ھەققىدە (رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن) سورىغانىدۇق، (رەسۇلۇللاھ ﷺ) مۇنداق دېگەن:

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.
[3] بۇخارى توپلىغان.
[4] سۈرە ئال ئىمران 169- ئايەت.

«ئۇلارنىڭ جانلىرى يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىدا بولىدۇ، ئۇ قۇشلارنىڭ قونداقلىرى ئەرشكە ئېسىلغاندۇر. ئۇ جەننەتتە خالىغان يەرلەرگە ئۇچۇپ بېرىپ، يەنە شۇ قونداقلارغا قايتىپ كېلىدۇ. ئاندىن شەھىدلەرنىڭ رەببى ئۇلارغا قاراپ: <بىرەر نەرسىنى ئارزۇ قىلامسىلەر؟> دەيدۇ. شەھىدلەر: <بىز جەننەتتىن خالىغان جايغا بارالايدىغان تۇرساق، يەنە نېمىنى ئارزۇ قىلاتتۇق!؟> دەيدۇ. الله تائالا بۇ سوئالنى ئۈچ قېتىم سورايدۇ. ئۇلار (بىرەر نەرسە) سورىمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ: <ئى رەببىمىز! جانلىرىمىزنى تەنلىرىمىزگە قايتۇرساڭ، سېنىڭ يولۇڭدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلسەك> دەيدۇ. الله تائالا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىدۇ».[1]

225. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىد بولغان قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ جانلىرىنى الله تائالا يېشىل قۇشلارنىڭ پوكانلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ قۇشلار جەننەت ئۆستەڭلىرىنىڭ بويىغا بېرىپ جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن يەيدۇ ۋە ئەرشنىڭ سايىسىگە ئېسىلغان ئالتۇن قونداقلاردىن جاي تۇتىدۇ. ئۇ شەھىدلەر ئەڭ مېزىلىك يېمەكلىكلەرنى يەپ، ئەڭ تاتلىق ئىچىملىكلەرنى ئىچىپ، ئەڭ گۈزەل جايلاردا دەم ئالغاندىن كېيىن: <بىزنىڭ جەننەتتە تىرىك ئىكەنلىكىمىزنى، رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى بىزدىن كېيىنكى قېرىنداشلىرىمىزغا كىم يەتكۈزىدۇ؟ (كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى) جىھادتىن قاچماس ۋە ئۇرۇشتىن چېكىنمەس ئىدى> دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: <بۇنى سىلەرگە ۋاكالىتەن مەن يەتكۈزەي> دېدى ۋە: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ﴾ <الله نىڭ يولىدا شەھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن-ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ)>[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى».[3]

226. كەئب ئىبنى مالىك ﷺ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «شەھىدلەرنىڭ جانلىرى يېشىل قۇشنىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە ئال ئىمران 169ـ ئايەت.

[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

پوكانلىرىدا جەننەت مېۋىلىرىدىن يەيدۇ».[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە الله تائالا شەھىدلەرنىڭ روھلىرىنى يېشىل قۇشنىڭ پوكانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. شەھىدلەرنىڭ روھلىرى يېشىل قۇشقا ئورۇنلىشىشىنىڭ ھېكمىتى بولسا، ئۇلار الله نىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى تىلەش ئۈچۈن الله يولىدا جىھاد قىلغانلىقى، ئەرزىمەس جانلىرىدىن الله ئۈچۈن كەچكەنلىكى ۋە الله نىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن پىدا قىلغانلىقى، ئاغرىق-سىلاق ۋە ئېغىر جاپا-مۇشەققەتلەرگە ئاتىغانلىقى ھەمدە قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغانلىقى ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن الله ئۇلارنىڭ جەسەدلىرىنى ئېسىل بەدەنلەرگە ئالماشتۇرۇپ، مەڭگۈلۈك نېئمەت دىيارىدا يەپ-ئىچىدىغان ۋە جەننەتتە خالىغانچە سەيلە-ساياھەت قىلىدىغان نېئمەتلەرگە ئېرىشتۈردى.

قۇشنىڭ يېشىل رەڭگە تاللىنىشى ۋە ئەرشنىڭ سايىسىدا ئېسىلغان قونداقلاردا بولۇشىدىكى ھېكمەت بولسا، رەڭلەرنىڭ ئەڭ چىرايلىقى يېشىل رەڭدۇر، سۈزۈك قاتتىق جىسىملارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى ئەينەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله شەھىدلەرنىڭ روھلىرىنى ئەڭ ئېسىل تەنلىك قۇشنىڭ جىسمىدا قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ كۆركەم رەڭ بولغان يېشىل رەڭنى تاللىدى. بۇ يېشىل قۇشنى قاتتىق جىسىملارنىڭ ئەڭ چىرايلىقى بولغان نۇرانە ۋە خۇرسەن قىلارلىق ئەرشنىڭ سايىسىدىكى قونداقلارغا ئورۇنلىشىشى بولسا، كەرەملىك رەببىنىڭ ھۇزۇرىدىكى نېئمەتلەر لەززىتىنىڭ ئۇلارغا مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈندۇر. بۇ پەزىلەت پەقەت شەھىدلەرگىلا خاس بولماستىن بەلكى بارچە سالىھ مۇئمىنلەرگە ھەم بېرىلىدۇ.

227. كەئب ئىبنى مالىك ﷺ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنىنىڭ جېنى تاكى الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى جەسىتىگە قايتۇرغۇچە جەننەتنىڭ دەرىخىگە قونۇپ يۈرىدىغان قۇشتۇر».[2]

دېمەك، شەھىدنىڭ روھى بىلەن شەھىد بولمىغان مۇئمىنىنىڭ روھى ئارىسىدىكى پەرق بولسا، شەھىدنىڭ روھى — يېشىل قۇشنىڭ پوكىنىدا گوياكى قۇشنى مىنىپ ئۇچقاندەك بولىدۇ ئەمما مۇئمىنىنىڭ روھى بولسا گويا ئۆزى ئۇچۇپ

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد، نەسائى ۋە توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

كېتىۋاتقان قۇشنىڭ شەكلىدە بولىدۇ.

ئالتىنچى، شەھىدلەر قەبرە پىتنىسىگە[1] ئۇچرىمايدۇ ھەمدە سۇر چېلىنغاندا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. الله يولىدا جىھادنى كۈتۈپ رىباتتا تۇرغۇچى قەبرە پىتنىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق دەلىل كەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن شەھىد پەزىلەت جەھەتتە مۇرابىتتىن ئەۋزەلدۇر. شەھىد قەبرە پىتنىسىگە ئۇچرىمايدۇ چۈنكى ئۇنىڭ بېشىدا قىلىچلارنىڭ چاقنىشى قەبرە ئازابىغا يېتەرلىكتۇر.

قەبرە پىتنىسى پەقەت ئىنسانىنىڭ ھەقىقىي ئىمانى بىلەن سادىقلىقىنى سىناش ئۈچۈندۇر. كىمكى جەڭگە چىقىپ چېپىلىۋاتقان پارقىراق قىلىچلارنى، تۆكۈلگەن چىشلارنى، ئېتىلىۋاتقان ۋە تېشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئوقىيالارنى، كېسىلگەن باشلارنى، ئېقىۋاتقان قانلارنى، پارە-پارە بولغان جەسەدلەرنى، جاراھەتتە جان تالىشىپ ئىڭراپ ياتقان كىشىلەرنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ جەڭدىن قاچماي ۋە چېكىنمەي مۇستەھكەم تۇرسا، بۇ ئۇنىڭ اللهقا ئىشىنىش ۋە جەننەت-دوزاخلىرنى تەستىقلاشتىكى سادىقلىقىنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى بولۇپ، بۇنداق كىشىنىڭ ئۆز جېنىنى الله ئۈچۈن پىدا قىلىشىدا ھېچ شەك يوق. مانا شۇنىڭ ئۆزى ئۇ كىشىنىڭ ئىمانىنى سىناشقا، تەكشۈرۈشكە ۋە پىتنىگە كۇپايىدۇر چۈنكى ئەگەر ئۇنىڭدا الله نىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپات-جازاغا نىسبەتەن شەك ياكى گۇمان بولغان بولسا دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىپ قاچقان ھەمدە مۇستەھكەم تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۆزىگە ۋاجىب بولغان ئىشتىن غەپلەتتە قالغان بولاتتى. مانا بۇلار شەھىد ئۈچۈن ئىككى پەرىشتىنىڭ سوئالىغا يېتەرلىكتۇر.

سۇر چېلىنغاندا شەھىد ئۆلمەيدۇ.

228. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن: ﴿وَنُفِخَ فِي الصُّورِ فَصَعِقَ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ إِلَّا مَنْ شَاءَ اللَّهُ﴾ «سۇر چېلىنغاندا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى الله خالىغاندىن باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ»[2] دېگەن ئايەت ھەققىدە سوراپ: «الله ئۆلۈشىنى خالىمىغان كىشىلەر كىملەر؟» دېگەنىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار الله نىڭ شەھىد بەندىلىرى» دېدى.[3]

---

[1] قەبرە پىتنىسى دېگىنىمىز، مۇنكىر-نەكىرنىڭ قەبرىدىكى بەندىدىن رەببى، دىنى ۋە پەيغەمبىرى ھەققىدە سورىشىدۇر — تەرجىماندىن.

[2] سۇرە زۇمەر 68- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

يەتتىنچى، شەھىد ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىدۇ، قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ چوڭ قورقۇنچتىن خاتىرجەم بولىدۇ، تۇنجى قېنى تۆكۈلۈش بىلەن بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.

229. نىمران ئىبنى ئۇتبە مۇنداق دەيدۇ: بىز يېتىملىك ۋاقتىلىرىمىزدا ئۇممۇ دەرداننىڭ قېشىغا كىرگەنىدۇق، ئۇ: «خۇش بېشارەت (ئى باللار)! مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: ‹شەھىد ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى.[1]

230. ئۇبادە ئىبنى سامىت ﷺ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدلەر ئۈچۈن اللە نىڭ ھۇزۇرىدا يەتتە خىسلەت بار: تۇنجى قېنى تۆكۈلۈشى بىلەن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ؛ جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ؛ ئىمان تونى كىيدۈرۈلىدۇ؛ قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلىدۇ؛ قىيامەت كۈنىدىكى ئەڭ چوڭ قورقۇنچتىن ئەمىن بولىدۇ؛ بېشىغا بۇيۇكلۈك تاجى كىيدۈرۈلىدۇ، ئۇ تاجنىڭ بىر تال ياقۇتى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشىدۇر؛ شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەردىن 72 جۈپ قىلىپ بېرىلىدۇ؛ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن 70 ئادەمگە شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلىدۇ».[2]

231. سەھل ئىبنى ھەنىيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىدنىڭ تۇنجى تامچە قېنى تۆكۈلۈشى بىلەن ئۇنىڭ (بارلىق) گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».[3]

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: يەزىد ئىبنى شەجەرە رەھاۋى ھەمراھلىرىغا خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «ھازىر سىلەرگە دۇنيادىكى بارچە نەرسىلەر يۈزلىنىپ تۇرۇپتۇ. سىلەر ئالغا ئىلگىرىلەپ دۈشمەنگە ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ئاسمان ئىشىكلىرى، جەننەت ۋە دوزاخ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ، ھۆر ئەينلەر زىننەتلىنىپ چىقىدۇ. كىشى قاچانكى دۈشمەنگە ئالدىنى قىلىپ ماڭسا، ھۆر ئەينلەر: ‹ئى اللە ! ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن› دەيدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئارقىغا قاچسا يۈزىنى ئېتىپ: ‹ئى اللە ! ئۇنى مەغپىرەت قىلغىن› دەيدۇ. دۈشمەنگە قاراپ ئاتلىنىڭلار! ئاتا ـ ئانام سىلەرگە پىدا بولسۇنكى، ھۆر ئەينلەرنى خىجىل قىلماڭلار! تۇنجى تامچە قاننىڭ

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد ۋە تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] بەيھەقى توپلىغان.

تۆكۈلۈشى بىلەن الله سىلەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. شەھلا كۆزلۈك ھۆردىن ئىككىسى چۈشۈپ ئۇنىڭ يۈزىدىن توپىلارنى سۈرتۈپ، ئۇنىڭغا: ‹خۇش كەلدىڭىز! بىز سىزنىڭ› دەيدۇ، شەھىدمۇ: ‹خۇش كەلدىڭلار! مەنمۇ سىلەرنىڭ› دەيدۇ».[①]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر بەندە الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ زېمىنغا تۇنجى تامچە قېنى تۆكۈلۈشى بىلەن الله ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ».[②]

سەككىزىنچى، الله يولىدا شەھىد بولغان كىشى — نۇسرەت قازىنىپ جەڭدىن سالامەت قايتقان كىشىدىن ئەۋزەلدۇر.

232. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! جىهادنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئېتىنىڭ چېپىلىپ، قېنىنىڭ تۆكۈلگىنى» دېدى.[③]

233. ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇبشى خەسئەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن:

— قايسى ئەمەل ئەڭ ئەۋزەل؟ — دەپ سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— شەكسىز ئىمان، خىيانەتسىز جىهاد ۋە قوبۇل قىلىنغان ھەج! — دەپ جاۋاب بەردى.

— قايسى سەدىقە ئەڭ ئەۋزەل؟ — دەپ سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— تۇرمۇشى ناچار ئادەمنىڭ سەدىقىسى، — دېدى.

— قايسى ھىجرەت ئەڭ ئەۋزەل؟ — دەپ سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— الله ھارام قىلغان نەرسىنى تەرك ئېتىش، — دېدى.

— قايسى جىهاد ئەڭ ئەۋزەل؟ — دەپ سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— مۇشرىكلارغا مېلى ۋە جېنى بىلەن قىلىنغان جىهاد، — دېدى.

— قايسى ئۆلۈم ئەڭ شەرەپلىك؟ — دەپ سورالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— قېنى تۆكۈلۈپ، ئېتى چېپىلغان كىشىنىڭ ئۆلۈمى، — دېدى.[④]

---

[①] ئىبنى ئەبۇ شەيبەنىڭ «المصنف» ناملىق كىتابى 5 ـ توم 292 ـ، 293 ـ بەتلەر.

[②] تەبرانى ۋە ھەيسەمى توپلىغان، تەبرانى «سەھىھ» دېگەن.

[③] ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

[④] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

234. ئەمىر ئىبنى ئەبەسە سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى (رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن):

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئىسلام دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— قەلبىڭنىڭ اللە قا تەسلىم بولۇشى ھەمدە مۇسۇلمانلار سېنىڭ تىلىڭ ۋە قولۇڭدىن ئامان بولۇشى، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئىسلامنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئىمان، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:

— ئىمان دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— اللە قا، اللە نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىمان كەلتۈرۈشۈڭ، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئىماننىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ھىجرەت قىلىش، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:

— ھىجرەت قىلىش دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— يامانلىقتىن يىراق بولۇشۇڭ، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ھىجرەتنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— جىھاد، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى:

— جىھاد دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— كاپىرلارغا ئۇچراشقان چېغىڭدا ئۇرۇش قىلىشىڭ، — دېدى. ئۇ كىشى:

— جىھادنىڭ قايسىسى ئەۋزەل؟ — دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئېتى چېپىلىپ، ئۆزىنىڭ قانلىرى تۆكۈلگەن كىشى، — دېدى.[①]

بۇ ھەدىستە «شەھىد بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن مۇجاھىدقا قارىغاندا نۇسرەت قازىنىپ غەلىبە قىلغان مۇجاھىد ئەۋزەل» دېگەن كىشىلەرنىڭ سۆزىنىڭ باتىللىقىغا ئوچۇق دەلىل بار.

ئىبنى مۇبارەك ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەيردىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەندە چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان قۇرەيشلىكلەرنى كۆردى. ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ: «ئىچىڭلاردا ھىشام ئىبنى ئاس ئەۋزەلمۇ ياكى ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەمىرمۇ؟» دېيىشتى. ئەمىر ئىبنى ئاس ئۆز تاۋابىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قېشىغا

---

① ئەھمەد ۋە تەبرانى سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان، شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «سەھىھ» دېگەن.

كېلىپ: «مەن سىلەرنىڭ مېنى كۆرگەن چىغىڭلاردا بىرنەرسە دېگەنلىكىڭلارنى بىلدىم، نېمە دېدىڭلار؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: «بىز سەن بىلەن ھىشامنى تىلغا ئېلىپ: <ئىككىسىدىن قايسى ئەۋزەل> دېيىشتۇق» دېدى. ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي، ئىككىمىز يەرمۇك جېڭىگە قاتناشتۇق. ئاندىن الله تىن شەھىدلىكنى سوراپ ئۇخلىدۇق. ئەتىسى (جەڭدە) ئۇ شەھىدلىك نېئمىتىگە ئېرىشتى، مەن مەھرۇم قالدۇرۇلدۇم. شۇنىڭدىن سىلەرگە ئۇنىڭ مەندىن ئەۋزەل ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ» دېدى.

ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى شەھىدنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەن كىشىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

توققۇزىنچى، شەھىد ئۆلتۈرۈلگەندە پەقەت چۈمۈلە چاققانچىلىكلا ئاغرىق ھېس قىلىدۇ.

235. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەھىد ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا بىرىڭلارنى چۈمۈلە چاققانچىلىكلا ئاغرىق ھېس قىلىدۇ».[1]

ئونىنچى، شەھىدلەرگە پەرىشتىلەر جەننەتنىڭ ھەممە دەرۋازىسىدىن كىرىپ سالام قىلىدۇ.

236. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىدىغانلار پېقىر مۇھاجىرلاردۇر. ئۇلار ئارقىلىق جاپا-مۇشەققەتلەرنى يەڭگىلى بولىدۇ. ئۇلار ھەققە بۇيرۇلسا ئاڭلايدۇ ۋە ئىتائەت قىلىدۇ. گەرچە ئۇلاردىن بىرىنىڭ پادىشاھقا ھاجىتى بولسىمۇ لېكىن ھاجىتى ئورۇنلانماي كۆڭلىدە ساقلىنىپ قالغان ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاندىن الله تائالا قىيامەت كۈنى جەننەتنى چاقىرىدۇ، جەننەت ئۆزىنىڭ ئېسىل زىبۇ-زىننەتلىرى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا الله تائالا خىتاب قىلىپ: <مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن، مېنىڭ يولۇمدا ئەزىيەت چەككەن ۋە جىھاد قىلغان بەندىلىرىم قەيەردە؟ جەننەتكە كىرىڭلار!> دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار جەننەتكە ھېسابسىز ۋە ئازابسىز كىرىپ كېتىدۇ. پەرىشتىلەر كېلىپ الله قا سەجدە قىلىپ ئاندىن: <ئى رەببىمىز! بىز ساڭا كېچە-كۈندۈز تەسبىھ ئېيتىمىز ۋە سېنى بارچە ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد

[1] تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلىمىز. سەن بىزدىن ئارتۇق كۆرۈپ ھۆرمەتلىگەن ئاۋۇ كىشىلەر كىم؟> دەپ سورايدۇ. الله تائالا جاۋابەن: <ئۇلار بولسا مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەزىيەت چەككەن كىشىلەردۇر> دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەرىشتىلەر ئۇلارنى (مۇبارەكلەش ئۈچۈن جەننەتنىڭ) ھەربىر دەرۋازىسىدىن كىرىدۇ ۋە ئۇلارغا: <ئۇ دۇنيادا سەۋرنى دوست تۇتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئامانلىق بولسۇن! ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشى نېمىدېگەن ئوبدان!>[1] دەيدۇ».[2]

ئۇن بىرىنچى، الله شەھىدتىن كېيىن غەزەبلەنمەيدىغان دەرىجىدە رازى بولىدۇ.

236. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «بىزگە قۇرئان ـ سۈننەت ئۆگىتىدىغان كىشىلەرنى بىز بىلەن بىرگە قوشۇپ قويساڭ!» دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ «قارىيلار» دەپ ئاتىلىدىغان ئەنسارىيلاردىن 70 كىشىنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەرام ئىبنى مەلھانمۇ بار ئىدى. ئۇلار كېچىسى قۇرئان ئوقۇيتتى، ئۇنىڭدىن دەرس ئالاتتى ۋە ئۆگىنەتتى. كۈندۈزى مەسجىدكە سۇ توشۇيتتى، ئوتۇن كېسىپ كېلىپ سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ئەھلى سۇففە ۋە پېقىرلارغا تاماق سېتىۋالاتتى. پەيغەمبەر ﷺ مانا شۇلارنى ئۇلار بىلەن بىرگە يولغا سالدى. مەنزىلگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشىلەر قارىيلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى (يەنە بىر رىۋايەتتە، 70 قارىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەر بولسا باشقا مۇشرىكلار دەپ كەلگەن). ئۇلار: «ئى الله ! پەيغەمبىرىمىزگە بىزنىڭ ساڭا ئۇچراشقانلىقىمىزنى، بىزنىڭ سەندىن رازى بولغانلىقىمىزنى، سەنمۇ بىزدىن رازى بولغانلىقىڭنى يەتكۈزۈپ قويساڭ» دېدى. ئۇلاردىن بىرى تاغام ھەرامنىڭ كەينىدىن كېلىپ نەيزە تىقىپ، ئالدىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. ھەرام: «كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، غەلىبە قازاندىم» دەپتۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېدى: «قېرىنداشلىرىڭلار ئۆلتۈرۈلدى (شەھىد بولدى) ھەمدە: <ئى الله ! پەيغەمبىرىمىزگە بىزنىڭ ساڭا ئۇچراشقانلىقىمىزنى، بىزنىڭ سەندىن رازى بولغانلىقىمىزنى، سەنمۇ بىزدىن رازى بولغانلىقىڭنى يەتكۈزۈپ

[1] سۈرە رەئد 24 ـ ئايەت.
[2] ھاكىم، ئەھمەد ۋە بەيھەقى توپلىغان؛ ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قويساڭ> دېدى». [1]

ئون ئىككىنچى، شەھىدلىككە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ياخشى ئەمەللەرنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس بەلكى ئىرادە ۋە ئىختىيارنىڭ ئىلگىرى بولۇشى شەرت قىلىندۇ.

237. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ساۋۇت كىيگەن بىر كىشى كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاۋۋال ئۇرۇش قىلايمۇ ياكى مۇسۇلمان بولايمۇ؟» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئاۋۋال مۇسۇلمان بول، ئاندىن ئۇرۇش قىل» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى مۇسۇلمان بولدى ۋە ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ ئاز ئەمەل قىلىپ كۆپ ئەجىرگە ئېرىشتى» دېدى. [2]

238. بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ جەڭ قىلىۋاتقان ۋاقىتتا بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مۇسۇلمان بولۇشۇم مەن ئۈچۈن ياخشىمۇ؟ — دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ھەئە، — دېدى. ھېلىقى كىشى:

— گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر، سەن ھەقىقەتەن الله نىڭ ئەلچىسىدۇرسەن، — دېدى، ئاندىن:

— تاكى ئۆلتۈرۈلگىچە جەڭ قىلىشىم مەن ئۈچۈن ياخشىمۇ؟ — دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ھەئە، — دېدى. ھېلىقى كىشى:

— الله ئۈچۈن ھېچقانداق ناماز ئوقۇپ باقمىغان بولساممۇ شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىغاندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ھەئە، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى مۇشرىكلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى، مۇشرىكلارمۇ ئۇنىڭغا قارشى بىرلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئۇ ئاز ئەمەل قىلىپ كۆپ ئەجىرگە ئېرىشتى، — دېدى. [3]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] سەئىد ئىبنى مەنسۇر توپلىغان.

240. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ مەلۇم بىر غازاتتا ئىدى. مۇشرىكلاردىن بىرى مۇسۇلمانلاردىن بىرى بىلەن يەككە ئېلىشىشقا چۇشۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن مۇسۇلمانلاردىن يەنە بىرى ئۇنىڭ بىلەن مەيدانغا چۈشكەنىدى، مۇشرىك ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە: «سىلەر نېمىگە ئاساسەن ئۇرۇش قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «دىنىمىز بىزنى ئىنسانلار تاكى <بىر الله تىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر> دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىمىز. ھەتتا ئۇلار الله نىڭ بىزەر ھەققىنى ئىنكار قىلسىمۇ بىز ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز» دېدى. ئۇ مۇشرىك: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ھەقىقەتەن ياخشى دىن ئىكەن، مەن بۇ دىنغا ئىمان كەلتۈردۇم. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر الله تىن باشقا ھېچ ھەق ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئۇنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرىدۇر» دېدى. ئاندىن ئۇ مۇسۇلمانلار تەرەپكە ئۆتۈپ، مۇشرىكلارغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى. كېيىن ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىككى ھەمراھى بىرگە دەپنە قىلىندى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلار جەننەت ئەھلى ئىچىدە بىر-بىرىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلاردۇر» دېدى.[1]

يەنى، جەننەتتە ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببىتى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر چۈنكى (الله يولىدا) ئۆلتۈرۈلگۈچى بولسا ئۆزىنى ئۆلتۈرگۈچىنى «ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نېئمەتكە ئېرىششىگە سەۋەبچى بولغان» دەپ قارايدۇ.

ئون ئۈچىنچى، پەيغەمبەرلەر شەھىدلەردىن پەقەت پەيغەمبەرلىك دەرىجىسى بىلەنلا ئارتۇق بولىدۇ.

241. ئۇتبە ئىبنى ئابدۇسۇلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «(الله يولىدا) ئۆلتۈرۈلۈش ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، جېنى ۋە مېلى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغان مۇئمىن بولۇپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا تاكى ئۆلتۈرۈلگۈچە ئۇرۇش قىلىدۇ. ئەنە شۇ سىناقتىن ئۆتكەن ۋە الله نىڭ ئەرشى ئاستىدىكى جەننەتتە بولىدىغان شەھىدتۇر، پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇنىڭدىن پەقەت پەيغەمبەرلىك دەرىجىسى بىلەن ئارتۇق بولالايدۇ.

[1] تەبرانى ۋە ھەيسەمى توپلىغان. ھەيسەمى مۇنداق دېگەن: «ئىبنى مۇبارەكنىڭ بۇ ھەدىسنى مەسئۇدىيدىن ئاڭلىغانلىقى سەھىھتۇر. دېمەك، بۇ ھەدىس الله خالىسا سەھىھتۇر، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر»

يەنە بىرى، (ياخشى-يامان ئەمەللەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىدىغان ئەمما) گۇناھ-خاتالىقلىرىدىن قورققان، جېنى ۋە مېلى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغان (مۇئمىن) كىشى بولۇپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا تاكى ئۆلتۈرۈلگۈچە ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گۇناھ ۋە خاتالىقلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ چۈنكى قىلىچ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ قايسى ئىشىكلىرىدىن خالىسا شۇ ئىشىكىدىن كىرىدۇ. شۈبھىسىزكى، جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ۋە جەھەننەمنىڭ يەتتە ئىشىكى باردۇر.

يەنە بىرى، ئۆزىنىڭ جېنى ۋە مېلى بىلەن الله يولىدا جىھاد قىلغان مۇناپىق بولۇپ، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا تاكى ئۆلتۈرۈلگۈچە ئۇرۇش قىلىدۇ بىراق ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ چۈنكى قىلىچ مۇناپىقلىقنى ئۆچۈرەلمەيدۇ». ①

يەنى، الله يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش بولسا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ گۇناھلىرىنى سۇ بىلەن يۇيۇلغان قاچىدەك پاك قىلىدۇ.

## الله تائالا مۇئمىنلەر ئۈچۈن تەييارلىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر

الله تائالا مۇئمىنلەرنى جەننەتتە ھۆر ئەينەلەرگە جۈپلەپ قويىدۇ. شەھىدلەرگە بولسا تېخىمۇ كاتتا پەزىلەتلەرنى خاس قىلىپ بېرىدۇ.

ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ غېرىب بولغان كىشىگە ۋەتەن خەۋىرى ئېچىنى پۇشۇرمايدۇ، تەشنا بولۇپ تۇرغان كىشىگە ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىش زېرىكىشلىك تۇيۇلمايدۇ؛ ئەكسىچە، ۋىسالغا يېتىش دەقىقىلىرىنى ئەسلەش قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى قوزغىتىدۇ، ئۇچرىشىش مەنزىلىنى ئەسلەش ئىشتىياق ئوتىنى ياندۇرىدۇ. جەننەتنىڭ سۈپىتى، نېئمەتلىرى، قەسىرلىرى ۋە ھۆر ئەينلىرى ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئورۇنلاردا بايان قىلىنغان.

الله شەھىدلەرنى شەھلا كۆزلۈك ھۆر بىلەن جۈپلەپ قويىدۇ. گاھىدا مۇجاھىد زەخمىلىنىپ بىھوش بولۇپ يىقىلغاندا، ئۇنىڭ روھى چىقىشتىن بۇرۇن ھۆر ئەين ئۇنىڭغا كۆرۈنىدۇ؛ مانا بۇ — الله نىڭ ئۇنى شەھىدلىككە قوبۇل قىلغانلىقىغا

① ئەھمەد ۋە بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن. تەبرانى ۋە ئىبنى ھىببان باشقىچە لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلىپ «سەھىھ» دېگەن.

بېشارەتتۇر. ھۆر ئەيىن گاھىدا مۇجاھىدنىڭ چۈشىگە كىرىدۇ، بۇ — ئۇ مۇجاھىدنىڭ جىھادتىكى تىرىشچانلىقىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى دەۋەت بولۇپ قالىدۇ.

الله تائالا جەننەتتە سالىھ مۇئمىنلەر، بولۇپمۇ مۇجاھىد ۋە شەھىدلەر ئۈچۈن خاس ياراتقان ئاياللار قۇرئاندا «ھۆر ئەيىن» ئاتىلىدۇ. «الحور العين» (ھۆر ئەيىن) بىرلىك ئاتالغۇ بولۇپ، كۆپلۈكى «الحورا العيناء» (ھەۋرائۇل ئەيناۇ)دۇر. «الحورا» (ھەۋرا) — كۆز ئېقىنىڭ ئاپئاق، كۆز قارچۇغىنىڭ قاپقارا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. «العيناء» (ئەينا) بولسا ئىككى كۆزى شەھلا ۋە يوغان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

الله تائالا ھۆر ئەيىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَحُورٌ عِينٌ ۝ كَأَمْثَالِ اللُّؤْلُؤِ الْمَكْنُونِ ۝﴾ «ئۇلارغا سەدەپنىڭ ئىچىدىكى گۆھەرگە ئوخشايدىغان شەھلا كۆزلۈك ھۆرلەر بېرىلىدۇ». ①

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَأَنَّهُنَّ الْيَاقُوتُ وَالْمَرْجَانُ﴾ «گويا ئۇلار (سۈزۈكلۈكتە) ياقۇتتۇر، (ئاقلىقتا) مەرۋايىتتۇر». ②

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعِنْدَهُمْ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ عِينٌ ۝ كَأَنَّهُنَّ بَيْضٌ مَكْنُونٌ ۝﴾ «ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەرلىرىدىن غەيرىگە كۆز سالمايدىغان شەھلا كۆزلۈك (جۈپتىلەر) بولىدۇ [48]. ئۇلار (ئاقلىقتا) گويا قول تەگمەي ساقلانغان تۆگىقۇشنىڭ تۇخۇملىرىغا ئوخشايدۇ [49]». ③

جەننەتتىكى ھۆر ئەيىنلەر ھەققىدە پەيغەمبەر ﷺ دىن نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن بولۇپ، پىكىر قىلغۇچىلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ، قەلب كۆزى بىلەن قارىغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

242. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ يۈزلىرى ئايدىڭ كېچىدىكى تولۇن ئايدەك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن كىرىدىغانلارنىڭ يۈزلىرى ئاسماندىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلاردەك بولۇپ كېتىدۇ.

① سۈرە ۋاقىئە 22-، 23- ئايەتلەر.

② سۈرە رەھمان 58- ئايەت.

③ سۈرە سافقات 48-، 49- ئايەتلەر.

ئۇلار جەننەتتە چوڭ-كىچىك تاھارەت قىلمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ ۋە مىشقىرمايدۇ. ئۇلارنىڭ تاغاقلىرى ئالتۇن، تەرلىرى ئىپارىدەك خۇشبۇي، ئىسرىقدانلىرى ئۇد ياغىچىدىن، ئاياللىرى ھۆرلەردىن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئوخشاش 60 گەز بولۇپ، ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىگە ئوخشايدۇ». [1]

243. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى زېمىنغا قارايدىغان بولسا، پۈتۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى خۇشپۇراققا تولدۇرىۋېتىدۇ ۋە نۇرلاندۇرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا ئارتىۋالغان ياغلىقى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر». [2]

الله مەخلۇقاتنى ياراتقاندىن تارتىپ تا قىيامەتكىچە يارالغان كىشىلەر ئىچىدىن، دوزاختىن چىققان ۋە جەننەتكە كىرگەن ئەڭ ئاخىرقى كىشىگە الله دۇنيانىڭ ئون ھەسسىسىنى بېرىدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر. جەننەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى بۇنداق بولسا، يۇقىرى مەرتىۋىلىرىدىكىلەرگە الله تەييارلىغان مۇكاپات قانچىلىك كاتتىدۇ؟! ئەگەر بۇ جەننەتتىكى ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋىدىكىلەرنىڭ ئورنى بولسا، الله مۇجاھىد ئۈچۈن تەييارلىغان، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىسى ئاسمان-زېمىندەك كېلىدىغان، الله مۇجاھىدنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرىدىغان 100 دەرىجە قانچىلىكتۇ؟! شۇنداقلا، ئۇلۇغلۇق ۋە سېخىيلىق ئىگىسى بولغان الله نىڭ چەكسىز پەزلى ۋە گۈزەل نېئمەتلىرىدىن پەقەت شەھىد ئۈچۈنلا تەييارلىغان ئىنئاملىرىنى قانداق سۈپەتلەش مۇمكىن؟! الله بىلەن قەسەمكى، الله نىڭ دەرگاھىدىكى تەييارلانغان مۇكاپاتلارنى ئىنساننىڭ كاللىسى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، ئوي-پىكىرلەر ئۇنى قەلبتە شەكىللەندۈرەلمەيدۇ، ئەقىللەر يېتەلمەيدۇ.

شەھىدلەرنىڭ مەرتىۋىسىدىن باشقا سالىھ مۇسۇلمانلار ھەققىدە الله تائالانىڭ ئايىتىنى ئەسلىگىن! الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا تَعْلَمُ نَفْسٌ مَا أُخْفِيَ لَهُمْ مِنْ قُرَّةِ أَعْيُنٍ جَزَاءً بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن الله نىڭ ھۇزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېئمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ». [3]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] سۈرە سەجدە 17- ئايەت.

244. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز رەببىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن سالىھ بەندىلەر ئۈچۈن (جەننەتتە) كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسان قەلبىگە كېچىپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلىدىم».①

245. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: [مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز رەببى الله ئەززە ۋە جەللەدىن: «جەننەت ئەھلىنىڭ ئىچىدە دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن بولغىنى كىم؟» دەپ سورىغاندى، پەرۋەردىگارى مۇنداق دېدى: «جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىپ بولغاندىن كېيىن بىر كىشى كېلىدۇ. ئۇنىڭغا: <سەنمۇ جەننەتكە كىرگىن!> دېيىلىدۇ. ئۇ: <ئى رەببىم! قانداق كىرىمەن؟ ھەممە ئادەم كىرىپ جاي ئىگىلەپ بوپتۇ> دەيدۇ. ئۇنىڭغا: <سەن دۇنيا پادىشاھلىرىدىن بىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدەك نەرسىلەر بېرىلسە رازى بولامسەن؟> دېيىلىدۇ. ئۇ: <ئى رەببىم! رازى بولىمەن> دەيدۇ. الله : <ساڭا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇنچىلىك، يەنە شۇنچىلىك، يەنە شۇنچىلىك... بولسۇن> دەيدۇ. بەشىنچىسىدە: <ئى رەببىم! رازى بولدۇم> دەيدۇ. الله : <بۇ ۋە بۇنىڭ ئون ھەسسىسى ھەمدە كۆڭلۈڭ خالىغان ۋە كۆزۈڭ چۈشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭدۇر> دەيدۇ. ئۇ: <ئى رەببىم! رازى بولدۇم> دەيدۇ». مۇسا ئەلەيھىسسالام: «ئى رەببىم! جەننەت ئەھلىنىڭ ئىچىدە دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى بولغىنى كىم؟» دەپ سورىغاندى، الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۇلارنى مەن خالىدىم، ھۆرمەت دەرىخىنى ئۆز قولۇم بىلەن تىكتىم. ئۇلار ئۈچۈن كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسان كۆڭلىگە كېچىپمۇ باقمىغان نېئمەتلەر بار»].②

※ ※ ※

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.

# 30 ـ باب

## غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ ھاراملىقى ۋە ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدە

غەنىيمەت مۇجاھىدلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇجاھىدلار ئەمىرى ياكى مۇجاھىدلاردىن بىرەرسىنىڭ ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئېلىۋالغان ۋە ئۇنى ئىگىلىرىگە تەقسىم قىلىشقا مەسئۇل كىشىگە ئېلىپ كەلمىگەن قىلمىش — غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئالغان نەرسە مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئوغرىلىق ۋە خىيانەتتۇر.

بۇنىڭ «غُلُول» (باغلىنىش) دەپ ئاتالىشىنىڭ سەۋەبى، ئىككى قول ئۇنىڭدىن باغلانغان بولۇپ، ئۇنى ئېلىش ۋە ئىشلىتىشتىن چەكلەنگەندۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَنْ يَغُلَّ وَمَنْ يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ثُمَّ تُوَفَّى كُلُّ نَفْسٍ مَا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾ «ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىيمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ). كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە تولۇق مۇكاپات (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ».[1]

غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىش — ئېغىر گۇناھ، چوڭ ئاسىيلىق ۋە كىشىنى ھالاك قىلغۇچى ئېغىر گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر. غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىشتىن چەكلەپ ۋە ئۇنى تەقسىماتتىن ئىلگىرى ئالغان كىشىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ نۇرغۇن ھەدىسلەر كەلگەن.

246. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: [خەيبەر غازىتى بولغان كۈنى بىر تۈركۈم ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «پالانى ـ پوكۇنى شەھىد

[1] سۈرە ئال ئىمران 161 ـ ئايەت.

بولدى» دېيىشىپ، ھەتتا يەنە بىر كىشىنىمۇ تىلغا ئېلىپ: «پالانىمۇ شەھىد بولدى» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداق ئەمەس، مەن ئۇنىڭ غەنىيمەتتىن بىر تون ياكى بىر كىيىمگە خىيانەت قىلغانلىقى ئۈچۈن دوزاختا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم» دېدى. ئاندىن: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! بېرىپ كىشىلەرگە: <جەننەتكە مۇئمىنلاردىن باشقىلار كىرمەيدۇ> دەپ ئېلان قىلغىن» دېدى].[1]

بۇ ھەدىس غەنىيمەتتىن كىيىمگە خىيانەت قىلغان كىشىنىڭ ئۇنى دوزاختا كىيدىغانلىقى ۋە ئۇ كىيىم ئۇنىڭ ئۇستىدە ئوت بولۇپ يانىدىغانلىقىغا دەلىل بولىدۇ.

247. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن خەيبەرگە چىقتۇق، اللە بىزگە غەلىبە ئاتا قىلدى ئەمما چارۋا ياكى كۈمۈش غەنىيمەت ئالماي پەقەتلا يۇڭ ـ تاق، ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەكلەرنى غەنىيمەت ئالدۇق. ئاندىن بىز ۋادىلقۇرا دېگەن جايغا قاراپ ماڭدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە رىفائە ئىبنى زەيد دەپ چاقىرىلىدىغان جۇزام قەبىلىسىدىن بىر كىشى بەرگەن بىر قۇل ھەم بار ئىدى. بىز ۋادىغا چۈشكەندە ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى چۈشۈرۈۋاتاتتى، توساتتىن ئۇنىڭغا بىر ئوق تېگىپ ئۆلۈپ قالدى. بىز: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ شەھىدلىكىگە مۇبارەك بولسۇن» دېسەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇ خەيبەر غازىتىنىڭ غەنىيمەتلىرى تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن ئېلىۋالغان بىر تون ئۇنى لاۋۇلداپ كۆيدۈرۈۋاتىدۇ» دېدى. كىشىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن، بىر كىشى بىر تال (ياكى ئىككى تال) بوغقۇچنى ئەكىلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇنى خەيبەر غازىتى كۈنى ئېلىۋالغان ئىدىم» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بىر تال (ياكى ئىككى تال) بوغقۇچمۇ جەھەننەم ئوتىدىندۇر» دېدى.[2]

بۇ قارا قۇلنىڭ ئىسمى مىدئەم ئىدى.

248. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غەنىيمىتىگە قارايدىغان كىركىرە ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ كىشى ۋاپات تاپقاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇ دوزاختا» دېدى. شۇنىڭ بىلەن،

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ساھابىلەر ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ غەنىيمەتتىن بىر تونغا خىيانەت قىلغانلىقىنى كۆردى.[1]

ئەگەر كىيىلمەيدىغان نەرسىنى غەنىيمەتتىن ئىبلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئۇنى گەدىنىگە يۈدۈپ كېلىدۇ. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتى دەلىلدۇر: ﴿وَمَنْ يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾ «كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ».[2]

249. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە بوقۇراپ تۇرغان تۆگە ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۈگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن.

مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە كىشنەپ تۇرغان ئات ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۈگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن.

مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە مەرەپ تۇرغان قوي ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۈگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن.

مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە تووۋلاۋاتقان بىر جان ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۈگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن.

مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە لەپىلدەپ تۇرغان

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] سۈرە ئال ئىمران 161- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھەق ـ ھوقۇقلار يېزىلغان قەغەزلەر ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۇگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن.

مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنىدە گەدىنىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش ئارتىلغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي. ئۇ ماڭا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ياردەم قىلغىن> دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: <بۇگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم> دەيمەن».[1]

ھەق ـ ھوقۇقلار يېزىلغان قەغەزلەرنىڭ لەپىلدەپ تۇرۇشى ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىدىكى ھېكمەت بولسا، الله يولىدا بىرەر نەرسىگە خىيانەت قىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ گەدىنىگە قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلىپ ئېلىۋالغان نەرسە ئارتىلىپ، ئۇنى قورقۇتۇش ۋە گۇۋاھچىلار ئالدىدا رەسۋا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ گەدىنىدە ئۆز تىلى بىلەن ئاۋاز چىقىرىپ تۇۋلايدۇ. ئۇ كىشى مەھشەر كۈنىنىڭ قاتتىقچىلىقىدا ئەشەددىي قىستاڭچىلىق، تۇمشۇقىغىچە تەرگە چۆمۈلۈش ۋە ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچار بولۇش بىلەن بىرگە، بارلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز خىيانىتىنى ئاشكارىلاپ، خارلىق ۋە ئاھانەتكە دۇچار بولىدۇ.

ئىبنى ئەساكىر مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى جىھادقا چىققاندا ئۇلغى يولدا ئۆلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مالىك ئىبنى ئابدۇللاھ خەسئەمىينىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىكى غەنىيمەتتىن بولغان بىر قېچىرنى مىنىشنى سوراپ: «ئى ئەمىر! بۇ قېچىرغا مېنى مىندۇرسەڭ» دېگەنىدى، ئەمىر: «مەن ئۇنى كۆتۈرۈشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ» دېدى. ھېلىقى كىشى: «مەن سەندىن ئۇنى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلغىنىم يوق، پەقەتلا ئۇنىڭغا مېنى مىندۇرۇپ قويۇشىڭنى سوراۋاتىمەن» دېگەنىدى، ئەمىر: «بۇ قېچىر غەنىيمەتنىڭ قاتارىدىن. ئەگەر مەن ئۇنى ساڭا بەرسەم غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغان بولىمەن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ﴾ <كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ>[2]. ھالبۇكى، قىيامەت كۈنى ئۇنى كۆتۈرۈشكە مېنىڭ تاقىتىم يەتمەيدۇ» دېدى.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] سۈرە ئال ئىمران 161 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

250. زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى خەيبەر غازىتىدا ۋاپات بولغان ئىدى، ساھابىلار بۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەمراھىڭلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈڭلار!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ (ئۇلارنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ): «ھەمراھىڭلار الله يولىدا چۈشكەن غەنىيمەتكە خىيانەت قىلدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئاختۇرغان ئىدۇق، يەھۇدىيلارنىڭ ئىككى دەرھەمگىمۇ يارىمايدىغان بىر تال مارجىنى چىقتى.[1]

كىمكى بىر غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچىنى كۆرسە ياكى ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرسا، ئۇنىڭغا ھەم شۇ گۇناھنى قىلغۇچىغا ئوخشاش گۇناھ بولىدۇ. خىيانەت قىلىنغان غەنىيمەت مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، قىممەت ياكى ئەرزان بولسۇن الله تائالانىڭ دەرگاھىدا كاتتا گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

251. ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ الله يولىدىكى غەنىيمەتتىن بىر تال تۆگە يۇڭىنى ئېلىپ مۇنداق دېدى: «ماڭا غەنىيمەتتىن سىلەرگە ئوخشاش نېسىۋە كەلگەندىن سىرت مۇشۇنچىلىك نەرسىمۇ ئارتۇق تەگمەيدۇ لېكىن (غەنىيمەتنىڭ) بەشتىن بىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئۇ ھەم سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يىپ-يىڭنە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك نەرسىلەرنىمۇ تاپشۇرۇڭلار، غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى، خىيانەت قىلىنغان غەنىيمەت ئۇ كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئار-نومۇس، ئوت ۋە رەسۋاچىلىق بولىدۇ».[2]

252. ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، دادىسى بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەۋازىن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ قىسسىسىدە، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر تۆگىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ لوكىسىدىن يۇڭ ئالدى-دە: «ئى خالايىق! بۇ غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن باشقا ھېچنەرسە مېنىڭ ئەمەس، بەشتىن بىرى سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ شۇڭا ھەتتا يىپ-يىڭنىنىمۇ يوشۇرۇپ قالماڭلار» دېدى. بىر كىشى قولىدا بىر چاڭگال يۇڭ كۆتۈرۈپ كېلىپ: «مەن بۇنى توقۇمىمنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن ئالغان ئىدىم» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ماڭا ۋە

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇۋت ۋە ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد، تەبرانى ۋە بەززار توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

ئابدۇلمۇتتەلىپ جەمەتىگە تەۋە نەرسە سىنىڭ بولسۇن!» دېدى. ھېلىقى كىشى: «سۆزۈڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەمدى مېنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىم يوق» دېدى ۋە ئۇنى تاشلىۋەتتى.[①]

253. ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىيق بەلقىين قەبىلىسىدىن بولغان بىر كىشىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلسەم ئۇ مەككە جىلغىلىرىدىن بىرىدە ئات چاپتۇرۇۋاتقان ئىكەن. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! غەنىيمەت ھەققىدە نېمە دەيسەن؟» دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله ئۈچۈن، بەشتىن تۆتى قوشۇن ئۈچۈندۇر» دېدى. مەن: «غەنىيمەت بىر كىشىگە بىر كىشىدىن ئارتۇقراق بېرىلەمدۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق، غەنىيمەت دېگەن سەن يېنىڭدىن چىقىرىدىغان مال ئەمەس، سېنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىڭدىن ئارتۇق غەنىيمەت ئېلىشقا ھېچقانداق ھەققىڭ يوق» دېدى.[②]

## غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچىنىڭ جازاسى

بىلگىنكى، كىمكى الله يولىدىكى بىرەر نەرسىگە خىيانەت قىلسا، ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى ۋاجىب بولىدۇ. ئاخىرەتتىكى ئازاب ھەققىدىكى ھەدىسلەر يۇقىرىدا كەلتۈرۈلدى. دېمەك، كىمكى غەنىيمەتتىن بىرەر نەرسىگە خىيانەت قىلىدىكەن، الله ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ ھەمدە خىيانەت قىلغان نەرسىسىگە ئاساسەن ئوتمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. خىيانەت قىلغان نەرسىسىنى قىيامەت كۈنى گەدىنىگە ئارتىپ كېلىدۇ، ئۇ نەرسە گۇۋاھچىلار ئالدىدا خىيانەت قىلغۇچىنى شەرمەندە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى چىقىراپ تۇرىدۇ. (غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىپ) قىيامەت كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن شاپائەت ۋە ياردەم سورىغان كىشىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بۈگۈن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن، ساڭا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزگەن ئىدىم» دەيدۇ. غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچى ئاخىرەتتە شەھىدلەر قاتارىدىن بولالمايدۇ.

يۇقىرىقى بايانلار غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچىنىڭ ئاخىرەتتىكى

---

[①] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائى توپلىغان؛ ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇۋت «ھەسەن» دېگەن.

[②] بەيھەقى توپلىغان، ئىبنى كەسىر ئۆزىنىڭ «تفسير ابن كثير» ناملىق تەپسىرى 2- توم 311- بەتتە بۇ ھەدىسنى «سەھىھ» دېگەن.

ئازابلىرىدىن بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلار الله نىڭ خىيانەت قىلغۇچىلارغا قاتتىق غەزەب قىلىدىغانلىقىنى بىلىشىگە يېتەرلىكتۇر.

زەھھاك ئىبنى مۇزاھىم الله تائالانىڭ: ﴿أَفَمَنِ اتَّبَعَ رِضْوَانَ اللَّهِ كَمَنْ بَاءَ بِسَخَطٍ مِنَ اللَّهِ﴾ «الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان كىشىگە ئوخشامدۇ؟»[①] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى — غەنىيمەتكە خىيانەت قىلمىغان كىشىدۇر، الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان كىشى بولسا غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغان كىشىدۇر».[②]

غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچى دۇنيادا قوشۇنغا يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ چۈنكى بىر قەۋمدە غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىش كۆرۈلسە، الله ئۇلارنىڭ قەلبىگە پەقەت قورقۇنچنى تاشلايدۇ ۋە ئۇلاردىن غەلىبىنى كېچىكتۈرۈۋېتىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىرەر قەۋم ئىچىدە غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىش كۆرۈلسە، الله ئۇلارنىڭ قەلبىگە پەقەت قورقۇنچنى تاشلايدۇ؛ بىرەر قەۋم ئىچىدە زىنا كۆپەيسە، ئۇلار ئىچىدە پەقەت ئۆلۈم كۆپىيىدۇ؛ بىرەر قەۋم ئۆلچەم ۋە تارازىنى كېمەيتىپ بەرسە، الله ئۇلارنىڭ رىزقىنى ئۈزۈۋېتىدۇ؛ بىرەر قەۋم ئىچىدە ناھەق ھۆكۈم قىلىش يۈز بەرسە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قاتىللىق تارقىلىدۇ؛ بىرەر قەۋم ئىچىدە ئەھدىنى بۇزۇش يۈز بەرسە، الله ئۇلارغا دۈشمەننى ھۆكۈمران قىلىدۇ».[③]

254. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مېنىڭ ئۇممىتىم ئىچىدە غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىش بولمىسىلا، دۈشمەن ئۇلارغا ھەرگىز قارشى تۇرالمايدۇ».[④]

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبىب ئىبنى مەسلەمە فىھرىدىن: «دۈشمەن سىلەرگە قارشى بىر قوي ساغقۇچىلىك مۇددەت مۇستەھكەم تۇرالامدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ھەبىب ئىبنى مەسلەمە: «ھەئە» دېدى. ئەبۇ زەر:

---

[①] سۈرە ئال ئىمران 162- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] «تفسير الطبري» 7- توم 365- بەت.

[③] ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ناملىق كىتابى 2- توم 460- بەت.

[④] تەبرانى توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ئۆزىنىڭ «المطالب العالية» ناملىق كىتابى 5- توم 406- بەتتە ھەم نەقىل قىلغان، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

«كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ئىچىدە غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىغانلار باركەن» دېدى.①

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىغا كەلگەن كىشىلەردىن: «دۈشمەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا مۇستەھكەم تۇرالامدۇ؟» دەپ سورىغاندى، ئۇلار: «ھەئە» دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەر چوقۇم غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىپسىلەر» دېدى.②

ئالىملار غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچىنىڭ دۇنيادىكى جازاسى توغرۇلۇق ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىك ئالىملار غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچىلارنى (تەزىر) ئۇرۇش ۋە ئالغان نەرسىلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بىرلىككە كەلدى.

سالىھ ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: «بىز ۋەلىد ئىبنى ھىشام بىلەن بىرگە جەڭگە چىققانىدۇ. سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەم بىز بىلەن بىرگە ئىدى. بىر كىشى نەرسە-كېرەككە خىيانەت قىلغانىدى، ۋەلىد ئۇ كىشىنىڭ نەرسە- كېرەكلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ نەرسە-كېرەكلەر كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئاندىن ئۇنى سازايى قىلدى ۋە ئۇنىڭ نېسىۋىسىنى بەرمىدى»③.

كۆپچىلىك ئالىملار غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچىنىڭ مىنىدىغان ئۇلىغى، كىيىمى، قورالى، قۇرئانى ۋە خىيانەت قىلغان شۇ نەرسىسىدىن باشقا نەرسىلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشىگە بىرلىككە كەلدى. ئەگەر خىيانەت قىلىنغان نەرسە ئىشلىتىپ بولۇنغان بولسا، ئۇنى تۆلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ پۇلى بەيتۇلمالغا قېتىلىدۇ.

بەزى ئالىملار غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچىنىڭ مال-ماتالىرىنىڭ كۆيدۈرۈلمەيدىغانلىقىنى ۋە شۇ پەيتتە جازالانمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى غەنىيمەتتىن بىرەر نەرسە ئوغرىلاپ بايقىلىپ قالسا، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئەبۇ ھەنىفىنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭدىن ئوغرىلانغان نەرسە قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ، ئەدەبلىنىدۇ ۋە

---

① تەبرانى توپلىغان، ھەيسەمى «راۋىيلىرى ئىشەنچلىك» دېگەن.

② ئىبنى ئەساكىر توپلىغان.

③ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

جازالىنىدۇ»[1].

مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغۇچىنىڭ جازاسى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان: ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىي قاتارلىق كۆپچىلىك ئالىملار: <قايسى خىل تەزىر بېرىش ئىمامنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ ئەمما ئۇنىڭ يۈك ـ تاقىلىرى كۆيدۈرۈلمەيدۇ> دەيدۇ»[2].

ئىمام ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: «كۆپچىلىك ئالىملار مۇجاھىدلار كۇفۇر دىيارىغا كىرگەندە دۈشمەنلەرنىڭ تامىقىنى يېيىش ۋە ئۇلاغلىرىغا ھەلەپ قىلىپ بېرىشكە بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. دېمەك، تاماق ۋە ھەلەپكە باشقا نەرسىلەر ئارىسىدىن ئايرىم رۇخسەت قىلىنغاندۇر. ئەمما، يېيىش ئۈچۈن تاماق، ئۇلاغ ئۈچۈن ھەلەپتىن باشقا، دۈشمەن ماللىرىدىن ھەرقانداق نەرسىگە چېقىلىش ھېچقانداق كىشىگە دۇرۇس بولمايدۇ».

مۇجاھىد دەرەختىكى مېۋىلەرنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتمەستىن ۋە ئارتۇق ئېلىۋالماستىن يېسە ھېچ گەپ يوق، دورا ـ دەرماندىن پەقەت ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا چۇشلۇق ئالىدۇ ئەمما پۇل ـ مال ۋە يۈك ـ تاقىلاردىن ھېچبىر نەرسىنى ئېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ، ئەگەر ئېلىپ سالغان بولسا غەنىيمەتكە خىيانەت قىلغان بولىدۇ ۋە پۇلىنى تۆلەيدۇ.

مۇجاھىدلار جىھادقا ئاتلانغان پەيتتە ئوزۇق ـ تۈلۈكى ۋە يېمەك ـ ئىچمىكى بولمىسا، دۈشمەن زېمىنىدىن ئېلىنغان يېمەك ـ ئىچمەكتىن ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلىنىدۇ. ئەمما، ئۇلاردا ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يېمەك ـ ئىچمەك بولسا، دۈشمەننىڭ تاماق، زىرائەت ۋە مېۋىلىرىدىن ئېلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

※ ※ ※

---

[1] «تفسير القرطبي» 4 ـ توم 260 ـ بەت.

[2] نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 12 ـ توم 217 ـ، 218 ـ بەتلەر.

# 31 ـ باب

## مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن فىدىيە بېرىش ياكى جەڭ قىلىش ھەققىدە

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا لَكُمْ لَا تُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ وَالْوِلْدَانِ الَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا أَخْرِجْنَا مِنْ هَٰذِهِ الْقَرْيَةِ الظَّالِمِ أَهْلُهَا وَاجْعَلْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ وَلِيًّا وَاجْعَلْ لَنَا مِنْ لَدُنْكَ نَصِيرًا﴾ «(ئى مۇئمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ): <ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل> دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىھاد قىلمايسىلەر».[1]

ئىمام قۇرتۇبى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «گەرچە جىھاد ئۈچۈن جانلار قۇربان قىلىنسىمۇ ئەمما الله تائالا ئۆز كەلىمىسىنىڭ ئالىي بولۇشى، دىنىنىڭ غالىب بولۇشى ۋە ئاجىز مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ (زۇلۇمدىن) قۇتۇلۇشى ئۈچۈن جىھادنى ۋاجىب قىلدى. مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جەڭ قىلىش ياكى مال سەرپ قىلىش مۇسۇلمانلار جامائىتىگە ۋاجىبتۇر.

ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرۇشتا ــ جەڭ قىلىش ئارقىلىق قۇتۇلدۇرۇشقا قارىغاندا مالنى فىدىيە بېرىپ قۇتۇلدۇرۇش بەكرەك ۋاجىبتۇر چۈنكى بۇنىڭدا جان چىقىم بولمايدۇ، جاننى ساقلاش مالنى ساقلاشتىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: <ئۆز ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىپ بولسىمۇ فىدىيە تۆلەپ مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ مۇسۇلمانلارغا ۋاجىب ئىكەنلىكىدە ھېچبىر ئىختىلاپ يوق. فىدىيە بەرگەندىن سىرت يەنە، (مۇسۇلمان) ئەسىرلەرگە غەمخورلۇق قىلىش ھەم مۇسۇلمانلار ئۈستىگە ۋاجىبتۇر»[2].

255. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرۇڭلار، ئاچ قالغانلارغا تائام بېرىڭلار،

---

[1] سۈرە نىسا 75 ـ ئايەت.

[2] «تفسير القرطبي» 5 ـ توم 279 ـ بەت.

كېسەللەرنى يوقلاڭلار!». [1]

ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدا، ئەسىرلەرنى (قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) فىدىيە بېرىش مۇستەھەب؛ ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ قارىشىدا ۋاجىبتۇر. [2]

كۆپچىلىك ئالىملار: «بىر كىشى ئەسىرنىڭ فىدىيەسىنى ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن دۈشمەنگە بېرىپ، ئاندىن شۇ فىدىيە بىلەن ئۇ ئەسىر ئەسىرلىكتىن قۇتۇلغان بولسا، ئۇ ئەسىر، فىدىيە بەرگۈچىنىڭ چىقىمىنى قايتۇرۇپ بېرىشى ۋاجىب» دەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن بولمىغان بولسا، بىر قىسىم ئالىملار: «ئۇنىڭ چىقىمىنى قايتۇرۇشى ۋاجىب» دېسە، يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «قايتۇرۇشى ۋاجىب ئەمەس» دەپ قارىغان.

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ئەسىر ئەگەر مۇشرىكلارنىڭ قويۇپ بېرىشى بەدىلىگە فىدىيە تۆلەشنى ۋەدە قىلىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ فىدىيىسىنى تۆلەش مۇسۇلمانلارغا ۋاجىب بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى مۇشرىكلەرگە قايتۇرۇپ بېرىشى دۇرۇس ئەمەس. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ يَأْتُوكُمْ أُسَارَى تُفَادُوهُمْ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيْكُمْ إِخْرَاجُهُمْ﴾ <ئۇلار ئەسىر چۈشۈپ كەلسە، فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋالىسىلەر؛ ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى (يەنى بىر-بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى راۋا كۆرۈسىلەرۇ، ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشىنى راۋا كۆرمەيسىلەر)>[3]».

ئىمام قۇرتۇبى ﴿وَإِنِ اسْتَنْصَرُوكُمْ فِي الدِّينِ فَعَلَيْكُمُ النَّصْرُ إِلَّا عَلَى قَوْمٍ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُمْ مِيثَاقٌ﴾ «ئەگەر دىن ئىشىدا ئۇلار سىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ دۈشمىنى بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كېلىشىم بولمىسىلا ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك»[4] دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: [دۈشمەن زېمىنىدىن ھىجرەت قىلمىغان مۇئمىنلەر ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياكى پۇل-مال بىلەن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى تەلەپ قىلسا، مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ياردەم بېرىشى

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 8- توم 445- بەت.

[3] سۈرە بەقەرە 85- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە ئەنفال 72- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ۋە ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشى ۋاجىب، ئۇلارنى ياردەمسىز تاشلاپ قويۇشى دۇرۇس بولمايدۇ ئەمما ئۇ دۈشمەنلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كېلىشىم بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇلارغا ياردەم بېرىش دۇرۇس بولمايدۇ لېكىن ئۇ مۆئمىنلەر ئاجىز ۋە بوزەك قىلىنىغان بولسا، ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە ياردەم بېرىش ۋاجىبتۇر.

ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «كۆزىمىز مىدىرلاپلا تۇرىدىكەن، دىن يولىدا ئېزىلگەنلەرگە ئىگە بولۇپ ياردەم بېرىشىمىز ۋاجىبتۇر. ئەگەر بىزنىڭ سانىمىز يېتەرلىك بولسا ياكى بارچە مېلىمىزنى سەرپ قىلىپ يېنىمىزدا بىر دىنارمۇ قالمىسا ھەم ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشىمىز ۋاجىبتۇر».

شۇنىڭدەك، ئىمام مالىك ۋە بارلىق ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «قولىلىرىدا مال ـ دۇنيا بار تۇرۇپ؛ ھال ـ ئەھۋالى، تاقىتى، سانى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتى ھەم تولۇق تۇرۇپ ئۆز قېرىنداشلىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ ئەسىرلىكىدە تاشلاپ قويغان كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن مۇسىبەتكە قارىتا: ﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾ ‹بىز ئەلۋەتتە اللە نىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم اللە نىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز› دېيىمىز»].[1]

ئىبنى ئەساكىردىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قوستانتىنىيەدىكى مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە مۇنداق خەت يازغان: «مەقسەتكە كەلسەك، سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئەسىر دەپ ساناۋاتىسىلەر، اللە ساقلىسۇن! بەلكى سىلەر اللە يولىدا مەھبۇس بولغانلار. بىلىڭلاركى، خەلققە بىرەر نەرسىنى تەقسىم قىلسام، سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەرگە ئۇنىڭدىن كۆپ ۋە ياخشىلىرىنى ئايرىپ ئەۋەتتىم. پالانىنىڭ ئوغلى پۇكۇنىدىن سىلەرگە بەش دىنار ئەۋەتتىم، ئەگەر رۇم تاغۇتلىرىنىڭ ئۇ پۇلنى تۇتۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلمىغان بولسام، سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئەۋەتكەن بولاتتىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، (دۈشمەن) سورىغان فىدىيىنى بېرىپ سىلەردىن چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال، ھۆر ـ قۇللارنى (قۇتۇلدۇرۇش) ئۈچۈن پالانىنىڭ ئوغلى پۇكۇنىنى ئەۋەتتىم، خۇش بېشارەت ئېلىڭلار!»[2]

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «كۈچلۈك قاراش بويىچە، دۈشمەنلەرنىڭ بىر ياكى ئىككى مۇسۇلماننى ئەسىر ئالغانلىقى — ئۇلارنىڭ ئىسلام دىيارىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ چۈنكى بىر مۇسۇلماننىڭ ھۆرمىتى ئىسلام دىيارىنىڭ

---

[1] «تفسير القرطبي» 8 ـ توم 57 ـ بەت.

[2] بەيھەقى ھەم نەقىل قىلغان.

ھۆرمىتىدىنمۇ كاتتىدۇر. شۇڭا بىر ياكى ئىككى ئەسىرنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىش ۋاجىب بولىدۇ»[①].

ئەندەلۇستىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر پادىشاھلىرىدىن بىرى بولغان مەنسۇر ئىبنى ئەبۇ ئامىردىن سادىر بولغان مۇنۇ ۋەقە بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر:

ئۇ، ياۋروپالىق ناسارالارغا قارشى جىھادقا چىقىپ، ئۇلار بىلەن نۇرغۇن قېتىم جەڭ قىلدى ۋە ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قازاندى. ناسارالار ئىلاجىسىزلىقتىن ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەنسۇر ئۇلاردىن پادىشاھنىڭ قىزىنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا بېرىشنى ھەمدە نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك، زىبۇ ـ زىننەتلەرنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارمۇ ھەم بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. ئۇ قىز ناھايىتى گۈزەل ۋە ئەقىللىق ئىدى. ناسارالار ئۇ قىزنى ئۇزىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن مەنسۇر بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا ياخشى بىر ۋاستىچىلىك رول ئويناشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئۇ قىز: «شان ـ شەرەپ دېگەن ئاياللارنىڭ يوتىسى ئارقىلىق ئەمەس بەلكى ئەركەكلەرنىڭ نەيزىلىرى ئارقىلىق تەلەپ قىلىنىدۇ» دېدى.

مەنسۇر جەڭنى ئاخىرلاشتۇرۇپ پايتەختكە قايتقىنىدا بىر مۇسۇلمان ئايال ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: «سەن ۋە خالايىق ھەممىڭلار خۇشال بولۇۋاتىسىلەر ئەمما مەن غەمگە پېتىپ يىغلاۋاتىمەن» دېدى. مەنسۇر: «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئايال: «ئوغلۇم غەربلىكلەرنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قاپتۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان مەنسۇر قەسىرگە بارمايلا ئەسكەرلەرنى دەرھال يولغا سالدى، ئاندىن تاكى ئۇ ئايالنىڭ ئوغلىنى قۇتۇلدۇرغانغا قەدەر ناسارالار بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇجاھىدلار ئۇ ئايالنىڭ ئوغلىنى ئازاد قىلىپ قايتۇرۇپ كەلدى. ئالىي ھىممەت بىلەن ياشاپ ئىسلامنى ئىززەتكە ئېرىشتۈرگەن ئىلگىرىكى شۇ ئۈممەتكە الله رەھمەت قىلسۇن ھەمدە جەننەتلەردە ئۆزىنىڭ تولۇق رازىلىقىنى مۇكاپات قىلىپ بەرسۇن!

يەنە بىر مىسال: رۇملۇق بىر كاپىر ئومۇرىيە دىيارىدىن ئەسىر ئالغان بىر مۇسۇلمان ئايالنى كاچاتلايدۇ. ھېلىقى مۇسۇلمان ئايال: «ئى مۇئتەسىم!» دەپ ئاباسىيە خەلىپىسى مۇئتەسىمگە پەرياد قىلىدۇ. مۇئتەسىم ئۇنىڭ پەريادىنى ئاڭلاپ كاتتا بىر قوشۇن تەشكىللەپ ئومۇرىيە تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىدۇ ۋە

[①] نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 10 ـ توم 216 ـ بەت.

رۇملۇقلار بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇ مۇسۇلمان ئايالنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. مانا بۇ دىنىنىڭ ئىززىتىدۇر، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرى ھەم ئەنە شۇنداق بولۇشى لازىم. ئى الله ! ئۇ خەلىپىنى ھىممىتىنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قويمىغىن، ئۇ مۇسۇلمان ئايالنى غەمدىن خالاس قىلغانلىقى سەۋەبلىك ئۇ خەلىپىگە بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلغىن!

ئانتاكىيە شەھىرىدە بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ئەسىرلەر بار بولۇپ، ئۇلار رۇم ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. مۇسۇلمانلار غازات قىلىپ ئۇ يەرنى فەتىھ قىلدى ۋە ئۇ زېمىننى مۇسۇلمانلار ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇردى، مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى ھەم ئازاد قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، سەلىبىيلەر مۇسۇلمانلاردىن 500 كىشىنى ئەسىر ئېلىپ، ئۇلارنى رەھا شەھىرىدە زىندانغا تاشلىغان ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان ئىمادۇددىن زەنكى رەھا شەھىرىگە غازات قىلدى ۋە الله تائالانىڭ نۇسرەت ئاتا قىلىشى بىلەن ناسارالار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇردى.

كاتىب ئىمادنىڭ نەقىل قىلىشىچە، سۇلتان سالاھىددىن ئەييۇبى ھىتتىن جېڭىدە ناسارالار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، 20 مىڭدىن كۆپرەك مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇتۇلدۇرغان ھەمدە 100 مىڭ ناسارانى ئەسىر ئالغان.

مۇسۇلمان مۇجاھىد سۇلتانلار ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئىدى، ئۇلار مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلاتتى ۋە دۈشمەنلەرنى ئەسىر ئالاتتى. بۇ كاپىر ئەسىرلەرنىڭ بەزىلىرى ئىسلامغا كىرىپ مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا ھۆرلۈككە ئېرىشىپ ئەركىنلىككە چىققان ئىدى. بۇلار ھەققىدە ئېيتىلغان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىگە دىققەت قىلىڭ.

256. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «بويۇنلىرىغا تاقاق سېلىنىپ (يەنى ئەسىر ئېلىنىپ ئاندىن مۇسۇلمان بولۇپ) جەننەتكە كىرگەن كىشىلەردىن الله تائالا مەمنۇن بولىدۇ».[①] يەنى بۇ كىشىلەر ئەسلىدە كاپىر بولۇپ، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن كىشەنلەردە باغلانغان ھالەتتە ئېلىپ كېلىنىدۇ. كېيىن ئۇلار ئىمان ئېيتىپ ئەھلى جەننەتلەر قاتارىدىن بولىدۇ-دە، ئۇلارغا سېلىنغان كويزا-

[①] بۇخارى توپلىغان.

كىشىلەر يېشىپ تاشلىنىدۇ.

※ ※ ※

# 32 ـ باب

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غازاتلىرى، ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر جەڭلىرى

ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ ھەلىيمى رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ «شعب الإيمان» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: [جىھاد پەرز قىلىنىشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىرنەچچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن. تۇنجى بولۇپ الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە مانا بۇ ئايەتنى ۋەھىي قىلدى: ﴿اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ﴾ «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن»[1].

ئاندىن الله تائالا ئۇنى يەتكۈزۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿يَا أَيُّهَا الْمُدَّثِّرُ ۞ قُمْ فَأَنْذِرْ ۞﴾ «ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۆمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) [1] تۇر! (ئىنسانلارنى) الله نىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر [2]»[2].

گەرچە پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نى يالغانغا چىقارغان ۋاقىتتا، الله ئۇنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿وَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَاهْجُرْهُمْ هَجْرًا جَمِيلًا﴾ «ئۇلارنىڭ (يەنى مەككە كۇففارلىرىنىڭ) (سېنى سېھىرگەر، شائىر، مەجنۇن دېگەن) سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئۇلارنى چىرايلىقچە تەرك ئەتكىن»[3].

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿وَإِذَا رَأَيْتَ الَّذِينَ يَخُوضُونَ فِي آيَاتِنَا فَأَعْرِضْ عَنْهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ﴾ «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز توغرىسىدا (تەنە ۋە مەسخىرە قىلىپ) پاراڭ سېلىشىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىڭدە، ئۇلار بۇنىڭدىن باشقا پاراڭغا چۆشمىگۈچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن»[4].

الله مەدىنىنى ئىسلامغا ئېچىپ بېرىپ، ئەنسارىلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مۆئمىنلەرنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى:

---

[1] سۈرە ئەلەق 1 ـ ئايەت.
[2] سۈرە مۇددەسسىر 1 ـ ، 2 ـ ئايەتلەر.
[3] سۈرە مۇززەممىل 10 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئەنئام 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

﴿وَمَنْ يُهَاجِرْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ يَجِدْ فِي الْأَرْضِ مُرَاغَمًا كَثِيرًا وَسَعَةً﴾ «كىمكى الله يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن، زېمىندا چىقىش يولى ۋە كەڭچىلىك تاپىدۇ»[①].

رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن الله تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ قىلىشىغا رۇخسەت بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ﴾ «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر»[②].

الله تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلغان كىشىلەرگە قارشى جەڭ قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿وَقَاتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ الَّذِينَ يُقَاتِلُونَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ﴾ «سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىهاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ»[③].

ئاندىن الله تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئەتراپىدىكى كاپىرلارنى ئۇجۇقتۇرۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قَاتِلُوا الَّذِينَ يَلُونَكُمْ مِنَ الْكُفَّارِ وَلْيَجِدُوا فِيكُمْ غِلْظَةً﴾ «ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۇستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)»[④].

ئاندىن الله تائالا (ئۆزىنىڭ يولىدا) جەڭ قىلىشنى مۇئمىنلەرگە ۋاجىب قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿كُتِبَ عَلَيْكُمُ الْقِتَالُ وَهُوَ كُرْهٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تُحِبُّوا شَيْئًا وَهُوَ شَرٌّ لَكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ «سىلەرگە جىهاد پەرز قىلىندى، ھالبۇكى سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) الله بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن الله بۇيرۇغانغا

---

[①] سۈرە نىسا 100 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] سۈرە ھەج 39 ـ ئايەت.
[③] سۈرە بەقەرە 190 ـ ئايەت.
[④] سۈرە تەۋبە 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئالدىراڭلار)».[1]

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇئمىنلەرنىڭ (الله يولىدا) جەڭ قىلىشى بولسا الله سۇبھانەھۇ ۋە تائالا بىلەن بولغان تىجارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى؛ ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ). (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (الله نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە الله تىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار!؟ (يەنى الله تىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق.) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر».[2]

دېمەك، الله جىھادنى پەرز قىلغاندىن كېيىن ئۇنى قوبۇل قىلىش، ئۆزىگە لازىم تۇتۇش ۋە ئادا قىلىش — ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قالدى. جىھادنىڭ شەرتى بولسا الله يولىدا كاپىرنى ئۆلتۈرگەن ۋە الله يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشى جەننەتكە ئېرىشىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ جېنىنى الله ئۈچۈن پىدا قىلغان بولسا ئۇ شەرتنى ھازىرلىغان بولىدۇ. مانا بۇ — يۇقىرىدا ئېيتىلغان تىجارەتنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇ تىجارەتتىكى ساتقۇچى — مۇجاھىد، سېتىۋالغۇچى بولسا الله تائالادۇر. ئادەتتە ھەرقانداق كىشى بىرەر نەرسىنى مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا ساتقان بولسا، سېتىۋالغۇچى ئۇنىڭدىن شۇ نەرسىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇجاھىدتىنمۇ ساتقان ئۇ نەرسىنى تاپشۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ساتقان نەرسە بولسا جەننەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن جېنىنى الله قا بېغىشلاشتۇر][3].

سېتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قەدىر-قىممىتى ئۈچ تەرەپتىن بىلىنىدۇ:

1. سېتىۋالغۇچىنىڭ بۈيۈكلۈكى. چۈنكى بۈيۈك كىشىلەر ناچار نەرسىلەرنى سېتىۋالمايدۇ.

2. ۋاستىچىنىڭ ھۆرمىتى. چۈنكى مەشھۇر ۋاستىچىلەر ناچار نەرسىلەرگە

[1] سۈرە بەقەرە 216- ئايەت.

[2] سۈرە تەۋبە 111- ئايەت.

[3] «كتاب المنهاج في شعب الإيمان» 1- توم 44-، 45- بەتلەر.

بىدىكچىلىك قىلمايدۇ.

3. باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى. چۈنكى ناچار نەرسىلەرگە كاتتا مىقداردا پۇل بېرىلمەيدۇ. شەھىدلەر ۋە مۇجاھىدلارنىڭ جانلىرىنى الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا ئۆزى سېتىۋالغانلىقىغا قاراڭ! شۇنداقلا ئەڭ شەرەپلىك كىشى بولغان مۇھەممەد ﷺ نى الله تائالا بۇ تىجارەتكە ئەلچى قىلىپ، باھاسىنى ئۆز دەرگاھىدىكى جەننەت قىلىپ بېكىتكەنلىكىگە نەزەر سېلىڭ! بۇ شان-شەرەپ ۋە پەزىلەتكە مۇجاھىد مۇئمىنلەردىن باشقىلار ئېرىشەلمەيدۇ.

مۇئمىن ـــ الله نىڭ قۇلىدۇر، ھالبۇكى، قۇل ئىگىسىگە ساتىدىغان ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ. خوجىسى ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكەندىلا ئاندىن ئۇ نەرسىلىرىنى ساتالايدۇ. ئۇلۇغ الله نىڭ ئۆز مۇئمىن بەندىلىرىنىڭ جانلىرىنى سېتىۋالغانلىقى بولسا الله تائالانىڭ ئۇلارنى ئالىلىبۇرۇن ئازاد قىلىۋەتكەنلىكىگە ئىشارەتتۇر. كىمكى خالىس نىيەت ئۈستىدە شەھىد بولۇش ياكى جىهاد قىلىش ۋە ياكى ھارىستا تۇرۇش ئارقىلىق ئۆز جېنىنى الله قا تاپشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسا، دېمەك، ئۇنىڭ سودىسى پۈتتى ۋە الله تائالا ئۆز پەزلى بىلەن ئۇنى ئازاد قىلدى.

الله تائالا مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرىنى سېتىۋېلىشنى بايان قىلغاندىن كېيىن، مۇئمىنلەر گويا: «ئى رەببىمىز! بۇ سودىنىڭ باھاسى قانچە؟» دەپ سورىغاندەك، الله تائالا: ﴿بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ﴾ «ئۇلارغا جەننەت باردۇر» دەپ، پۇلنىڭ جەننەت ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ.

مۇئمىنلەر گويا: «ئى رەببىمىز! سودىدا كېلىشىلگەن تاۋارنى (جانلىرىمىز ۋە ماللىرىمىزنى) قانداق بېرىمىز؟» دەپ سورىغاندەك، الله تائالا: ﴿يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ﴾ «ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىهاد قىلىپ شەھىد بولىدۇ)» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. يەنى «مانا شۇنداق قىلساڭلار بۇ سودىدا سەممىمىي بولۇپ تاۋارنى بەرگەن بولىسىلەر-دە، ئارزۇ قىلغان جەننەت سىلەرگە ۋاجىب بولىدۇ» دەيدۇ.

مۇئمىنلەر گويا: «ئى رەببىمىز! بەندىلىرىڭگە بەرگەن نېئمەتلىرىڭگە پەرىشتىلىرىڭنىڭ گۇۋاھ ئىكەنلىكى ھەقىقەتتۇر. بۇ سودىغا يەنە كىم گۇۋاھچى بولالايدۇ؟ توختامچۇ؟» دەپ سورىغاندەك، الله تائالا: ﴿وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ﴾ «(جىهاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە

قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (الله نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. يەنى «ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەر بىرەر توختامنى خالىساڭلار، مانا بۇ تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئان بولسا ئارىمىزدىكى ئۈچ دانە توختامدۇر؛ ئەگەر سىلەر بىر ياكى ئىككى گۇۋاھچىنى خالىساڭلار، يەھۇدى، ناسارا ۋە مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت چوڭ ئۈچ ئۇممەتنى گۇۋاھچى قىلدىم» دەيدۇ.

مۇئمىنلەر گويا: «ئى رەببىمىز! سەن خالىغان نەرسىنى ئۆچۈرۈپ، خالىغان نەرسىنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويالايسەن ھەمدە سېنىڭ قىلغانلىرىڭدىن سوئال ـ سوراق قىلىنمايدۇ» دەپ سورىغاندەك، الله تائالا: ﴿وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ﴾ «ۋەدىسىگە الله تىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار!؟ (يەنى الله تىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق)» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

سودا ـ سېتىق ئىچىدە ئىگىسىگە زىيان تۇغدۇرۇپ پۇشايمان ئېلىپ كېلىدىغانلىرى بار: پايدا، شادلىق، ئامەت ۋە ۋاپا ئېلىپ كېلىپ، خوشاللىق ۋە خۇرسەنچىلىك ئاتا قىلىدىغانلىرى ھەم بار. الله تائالا بىلەن قىلىنغان بۇ سودىنىڭ پايدىسى ئەڭ چوڭ بولغاچقا، الله تائالا مۇئمىنلەرنى خۇشال ۋە خۇرسەن بولۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دېدى: ﴿فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر».

پەيغەمبەر ﷺ ﴿إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ﴾ «شۈبھىسىزكى، الله مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى» دېگەن ئايەتنى ئوقۇۋاتقاندا بىر ئەئرابى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بۇ تولىمۇ پايدىلىق سودىكەن. الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئەمدى بۇ سودامدىن قايتمايمەن ۋە قايتىشنىمۇ تەلەپ قىلمايمەن» دېدى ـ دە، جىھادقا چىقىپ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى.

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غازاتلىرى

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزى قاتناشقان ۋە كاپىرلار بىلەن بولغان جەڭدە مۇسۇلمانلارغا قوماندانلىق قىلغان غازاتلارنىڭ سانى ھەققىدە ئالىملار ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

257. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ 21 غازاتقا

قاتناشقان» دېگەن.①

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ 19 غازاتقا قاتناشقان» دېگەن.②

ئىبنى ئىسھاق رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ 27 غازاتقا قاتناشقانلىقىنى بايان قىلغان.

تۆۋەندىكىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ قاتناشقان ئەڭ مەشھۇر غازاتلاردۇر:

بىرىنچى، ئەبۋائ غازىتى

بۇ — ۋەددان غازىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ھىجرىيىنىڭ بىرىنچى يىلى سەفەر ئېيىدا بولغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ جەڭدە دۈشمەنگە ئۇچراشماي قايتىپ كەلگەن.

ئىككىنچى، بۇۋات غازىتى

بۇ — ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا بولغان.

ئۈچىنچى، ئۇشەيرە غازىتى

بۇ — ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى جۇمادىل ئەۋۋەل ئېيىدا بولغان.

تۆتىنچى، ئەۋۋەلقى بەدر غازىتى

بۇمۇ ئۇشەيرە غازىتىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتە-ئۆتمەي ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى جۇمادىل ئەۋۋەل ئېيىدا بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ چاغدا مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا ھۇجۇم قىلغان كەرز ئىبنى جابىرنى ئىزدەش ئۈچۈن ئىدى.

بەشىنچى، چوڭ بەدر غازىتى

الله تائالا بۇ جەڭ ئارقىلىق ئىسلامنى ئىززەتكە ئېرىشتۈرگەن ۋە كۇفۇرنىڭ كاتتىۋاشلىرىنى ھالاك قىلغان چوڭ زەربە بولۇپ، بۇ جەڭ ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزاننىڭ 17- كۈنى سەھەردە بولغان. غازاتقا قاتناشقان ساھابىلارنىڭ سانى 300 ئون نەچچە ئىدى.

258. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىچىدە بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقانلارنىڭ سانىنىڭ تالۇت بىلەن دەريادىن ئۆتكەنلەرنىڭ سانى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزئارا پاراڭلىشاتتۇق. ئۇنىڭ بىلەن دەريادىن پەقەت مۇئمىنلەرلا ئۆتكەن بولۇپ، سانى

① مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

310 نەپچە كىشى ئىدى».[1]

259. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدر غازىتى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇشرىكلارنىڭ سانىنى ئىگىلىدى، ئۇلار 1000 كىشى بولۇپ، ساھابىلەر ئاران 319 كىشى ئىدى».[2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىنى باشلاپ يولغا چىققاندا قۇرەيشلەرنىڭ ئۆز كارۋانلىرىنى قوغداش ئۈچۈن يولغا چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇرەيشلەرنىڭ چىققانلىق خەۋىرىنى كىشىلەرگە ئېيتىپ مەسلىھەت سالغانىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ناھايىتى دانا سۆز قىلدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ياخشى پىكىر بەردى. ئاندىن مىقداد ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە قىلغىن، بىز سەن بىلەن بىللە. الله بىلەن قەسەمكى، بىز ساڭا بەنى ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېگەندەك: ﴿فَاذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلَا إِنَّا هَاهُنَا قَاعِدُونَ﴾ ‹سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى› دېمەيمىز، بەلكى: ‹سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار ئۇرۇشۇڭلار، بىز ھەم سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىمىز› دەيمىز. سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن بىزنى بەركۇلغىماد (ھەبەش شەھىرى) قا باشلاپ ماڭساڭمۇ، تاكى شۇ يەرگە يېتىپ بارغىچە ھەرگىز توختىمايمىز» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا ياخشى سۆز قىلدى ۋە خەيرلىك دۇئا قىلدى.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى خالايىق! ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار!» دېدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىزنىڭ بىرەر نەرسە دېيىشىمىزنى خالاۋاتقاندەك قىلىسەن» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە» دېدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىز ساڭا ئىمان كەلتۈردۇق، سېنى تەستىقلىدۇق، سەن ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردۇق. شۇنىڭغا ئاساسەن بىز سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاشقا ۋە ئىتائەت قىلىشقا ئەھدۇپەيمان بەردۇق. ئى رەسۇلۇللاھ! ئىرادەڭ بويىچە ئىش قىلغىن، بىز سەن بىلەن بىللە. سېنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سەن

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

بىزنى باشلاپ بۇ (قىزىل) دېڭىزغا كىرسەڭ، بىزدىن ھېچكىم باش تارتماي سەن بىلەن بىللە ئۇنىڭغا كىرىمىز. ئەتە دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ھېچقايسىمىز يامان كۆرمەيمىز. بىز جەڭدە چىداملىق، سادىق كىشىلەرمىز. بەلكىم الله تائالا ساڭا بىزدىن كۆزۈڭ خۇرسەن بولىدىغان ئىشنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بىزنى الله تائالانىڭ بەرىكىتىگە باشلاپ ماڭغىن!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بولدى ـ دە: «ئاتلىنىڭلار! خۇش بىشارەت ئېلىڭلاركى، الله ھەقىقەتەن ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرىنى ماڭا ۋەدە قىلدى. الله بىلەن قەسەمكى، مەن گويا مۇشرىكلارنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن» دېدى.①

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ (ساھابىلەرنى باشلاپ) مېڭىپ بەدردىكى سۇنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا ھۇباب ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئورۇنغا چۈشىشىمىز بىز خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان الله نىڭ ساڭا قىلغان ۋەھىيسىمۇ ياكى بۇ ئۆز رايىڭ بويىچە بولغان جەڭ تاكتىكىسىمۇ؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۆز رايىم بويىچە بولغان جەڭ تاكتىكىسى» دېگەنىدى، ھۇباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ يەرگە چۈشۈش مۇۋاپىق ئەمەس. قوشۇننى ئېلىپ ماڭغىن، سۇنىڭ مۇشرىكلارغا يېقىنراق بولغان يېرىگە ئورۇنلىشىپ بىر كۆل ياساپ، ئۇنىڭغا سۇ توشتۇرۇۋالايلى. ئاندىن باشقا قۇدۇق ۋە كۆللەرنى تىندۇرۇۋېتەيلى. شۇنىڭ بىلەن، بىز سۇ ئىچەلەيمىز، ئۇلار ئىچەلمەيدۇ» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەقىقەتەن ياخشى مەسلىھەت بەردىڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ساھابىلەر ئورنىدىن قوزغىلىپ سۇنىڭ مۇشرىكلارغا يېقىنراق بولغان يېرىگە كېلىپ چۈشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇدۇقلارنى تىندۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە ئۆزلىرى چۈشكەن ئورۇنغا كۆل ياسىۋالدى.②

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «(مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدىن) ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇلئەسۋەد مەخزۇمى ئىسىملىك ئەخلاقى ناچار ۋە ياۋۇز كىشى مەيدانغا چۈشۈپ: <الله قا ئەھدە بېرىمەنكى، مەن چوقۇم ئۇلارنىڭ كۆلىدىن سۇ ئىچىمەن ياكى ئۇ كۆلنى بۇزۇۋېتىمەن ۋە ياكى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمەن> دېدى. ئۇنىڭغا قارشى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەيدانغا چۈشتى. ئىككىسى

① «سيرة ابن هشام» 2ـ توم 188ـ بەت.

② «سيرة ابن هشام» 2ـ توم 192ـ بەت.

ئۇرۇشۇۋاتقاندا ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا بىر قىلىچ ئۇرۇپ، پاچىقىنىڭ يېرىمىنى ئۇزۇۋەتتى. ئەسۋەدنىڭ پۇتىدىن قان ئېتىلىپ چىقىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئەسۋەد (ئەھدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن) سۇ ئىچكىلى كۆلگە قاراپ ئۆمىلەپ ماڭغان ئىدى، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆلدە ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەسۋەد بەدردە ئۆلتۈرۈلگەن تۇنجى مۇشرىك بولۇپ قالدى.

ئاندىن شەيبە ئىبنى رەبىئە، قېرىندىشى ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ۋە ئوغلى ۋەلىد ئىبنى ئۇتبەلەر مەيدانغا چۈشۈپ مۇسۇلمانلارنى يەكمۇيەك ئېلىشىشقا چاقىرغانىدى، ئەنسارىلاردىن ئۈچ يىگىت مەيدانغا چىقتى. مۇشرىكلار تەرىپىدىن چۇشكەنلەر:

— سىلەر كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

— بىز ئەنسارىلار، — دېدى. مۇشرىكلار:

— سىلەرگە ھاجىتىمىز يوق. ئى مۇھەممەد! بىزگە ئۆز قەۋمىمىزدىن (قۇرەيشتىن) چىقارغىن! — دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ئى ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس، تۇر! ئى ھەمزە، تۇر! ئى ئەلى، تۇر! — دېدى. ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇتبە بىلەن، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەيبە بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەلىد بىلەن مۇبارىزىگە[①] چۈشتى.

ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىردەمدىلا ئۆز رەقىبلىرىنى يەر چىشلەتتى ئەمما ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇتبە ئىككىسى قاتتىق ئېلىشىپ بىر-بىرىنى ئېغىر يارىلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىسى ئۇتبەگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى ۋە ھەمراھى ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يارىلانغان ھالىتىدە كۆتۈرۈپ مۇسۇلمانلار سېپىگە قايتۇرۇپ كەلدى».[②]

ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ قولىدىكى يا ئوقى بىلەن ساھابىلەرنىڭ سېپىنى تۈزلەشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالغان سەۋاد ئىبنى غەزىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئى سەۋاد! تۈز تۇر» دەپ ئۇنىڭ قورسىقىغا يا ئوقى بىلەن نوقۇپ قويغانىدى، سەۋاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! قورسىقىمنى

---

① مۇبارىزە — يەكمۇيەك ئېلىشىش.

② «سيرة ابن هشام» 2- توم 194- بەتتىن 195- بەتكىچە.

ئاغرىتىۋەتتىڭ، قىساس ئالىمەن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قورسىقىنى ئېچىپ بېرىپ: «ئى سەۋاد! قىساسىڭنى ئالغىن» دېگەنىدى، سەۋاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قورسىقىنى سۆيدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئى سەۋاد! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ سورىغانىدى، سەۋاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! جەڭگە كىرىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن، ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدە بولسىمۇ تېنىمنىڭ سېنىڭ تېنىڭگە تېگىشىنى ئارزۇ قىلدىم» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپلەرنى رەتكە سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كەپىسىگە قايتىپ كىردى ھەمدە الله تائالا ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان غەلىبە-نۇسرەتنى تىلەپ دۇئا قىلدى ۋە: «ئى الله ! ئەگەر بۇ جامائەتنى ھالاك قىلساڭ، زېمىن يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ھېچكىم قالمايدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! رەببىڭگە قىلغان دۇئايىڭ يېتەرلىك بولدى، ئۇ ساڭا ۋەدە قىلغان غەلىبىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ كۆزىنى يۇمۇپ بىرئاز ئۇخلىدى، ئاندىن خوشال ھالدا ئويغاندى ۋە: «خۇشخەۋەر ئى ئەبۇبەكرى! الله نىڭ نۇسرىتى كەلدى. مانا بۇ جىبرىئىل ئېتىنى چاپتۇرۇپ، چاڭ-توزانلارنى ئۆرلىتىپ كېلىۋاتىدۇ» دېدى.[1]

الله تائالا بەدر غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى چۈشۈردى ھەمدە مۇشرىكلارنى قانداق ئۆلتۈرۈش ھەققىدە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿إِذْ يُوحِي رَبُّكَ إِلَى الْمَلَائِكَةِ أَنِّي مَعَكُمْ فَثَبِّتُوا الَّذِينَ آمَنُوا سَأُلْقِي فِي قُلُوبِ الَّذِينَ كَفَرُوا الرُّعْبَ فَاضْرِبُوا فَوْقَ الْأَعْنَاقِ وَاضْرِبُوا مِنْهُمْ كُلَّ بَنَانٍ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: <مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۆئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن> دەپ ۋەھيى قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار»[2].

بەدر جېڭىدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قوماندانلىقىدا 5 مىڭ پەرىشتە ياردەمگە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارمۇ ھەم مۇشرىكلارغا قارشى جەڭ قىلدى. مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلىش ۋە يوق قىلىش ئۈچۈن بىرلا پەرىشتە چۈشكەن

[1] «سيرة ابن هشام» 2- توم 194- بەتتىن 195- بەتكىچە.
[2] سۈرە ئەنفال 12- ئايەت.

بولسىمۇ كۇپايە قىلاتتى ئەمما الله تائالا نېمە ئۈچۈن 5 مىڭ پەرىشتىنى ئەۋەتتى؟ بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، الله تائالا بۇ ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھۆرمەتلىگەن ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغان.

الله نىڭ ياردىمى پەقەت بەدر جېڭىگە قاتناشقان كىشىلەرگىلا خاس ئەمەس بەلكى الله تائالا ھەر ۋاقىت، ھەر ماكاندا ئۆزىنىڭ يولىدا دۈشمەنلەرگە قارشى جىھاد قىلىشتا سادىق بولغان مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىدۇ. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا بەدر جېڭىدە مۇئمىنلەرگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن چۈشۈرگەن 5 مىڭ پەرىشتە قىيامەتكىچە بولغان بارلىق مۇئمىنلەرگە مەدەتتۇر».

260. رىفائە ئىبنى رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: «ئىچىڭلاردىكى بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارغا قانداق قارايسىلەر؟» دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى دەپ قارايمىز» دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: «بەدر غازىتىغا قاتناشقان پەرىشتىلەرمۇ ھەم شۇنداق» دېدى.[1]

261. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۇ كۈنى مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى بىر مۇشرىكنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ، ئۈستى تەرەپتە ئاتلىق بىرىنىڭ قامچىسىنى قارسىلداتقان ھالدا: ‹ھەيزۇم، ئالغا!› دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان. ئۇ ئالدىغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئۇ مۇشرىك ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشكەن بولۇپ، بۇرنى كېسىلىپ، يۈزى يېرىلغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن ئەنسارى ۋەقەنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كېلىپ سۆزلەپ بەرگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹راست ئېيتتىڭ، ئۇ ئۈچىنچى[2] ئاسماننىڭ مەدەتچىلىرىدىن› دېدى».[3]

بەدر جېڭى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇششاق شېغىل تاشلاردىن بىر سىقىم ئېلىپ قۇرەيش كاپىرلىرىنىڭ يۈزلىرىگە ئاتتى ۋە: «يۈزلىرىڭ خار بولۇپ كەتسۇن!» دېدى. ئاندىن ساھابىلىرىنى قۇرەيش كاپىرلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى.

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇ ھەدىسنىڭ بۇ ئورۇندىكى لەۋزى ئۇشبۇ كىتابنىڭ ئەرەبچىسىدە خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇپ، «سەھىھ مۇسلىم»دىكى ئەسلى ئەرەبچە لەۋزىدە «صدقت، ذلك من مدد السماء الثالثة» (راست ئېيتتىڭ، ئۇ ئۈچىنچى ئاسماننىڭ مەدەتچىلىرىدىن) دەپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىسنىڭ ئەسلى ئەرەبچە لەۋزىگە ئاساسەن توغرىلاپ تەرجىمە قىلىندى ــ تەرجىماندىن.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

شۇنىڭ بىلەن، ساھابىلار قۇرەيش كاپىرلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. ﷲ تائالا ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىلدى. ئۇلار مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، 70 كىشىنى ئەسىر ئالدى.[1]

مۇئاز ئىبنى ئەمىر مۇنداق دەيدۇ: «مەن كىشىلەرنىڭ: <ئەبۇلھەكەمگە (ئەبۇجەھىلگە) ھېچكىم يېقىن بارالمايدۇ> دېگىنىنى ئاڭلاپ ئۇنى نىشان قىلدىم. ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغاندا بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ پاچىقىنىڭ يېرىمىدىنلا ئۈزۈپ تاشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىكرىمە مۈرەمگە چاپتى ـ دە، قولۇم ئۈزۈلۈپ، ئازغىنە قىسمىنى بېقىنىمنىڭ ئازراق تېرىسىلا تۇتۇپ ئېسىلىپ قالدى. جەڭ ماڭا ئۇنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئاندىن مەن ئېسىلىپ قالغان قولۇمنى ئارقامغا تاشلاپ كۈن بويى جەڭ قىلدىم. (قولۇم ساڭگىلىۋېلىپ) مۇشەققەت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قولۇمنىڭ ئۇستىگە دەسسەپ تۇرۇپ كۈچەپ تارتىپ ئۈزۈپ تاشلىدىم».[2]

بەدر غازىتىدا ﷲ تائالا مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ نَصَرَكُمُ اللَّهُ بِبَدْرٍ وَأَنْتُمْ أَذِلَّةٌ فَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ «ﷲ سىلەرگە بەدردە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى، سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى). ﷲ نىڭ سىلەرگە بەرگەن نۇسرىتىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ﷲ تىن قورقۇڭلار»[3].

ئالتىنچى، بەنۇ سۇلەيم غازىتى

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدردىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ يەتتە كۈن تۇردى، ئاندىن بەنى سۇلەيمگە غازات قىلىش ئۈچۈن ساھابىلىرى بىلەن چىقتى ۋە بەنى سۇلەيمنىڭ سۈيى بار يېرىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ ئۈچ كۈن تۇردى لېكىن بۇ جەرياندا جەڭ بولمىدى»[4].

يەتتىنچى، بەنى قەينۇقا غازىتى

بۇ — ھىجرىيىنىڭ 20 ئاي ئۆتۈپ، يەنى شەۋۋال ئېيىنىڭ يېرىمىدا شەنبە كۈنى بولغان. بەنى قەينۇقا بولسا يەھۇدىيلارنىڭ تۇنجى قېتىم خىيانەت قىلغان

[1] «سيرة ابن هشام» 2ـ توم 196ـ بەت.
[2] «سيرة ابن هشام» 2ـ توم 201ـ بەت.
[3] سۈرە ئال ئىمران 123ـ ئايەت.
[4] «سيرة ابن هشام» 3ـ توم 3ـ بەت.

قەبىلىسى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى، ئۇلار ئۆز قورغانلىرىغا كىرىۋېلىپ مۇداپىئەلەندى. ئاندىن الله تائالا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ سالدى-دە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا ئەھدىلىشىش ئۈچۈن چۈشتى. شۇ ۋاقىتتا مۇناپىقلار كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئۇلارنى تىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى سۈرگۈن قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈك ۋە زېمىنلىرىنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىملەپ بەردى.[1]

سەككىزىنچى، سەۋىق (يەنى تالقان) غازىتى

بۇ — ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ بەشىنچى كۈنى بولغان بولۇپ، مۇشرىكلاردىن ئەبۇ سۇفيان (يېرىم كېچىدە مەدىنىگە ئادەم ئەۋەتىپ باغ-ۋارانلارنى كۆيدۈرۈپ، ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن،) رەسۇلۇللاھ ﷺ (ساھابىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ) ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قوغلاپ مەدىنىدىن چىقتى. ئەبۇ سۇفيان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، يۈكلىرىنى يەڭگىللىتىپ تېز قېچىش ئۈچۈن تالقان (قاچىلانغان تۇلۇملىرىنى) تاشلاپ قاچتى، شۇ سەۋەبلىك بۇ غازات سەۋىق (يەنى تالقان) غازىتى دەپ ئاتالدى.[2]

توققۇزىنچى، غەتفان غازىتى

بۇ غازات يەنە «ئەنمار غازىتى» ۋە «زىئەمىر غازىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 3- يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا نەجدە زېمىنىدا بولغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن 450 كىشى دۈشمەننى ئۈچرىتالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشسىز قايتىپ كەلگەن.[3]

ئونىنچى، ئىككىنچى بەنۇ سۇلەيم غازىتى

پەيغەمبەر ﷺ ھىجازدىكى فەرئ دېگەن جايغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە رەبىيئۇل ئاخىر ۋە جۇمادىل ئەۋۋەل ئايلىرىدا شۇ يەردە تۇرۇپ دۈشمەنگە ئۇچراشمىغانلىقتىن

[1] ئىبنى سەئىدنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابى 2- توم 29- بەت.

[2] ئىبنى سەئىدنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابى 2- توم 30- بەت، «سيرة ابن هشام» 3- توم 403- بەت، ۋاقىدىنىڭ «المغازي» ناملىق كىتابى 1- توم 181- بەت.

[3] ئىبنى سەئىدنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابى 2- توم 34-، 35- بەتلەر، «سيرة ابن هشام» 3- توم 4- بەت، ۋاقىدىنىڭ «المغازي» ناملىق كىتابى 1- توم 193-، 194- بەتلەر.

ئۇ يەردە جەڭ بولمىدى.[1]

ئون بىرىنچى، ئۇھۇد غازىتى

بۇ — ھىجرىيىنىڭ 3- يىلى شەۋۋال ئېيىدا بولغان. بۇ غازاتتا مۇشرىكلارنىڭ سانى 3000، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 700 ئىدى، ئىككى قوشۇن ئۇھۇدتا ئۇچراشتى. مۇشرىكلارنىڭ بايراقدارى تەلھە ئىبنى ئەبۇ تەلھە مۇسۇلمانلارنى مۇبارىزىگە چاقىردى، ئۇنىڭغا قارشى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇبارىزىگە چۈشۈپ، ئۇنى ئۆلتۈردى؛ ئاندىن بايراقنى ئوسمان ئىبنى ئەبۇ تەلھە كۆتۈردى، ئۇنى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈردى؛ ئاندىن بايراقنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ تەلھە كۆتۈردى، ئۇنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئاندىن بايراقنى مۇسافىئ ئىبنى تەلھە كۆتۈردى، ئۇنى ئاسىم ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئاندىن بايراقنى ھارىس ئىبنى تەلھە كۆتۈردى، ئۇنىمۇ ئاسىم ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈردى؛ ئاندىن بايراقنى كىلاب ئىبنى تەلھە كۆتۈردى، ئۇنى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈردى؛ ئاندىن بايراقنى جەللاس ئىبنى تەلھە كۆتۈردى، ئۇنى تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈردى؛ ئاندىن بايراقنى ئەرتا ئىبنى شۇرەھبىل كۆتۈردى، ئۇنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈردى.[2]

شۇنداق قىلىپ، ئۇھۇد كۈنى ئەبۇ تەلھەنىڭ ئائىلىسىدىن كەينى-كەينىدىن يەتتە كىشى ئۆلتۈرۈلدى. تاكى ئۇمرە بىنتى ئەلقەمە ئىسىملىك (بىر مۇشرىك ئايال) بايراقنى كۆتۈرگەنگە قەدەر مۇشرىكلارنىڭ بايرىقى يەردە توپىغا مىلىنىپ ياتقانىدى.

بايراق ئىگىلىرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مۇشرىكلار ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ھېچنەرسىگە قارىماي قاچتى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. مۇشرىكلار ھەتتا قوراللىرىنىمۇ تاشلاپ قاچقانىدى، شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر غەنىيمەت يىغىشقا كىرىشىپ كەتتى. (پەيغەمبەر ﷺ قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تاغدىن چۈشمەسلىككە بۇيرۇپ) تاغقا ئورۇنلاشتۇرغان ئوقياچىلارمۇ بۇنى كۆرۈپ ئىختىلاپلىشىپ قالدى. ئاقىۋەت، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى غەنىيمەت

[1] ئىبنى سەئىدنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابى 2- توم 35- بەت.

[2] ئىبنى سەئىدنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابى 2- توم 40-، 41- بەتلەر.

يىغىش ئۈچۈن تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل تاغ ئۈستىدە قالغان ئازغىنە ئوقياچىلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى شەھىد قىلدى. شۇ پەيت ئىبلىس: «مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلدى» دەپ توۋلىدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قېلىپ، تەرتىپسىز جەڭ قىلىشقا باشلىدى. مۇشرىكلار نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنى شەھىد قىلدى، جەڭ ۋەزىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا قاراپ يۈزلەندى. شۇنداقتىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزى بىلەن قالغان ساناقلىق ساھابىلەر بىلەن ئاخىرىغىچە مۇستەھكەم تۇردى. الله تائالا بۇ جەڭدە بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنىڭ دەرىجىسىنى شاھادەت بىلەن يۇقىرى كۆتۈردى، يەنە بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار يارىلاندى. ئۇھۇد غازىتى كۈنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېغىر ئىمتىھان كۈنى بولدى.

ئون ئىككىنچى، ھەمرائۇلئەسەد غازىتى

بۇ — ئۇھۇد غازىتىدىن كېيىن، ھىجرىيىنىڭ 3- يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 16- كۈنى يەكشەنبە بولدى. ھەمرائۇلئەسەد مەدىنىگە يېقىن بىر جاي ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ (مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن) قورەيشنىڭ كاتتىۋېشى بولغان ئەبۇ سۇفيانغا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى نامايەن قىلىش ۋە ئۇھۇدتىكى مۇسىبەتلەرنىڭ ئۇلارنى ئاجىزلىتالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇھۇد غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭلا چىقىشىنى بۇيرۇدى. ئەبۇ سۇفيان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەمرائۇلئەسەدكە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ مەككىگە قاراپ تىكىۋەتتى.[1]

ئون ئۈچىنچى، بەنى نەزىر غازىتى

بۇ — ئۇھۇد غازىتىدىن بەش ئاي ئۆتۈپ، ھىجرىيىنىڭ 4- يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا بولغان. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بولغان ئەھدىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلار تەرەپكە قاراپ چىقتى ۋە ئۇلارنى بىر مەزگىل مۇھاسىرىگە ئالدى. الله تائالا ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ سېلىپ قويغانىدى، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تەسلىم بولدى. (ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى مەدىنىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى) لېكىن مۇناپىقلار كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇلارنى تىلىۋالماقچى بولدى.

[1] «سيرة ابن هشام» 3- توم 44-، 45- بەتلەر.

شۇنىڭ بىلەن، يەھۇدىيلار ئامالسىز مال ـ مۈلۈك ۋە قورال‌لىرىنى قالدۇرۇپ، پەقەت ئۇلاغلىرى كۆتۈرەلىگۈدەك يۈك ـ تاقىنى ئېلىپ خەيبەر ۋە باشقا جايلارغا كېتىشتى. الله ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى ۋە دىيارلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ئولجا قىلىپ بەردى.[1] بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى ھەققىدە سۈرە ھەشىر نازىل بولدى.

ئون تۆتىنچى، زاتۇر رىقائ غازىتى

بۇ — ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى جۇمادىل ئەۋۋەل ئېيىدا بولغان. بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياقلىرى يىرتىلىپ، پۇتلىرى قاناپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پۇتلىرىغا لاتا ئورىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ غازات زاتۇر رىقائ (لاتا ئورىۋالغۇچىلار) غازىتى دەپ ئاتالغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نەجدە زېمىنىدىكى بەنى مۇھارىبە، بەنى سەئلەبە ۋە بەنى غەتفان قەبىلىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چىققان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ يەردە غەتفان قەبىلىسىدىن بولغان زور بىر تۈركۈم كىشىلەرگە يولۇقتى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىدىن قورقۇپ تۇرغان بولغاچقا ئۇ يەردە ئۇرۇش بولمىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تۇنجى قېتىم شۇ يەردە خەۋپ نامىزى ئوقۇدى.[2]

ئون بەشىنچى، كىچىك بەدر غازىتى

بۇ ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى شەئبان ئېيىدا بولغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىدىن 1500 كىشىنى ئېلىپ ئەبۇ سۇفيان بىلەن قىلىنغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن بەدرگە قاراپ يولغا چىققان. ئەبۇ سۇفيانمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن قۇرەيشنى ئېلىپ چىققان لېكىن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلماستىن مەككىگە قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن.[3]

ئون ئالتىنچى، دۇمەتۇلجەندەل غازىتى

بۇ — ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا بولغان. دۇمەتۇلجەندەل شام تەرەپتە بولۇپ، شام، ئىراق ۋە نەجدىنىڭ ئارىسىدىكى مۇستەھكەم قورغانلىق بىر شەھەر ئىدى.

كاپىرلار مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن

---

[1] «سيرة ابن هشام» 3 ـ توم 109 ـ بەت.

[2] «سيرة ابن هشام» 3 ـ توم 119 ـ بەت.

[3] «سيرة ابن هشام» 3 ـ توم 123 ـ بەت.

دۈمەتۇلجەندەلگە توپلانغانلىق خەۋىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلاپ ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندى ھەمدە كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ، كېچىسى يول ماڭدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان مۇشرىكلار قورققىنىدىن تارقىلىپ كېتىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ دۈمەتۇلجەندەلگە كەلگەندە دۈشمەنلەردىن ھېچكىم يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ پادىچىلىرى ۋە چارۋا-ماللىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قېچىپ، بەزىلىرى تۇتۇلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردى ۋە ئەتراپقا چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىپمۇ ھېچكىمنى ئۇچرىتالمىدى.①

ئون يەتتىنچى، خەندەك غازىتى

خەندەك غازىتى يەنە «ئەھزاب غازىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ غازات ھىجرىيىنىڭ 5- يىلى شەۋۋال ئېيىدا بولغان. مۇشرىكلاردىن قۇرەيش قەبىلىسى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ باشچىلىقىدا، بەنى فۇزارە ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىنىڭ باشچىلىقىدا؛ بەنى مۇررە ھارىس ئىبنى ئەۋفنىڭ باشچىلىقىدا؛ ئۇنىڭدىن باشقا، غەتفان ۋە ئەشجەئ قەبىلىلىرى ھەم چىققان بولۇپ، غەتفان ۋە ئەشجەئ قەبىلىلىرىدىن باشقا بىرلەشمە قوشۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 5000 ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ مۇسۇلمانلارغا مەسلىھەت سالغانىدى، سەلمان فارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاش مەسلىھەتىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلاردىن 3000 كىشى 10 نەچچە كېچە خەندەك كولىدى.

مۇشرىكلار مەدىنىگە يېتىپ كېلىپ ئۇشتۇمتۇت خەندەككە دۈچ كەلدى. قۇرەيش قەبىلىسى سەل سۇلىرى يىغىلىدىغان جايغا چۈشتى، غەتفان قەبىلىسى ئۇھۇد تەرەپكە چۈشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلار بىلەن خەندەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە سەلئى تېغى، ئالدىدا مۇشرىكلار بىرلەشمە قوشۇنى بار ئىدى.

ئۇلار شۇ ھالەتتە 20 نەچچە كۈن تۇردى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمىر ئىبنى ئابدۇۋۇد بىلەن مۇبارىزىگە چۈشۈپ ئۇنى ئۆلتۈردى. ئاندىن ئىككى گۇرۇھ ئارىسىدا ئوق ئېتىش بولۇپ تۇردى. مۇھاسىرە پەيتىدە نۇئەيم ئىبنى

① ئىبنى سەئىدنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابى 2- توم 62-، 63- بەتلەر.

مەسئۇد ئەشجەئى ھېچكىشىگە بىلدۈرمەي مۇسۇلمان بولدى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۆزىنىڭ بىرەر ئىشقا ياردەم قىلىش ئىرادىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «سەن ھازىر بىزنىڭ سېپىمىزدىكى بىر كىشى، دۈشمەننى بىزدىن چېكىندۈرۈش ئۈچۈن بىرەر ئامال قىلغىن، جەڭ دېگەن ھىيلە بىلەن بولىدۇ» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۇلار بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بەنى قۇرەيزە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بولغان ئەھدىسىنى بۇزۇپ، مۇشرىكلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈۋالغان ئىدى. نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد بەنى قۇرەيزىنىڭ ئاقساقاللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بولغان ئەھدىسىنى بۇزۇپ خاتا قىلغانلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ ئۇزۇن قالماي ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ ئۆزلىرىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يالغۇز تاشلاپ قويىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى شۇڭلاشقا مۇشرىكلارنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلىرىنى گۆرۈگە ئېلىپ تۇرۇپ ئاندىن ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى، شۇندىلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تاشلاپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندى، ئۇلار ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد بەنۇ قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ قېشىدىن چىقتى-دە، ئەبۇ سۇفيان ۋە بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا كۆيۈنگەن قىياپەتتە تۇرۇپ، بەنى قۇرەيزىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بولغان ئەھدىسىنى بۇزغانلىقىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى ھەمدە بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىر نەچچىنى گۆرۈگە ئېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆلتۈرۈشى ئۈچۈن تۇتۇپ بېرىشكە كېلىشكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە: «ئەگەر بەنى قۇرەيزە سىلەردىن گۆرۈگە ئادەم تەلەپ قىلسا ئۇلارغا بەرمەڭلار! چۈنكى ئۇلار سىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلتۈرۈشىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ» دېدى.

شەنبە كۈنى كەچتە ئەبۇ سۇفيان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، تاڭ ئېتىشىغا مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشنى، ئۆزلىرىنىڭمۇ بۇ ۋاقىتتا تەڭ ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يەھۇدىيلار نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدنىڭ دېگىنى بويىچە، ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە گۆرۈگە قويۇشقا ئادەم تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرى يەھۇدىيلارنىڭ گۆرۈگە ئادەم تەلەپ

قىلغانلىقى — ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ كاللىسىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كېسىشىگە تاپشۇرۇش ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. شۇنىڭ بىلەن، ھەر ئىككى تەرەپ نۇئەيم ئىبنى مەسئۇدنىڭ سۆزىنى راستكەن دەپ ئويلىدى. مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ سۆزى بىر يەردىن چىقمىدى. الله ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئىختىلاپ ئوتى يېقىپ قويۇۋېدى، ئۇلار بىر-بىرىدىن نارازىلىشىپ، ئۆزئارا سۆكۈشكە باشلىدى.

الله تائالا كېچىدە مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ ئەسكىرىي بازىسىغا قاتتىق سوغۇق بوران ئەۋەتتى، بوران ئۇلارنىڭ قاچا-قۇچىلىرىنى ئۆرۈپ، قازانلىرىنى دۈم كۆمتۈرۈپ، چېدىرلىرىنى بۇزۇۋەتتى.

مۇشرىكلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپتىن خەۋەر تاپقان رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى ۋە ھەرگىز چاتاق چىقارماسلىققا بۇيرۇدى.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەم قاراڭغۇ، ھەم قاتتىق سوغۇق بۇ كېچىدە مېڭىپ مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا ئەبۇ سۇفيان ئۆز ئادەملىرى بىلەن يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چېكىنىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى: «ئى قۇرەيش جامائەسى! سىلەر تۇرۇۋاتقان بۇ جاي ھازىر خاتىرجەم ئەمەس، يوك-تاقا ۋە ئوزۇق-تۈلۈكلەر ۋەيران بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ بوران چېدىرلىرىمىزنى بۇزۇپ، قازان-قومۇچلىرىمىزنى ئۆرۈۋەتتى، ئوتلىرىمىزمۇ تۇتاشمايۋاتىدۇ شۇڭا قايتىپ كېتەيلى، مەنمۇ ھەم قايتىمەن» دېدى ۋە تۆگىسىگە مىندى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قايتىپ كەتتى. قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ قايتىپ ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغان غەتفان قەبىلىسىمۇ ھەم چېكىندى.[①]

الله تائالا مۇسۇلمانلارنى مۇشرىكلار بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىنى ئۆز ئايىتىدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَرَدَّ اللَّهُ الَّذِينَ كَفَرُوا بِغَيْظِهِمْ لَمْ يَنَالُوا خَيْرًا وَكَفَى اللَّهُ الْمُؤْمِنِينَ الْقِتَالَ وَكَانَ اللَّهُ قَوِيًّا عَزِيزًا﴾ «الله كاپىرلار (يەنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلغان ئىتتىپاقداش قوشۇن)نى خاپا قايتۇردى، ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمىدى، الله (دۈشمەنگە بوران ۋە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق) مۆمىنلەرنى ئۇرۇشسىز غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. الله كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر»[②].

---

[①] «سيرة ابن هشام» 3- توم 137- بەتتىن 140- بەتكىچە.

[②] سۈرە ئەھزاب 25- ئايەت.

ئون سەككىزىنچى، بەنى قۇرەيزە غازىتى

مۇشرىكلار كېچىدە تېزلىك بىلەن مەدىنىدىن چېكىنىدى، مۇسۇلمانلارمۇ سەھەردە ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىپ كەلدى. چۈش بولغاندا جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «سەن قورالنى قويدۇڭمۇ؟ پەرىشتىلەر تېخى قورالنى قويغىنى يوق، اللە سېنى بەنى قۇرەيزىگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى، ئۇلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلار تەرەپكە ئاتلانماقچىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جاكارچىسى: «كىمكى اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزىگە بېرىپ ئوقۇسۇن» دېدى.

ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ ئاخىرىقى يەتتە كۈنىدە 3000 مۇسۇلمان بەنى قۇرەيزىگە قاراپ ئاتلاندى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەنى قۇرەيزىنى 25 كۈن مۇھاسىرىگە ئالدى. ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن مۇسۇلمانلارغا ھاردۇق يەتكەن بولسىمۇ ئەمما اللە تائالا بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سالدى ـ دە، ئۇلار (رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تەسلىم بولۇپ چىقىپ) سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بولغان ئەھدىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئايال ـ باللىرىنى ئەسىر ئېلىشقا ھۆكۈم قىلغاندى، پەيغەمبەر ﷺ (مەمنۇن بولۇپ): «سەن ھەقىقەتەن يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىكى اللە نىڭ ھۆكۈمى بويىچە ھۆكۈم قىلدىڭ» دېدى.

مۇسۇلمانلار بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئەرلىرىنى تۇتۇپ كەلدى، ئۇلارنىڭ سانى 800 بىلەن 900نىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىنىڭ بازىرىغا بىر خەندەك كولاتقۇزۇپ، ئۇلارنى شۇ يەرگە ھەيدەپ ئاپىرىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەنى قۇرەيزىنىڭ كاتتىۋېشى كەئب ئىبنى ئەسەد ۋە بارلىق يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقى ھۇيەي ئىبنى ئەختەب ھەم بار ئىدى. ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ كاللىسىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەندە، ئىككى قولى گەجگىسىگە ئارغامچا بىلەن باغلانغان ھالەتتە ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: «مەن سەن بىلەن دۈشمەنلەشكىنىمگە ھەرگىز پۇشايمان قىلمايمەن لېكىن اللە ياردەمسىز قالدۇرغان كىشى چوقۇم مەغلۇپ بولىدىكەن» دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىندى.[1]

[1] «سيرة ابن هشام» 3 ـ توم 141 ـ بەتتىن 147 ـ بەتكىچە.

شۇنداق قىلىپ، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا بولغان ھۆكۈم ئىجرا قىلىندى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى، دىيارلىرى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىگە ۋارىس بولدى.

ئون توققۇزىنچى، بەنى لىھيان غازىتى

بۇ — ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىدا بولدى. بەنى لىھيان قەبىلىسى خۇبەيب ئىبنى ئەدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا خىيانەت قىلىپ، ئۇلارنى رەجىيئ دېگەن سۇ بويىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەرنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى ئەمما ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇش بولمىدى.[①]

يىگىرمىنچى، زۇلقەرد غازىتى

زۇلقەرد — مەدىنە بىلەن خەيبەر ئارىسىدىكى بىر سۇلۇق جاي بولۇپ، مەدىنىدىن ئىككى كېچە يىراقلىقتا ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەنى لىھيان غازىتىدىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇردى، بۇ جەرياندا غەتفان قەبىلىسىدىن ئاتلىق كەلگەن ئۇيەينە ئىبنى ھىسىن فەزارى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سېغىن تۆگىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى.

ئىبنى ئىسھاق بۇ غازاتنىڭ ھىجرىيە 6 ـ يىلىنىڭ يېرىمىدا بولغانلىقىنى قەيت قىلدى.[②] بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار مەزكۇر غازاتنىڭ ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن، خەيبەر غازىتىدىن بۇرۇن، ھىجرىيە 7 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى. مۇشۇ غازاتنىڭ قەھرىمانى سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ غازاتنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتقان بولۇپ، ئىبنى كەسىر ھەم ئۆزىنىڭ تارىخ كىتابىدا بۇنىڭ توغرىلىقىنى كۈچلەندۈرگەن.[③]

262. سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زۇلقەرد غازىتىنى سۆزلەپ: «بىز 1400 كىشى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە ھۇدەيبىيەگە چىقتۇق» دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئاندىن بىز مەدىنىگە كەلدۇق، پەيغەمبەر ﷺ تۆگىلىرىنى خىزمەتچىسى رەباھتىن يايلاققا ئەۋەتتى. شۇ چاغدا مەنمۇ رەباھ بىلەن بىللە بولۇپ، تەلھەنىڭ ئېتىنى تۆگە بىلەن بىللە ئوتلىتىشقا ئېلىپ

[①] «سيرة ابن هشام» 3 ـ توم 174 ـ بەتتىن 175 ـ بەتكىچە.

[②] «سيرة ابن هشام» 3 ـ توم 175 ـ بەت.

[③] ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 4 ـ توم 150 ـ بەت.

چىققان ئىدىم. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئابدۇراھمان فەزارى باستۇرۇپ كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پادىچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تۆگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ ھەيدەپ كەتتى. مەن رەباھقا:

— ئى رەباھ! بۇ ئاتنى ئېلىپ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا يەتكۈزۈپ بەر ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەھۋاللارنى خەۋەر قىلغىن، — دېدىم. ئاندىن بىر دۆڭگە چىقىپ مەدىنىگە قاراپ:

— دۈشمەن ھۇجۇم قىلدى! — دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدىم ۋە:

مەنكى ئەكۋەئ ئوغلىمەن،

دىن ئىسلامنىڭ قالقىنى.

بۇگۈن دۈشمەن تېتىيدۇ،

ھالاكەتنىڭ تەمىنى.

دەپ بېيىت ئوقۇغاچ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ ماڭدىم. ئۇلاردىن بىرىگە يېتىشىۋېلىپ ئوق ئاتقانىدىم، ئوق ئۇنىڭ تارغىقىغا تەگدى. مەن:

— ئالە مانا! مەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلىمەن، بۈگۈن سەن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر، — دېدىم.

الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلارغا توختىماي ئوق ئېتىپ، ئاتلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەردىم. ناۋادا ئاتلىق بىرەرسى ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭا ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، دەرھال دەرەخنى دالدا قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئوق ئېتىپ ئېتىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم. ئاندىن تاغ يولى تارىيىپ چىغىر يوللارغا كىرگەندە تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇلارغا تاش دۈملىتەتتىم. ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈردۈم. ئۇلار ئاخىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆگىلىرىنى تاشلاپ قاچقىلى تۇردى، مەنمۇ تۆگىلەرنى ئارقامدا قالدۇرۇپ، داۋاملىق تاش ئاتقان ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىۋەردىم. ئۇلار يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئوتتۇز قۇرغا يېقىن كىيىم-كېچەك ۋە ئوتتۇز تالغا يېقىن نەيزىلىرىنى تاشلاپ ماڭدى. ئۇلار تاشلاپ ماڭغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەرنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن تاش بىلەن بەلگە قويۇپ ماڭدىم. ھەتتا ئۇلار بىر چاغدا تاغ قاپتىلىغا كېلىپ قالدى، مەن تاغ ئۈستىدە ئىدىم، ئۇلارنىڭ قېشىغا بەدر فەزارىنىڭ ئوغلىمۇ كەلدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يېگەچ پاراڭلىشىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى بىر تۆپىلىككە چىقىپ ئولتۇردۇم. فەزارى مېنى كۆرۈپ قېلىپ

ئۇلاردىن:

— بۇ نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇلار:

— بۇ ئادەم بىشىمىزغا بالا بولدى. تاڭ يورىغاندىن باشلاپ بىزدىن نىرى كەتمەي ئوق ئېتىپ قوغلاۋاتىدۇ، قولىمىزدىكى ھەممە نەرسىنى ئېلىۋالدى، — دېيىشتى. فەزارى:

— تۆت كىشى تۆپىلىككە چىقىپ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېسۇن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردىن تۆت كىشى مەن بار تۆپىلىككە ياماشقىلى تۇردى. ئۇلار يېقىنلاپ گېپىمنى ئاڭلىغۇدەك يەرگە كەلگەندە، مەن:

— مېنى تونۇمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم، ئۇلار:

— ياق، كىمسەن؟ — دېيىشتى، مەن:

— سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ بولىمەن. مۇھەممەد ﷺ نىڭ يۈزىنى ھۆرمەتلىك قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قايسىڭلارنى قوغلىسام ئۇ ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ئەمما مېنى تۇتماقچى بولساڭلار ھېچقايسىڭلار يېتىشەلمەيسىلەر، — دېگەنىدىم، ئۇلاردىن بىرى:

— ھەقىقەتەن شۇنداقكەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قايتىپ چۈشۈپ كەتتى. مەن جايىمدا مىدىرلىماي تۇردۇم. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرىنىڭ دەرەخزارلىقنىڭ ئارىسىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئەڭ باشتا ئەخرەم ئەسەدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەبۇ قەتادە ئەنسارى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد كىندى كەلگەندى. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر قېچىپ كېتىشتى. مەن ئەخرەمنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئى ئەخرەم! دىققەت قىل، پەيغەمبەر ﷺ ۋە ساھابىلەر يېتىپ كەلگۈچە ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قالمىسۇن، — دېسەم، ئۇ:

— ئى سەلەمە! سەن الله قا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرسەڭ، جەننەت ۋە دوزاخنى ھەق دەپ بىلسەڭ، مېنى شەھىد بولۇشتىن توسمىغىن! — دېدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئۇ بېرىپ ئابدۇراھمان بىلەن ئېلىشىپ ئېتىنى ئۆلتۈردى لېكىن ئابدۇراھمان ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپ شەھىد قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىپ قاچماقچى بولغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چەۋەندازى ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ نەيزە بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

دۈشمەن قېچىپ كەتكەندى، مەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ پىيادە يۈگۈردۈم. بىز پەيغەمبەر ﷺ دىن بەك ئىلگىرىلەپ كەتكەن بولغاچقا، ئارقامدىن كېلىۋاتقان ساھابىلەرنىڭ بىرىنىمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭ-توزاننىمۇ كۆرمىدىم. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغان ۋاقىتتا، دۈشمەن زۇلقەرد دەپ ئاتىلىدىغان سۈلۈق جىلغىغا يېتىپ باردى ۋە قاتتىق چاڭقاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇ ئىچمەكچى بولۇشقانىدى لېكىن مېنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ بىر تامچىمۇ سۇ ئىچمەلمەي يەنە قاچتى ۋە ئېگىز بىر تۆپىلىككە قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ بىرسىگە يېتىشىۋېلىپ مۈرىسىنى چەنلەپ تۇرۇپ ئوق ئاتتىم ۋە:

— ئالە مانا! مەن ئەكۋەئنىڭ ئوغلىمەن، بۈگۈن سەن پەسكەشلەرنىڭ ھالاكەت كۈنىدۇر، — دېدىم، ئۇ:

— ۋۇي ئانىسى ئۆلگۈر، يەنە شۇ ئەتىگەنكى ئەكۋەئمۇسەن؟ — دېگەنىدى، مەن:

— شۇنداق ئى ئۆز جېنىڭنىڭ دۈشمىنى! ئەتىگەنكى ئەكۋەئىمەن، — دېدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تاغ يولىدا ئىككى تۇياق ئاتنى تاشلاپ قاچتى. مەن ئۇ ئىككى ئاتنى ئېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا قاراپ قايتىپ ماڭدىم. (شۇ ئارىدا، تاغام ئامىر ماڭا يېتىشىپ كەلدى. ئۇ بىر تۇلۇمدا سۈت، يەنە بىر تۇلۇمدا سۇ ئەكەلگەن ئىكەن.) سۈتنى ئىچىپ، سۇدا تاھارەت ئالدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ مەن دۈشمەننى قوغلىۋەتكەن ھېلىقى سۈلۈق جىلغىدا تۇرۇۋاتقانىكەن؛ قارىسام، مەن مۇشرىكلاردىن تارتىۋالغان تۆگە، نەيزە ۋە كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كەپتۇ. بىلال مەن قايتۇرۇۋالغان تۆگىدىن بىرنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ جىگىرى بىلەن لوكىسىنى پەيغەمبەر ﷺ گە كاۋاپ قىلىپ پۇشۇرۇپ بېرىۋېتىپتۇ. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا ئىجازەت بەرگىن، ساھابىلەردىن يۈز ئادەمنى تالLAپ، ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تۈگىتىۋېتەي، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ چىشلىرى ئوت يورۇقىدا كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇ:

— ئى سەلەمە! راستىنلا شۇنداق قىلامسەن؟ — دېگەنىدى، مەن:

— ھەئە، سىنى ئىززەت-ھۆرمەتلىك قىلغان زات بىلەن قەسەمكى، راستىنلا شۇنداق قىلىمەن، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇلار ھازىر غەتفان زېمىنىدا مېھمان قىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

شۇ ئارىدا، غەتفان تەرەپتىن بىر ئادەم كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بىرەيلەن ئۇلار ئۈچۈن تۆگە بوغۇزلاپ، تېرىسىنى چىقىرىۋاتقان ۋاقىتتا يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزاننى كۆرۈپ: <ھوي! مەدىنىلىكلەر ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەپتۇ> دېيىشىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە پەيغەمبەر ﷺ: <بۈگۈنكى چەۋەندازلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەبۇ قەتادە، پىيادىلىك ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەلەمەدۇر> دېدى. ئاندىن ماڭا ئۇلجىدىن بىر ئاتلىق مۇجاھىد ۋە بىر پىيادىلىك مۇجاھىدنىڭ نېسىۋىسىنى جەملەپ، ئىككى كىشىلىك نېسىۋە بەردى. ئاندىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتۇق، پەيغەمبەر ﷺ مېنى ئەزبائ دېگەن تۆگىسىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈۋالدى. شۇ ئارىدا ئەنسارىلاردىن بىرى:

— مەن بىلەن مۇسابىقىلىشىدىغانلار بارمۇ؟ كىم مەن بىلەن مەدىنىگىچە مۇسابىقىلىشەلەيدۇ؟ — دەپ ئارقا-ئارقىدىن توۋلىغىلى تۇردى، مەن ئۇنىڭغا:

— پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۆرمىتىنى قىلمامسەن، يۈز-ئابرۇيلۇق كىشىدىن تەپ تارتمامسەن؟ — دېسەم، ئۇ:

— ياق، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنىڭدىن مۇستەسنا، — دېدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. رۇخسەت قىلساڭ، بۇ ئادەم بىلەن مۇسابىقىلىشەي، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— مەيلى ئىختىيارىڭ! — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا:

— قېنى ئەمىسە، باشلا! — دېدىم ۋە تۆگىدىن سەكرەپ چۈشتۈم. ئۆزۈمنى ھاردۇرۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن بىر-ئىككى دۆڭدىن ئۆتۈپ ئازراق دەم ئالدىم، ئاندىن يەنە يۈگۈرۈپ بىر-ئىككى دۆڭدىن ئۆتۈپ يەنە دەم ئېلىۋالدىم. ئاندىن سۈرئىتىمنى تېزلىتىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم-دە، مۈرىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئارقامدا قالدىڭ، — دېدىم، ئۇ:

— شۇنداق بولدى، — دېدى. شۇنداق قىلىپ مەدىنىگە ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېتىپ باردىم».①

① مۇسلىم توپلىغان.

يىگىرمە بىرىنچى، بەنى مۇستەلەق غازىتى

ئالىملار بۇ غازاتنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا تۈرلۈك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بەزىلەر: «ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلىدا بولغان»[1] دېسە، بەزىلەر: «ھىجرىيىنىڭ 5 ـ يىلى شەئباندا، خەندەك غازىتىدىن ئىلگىرى بولغان»[2] دېسە، يەنە بەزىلەر: «ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى شەئباندا بولغان»[3] دەيدۇ. ئاخىرقى قاراشنى ئىبنى ئىسھاق ئوتتۇرىغا قويغان.

پەيغەمبەر ﷺ بەنى مۇستەلەق قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ غازات «بەنى مۇستەلەق غازىتى» دەپ ئاتالغان. بەنى مۇستەلەق قەبىلىسى — مەدىنە بىلەن دېڭىز ئارىسىدىكى ساھىلدا ياشايتتى. بۇ غازات يەنە «مۇرەيسىئ غازىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇرەيسىئ — قۇدەيد رايونىغا جايلاشقان سۇلۇق يەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ قەبىلە مۇشۇ رايون ئەتراپىدا ياشايتتى. ئۇلارنىڭ قوماندانى ھارىس ئىبنى ئەبۇ زىرار ئىدى.

بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئادەم توپلاۋاتقانلىق خەۋىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يېتىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر تۈركۈم ساھابىلىرىنى ئېلىپ ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى. ئۇلار بىر سائەت ئوقيا ئېتىشتى، ئاندىن مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى: ئۇلاردىن بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى ئەسىر ئالدى، تۆگە ـ قوي قاتارلىق نۇرغۇن چارۋا ماللارنى غەنىيمەت ئالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ پادىشاھى ھارىس ئىبنى ئەبۇ زىرارنىڭ قىزى جۇۋەيرىيەنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى.[4]

يىگىرمە ئىككىنچى، ھۇدەيبىيە غازىتى

بۇ — ھىجرىيىنىڭ 6 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا يۈز بەرگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ 1400كىشى بىلەن بىللە ھەرەم مەسجىدىنى زىيارەت قىلىپ، ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن بىرگە يەنە 70 تۆگىنى ھەيدەپ ماڭدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆمرە ھەج قىلىش ئۈچۈن ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى مەككىگە كىرىشتىن توسۇش ئۈچۈن چىقتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇدەيبىيىگە قارارگاھ قۇردى ۋە

---

[1] «عيون الأثر» 2 ـ توم 91 ـ بەت.

[2] ئىبنى سەئدنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 63 ـ بەت.

[3] «سيرة ابن هشام» 3 ـ توم 182 ـ بەت.

[4] «سيرة ابن هشام» 3 ـ توم 182 ـ بەت.

ئوسمان ئىبنى ئاففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەككە ئەھلىگە ئۆز مەقسىتىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. كېيىن «ئوسمان ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن خەۋەر تارقالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى دەرەخ ئاستىدا بەيئەتكە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن، ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دەرەخ ئاستىدا ئۆلۈمگە ۋە كەينىگە قاچماسلىققا بەيئەت بەردى، بۇ بەيئەت «رىزۋان بەيئىتى» دەپ ئاتالدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇزاكىرە بولغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپ سۈلھىلەشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن سۇھەيل ئىبنى ئەمىر ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى ئىمزالىدى.[1]

يىگىرمە ئۈچىنچى، خەيبەر غازىتى

رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن زۇلھەججە ئېيىدا تولۇق ۋە مۇھەررەم ئېيىدىن بىرنەچچە كۈنى مەدىنىدە تۇردى. ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ خەيبەرگە ئاتلاندى. خەيبەر شەھىرىدە بىرنەچچە قورغان بار بولۇپ، ئۇ يەردە يەھۇدىيلار ياشايتتى.

ئامىر ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاپىرلارنى ھەجۋى قىلىدىغان شائىر ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ خەيبەرگە قىلغان سەپىرىدە ئۇ شېئىر ئوقۇپ بەرگەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا: «الله ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن!» دېگەنىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر كىشىگە الله تىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسىلا، الله ئۇنى شاھادەت بىلەن رىزىقلاندۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! (سېنىڭ دۇئايىڭ بىلەن ئۇ شەھىدلىككە ئېرىشىدىغان بولدى،) كاشكى، بىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل بىللە بولغىلى قويغان بولساڭ!» دېدى.

مۇسۇلمانلار خەيبەرگە يېتىپ كەلگەندە يەھۇدىيلار پادىشاھى مەرھەب مۇسۇلمانلاردىن مۇبارىزگە ئادەم تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭغا ئامىر ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قىلىچ ئۇرۇشتى، مەرھەبنىڭ قىلىچى ئامىرنىڭ قالقىنىغا تەگدى. ئامىر ئۇنىڭغا ئاستىدىن ھۇجۇم قىلماقچى بولغانىدى، قىلىچى (قىسقا بولغانلىقتىن) ئۆزىگە يېنىپ كېتىپ جان تومۇرىنى ئۈزۈۋەتتى ۋە شۇ يەردە جان بەردى.

ئامىر ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى سەلەمە

[1] «سيرة ابن هشام» 3 ـ توم 196 ـ بەت.

ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر قىسىم ساھابىلارنىڭ: ‹ئامىرنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى› دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ـ دە، يىغلىغان ھالدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئامىرنىڭ ئەمەللىرى بىكار بولۇپ كەتتىمۇ؟› دەپ سورىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹كىم شۇنداق دەيدۇ؟› دېدى، مەن: ‹ساھابىلىرىڭدىن بىر نەچچىسى› دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئۇلار يالغان ئېيتىپتۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ› دېدى». ①

يەھۇدىيلار پادىشاھى مەرھەب يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ: «مۇبارىزىگە چۈشىدىغانلار بارمۇ؟» دەپ مەيدانغا چاقىردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بۇنىڭغا كىم چىقىدۇ؟» دېگەندى، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن چىقاي. الله بىلەن قەسەمكى، قەلبىمدىكى قىساس ئوتى يېنىپ تۇرۇپتۇ، بۇ يەھۇدىي تۈنۈگۈن قېرىندىشىم مەھمۇدنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن» دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداقتا سەن چىققىن. ئى الله ! ئۇنىڭغا ياردەم بەرگىن» دېدى.

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە يەھۇدىيلار پادىشاھى مەرھەب بىلەن ئۇچراشقاندا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بىر دەرەخ بار بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى شۇ دەرەخنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئېلىشاتتى. ھەربىر قىلىچ سالغىنىدا دەرەخنىڭ پۇتاق ۋە شاخلىرى كېسىلەتتى، ھەتتا شۇ تەرىقىدە دەرەخنىڭ شاخلىرى كېسىلىپ بولدى. ئاندىن مەرھەب بار كۈچى بىلەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلىچ ئۇرغانىدى، ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالقىنى بىلەن توسۇۋالدى ـ دە، قىلىچ قالقانغا پېتىپ قالدى. مەرھەب قىلىچىنى چىقىرالماي تۇرغاندا، ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا بىر قىلىچ ئۇرۇپ يەرگە يىقىتتى. ئاندىن يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپ مەرھەبنىڭ ئىككى پۇتىنى ئۈزۈۋەتتى ۋە ئۇنى شۇ ھالىتىدە تاشلاپ قويدى. مەرھەب: «بولدى مېنى ئۆلتۈرۈۋەت!» دېگەندى، ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، سېنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەيمەن. قېرىندىشىم مەھمۇد ئىبنى مەسلەمە سېنىڭ قولۇڭدا قىينالغاندەك، سەنمۇ ھەم ئۆلۈم ئازابىنى تېتىپ باق!» دېدى. ئاندىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەرھەبنىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇپ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىيلار پادىشاھى مەرھەبنى مۇھەممەد_ئىبنى مەسلەمە يارىلاندۇرۇپ،

---

① مۇسلىم توپلىغان.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مەرھەب ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى ياسىر چىقىپ مۇبارىزىگە چاقىردى، ئۇنىڭغا زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقتى. (زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى) سەفىيە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «ئۇ ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ياق، الله خالىسا ئوغلىڭىز ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ» دېدى. دېگەندەك، ئىككىسى مۇبارىزىگە چۈشۈپ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياسىرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

263. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بامدات نامىزىنى خەيبەرگە يېقىن جايدا تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئوقۇدى. ئاندىن: ‹ئاللاھ ئەكبەر! خەيبەر ھالاك بولدى. بىز قانداق بىر دۈشمەننىڭ تەۋەلىكىگە كىرىدىكەنمىز، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەنلەرنىڭ ئەھۋالى يامان بولىدۇ› دېدى».[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ خەيبەر قەلئەلىرىنى فەتھە قىلىپ، ئۇرۇشقانلارنى ئۆلتۈرۈپ، بالا ـ چاقىلارنى ئەسىرگە ئالدى ۋە غەنىيمەتلەرنى قولغا چۈشۈردى.[2]

يىگىرمە تۆتىنچى، ئۆمرەتۇل قازا غازىتى

بەزى ئالىملار بۇ غازاتنى رەسۇلۇللاھ ﷺ قاتناشقان غازاتلارنىڭ قاتارىدىن سانىمىغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ خەيبەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەدىنىدە ئالتە ئاي تۇردى ۋە بۇ جەرياندا ھەرقايسى جايلارغا قوشۇن ئەۋەتىپ تۇردى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە قۇرەيشلەر بىلەن توختاملاشقان بويىچە ھىجرىيىنىڭ 7 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا ئۆمرە ھەجىنىڭ قازاسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن يولغا چىقتى. مەزكۇر ئۆمرە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئالدىنقى يىلى ئادا قىلالمىغان ئۆمرە ھەجىنىڭ قازاسى بولغانلىقى ئۈچۈن «ئۆمرەتۇل قازا» دەپ ئاتالغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرى بىلەن ئۆمرە ھەجنى ئادا قىلدى ۋە قۇرەيش بىلەن دېيىشكىنى بويىچە مەككىدە ئۈچ كۈن تۇردى. تۆتىنچى كۈنى سەھەردە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جاكارچىسى مەدىنىگە قايتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە كۆپچىلىك مەدىنىگە قايتىپ كەتتى.[3]

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] «سيرة ابن هشام» 3 ـ توم 215 ـ، 216 ـ بەتلەر.

[3] «سيرة ابن هشام» 4 ـ توم 3 ـ بەت.

يىگىرمە بەشىنچى، مەككىنى فەتھە قىلىش غازىتى

قۇرەيش قەبىلىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن تۈزگەن ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن، ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى رامىزان ئېيىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ 12 مىڭ ساھابە بىلەن مەككىگە قاراپ ئاتلاندى، ﷲ تائالا ئۇلارغا نۇسرەت بېرىپ مەككە ئىسلام دىيارىغا ئايلاندى.①

يىگىرمە ئالتىنچى، ھۇنەين غازىتى

بۇ — ھەۋازىن غازىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ غازات مەككە فەتھىسىدىن كېيىن ھىجرىيىنىڭ 8 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىدا بولغان. ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى مالىك ئىبنى ئەۋف نەزرى مەككىنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن فەتھە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ سەقىف، ھەۋازىن، نەزىر، جۇسەم ۋە سەئىد ئىبنى بەكر قەبىلىلىرىدىن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئادەم توپلىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. مۇسۇلمانلار ھۇنەين ۋادىسىغا كەلگەندە، ھەۋازىن قەبىلىسى ئۇلارغا پىستىرما قويغان جايدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. (بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن مۇسۇلمانلار قوشۇنى پارچىلىنىپ) مۇسۇلمانلار قېچىشقا باشلىدى، ھەتتا ساھابىلىرىدىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەرلا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن مۇستەھكەم تۇردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى: «ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى! ئى رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار!» دەپ چاقىرىشقا بۇيرۇدى. رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقان سادىق كىشىلەر قايتىپ كېلىپ ھەۋازىن قەبىلىسى بىلەن جەڭ قىلدى ۋە ئۇلارنى بىردەمدىلا مەغلۇپ قىلىپ ئەسىرگە ئالدى ـ دە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا يالاپ ئېلىپ كەلدى.

نەتىجىدە، جەڭ ﷲ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىشى، ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىملىق جەڭدە مۇسۇلمانلار 24 مىڭ تۆياق تۆگە، 40 مىڭ تۇياق قوي ۋە 4 مىڭ ئۇقىيە② كۈمۈش غەنىيمەت ئالدى.③

يىگىرمە يەتتىنچى، تائىف غازىتى

① «سيرة ابن هشام» 4 ـ توم 5 ـ بەت.

② بىر ئۇقىيە — 124.8 گرام.

③ «سيرة ابن هشام» 4 ـ توم 60 ـ بەتتىن 62 ـ بەتكىچە.

بۇ — ھىجرىيىنىڭ 8 - يىلى شەۋۋال ئېيىدا بولغان. سەقىف قەبىلىسى ھۇنەين جېڭىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن تائىفقا كىرىپ قەلئە دەرۋازىلىرىنى تاقىۋالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تائىفقا قاراپ ئاتلىنىپ، قەلئەگە يېقىن ئورۇنغا ئەسكىري بازىسىنى قۇردى ھەمدە تائىفنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. سەقىف قەبىلىسى مۇسۇلمانلارنى قاتتىق ئوققا تۇتتى، ئوق مۇسۇلمانلارغا چېكەتكىنىڭ پۈتىدەك يېغىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇنلىرى يارىلاندى ۋە 12 كىشى شەھىد بولدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇلارنى قانچە كۈن مۇھاسىرىگە ئالغانلىقى ھەققىدە تارىخچىلار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بەزىلەر: «15 كۈن» دېسە، بەزىلەر: «18 كۈن» دەيدۇ؛ بەزىلەر: «20 نەچچە كېچە» دېسە، يەنە بەزىلەر: «40 كۈن» دەيدۇ.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئۇزۇمزارلىقىنى كېسىشكە بۇيرۇدى. ساھابىلەر ئۇنى كېسىشكە باشلىغاندى، سەقىف قەبىلىسى: «الله نىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنى كەسمىگەن بولساڭ» دەپ ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى الله نىڭ ۋە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قالدۇردى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جاكارچىسى سەقىف قەبىلىسىگە: «قورغاندىن تەسلىم بولۇپ چۈشكەنلەر ئامانلىقتا ئىبرىشىدۇ» دەپ جاكارلىغاندى، ئۇلاردىن ئەبۇ بۇكرە (نۇفەيئ ئىبنى ھارىس) قاتارلىق ئون نەچچە كىشى مۇسۇلمانلار تەرەپكە چۈشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى ئازاد قىلىۋەتتى.

تائىفنىڭ فەتھىسى قىيىنلاشقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نەۋفەل ئىبنى مۇئاۋىيە دەيلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەسلىھەت سېلىپ: «قانداق مەسلىھەتىڭ بار؟» دېگەنىدى، نەۋفەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇلار ھازىر ئۇۋىسىغا كىرىۋالغان تۈلكىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنى قاماپ تۇرۇۋەرسەڭ ھامان تۇتۇۋالىسەن، ئەگەر تاشلاپ كەتسەڭ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كىشىلەرنى قايتۇرۇپ كېتىشنى ئېلان قىلىشقا بۇيرۇدى.[1]

يىگىرمە سەككىزىنچى، تەبۇك غازىتى

[1] ئىبنى سەئىدنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابى 2 - توم 158 - ، 159 - بەتلەر.

بۇ — ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى رەجەب ئېيىدا بولغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ قىلغان ئەڭ ئاخىرقى غازات ھېسابلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ رۇمنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ رۇمغا قارشى غازات قىلىش ئۈچۈن تەييارلاندى. ئۇلارنىڭ تەبۇك غازىتىغا چىققان ۋاقتى قىيىنچىلىق ۋە قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولغان مەزگىلگە توغرا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بايلارنى ۋە تۇرمۇشى ياخشى كىشىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭگە تەييارلىنىشىغا ياردەم قىلىشقا ۋە مال سەرپ قىلىشقا دەۋەت قىلغانىدى. ئۇلار بۇنىڭغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاۋاز قوشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ چىقىم قىلغىنى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى.

مۇناپىقلار بۇ جەڭگە چىقمىغان بولۇپ، الله تائالا سۈرە تەۋبەدە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ رەسۋا قىلدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن 30 مىڭ مۇجاھىد بىللە چىقتى. ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە جىھادقا چىقىشنى ئارزۇ قىلغان ئەمما كەمبەغەللىكىدىن مىنىدىغانغا ئۇلاغ تاپالمىغان كىشىلەر ھەم بار ئىدى، ئۇلار يىغلامسىرىغان ھالدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا ئۆزلىرىگە مىنىدىغانغا ئۇلاغ تېپىپ بېرىشىنى ئېيتىپ كەلگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا ئۇلاغ تېپىپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ياشلىنىپ، ئامالسىز غەمكىن ھالەتتە قايتىپ كەتتى.

رۇم پادىشاھى ھىرەقىل سۈرىيەنىڭ ھىمس شەھىرىدە تۇرغۇن رۇم ئەسكەرلىرىنى توپلىدى ھەمدە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشقا غەيسان، لەخن ۋە جۇزام قاتارلىق ئەرەب قەبىلىلىرىنى ھەم ياردەمگە چاقىردى.

رۇملۇقلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تەبۇكقا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ جەڭ قىلىشتىن توختاپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبۇكتا ئون نەچچە كۈن تۇرغان بولسىمۇ يەنىلا ئۇرۇش بولمىدى. بۇ جەرياندا ئەتراپىقا بىر قانچە قېتىم كىچىك قوشۇنلارنى ئەۋەتكەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىغا بەزى رايونلاردىن ۋەكىللەر كەلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە قايتىپ كەتتى.[1]

يۇقىرىدا ئېيتىلغان 28 غازات رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىدە تۇرغان 10 يىل جەرياندا ئۆزى ئىشتىراك قىلغان ۋە مۇجاھىد ساھابىلەرگە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلغان غازاتلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي جەڭ بولمىغانلىرىمۇ بار. بۇ

[1] «سيرة ابن هشام» 4 ـ توم 120 ـ بەتتىن 126 ـ بەتكىچە.

غازاتلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا تەخمىنەن ئۈچتىن توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ تولىمۇ نەمۇنىلىك ساندۇر!

## رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەۋەتكەن قوشۇنلار

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەۋەتكەن كىچىك قوشۇنلارنىڭ سانى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ قوشۇننىڭ مۇئتە غازىتىغا ئەۋەتىلگەن قوشۇن ئىكەنلىكىگە ئالىملار بىرلىككە كەلدى. تۆۋەندە بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەۋەتكەن كىچىك قوشۇنلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، مۇئتە غازىتى

بۇ غازات ھىجرىيىنىڭ 8- يىلى جۇمادىل ئەۋۋەل ئېيىدا بولغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلاردىن 3000 كىشىنى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىدا شام تەرەپتىكى بەلقائ دېگەن جايغا ئەۋەتتى ۋە: «زەيد شەھىد بولسا جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ قوماندان بولسۇن، جەئفەرمۇ شەھىد بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندان بولسۇن» دېدى.

مۇسۇلمانلار مېڭىپ شامدىكى مەئان شەھىرىگە كەلدى. ئۇلار ئۇ يەردە ھىرەقلىنىڭ بەلقائغا كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك رۇم قوشۇنى ۋە ئۇلارغا ھەمكارلىشىدىغان يەنە 100 مىڭ كىشىلىك ئەرەب قوشۇنى بارلىقىدىن خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. بەزىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خەت يېزىپ، ئۆزلىرىگە ياردەمچى قوشۇن ئەۋەتىش ياكى مەسىلەھەت سوراش پىكرىنى بەردى ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنى شجائەتلەندۈرۈپ: «ئى خالايىق! سىلەر الله يولىدىكى شەھىدلىكنى ئارزۇ قىلىپ چىققان تۇرۇقلۇق، ئەمدى ئۇنىڭدىن قېچىۋاتامسىلەر؟! بىز قورال-ياراغ، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە سانىمىزنىڭ كۆپلۈكىگە تايىنىپ دۈشمەن بىلەن بىلەن ئۇرۇشمايمىز بەلكى الله بىزنى ئەزىز قىلغان مۇشۇ ئىسلام بىلەن ئۇرۇشىمىز. شۇڭا، دۈشمەنگە قاراپ ئاتلىنىڭلار! بىزنى پەقەت غەلىبە ياكى شاھادەتتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ شجائەت بىلەن جەڭگە ئاتلاندى. مۇسۇلمانلار مۇئتەدە

رۇملۇقلار بىلەن ئۇچراشتى ۋە جەڭ قىلىشقا تەييارلاندى، 3000 مۇسۇلمان 200 مىڭ دۈشمەننىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

مۇئتە غازىتىغا قاتناشقان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلار بىزگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرىنى كۆرۈپ كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى، بىز ھەتتا ‹ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگۈدەكمىز› دەپ ئويلاپ قالدۇق. شۇ چاغدا سابىت ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ‹ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! سەن دۈشمەنلەرنىڭ قانچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟› دېدى. مەن: ‹ھەئە› دېسەم، ئۇ: ‹سەن بىز بىلەن بەدرگە قاتناشمىغان. بىز ئۇ جەڭدە سانىمىزنىڭ كۆپلۈكى بىلەن غەلىبە قىلغان ئەمەس› دېدى».

مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپ كەتتى. زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن ھالدا تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدى. ئاندىن بايراقنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېلىپ ئۇرۇش قىلدى. جەڭ قىزىپ شىددەتلىك پەيتكە كەلگەندە، جەئفەر ئۆزىنىڭ قىزىل قاشقىلىق ئېتىنى بوغۇزلىدى-دە، پىيادە يۈرۈپ جەڭ قىلدى. جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەڭدە ئېتىنى بوغۇزلىغان تۇنجى كىشى بولۇپ قالدى.

جەڭدە جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بايراق تۇتقان ئوڭ قولى كېسىپ تاشلانغانىدى، بايراقنى سول قولىدا كۆتۈردى. كېيىن سول قولىمۇ كېسىپ تاشلانغانىدى، بايراقنى كېسىلگەن ئىككى قولى بىلەن مەيدىسى ئارىسىغا قىسىپ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايراقنى كۆتۈرۈپ ئاتلىق ئالغا ئىلگىرىلىدى-دە، ئازراق ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئۆز كۆڭلىنى توختىتىپ، ئۆز-ئۆزىنى شىجائەتلەندۈرۈپ مۇنداق بېيىت ئوقۇدى:

قەسەم قىلدىم، ئابدۇللاھ! ئېتىل دۈشمەن تامانغا،
مەيلى خالا-خالىما چۈشكىن چوقۇم مەيدانغا.

ياۋلار تۇرسا ئالدىڭدا چوقان سېلىپ جاھانغا،
شەھىد بولۇپ كىرمەمسەن جەننەت دېگەن بوستانغا.

خاتىرجەملىك ئاز بولغان بۇ دۇنيادا سەن جانغا،
بەدەن ئىچرە گويا سەن سولانغانتىڭ زىندانغا.

ئۆلمەسلىككە ئىلاج يوق بۇ دۇنيادا ھېچ جانغا،
تۇرار ئۆلۈم ۋەھىمى ھەيۋە سېلىپ ھەر يانغا.

كۈتكەنلىرىڭ تەل بولدى يېتەر بولدۇڭ ئارمانغا،
ئىككىلىنىپ تۇرامسەن گۈزەل جەننەت رىزۋانغا.

قارا جەئفەر ئۆلگەچكە سەنمۇ ئات سال مەيدانغا،
خار بولۇرسەن قاچساڭ گەر ئالدانساڭلا شەيتانغا.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ جەڭ قايىنىمىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭغا تاغىسىنىڭ ئوغلى بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ كېلىپ: «بۇ گۆشنى يەپ ئازراق ماغدۇر تولۇقلىۋال! نەچچە كۈندىن بېرى جەڭ قىلىپ كۆپ چارچىدىڭ» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گۆشنى ئېلىپ بىر چىشلەم چىشلىدى، ئاندىن ئۆز نەپسىگە: «سەن تېخىچە ھايات يۈرۈۋاتامسەن؟» دېدى ـ دە، گۆشنى تاشلىۋېتىپ دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلىپ، تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ تەيىنلەپ بەرگەن زەيد ئىبنى ھارىسە، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق ئۈچ قوماندانىنىڭ ھەممىسى شەھىد بولدى. ئاندىن بايراقنى سابىت ئىبنى ئەقرەم ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولىغا ئېلىپ: «ئى مۇسۇلمانلار! ئىچىڭلاردىن بىرەر كىشىنى قوماندان قىلىپ سايلاڭلار» دېگەندى، ئۇلار ئۇنىڭغا: «سەن ئەڭ لايىق» دېدى. ئۇ: «ياق، مەن ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. مەندىن باشقا كىشىنى سايلاڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ساھابىلەر خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوماندان قىلدى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (قوشۇننى قايتا تەرتىپكە سېلىپ) مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، ئاستا ـ ئاستا چېكىنىپ دۈشمەندىن يىراقلاشتى. ئۇ، مۇسۇلمانلارنى مەيداندىن مەقسەتلىك چېكىندۈرگەن ئىدى. (بۇنى كۆرگەن) رۇم قوشۇنىمۇ ئارقىسىغا ياندى.[1]

264. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ زەيد، جەئفەر ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قاتارلىقلارنىڭ (شەھىدلىك) خەۋىرى كېلىشتىن بۇرۇن ئۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ: «تۇغنى زەيد ئېلىپ شەھىد بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن جەئفەر ئېلىپ شەھىد بولدى. ئاندىن ئىبنى رەۋاھە ئېلىپ ئۇمۇ

[1] «سيرة ابن هشام» 4 ـ توم 14 ـ بەت.

شەھىد بولدى. ئۇنى ئاخىرى الله نىڭ قىلىچلىرىدىن بىرى (خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دېمەكچى) ئالدى-دە، الله تائالا ئۇلارغا غەلىبە-نۇسرەت ئاتا قىلدى» دېدى.[1]

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: [ئۇچەيلەن شەھىد بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ شەھىدلىك خەۋىرىنى ساھابىلارغا يەتكۈزۈپ: «زەيد ئىبنى ھارىسە ئۇنى ئېلىپ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى. ئاندىن ئۇنى جەئفەر ئېلىپ، ئۇمۇ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىردەم سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى، ئەنسارىلار ئەنسىرەپ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ھەققىدە كۆڭۈلگە يامان گۇمان كېلىشكە باشلىدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كېيىن ئۇ تۇغنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئېلىپ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر جەڭ قىلدى» دېدى ۋە: «ئۇلار ماڭا جەننەتتە كۆرسىتىلدى. مەن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ ئۆز تەختىگە ئىككى ھەمراھىدىن كېچىكىپراق كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ: <بۇ نېمە ئىش؟> دەپ سورىسام، ماڭا: <ئىككىسى (دۈشمەنگە) قەتئىي ئىرادە بىلەن ئاتلانغان ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە بىرئاز ئىككىلىنىپ قېلىپ ئاندىن ئالغا چاپقان> دېيىلدى» دېدى].[2]

265. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاشۇ غازاتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. بىز جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئىزدەپ، ئۇنى شەھىد بولغانلارنىڭ ئىچىدە تاپتۇق. قارىساق، جەسىتىنىڭ ئالدى تەرەپتىن 90 نەچچە يېرىگە نەيزە سانجىلغان ۋە ئوقيا تەگكەن ئىكەن».[3]

جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ الله يولىدا كېسىلگەن ئىككى قولىنىڭ ئورنىغا الله تائالا جەننەتتە ئۇچىدىغان ئىككى قانات بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلىغا سالام بەرسە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى قوش قاناتلىقنىڭ ئوغلى!» دەيتتى.[4]

مۇئتە غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ رۇمغا قارشى غەلىبە قىلغانلىقى ياكى مەغلۇپ بولغانلىقى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان:

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] «سيرة ابن هشام» 4- توم 14-، 15- بەتلەر.

[3] بۇخارى توپلىغان.

[4] بۇخارى توپلىغان.

1) بەزىلەر: «بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلار رۇملۇقلارغا مەغلۇپ بولدى چۈنكى 3000 مۇسۇلمان 200 مىڭ رۇملۇققا قارشى جەڭ قىلغان ئىدى» دەيدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى بىر قوشۇن قىلىپ (مۇئتە غازىتىغا) ئەۋەتتى. بىز دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولدۇق. مەدىنىگە كېچىدە كەلگەنىدۇق، (خىجىل بولغانلىقىمىزدىن) يوشۇرۇنۇۋالدۇق ۋە: ‹رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا بارغاندا ئۆزرە ئېيتايلى› دېيىشتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بىز جەڭدە قاچقۇچىلاردىن بولدۇق› دېگەنىدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئۇنداق ئەمەس. بەلكى سىلەر چېكىنىپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتكۈچىلەر!› دېدى».①

لېكىن بۇ ھەدىس زەئىپتۇر.

2) يەنە بەزىلەر: «بۇ غازاتتا مۇسۇلمانلار غەلىبىمۇ قىلمىغان، مەغلۇپمۇ بولمىغان» دەيدۇ. ئىبنى ئىسھاق ھەم مۇشۇ قاراشتا بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بايراقنى خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار چېكىندى، بۇنى كۆرگەن رۇملۇقلارمۇ ھەم كەينىگە چېكىندى».②

3) بەزى تەتقىقاتچى ئالىملار مۇئتە غازىتىدا الله تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ رۇملۇقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ۋاقىدى، بەيھەقى ۋە ئىبنى كەسىر قاتارلىقلار مۇشۇ قاراشنى ئەڭ كۈچلۈك دەپ ھېسابلىدى.

ۋاقىدى مۇنداق دەيدۇ: «خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايراقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن قوشۇننى قايتا تەرتىپكە سېلىپ، ئالدىدىكىلەرنى ئارقىغا، ئارقىدىكىلەرنى ئالدىغا، ئوڭ تەرەپتىكىلەرنى سول تەرەپكە، سول تەرەپتىكىلەرنى ئوڭ تەرەپكە يۆتكىدى. رۇملۇقلار بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە: <مۇسۇلمانلارغا ياردەم كەپتۇ> دېيىشىپ، قەلبلىرىگە قورقۇنچ چۈشتى ۋە ئەپتى-بەشىرىسى ئېچىلىپ، كەينىگە قاراپ چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى».③

بۇخارى توپلىغان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ: «تۇغنى ئاخىرى الله نىڭ

---

① ئەھمەد توپلىغان.

② «سيرة ابن هشام» 4- توم 34- بەت.

③ ۋاقىدىنىڭ «المغازي» ناملىق كىتابى 2- توم 764- بەت.

قىلىچلىرىدىن بىرى (خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دېمەكچى) ئالدى ـ دە، الله تائالا ئۇلارغا غەلىبە ـ نۇسرەت ئاتا قىلدى» دېگەن ھەدىسى ھەم مۇئتە غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىغا دەلىلدۇر چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەدىستە مۇئتە غازىتىنىڭ نەتىجىسىنى الله تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان غەلىبە ـ نۇسرىتى دەپ بايان قىلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇخارى نەقىل قىلغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ شۇنىڭغا دەلىلدۇر: «بىز جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئىزدەپ، ئۇنى شەھىد بولغانلارنىڭ ئىچىدە تاپتۇق. قارىساق، جەستىنىڭ ئالدى تەرەپتىن 90 نەچچە يېرىگە نەيزە سانجىلغان ۋە ئوقيا تەگكەن ئىكەن».

ئەگەر ئۇلار مەغلۇپ بولغان بولسا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئىزدەپ تېپىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ جەستىدىكى قىلىچ ۋە نەيزىلەر تەگكەن ئورۇنلارنى سانىشى ھەرگىز مۇمكىن بولمايتتى. دېمەك، بۇ ھەدىس مۇئتە غازىتىدا مۇشرىكلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى ئېچىلىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ جەسەدلىرىنىڭ يېنىغا بارغانلىقى ۋە ئۆزلىرىدىن ئايرىلغان كىشىلەرگە قارىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەستىنى كۆرگەنلەرنىڭ ئىچىدە بار بولۇپ، ئۇ جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەستىدىكى جاراھەتلەرنى سانىغانىدى.

266. قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيدۇ: مەن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مۇئتە غازىتى كۈنى مېنىڭ قولۇمدا توققۇز دانە قىلىچ سۇنۇپ، ئاخىرىدا پەقەت يەمەندە سوقۇلغان بىر دانە قىلىچ قالغان».[①]

ئەگەر مۇسۇلمانلار بۇ جەڭدە يېڭىلگەن بولسا، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توققۇز قىلىچنى سۇندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

267. ئەۋف ئىبنى مالىك ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن بىرگە مۇئتە غازىتىغا چىققانىدىم، يەمەندىن كەلگەن ياردەمچى غازىلاردىن بىرى ماڭا ھەمراھ بولدى. ئۇنىڭ قىلىچىدىن باشقا نەرسىسى يوق بولۇپ (قوشۇنغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىدى).

---

① بۇخارى توپلىغان.

بىز يۇرۇپ رۇملۇقلارنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتۇق. دۈشمەننىڭ سېپىدە چىلانتورۇق ئايغىرغا مىنگەن بىرى بار بولۇپ، ئەگەر ۋە قورالىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەننىدى. بۇ رۇملۇق ئادەم مۇسۇلمانلارنى ۋەھشىيانە قىرغىن قىلاتتى. ياردەمچى ھەمراھىم ئۇنىڭ يېقىن كېلىشىنى پايلاپ، بىر قورام تاشنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى. رۇملۇق ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئورنىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئېتىنىڭ تومۇرىنى كېسىۋەتتى. رۇملۇق ئاتتىن دۈمىلاپ چۈشكەننىدى، ھەمراھىم ئۇنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئېتى بىلەن قورالىنى ئولجا ئالدى.

ﷲ تائالا مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغاندىن كېيىن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ ئولجىسىنى ئېلىۋالدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئى خالىد! سەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۇنىڭ پۈتۈن مال-مۈلكىنى ئولجا ئالىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ — دېسەم، ئۇ:

— بىلىمەن، بىراق بۇ ئولجا ئۇنىڭغا جىق كېتىدۇ دەپ ئويلىدىم، — دېدى. مەن:

— ياكى ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىسەن، ياكى بولمىسا پەيغەمبەر ﷺ گە بۇ ئىشنى دېمەي قويمايمەن، — دېسەممۇ، ئۇ قايتۇرۇشنى رەت قىلدى.

(غازاتتىن قايتىپ) پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا قايتقىنىمىزدا، ياردەمچى ھەمراھىمنىڭ ۋەقەلىكىنى ۋە خالىدنىڭ ئۇنىڭغا قىلغانلىرىنى پەيغەمبەر ﷺ گە سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى خالىد! نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. خالىد:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇ ئولجىنى ئۇنىڭغا جىق كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇنىڭغا ئولجىسىنى قايتۇرۇپ بەرگىن! — دېدى.[①]

بۇ ھەدىس ھەم مۇئتە غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ چۈنكى ئۇلار بۇ جەڭدە ئولجا-غەنىيمەتلەرگە ئېرىشكەن ئىدى شۇنداقلا ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﷲ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا

① مۇسلىم توپلىغان.

قىلغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلدى.

تۆۋەندىكىلەر ھەم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىدۇر:

2. رابىغقا ئەۋەتىلگەن ئۇبەيدە ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى 60 مۇھاجىردىن تەشكىللەنگەن قوشۇن.

3. ئەبۋائ غازىتىدىن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

4. تۇنجى بەدر غازىتىدىن كېيىن ئەۋەتىلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

5. ئەمىر ئىبنى ئەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

6. سالىم ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

7. كەئب ئىبنى ئەشرەفنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن قوشۇن.

8. ئۇھۇد غازىتىدىن بۇرۇن زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قەردەگە ئەۋەتىلگەن قوشۇن.

9. ھەمرائۇل ئەسەد غازىتىدىن كېيىن ئەۋەتىلگەن ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

10. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

11. خەندەك غازىتىدىن كېيىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى ھەۋازىندىن قىرزائىغا ئەۋەتىلگەن قوشۇن.

12. يەھۇدىي ئەبۇ رافىئنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

13. ئۇرەنىينگە ئەۋەتىلگەن سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

14. بەنى ئەسەد ئايمىقىنىڭ سۇلۇق يېرى بولغان غەمرگە ئەۋەتىلگەن ئۇكاشە ئىبنى مىھسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

15. مەدىنىگە يېقىن جايدىكى زىلقىسسىگە ئەۋەتىلگەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

16. يەنە بىر قېتىم زىلقىسسىگە ئەۋەتىلگەن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

17. جۇمۇمدىكى بەنى سۇلەيم قەبىلىسىگە ئەۋەتىلگەن زەيد ئىبنى ھارىسە

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

18. مەدىنىگە يېقىن جايدىكى ئىيسكە ئەۋەتىلگەن زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

19. يەنە بىر قېتىم مەدىنىگە يېقىن تەرەپكە ئەۋەتىلگەن زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

20. ۋادىلقۇرانىڭ ئارقىسىدىكى ھىسمىغا ئەۋەتىلگەن زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

21. ۋادىلقۇراغا ئەۋەتىلگەن زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

22. دۇمەتۇلجەندەلگە ئەۋەتىلگەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

23. مەديەنگە ئەۋەتىلگەن زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

24. فەدەكتىكى سەئىد ئىبنى بەكرى قەبىلىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

25. ۋادىلقۇرادىكى ئۇممۇ قىرفەگە ئەۋەتىلگەن زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

26. يەھۇدىي ئەشبەر ئىبنى رەزامغا ئەۋەتىلگەن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

27. ئەمىر ئىبنى ئۇمەييە زەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

28. مەككىنىڭ يېنىدىكى تۇرەبەگە ئەۋەتىلگەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

29. نەجدىدىكى بەنى كىلاب قەبىلىسىگە ئەۋەتىلگەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

30. فەدەككە ئەۋەتىلگەن بەشىر ئىبنى سەئىد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

31. مەيفەئەگە ئەۋەتىلگەن غالىب ئىبنى ئابدۇللاھ لەيسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

32. يەمەن ۋە جۇبارغا ئەۋەتىلگەن بەشىر ئىبنى سەئىد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

33. بەنى سۇلەيمگە ئەۋەتىلگەن ئىبنى ئەبۇ ئەۋجائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

34. كەدىدتىكى بەنى مەلۇھقا ئەۋەتىلگەن غالىب ئىبنى ئابدۇللاھ لەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

35. فەدەكتىكى بەشىر ئىبنى سەئىدنىڭ شېرىكلىرىگە ئەۋەتىلگەن غالىب ئىبنى ئابدۇللاھ لەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

36. بەنى غالىبقا ئەۋەتىلگەن شۇجائ ئىبنى ۋەھب ئەسەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

37. ۋادىلقۇرانىڭ كەينىدىكى زاتى ئەتلاھقا ئەۋەتىلگەن كەئب ئىبنى ئۇمەير غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

38. زاتۇ سەلاسىلغا ئەۋەتىلگەن ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

39. سەيفۇلبەھرىگە ئەۋەتىلگەن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن. بۇ قوشۇن «خەبەت قوشۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

40. نەجدىدىكى ئۇرۇش زېمىنىغا ئەۋەتىلگەن ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

41. مەدىنىنىڭ يېنىدىكى ئىزەم دېگەن جايغا ئەۋەتىلگەن ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

42. مەدىنىگە يېقىن جايدىكى غابەگە ئەۋەتىلگەن ئەبۇ ھەدرەد ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

43. نەخلىدىكى «ئۇززا» دېگەن بۇتنى چېقىش ئۇچۇن ئەۋەتىلگەن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

44. ھەۋازىن زېمىنىدىكى ئەۋتاسقا ئەۋەتىلگەن ئەبۇ ئامىر ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

45. نەخلىدىكى «سۇۋائ» دېگەن بۇتنى چېقىش ئۇچۇن ئەۋەتىلگەن ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

46. مەنات «دېگەن» بۇتنى چېقىش ئۇچۇن ئەۋەتىلگەن سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

47. كەنانەدىن بەنى جۇزەيمىگە ئەۋەتىلگەن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

48. «زۇلكەففەين» دېگەن بۇتنى چېقىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن تۇفەيل ئىبنى ئەمر دەۋسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

49. بەنى تەمىم قەبىلىسىگە ئەۋەتىلگەن ئۇيەينە ئىبنى ھىسىن فەزارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

50. خەسئەمگە ئەۋەتىلگەن قۇتبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

51. بەنى كىلابقا ئەۋەتىلگەن زەھھاك ئىبنى سۇفيان كىلابى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

52. ھەبەشكە ئەۋەتىلگەن ئەلقەمە ئىبنى مۇجەززىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

53. تەيئىدىكى «فۇلۇس» دېگەن بۇتنى چېقىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

54. ئۇزەرە زېمىنىدىكى ھۇبابقا ئەۋەتىلگەن ئۇكاشە ئىبنى مىھسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

55. دۇمەتۇلجەندەلنىڭ ئۇكەيدىر دېگەن يېرىگە ئەۋەتىلگەن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى قوشۇن.

يۇقىرىقىلار بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ھاياتىدا ئەۋەتكەن 55 كىچىك قوشۇندۇر.

## مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى غازاتلىرى ۋە فەتىھلىرى

يۇقىرىدا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى غازاتلىرى ۋە فەتىھلىرىدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلغانلىرى ۋە ساھابىلەردىن قوماندان سايلاپ ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. جىهاد ئىبادىتى پەقەت پەيغەمبەر ﷺ گە ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە خاس ئەمەس بەلكى ئۇ — الله تائالا مۇسۇلمانلارغا ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق ماكاندا ۋاجىب قىلغان ئىبادەتتۇر. «جىهاد پەقەت پەيغەمبەر ﷺ گە خاستۇر چۈنكى الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆز نۇسرىتى بىلەن كۈچلەندۈرگەن ۋە پەرىشتىلىرى ئارقىلىق مەدەت بەرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا دەۋەتنى يەتكۈزۈش ۋە كاپىرلار بىلەن جىهاد قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان، شۇ سەۋەبتىن

پەيغەمبەر ﷺ جىھاد قىلغان» دەپ ئۆزىنىڭ جىھادتىن ئولتۇرۇپ قېلىشىغا باھانە كۆرسىتىشى ۋە ئۆزىنى ئاقلىشى ھېچ كىشىگە دۇرۇس ئەمەس شۇنداقلا «جىھاد پەقەت ساھابىلارغا خاستۇر چۈنكى ساھابىلار پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە بولۇش بەختىگە ئېرىشكەن ۋە ئىززىتى كۆتۈرۈلگەن كىشىلەردۇر، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار جىھاد قىلغان» دەپ ئۆزىنىڭ جىھادتىن ئولتۇرۇپ قېلىشىنى ئاقلىشى دۇرۇس ئەمەس.

شۈبھىسىزكى، جىھاد — ئىسلامنىڭ روھىدۇر، سادىق مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەردىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ جىھادتىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ كەلگەن. ئۇلار كاپىرلار بىلەن بولغان شىددەتلىك جەڭلەرگە باتۇرلارچە بۆسۈپ كىرىپ قىلىچ ئويناتقان ھەمدە بۇ جەڭلەردە الله تائالا ئۇلارنى نۇسرەت ۋە زەپەر بىلەن رىزىقلاندۇرغان. تۆۋەندە بىز تارىخچى شەمسۇددىن ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى ئوسمان ئىبنى زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغىنىنى نەقىل قىلىش ئارقىلىق، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغان ئەنە شۇ ئۇلۇغلۇق جەڭلەردىن مىسال كەلتۈرىمىز.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال خەلىپىلىككە تەيىنلەندى-دە، جىھاد باشلىنىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئەرەبلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامدىن چىقىپ مۇرتەد بولغان ئىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەمىر قىلدى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد ئەسەدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇرتەدلەرگە قارشى جەڭ قىلدى. الله تائالا مۇسۇلمانلارغا غەلىبە ئاتا قىلىپ مۇرتەدلەرنى مەغلۇپ قىلدى، تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد مۇسۇلمان بولدى.①

خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيە 12- يىلى يەمامىدە پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان مۇسەيلىمە كاززاب بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلاندى. جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى، ساھابىلەر ۋە مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر شۇ يەردە شەھىد بولدى، مۇسەيلىمەنىڭ ئەسكەرلىرىدىنمۇ زور كۆپچىلىكى ئۆلتۈرۈلدى. جەڭ ئاخىرى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى، كاپىرلارنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە مۇسەيلىمە كاززابنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئاياغلاشتى.

① زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 3- توم 352- بەت.

ھىجرىيە 13 ـ يىلى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شام دىيارىنى فەتىھ قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتتى. ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى پەلەستىنگە يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان ۋە شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەنەھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلارنى شامغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ يىلى يۈز بەرگەن جەڭلەر: پەلەستىندىكى رەملە بىلەن بەيتۇ جىبرىين ئارىسىدا بولغان ئەجنادىن جېڭى، دەمەشىق بىلەن جەۋلان ئارىسىدا بولغان مەرجۇ سۇفەر جېڭى ۋە ئىئوردانىيە بىلەن پەلەستىن ئارىسىدا بولغان تەبەقە فەھل جېڭى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى رۇمغا قارشى قىلىنغان.

ھىجرىيە 13 ـ يىلى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولدى.

ھىجرىيە 14ـ يىلى دەمەشىق فەتىھ بولدى. شۇ چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق ساھابىلەر دەمەشققە ئاتلانغان بولۇپ، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇننىڭ قوماندانى ئىدى. رۇملۇقلار بىرلىشىپ باھان دېگەن بىر كىشىنى ئۆزىگە باش قىلىپ سايلىۋالغانىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوماندانلىقتىن بوشىتىپ، ئورنىغا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوماندان قىلغان ئىدى.

مۇسۇلمانلار دەمەشىق ئەتراپىدا رۇملۇقلار بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئىككى تەرەپ شىددەتلىك جەڭ قىلدى. الله تائالا رۇملۇقلارنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەمەشققە كىرىۋېلىپ، قورغانلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى مەھكەم ئېتىۋالدى. مۇسۇلمانلار دەمەشىقنى كېچە ـ كۈندۈز مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە قورغانغا مەنجاناق ئاتتى.

شۇ ۋاقىتتا باھانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى كەلگەن بولۇپ، دەمەشىق باشلىقى رۇمان ئۇنىڭغا زىياپەت تەييارلاپ بەرمەكچى بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن ئارغامچىدىن شوتا تەييارلىدى ھەمدە قەئقائ ئىبنى ئەمىر ۋە مەزئۇر ئىبنى ئەدىيلەر بىلەن بىرگە بىرىپ ئارغامچىنى تامغا ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن، مۇجاھىدلار ئارغامچا بىلەن تامغا چىقتى ۋە تەكبىر ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان رۇملۇقلار نېمە قىلارنى بىلەلمەي قېلىشتى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرۋازىنى ئېچىپ، قاراۋۇللارنى ئۆلتۈردى. بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار خالىد ئىبنى ۋەلىد

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدا دەمەشىقنىڭ بىر تەرىپىدىن كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كىردى، يەنە بىر تۇركۇم مۇسۇلمانلار ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدا دەمەشىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن سۈلھى بىلەن كىردى ۋە بۇ ئىككى قوشۇن ئۆزئارا ئۇچراشتى. دېمەك، دەمەشىقنىڭ يېرىمى كۈچ بىلەن، يېرىمى سۈلھى بىلەن فەتىھ قىلىندى.[1]

ھىجرىيە 15- يىلى مەشھۇر يەرمۇك جېڭى بولدى. بۇ جەڭدە رۇملۇقلارنىڭ سانى 300 مىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ بولسا 30 مىڭ بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. رۇملۇقلار ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزئارا زەنجىر بىلەن باغلاپ قويغان ئىدى ئەمما الله تائالانىڭ رۇملۇقلارنى مەغلۇپ قىلىشىغا ئاشۇ زەنجىرلەرمۇ سەۋەب بولدى. بىرەرسى قاچسا، ئۇنىڭ بىلەن زەنجىردە باغلاغلىق باشقا ئەسكەرلەر ئۇنى تارتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەرمۇكنىڭ ئارقىسىدا چوڭقۇر بىر ۋادى بولۇپ، بۇ ۋادىغا رۇم قوشۇنلىرىدىن 10 مىڭلىغان كىشىلەر چۈشۈپ كېتىپ ئۆز ئەجىلىنى تاپاتتى.[2]

ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەرمۇك غازىتىدا ئوغلى يەزىدنىڭ بايرىقى ئاستىدا تۇرۇپ مۇسۇلمانلارغا دەۋەت قىلاتتى. ئۇ: «ئى مۇسۇلمانلار گۇرۇھى! بۈگۈنكىدەك الله نىڭ ئۇلۇغ كۈنلىرىدىن بىرىدە سىلەر گۈزەل سىناقلار بىلەن سىنالدىڭلار» دەيتتى ۋە: «ئى الله نىڭ ياردىمى! تېزراق كەلگىن» دەپ دۇئا قىلاتتى.[3]

ھىجرىيە 15- يىلى ئىراقتا قادىسىيە جېڭى بولدى. بۇ جەڭدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 8 مىڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوماندانى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى؛ پارىسلارنىڭ سانى بولسا 60 مىڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ قوماندانى رۇستەم ئىدى. الله تائالا قادىسىيە جېڭىدا مۇسۇلمانلارغا كاتتا نۇسرەت ئاتا قىلىپ، پارىسلارنى ئېچىنىشلىق ھالەتتە مەغلۇپ قىلدى ھەمدە پارىسلاردىن

---

[1] زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 2- توم 2- بەتتىن 4- بەتكىچە، ئىبنى ئەسىرنىڭ «الكامل في التاريخ» ناملىق كىتابى 2- توم 293- بەتتىن 295- بەتكىچە، ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 7- توم 19- بەتتىن 21- بەتكىچە، تەبەرىنىڭ «تاريخ الطبري» ناملىق كىتابى 3- توم 438- بەتتىن 441- بەتكىچە.

[2] ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 7- توم 4- بەتتىن 7- بەتكىچە.

[3] زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 2- توم 10- ، 11- بەت.

رۇستەم ۋە مىڭلاپ كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى. مۇسۇلمانلار پارسلاردىن نۇرغۇنلىغان غەنىيمەتلەرگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، قادىسىيە جېڭى پارس دىيارلىرىنىڭ فەتىھ قىلىنىشى ئۈچۈن ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى.

دىجلە دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان جەلۇۋلائ دەرياسى بويىدا ھىجرىيە 16 ـ يىلى پارسلارغا قارشى جەلۇۋلائ جېڭى بولدى.[①] الله تائالا پارسلارنى مەغلۇپ قىلدى. مۇسۇلمانلار پارسلاردىن تەخمىنەن 100 مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان غەنىيمەتلەرنى ئالدى.[②]

ھىجرىيە 13 ـ يىلىدىن 16 ـ يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلار كىسرا ۋە قەيسەر مەملىكىتىنىڭ تەختىنى قولغا ئېلىپ، ئالتۇن، گۆھەر، يىپەك، ئۇن، قىزىلما بايلىق ۋە قەسىر ـ سارايلاردىن بولۇپ، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان مىسلىسىز غەنىيمەتلەرگە ئېرىشتى. فەتىھ قىلغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ئالىي ۋە ئۇلۇغ بولغان الله بارچە ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاكتۇر.

ھىجرىيە 16 ـ يىلى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامغا يۈرۈش قىلىپ، بەيتۇلمۇقەددەسنى سۈلھى بىلەن فەتىھ قىلدى.[③]

ھىجرىيە 20 ـ يىلى مىسىر كۈچ ۋە جەڭ بىلەن فەتىھ قىلىندى.[④] شۇ يىلى يەنە، مۇسۇلمانلار ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىدا بىر يىلدىن كۆپرەك مۇھاسىرىگە ئالغان تۇستەر شەھىرى فەتىھ بولدى. بۇ جەڭدە پارس قوماندانى ھۇرمۇزان شەھەر قورغىنىغا كىرىۋالغان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھاسىرىگە ئېلىش مۇددىتى ئۇزىراپ كەتكەن بىر پەيتتە، پارسلاردىن بىرى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئەگەر سەن ماڭا، ئەھلىمگە ۋە مېلىمغا ئامانلىق بەرسەڭ شەھەرگە كىرىدىغان مەخپىي ئېغىزنى كۆرسىتىپ قويىمەن» دېدى. ئەبۇ مۇسا ئۇنىڭغا ئامانلىق بەردى. ئۇ: «سۇ ئۈزۈشكە ماھىر، ئەقىللىق بىر كىشى مەن بىلەن ماڭسا، ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قوياي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەجزە ئىبنى سەۋر سەدۇسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يولغا سالدى. مەجزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سېپىل

---

① ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 7 ـ توم 69 ـ بەتتىن 70 ـ بەتكىچە.

② زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 19 ـ ، 20 ـ بەت.

③ ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 7 ـ توم 55 ـ بەت.

④ ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 7 ـ توم 97 ـ بەت.

ئاستىدىن شەھەر ئىچىگە سۇ ماڭىدىغان مەخپىي تونىلدىن كىرىپ، گاھىدا قورساقچە يېتىپ ئۆمىلەپ، گاھىدا سۇ ئۈزۈپ ئاخىرى شەھەر ئىچىگە كىردى ۋە ئۇ يولنى بىلىۋالدى. ھېلىقى پارسلىق كىشى ئۇنىڭغا پادىشاھ ھورمۇزاننى كۆرسىتىپ قويدى. مەجزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇرمۇزاننى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلدى-يۇ، لېكىن ئۆز ئىشىنىڭ پاش بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن نىيىتىدىن ياندى.

مەجزە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا قايتتى ۋە ئۆزى بىلەن بىللە 35 مۇجاھىدنى ئېلىپ سېپىل ئاستىدىكى تونىلدىن سۇ ئۈزۈپ شەھەرگە كىردى ۋە پارسلار بىلەن جەڭ قىلدى ھەمدە ئۇ ﷲ قا شەھىدلىك ھالىتىدە ئۇچراشتى. جەڭ شىددەتلىك داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بامدات نامىزىنى ئوقۇيالماي، كۈن چۈش بولغاندا قازا قىلىپ ئوقۇدى. (مۇسۇلمانلار ئاخىرى مۇشرىكلارنى مەغلۇپ قىلىپ، مۇشرىكلار قوماندانى) ھۇرمۇزان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۆكۈمىگە تاپشۇرۇلۇپ، كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كەتتى.

ھىجرىيە 21- يىلى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسكەندەرىيەنى فەتھ قىلدى.[1] ئۇنىڭدىن ئىلگىرى رۇم ۋە قىبتىلارنى مەغلۇپ قىلغان ئىدى.

ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسكەندەرىيەگە ئاتلىنىپ، ئۇ يەرنىڭ پادىشاھى مۇقەۋقىسنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلاردىن بىر بۆلەك كىشىلەرنى شۇ يەرنى ھىمايە قىلىشقا قويۇپ ئۆزى فۇستاتقا قايتقانىدى ئەمما قۇستانتىن ئىبنى ھىرەقل رۇمدىن دېڭىز قوشۇنى تەشكىللەپ بېرىپ ئىسكەندەرىيەنى ئىگىلىۋالدى ۋە ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 15 مىڭ كىشى بىلەن قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىسكەندەرىيەنى يەنە بىر قېتىم فەتھ قىلدى.

ھىجرىيە 21- يىلى پارسلارغا قارشى نەھاۋەند جېڭى يۈز بەردى.[2] بۇ جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك ۋە قانلىق بولدى، پارسلار قاچماسلىق ئۈچۈن ئۆزلىرىنى زەنجىرلەر بىلەن باغلىۋالغان ئىدى. مۇسۇلمانلارمۇ پارسلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلدى. يەردىكى قانلار ئېرىق بولۇپ ئاقتى، ھەتتا مۇسۇلمانلار قوماندانى

[1] ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 7- توم 97- بەت.

[2] ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 7- توم 105- بەت.

نوئمان ئىبنى مۇقەررىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىتى قانغا تېيىلىپ يىقىلىپ كەتتى ۋە شۇ ئەسنادا ئۇنىڭغا ئوقيا تېگىپ، شەھىدلىك ماقامىغا نائىل بولدى. ئاندىن قوماندانلىقنى ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاپشۇرۇۋالدى. الله تائالا مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلىپ، پارىسلار شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولدى، ئۇلاردىن 100 مىڭدىن ئارتۇق چېرىك ئۆلتۈرۈلدى.[1]

ھىجرىيە 27- يىلى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرگە قىبرىس ئارىلىغا يۈرۈش قىلىپ، سۈلھى بىلەن كىردى.[2]

يەنە شۇ يىلى ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ سەرھ ئافرىقىغا يۈرۈش قىلدى ۋە ئۇ يەردىكى كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ، ئافرىقىنى فەتىھ قىلدى.[3] ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ پادىشاھى جەرجىرنى ئۆلتۈردى. الله تائالا كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلدى ھەمدە مۇسۇلمانلار نۇرغۇن غەنىيمەتلەرگە ئېرىشتى.

يەنە شۇ يىلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەرقىي شىمالدىكى ئىستەخەر شەھىرىنى قوراللىق باستۇرۇپ كىلىپ فەتىھ قىلدى.[4] پارىسلار بىلەن قىلىنغان بۇ شىددەتلىك جەڭدە كاپىرلاردىن نۇرغۇنلىرى ئۆلۈپ ئاخىرى مەغلۇپ بولدى ۋە مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى خازىم سۇلەمى ھىجرىيە 37- يىلى بادغىس، ھىرات ۋە تۈركىستاندىكى مەرۋۇرۇزنى فەتىھ قىلىپ، كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى.

ھىجرىيە 37- يىلى ھەرس ئىبنى مۇررە فىھرى ھىندى زېمىنىغا يۈرۈش قىلىپ، بەلۇجىستاندىكى مىكران ۋە قەيقان تاغلىرىدىن ئۆتتى.[5]

ھىجرىيە 44- يىلى مۇھەللەب ئىبنى ئەبۇ سۇفرە ھىندىستانغا غازات

[1] زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 2- توم 39- بەتتىن 41- بەتكىچە.

[2] تەبەرىنىڭ «تاريخ الأمم والملوك» ناملىق كىتابى 4- توم 258- بەت، زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 2- توم 78- بەت.

[3] تەبەرىنىڭ «تاريخ الأمم والملوك» ناملىق كىتابى 4- توم 253- بەت.

[4] تەبەرىنىڭ «تاريخ الأمم والملوك» ناملىق كىتابى 4- توم 265- بەت، ئىبنى ئەسىرنىڭ «الكامل فى التاريخ» ناملىق كىتابى 3- توم 101- بەت.

[5] ئىبنى ئەسىرنىڭ «الكامل فى التاريخ» ناملىق كىتابى 3- توم 381- بەت.

قىلدى.[1]

ھىجرىيە 63- يىلى ئۇقبە ئىبنى نافىئ فىهرى ئافرىقىغا يۈرۈش قىلىپ، بەربەرەنىڭ پادىشاھى كۇسەيلەگە قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئۇقبە بىر قىسىم ھەمراھلىرى بىلەن شەھىد بولدى. ئۇنىڭ ئەمىرلىكىنى تاپشۇرۇپ ئالغان زۇھەير ئىبنى قەيس بەلەۋى ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىپ كۇسەيلەنى ئۆلتۈردى ۋە بەربەرەنى فەتىھ قىلدى.[2]

ھىجرىيە 84- يىلى مۇسا ئىبنى نۇسەير ئەندەلۇسنى فەتىھ قىلدى.

ھىجرىيە 87- يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بۇخاراغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەرنى فەتىھ قىلدى.

ھىجرىيە 88- يىلى مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىك رۇمغا يۈرۈش قىلىپ، نۇرغۇن جەڭلەردە غەلىبە قىلدى. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ھەم تۈرك دىيارىغا يۈرۈش قىلىپ، تۈرك ۋە مۇڭغۇللارنى مەغلۇپ قىلدى.[3]

ھىجرىيە 90- يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم تالقاننى فەتىھ قىلدى.[4]

ھىجرىيە 93- يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم سەمەرقەندگە يۈرۈش قىلدى. ئۇ يەردە تۈركلەرگە قارشى شىددەتلىك جەڭ قىلدى ۋە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى فەتىھ قىلدى.

ھىجرىيە 95- يىلى مۇسا ئىبنى نۇسەير ئەندەلۇسنى كامىل فەتىھ قىلدى ۋە ھەددى-ھېسابسىز غەنىيمەتلەرنى قولغا چۈشۈردى.

ھىجرىيە 98- يىلى يەزىد ئىبنى مۇھەللەب ئىبنى ئەبۇ سۇفرە تەبەرىستانغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەردىكى كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى قولغا چۈشۈردى.

ھىجرىيە 98- يىلى سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىك قۇستانتىنىيەنى فەتىھ قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن چوڭ بىر قوشۇن تەشكىللەپ، مەسلەمە ئىبنى

---

[1] زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 2- توم 210- بەت.

[2] زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 2- توم 353-، 354- بەتلەر؛ ئىبنى ئەسىرنىڭ «الكامل في التاريخ» ناملىق كىتابى 4- توم 105-، 109- بەتلەر.

[3] زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 3- توم 237- بەت.

[4] زەھەبىنىڭ «تاريخ الإسلام» ناملىق كىتابى 3- توم 240-، 241- بەتلەر.

ئابدۇلمەلىكنى قوماندان قىلىپ يولغا سالدى. مۇسۇلمانلار قۇستانتىنىيەنى 30 ئاي مۇھاسىرىگە ئالدى. مۇھاسىرە ۋاقتى ئۇزىراپ كەتكەچكە مۇسۇلمانلارغا كۆپلەپ ھارغىنلىق، ئاچلىق ۋە مۇشەققەت يەتتى لېكىن قۇستانتىنىيەنى فەتھە قىلىشقا يەنىلا ئىمكانىيەت بولمىدى. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز خەلىپە بولغاندا قۇستانتىنىيەدىكى ئەسكەرلەرنى قايتىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

ئابباسىيلارنىڭ خەلىپىلىك زامانىدا جىهاد ۋە فەتھلەر ھەر يەرلەردە داۋاملىشىپ تۇردى. مۇجاھىدلار شەرقتە ھىندىستان ۋە خىتايغىچە، شىمالدا رۇمغىچە، غەربتە ياۋروپادىكى ئەندەلۇسقىچە بېرىپ جەڭ قىلدى.

كېيىن سەلىبىيلەر شام دىيارىغا ھۇجۇم قىلغاندا، مۇسۇلمانلار ئۇلارغا قارشى نۇرغۇن جەڭلەرنى ئېلىپ باردى. شۇ مۇجاھىدلارنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرىدىن بىرى سۇلتان نۇرۇددىن زەنكى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن دىيارلارنى سەلىبىيلەرنىڭ قولىدىن ئازاد قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇلتان، مۇجاھىد سالاھىددىن ئەييۇبى ھەم سەلىبىيلەرگە قارشى نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلغان بولۇپ، بەيتۇلمۇقەددەسنى ئازاد قىلغان مەشھۇر ھىتتىن جېڭى ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىغا موڭغۇللار ھۇجۇم قىلىپ شام دىيارىغىچە باستۇرۇپ كەلگەندە، مۇسۇلمانلار ئۇلارغا قارشى جەڭلەرگە ئاتلىنىپ، كۆپ قېتىم غەلىبە قازاندى. ئەينى جالۇت جېڭى ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

جىهاد ئىشكى ھەمىشە ئوچۇق بولۇپ، ئىسلام تۈگىمىنى ئايلىنىپلا تۇرىدىكەن (يەنى ئىسلام مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن)، كاپىرلارغا قارشى جىهاد قىلىش داۋاملىشىپ تۇرىدۇ.

※ ※ ※

# 33 - باب

## قۇۋۋەت ۋە شىجائەتنى مەدھىيىلەش، قورقۇنچاقلىق ۋە ئاجىزلىقنى سۆكۈش ھەققىدە

رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈچلۈك مۇئمىننى ياخشى كۆرەتتى.

268. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىراق ھەم الله قا سۆيۈملۈكراقتۇر لېكىن ھەربىر مۇئمىندە ياخشىلىق بار. سەن ئۆزۈڭگە پايدىلىق نەرسىلەرگە ھېرىسمەن بولغىن، الله تىن ياردەم تىلىگىن، ئاجىزلىق قىلما».[1]

269. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ العَجْزِ وَالكَسَلِ، وَالجُبْنِ والهَرَمِ والبُخْلِ، وأعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ القَبْرِ» «ئى الله ! ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن، بېخىللىقتىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن».[2]

بۇخارى توپلىغان يەنە بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقى نەقىل قىلىنغان: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ، وَالْعَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ» «ئى الله ! ساڭا سېغىنىپ غەم-قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزدارلىقتىن ۋە كىشىلەرنىڭ قەھرىدىن پاناھ تىلەيمەن».

قاراڭ! پەيغەمبەر ﷺ ئۆز دۇئاسىدا غەم-قايغۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى بىر يەردە تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ پاناھ تىلىدى. چۈنكى، غەم — ئىنسان دۇچ كېلىش ئىمكانىيىتى بولغان يامانلىقتىن ئەنسىرەش بولسا، قايغۇ دېگەن قولدىن كەتكەن نەرسىلەرگە ئەپسۇسلىنىشتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ ئاجىزلىق بىلەن ھورۇنلۇقنى بىر يەردە تىلغا ئالدى. چۈنكى، ئاجىزلىق — ئىرادە قىلغان نەرسىگە تاقىتىنى چىقىرىشتىن ئاجىز كېلىش

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولسا، ھورۇنلۇق دېگەن ـــ بەندىلەرنىڭ قىلىشى ۋاجىب بولغان مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىشتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ بېخىللىق بىلەن قورقۇنچاقلىقنى بىر يەردە تىلغا ئالدى. چۈنكى، بېخىللىق — (ياخشىلىق يوللىرىغا) مال چىقىم قىلىشتا سېخىيلىق قىلماسلىق بولسا، قورقۇنچاقلىق دېگەن (الله يولىدىكى) جەڭگە جېنىنى پىدا قىلالماسلىقتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ قەرزدارلىق بىلەن كىشىلەر ئالدىدىكى تىل قىسىنچىلىقنى بىر يەردە تىلغا ئالدى. چۈنكى، قەرزدارلىق بەندىنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئېغىر بېسىم پەيدا قىلسا، كىشىلەرنىڭ قەھرى — رىئاللىقتا باشقىلارنىڭ بۇ بەندىنى بويسۇندۇرۇۋېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

بۇيۈك ھېكمەتلەر ساھىبى بولغان رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇلارنى جەملەپ دۇئا قىلىشى ھېچ ھەم ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

270. مۇسئەب ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزنى بەش ئىشقا بۇيرۇيتتى ۋە بۇلارغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇيرۇغانلىقىنى ئېيتاتتى: <اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْبُخْلِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْجُبْنِ، وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أُرَدَّ إِلَى أَرْذَلِ الْعُمُرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الدُّنْيَا، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ> <ئى الله ! ساڭا سېغىنىپ بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قورقۇنچاقلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، دۇنيا پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن>».[1]

271. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرگە (بىر دۇئانى) رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېيتىپ بەرگەن بويىچە بەئەينى دەپ بېرەي: <اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ العَجْزِ وَالكَسَلِ، وَالْجُبْنِ والبُخْلِ والهَرَمِ، وَعَذابِ القَبْرِ> <ئى الله ! مەن ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن، بەك قېرىپ كېتىشتىن ۋە قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن>».[2]

## قەلبتىن قورقۇنچاقلىقنى يوقىتىشنىڭ چارىسى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

بىلگىنىكى، قورقۇنچاقلىق دېگەن شىجائەتنىڭ ئەكسىدۇر. شىجائەت دېگەن ـــ قەلبنىڭ نىيەت قىلغان، ئىنتىلگەن ۋە ئىرادە قىلغان ئىشىدا تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرۇشىدۇر. قەلب — ھەرقانداق كامالەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ھەربىر ئالىي ماقامغا يېتىشنىڭ ئاساسىدۇر. قەلبنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى — ئەقىل ۋە مىجەز- خاراكتېرنىڭ ساغلام بولۇشىغا ھەمدە روھىي- ھالىتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا باغلىقتۇر.

ئىنسان قەلبىدىكى ئاجىزلىق — قۇۋۋەتنىڭ يېتەرسىزلىكى ياكى چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك بولىدۇ. ئەگەر قەلب قۇۋۋىتى يېتەرسىز بولۇپ قالسا، ئۇ قورقۇنچاقلىققا سەۋەب بولىدۇ؛ ئەگەر قەلب قۇۋۋىتى چەكتىن ئېشىپ، نورماللىقتىن ھالقىپ كەتسە، بۇ قاراملىق قىلىشقا ئاپىرىدۇ. قورقۇنچاقلىق ۋە قاراملىق قىلىشنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرا ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەلەپ قىلىنىدىغىنى — قەلبنىڭ سۇسلۇق قىلىش بىلەن چەكتىن ئېشىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇراھال بولۇشىدۇر. ئەنە شۇ ئوتتۇراھاللىق شىجائەتكە سەۋەب بولىدۇ.

قورقۇنچاق كىشىلەر ئۆزىدىكى بۇ قورقۇنچاقلىقنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى قىلىشى ۋاجىبتۇر. بۇنىڭ چارىسى بولسا قورقۇنچاقلىقنىڭ يىلتىزى ۋە سەۋەبىنى يوقىتىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. قورقۇنچاقلىق بەزىدە ئىلىمسىزلىك سەۋەبىدىن بولۇپ، بۇ ـــ تەجرىبە ئارقىلىق يوقىلىدۇ؛ بەزىدە ئاجىزلىق سەۋەبىدىن بولۇپ، بۇ ـــ ئۆزى قورقۇۋاتقان ئىشنى بىرنەچچە قېتىم تەكرار قىلىش ئارقىلىق يوقىلىدۇ، ھەتتا ئۇ ئىش ئۇنىڭ تەبىئىي ئادىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

بىز بەزىدە ئۆزئارا مۇنازىرىلىشىش، يېتەكچىلىك قىلىش، خۇتبە ئوقۇش، دەۋەت قىلىش ۋە پادىشاھلار ئالدىدا تۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا يېڭى باشلىغۇچىلارنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى، قىلالمايۋاتقانلىقىنى ۋە تىلىنىڭ كېكەچلەۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ پەقەت ئۇ كىشىنىڭ بۇندىن بۇرۇن قىلىپ باقمىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندە قەلبىنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. ئەگەر ئۇ كىشى بۇ ئىشنى بىرقانچە قېتىم قىلسا، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئاجىزلىق يوقايدۇ- دە، ئاندىن ئۇ ئىشنى ھېچقانداق تەمتىرىمەي ۋە قورقماي تۇرۇپ قىلالايدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ.

ئىنسان ئەخلاقى ئۆزگىرىش ۋە ئالمىشىشقا كۆنەلەيدۇ. مەسىلەن، يىلان

تۇتۇشقا كۆنۈپ كەتكەن كىچىك بالىنىڭ شۇنچە قورقۇنچلۇق چوڭ يىلاننىمۇ ھېچ قورقماستىن، بىمالال تۇتۇۋاتقانلىقى بۇنىڭغا دەلىلدۇر. ئۇ كىچىك بالىنىڭ يىلان تۇتۇشتىن قورقماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا ئۇنىڭ يىلان تۇتۇشقا كۆنۈپ كەتكەنلىكىدىندۇر. شۇ سەۋەبلىك، يىلاندىن قېچىش ۋە قورقۇش دېگەن ئاڭ ئۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇن يوقالغان. ئەمما، ئادەتلەنمىگەن كىشى بەزىدە ھەتتا پاقىدىنمۇ قورقىدۇ.

ئىنسان گاھىدا ۋەھشىي ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىمۇ مەشىق قىلدۇرۇش ۋە كۆندۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆزىگە سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنى يوقىتالايدۇ؛ ھەتتا ئۇ ھايۋان ئىنسانغا، ئىنسان ئۇ ھايۋانغا كۆنۈپ قالىدۇ. گاھىدا ھەتتا بۆرە بىلەن قوي، مۈشۈك بىلەن چاشقان، ئىت بىلەن مۈشۈككە ئوخشاش ئۆزئارا دۈشمەن ھايۋانلار ئارىسىدىمۇ ئۆزئارا مەزگىل بىرگە تۇرغانلىقى سەۋەبلىك ئۆزئارا ئۈلپەتچىلىك تۇغۇلۇپ قالىدۇ. ھايۋانلار تەبىئىتىنى تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولغان يەردە، ئىنسانلاردىكى قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىقتىن ئىبارەت بۇ رەزىل ئەخلاق ۋە يامان تەبىئەتنى ئەلۋەتتە تەكرارلاش ۋە مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

بىلگىنكى، قەلب قۇۋۋىتى ۋە غەلىبىگە بولغان مۇستەھكەم ئىرادە — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سەۋەبىدۇر. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «سەن باتۇرلار بىلەن قانداق ئېلىشىسەن؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «مەن دۈشمەن بىلەن مەيدانغا چۈشكەندە ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنچ قىلىمەن، كېيىن ئۇمۇ مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشەنچ ماڭا ياردەم بېرىدۇ» دېگەن.

بەزى كىشىلەر جەڭ مەيدانىدا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان: «جەڭدە قەلبىڭلارغا جۈرئەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن زەپەر ۋە نۇسرەتنىڭ سەۋەبىدۇر».

قەدىمقى كىشىلەر مۇنداق دېگەندى: «دۈشمىنىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سالالىغان كىشى — ئۆزىگە بىر ياردەمچى قوشۇن تەييارلاپ قويغان بولىدۇ». ئەگەر بىز تەپسىلىي كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق، ئۆز مەغلۇبىيىتى سەۋەبلىك ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ، ئالغا ئىلگىرىلەپ مۇسىبەتكە ئۇچرىغان كىشىلەردىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز. دېمەك، قەتئىي نىيەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش

ۋە ۋەھىمىلەر ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇش بولسا ھەرقانداق مەقسەتلەرگە يېتىشنىڭ سەۋەبىدۇر. شائىر مۇنداق دەيدۇ:

نەزەر سالساڭ جەڭگاھقا تاپارسەن شۇ ھەقىقەت،

توخۇ يۈرەكلەر ئۆلۈپ، جەسۇر تاپقاندۇر لەززەت.

مەغلۇبىيەت بىر ئۆلۈم ئەلچىسى بولۇپ، دۈشمەن ئۇچۇن ئوزۇق، مەغلۇپ بولغۇچى ئۇچۇن خارلىقتۇر. ھەربىر قورقۇنچاق كىشى پەقەت شىجائەت بىلەنلا ئۇنىڭغا قارشى تۇرالايدۇ.

بىر كىشى ئەگەر ئۆز مېلىدىن ياخشىلىق يوللىرىغا سەدىقە قىلماقچى بولسا ـ يۇ، لېكىن ئىمانى بۇنىڭغا ئاجىز كەلسە، بۇ ئاجىزلىق ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتىپ، قەلبىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، شەيتان ئۇنى كەمبەغەللىكتىن قورقۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۆز ھاجەتلىرىنى ئەسلىتىپ، بېخىللىققا ئۈندەيدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الشَّيْطَانُ يَعِدُكُمُ الْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِالْفَحْشَاءِ﴾ «شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا (يەنى بېخىللىققا، زاكات بەرمەسلىككە) بۇيرۇيدۇ»[①].

كىمكى بەرگەن سەدىقىسىنى باشقىلاردىن مەخپىي تۇتسا، ئۇ كۈچلىنىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان «كۈچلىنىش» بەدەننىڭ كۈچلىنىشى ئەمەس بەلكى قەلبىنىڭ كۈچلىنىشىدۇر. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ كۈچلىنىشى — (الله ۋە رەسۇلىنىڭ) بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە گۇناھ ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىنساندا شىجائەتكە باشلايدىغان كۈچلۈك ئىرادە بولغاندىلا ئاندىن ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيدۇ ۋە خارلىقتىن قۇتۇلالايدۇ.

ئىمام ئەبۇبەكرى تارتۇشى ئۆزىنىڭ «سراج الملوك» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «(الله ۋە رەسۇلىنىڭ) بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يېنىش — قەلب قۇۋۋىتى ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ؛ پەزىلەتلىك ئەمەللەرنى قولغا كەلتۈرۈش، نەپسى ـ خاھىشىغا ئەگىشىشنى تۈگىتىش، رەزىللىكلەردىن خالىي بولۇش، ھەمراھلىرىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە ۋە دوستلىرىنىڭ ناچار مۇئامىلىلىرىگە سەۋر قىلىش، سىرلارنى يوشۇرۇش، سەتچىلىكلەردىن ساقلىنىش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، نەپسىگە ياقمايدىغان مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرۈش ۋە كىشىلەرنىڭ يامان خۇي ـ پەيلىلىرىگە سەۋر قىلىش قاتارلىقلار قەلب قۇۋۋىتى

[①] سۇرە بەقەرە 268 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ شۇنداقلا ئەقىل قارار قىلغان ھەرقانداق ئىرادىنى ئىجرا قىلىش، قەلبلىرى غەزەپ-نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن توشۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭمۇ بىر-بىرىگە ئىللىق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلىشى — قەلب قۇۋۋىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: ‹بىز بەزى قەۋمنىڭ يۈزلىرىگە كۈلۈمسىرەپ قارايمىز ئەمما قەلبلىرىمىز ئۇلارغا لەنەت ئوقۇيدۇ›.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: ‹بىز بېشىنى ئۈزۈشنى توغرا كۆرىدىغان بەزى كىشىلەر بىلەن ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشىمىز›».[1]

تارتۇشى يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىلگىنكى، شىجائەتلىك كىشى ئۈچ خىل بولىدۇ: 1. ئىككى قوشۇن سەپ تارتىپ تۇرغاندا ئوتتۇرىغا چىقىپ: ‹مەن بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشالايدىغان ئادەم بارمۇ؟› دەپ توۋلاپ رىقابەتكە چاقىرغان كىشى؛

2. جەڭ قىزىپ، ئىككى قوشۇن گىرەلەشكەن، ھەممەيلەننىڭ قەلبىنى قورقۇنچ چىرمىۋالغان پەيتتە كۆڭلىنى توختىتىپ، قەلبى خاتىرجەم ھالەتتە سالماق تۇرۇپ ۋە ئۆزىنى كونترول قىلىپ جەڭ قىلغان كىشى.

3. ھەمراھلىرى مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەندە دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەمراھلىرى بىلەن دۈشمەن ئارىسىدا جەۋلان قىلىپ، دۈشمەن بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ جەڭ قىلغان ھەمدە ھەمراھلىرىنىڭ قەلبىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئاجىزلارنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، ياخشى سۆزلەر بىلەن مەدەت بېرىش ئارقىلىق شىجائەتلەندۈرىدىغان؛ تاكى دۈشمەن ئۈمىدىنى ئۈزگەنگە قەدەر ھەمراھلىرىدىن يىقىلغاننى يۆلەپ، توختاپ قالغاننى جەڭگە ئۈندەپ، ئاتتىن يىقىلغانلارنى ئاتقا مىندۈرۈپ ھەمراھلىرىنى غەمدىن خالاس قىلىدىغان كىشى.

مانا بۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولسا شىجائىتى مەدھىيىلىنىشكە لايىق بولغان ئەڭ جاسارەتلىك كىشىلەردۇر.

ئىلگىرىكىلەر مۇنداق دېگەن: ‹قاچقۇچىلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ جەڭ قىلغۇچى — غاپىللارنىڭ ئارقىسىدا ئىستىغفار ئېيتقۇچىغا ئوخشاشتۇر›.

مۇنداق دېيىلگەن: ‹ئىززەت-نومۇسنى قوغداش — ئالىيجانابلارنىڭ سۈپىتىدۇر›.

---

[1] «سراج الملوك» 1- توم 371- بەت.

يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ‹ھەربىر كىشىنىڭ (ئۆلۈم تەقدىر قىلىنمىغان ۋە قىلىنغان) ئىككى كۈنى بولىدۇ. ئۇ ئىككى كۈنىنىڭ بىرىدە ئۆلۈم ھەرگىز كەلمەيدۇ، يەنە بىرىدە ئۆلۈم ھەرگىز ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، قورققانلار ۋە قاچقانلار نېمىگىمۇ ئېرىشەر؟!›»①.

بىلگىنكى، باتۇر كىشىلەر شۇنداق قارايدۇكى، شىجائەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى — الله تائالا ئۆزى ئاتا قىلغان ئالاھىدە بىر قابىلىيەت بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياۋۇز دۈشمىنى بولغان نەپسىنى بويسۇندۇرۇشقا قادىر بولالايدۇ. كىمكى نەپسىگە ئىگە بولۇپ؛ ھۇجۇم قىلىش ياكى ئارقىغا قايتىش، جەڭ قىلىش ياكى قىلماسلىق، ئالغا ئىلگىرىلەش ياكى ئارقىغا چېكىنىش قاتارلىق ئىشلاردا نەپسىنى شەرىئەتنىڭ تەلىپى بويىچە باشقۇرالىسا، ئەنە شۇ شىجائەتلىك كىشىدۇر ئەمما ئاجىزلىقى داۋاملىق ناچار ھالەتتىن ئۆزگەرمەي، نەپس-خاھىشى بويىچە ئىش قىلىپ، ئۆزىنىڭ (ناتوغرا) مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، شۇ سەۋەبلىك كېلىپ چىققان جاپا-مۇشەققەتلەرگە ۋە دەرت-ئەلەملەرگە چىداشلىق بەرگەن كىشى ــ شىجائەتلىك كىشى ھېسابلانمايدۇ چۈنكى بۇ ــ رەسۇلۇللاھ ﷺ بايان قىلغان بۇرۇنقى جاھىلىيەتنىڭ ئەخلاقلىرىدىندۇر.

272. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «چېلىشقاندا يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان ئادەم ھەقىقىي باتۇردۇر».②

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىنىڭ تەقۋالىقى — ھۆرمىتىدۇر، دىنى — شان-شەرىپىدۇر، مەردلىكى — ئەخلاقىدۇر. جەسۇرلۇق ياكى قورقۇنچاقلىق بولسا ئىنسانىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى بولۇپ، الله ئۇنى ئۆزى خالىغان كىشىگە سالىدۇ. قورقۇنچاق ئۆز ئاتا-ئانىسىنىمۇ تاشلاپ قاچسا، جەسۇر كىشى ئۆزى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان مۇسۇلمانلارنى ھەم ھىمايە قىلىپ جەڭ قىلىدۇ. گەرچە ئۆلتۈرۈلۈش ئۆلۈمنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ ئەمما الله يولىدا ئۇنى تىلەپ ئېرىشكەن كىشى بولسا شەھىدتۇر».③

شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

---

① «سراج الملوك» 1- توم 372-، 373- بەتلەر.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ ئىمام مالىكنىڭ «الموطأ» ناملىق كىتابى 2- توم 369- بەت.

قورقۇنچاق قۇتقۇزماس ھەتتا ئىنسىنى،
ھەر كىشىن ھىمايە قىلار جەسۇرلار.
بىلگىنكى، قورقۇنچاق ياكى جەسۇرغا
الله نىڭ تەقدىرگە پۈتكىنى بولار.

قورقۇنچاق نىشانى ئاشماس ئەمەلگە،
بەلكى ئۇ ھەردائىم بەختسىز ياشار.
ھەتتاكى دۈشمەنگە بولۇپ ياردەمچى،
ئاقىۋەت دوزاختا ئوت بولۇپ يانار.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەرەبلەر مۇنداق بىر سۆزنى قىلغان: «شىجائەت — ئىنسانىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلىغۇچىدۇر، قورقۇنچاقلىق بولسا كىشىلەردىكى ئەڭ ناچار سۈپەت بولۇپ، ئۇ ھالاكەتتۇر».

273. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «چېكىدىن ئاشقان بېخىللىق ۋە ھەددىدىن زىيادە قورقۇنچاقلىق — ئىنساندىكى ئەڭ يامان ئىللەتتۇر».[1]

دانالاردىن بىرى ئۆز ۋەسىيىتىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەر سېخىي ۋە شىجائەتلىك كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇڭلار چۈنكى ئۇلار الله قا ياخشى گۇمان قىلىدىغانلاردۇر».

كىمكى (الله بەلگىلىگەن) ئەجەلنىڭ ئۆزىگە بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلسا، ئۇنىڭ (ئۆلۈمدىن) دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ قورقۇپ قالمايدىغانلىقى ۋە جەڭ مەيدانىدىن قاچمايدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوق.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِذَا جَاءَ أَجَلُهُمْ لَا يَسْتَأْخِرُونَ سَاعَةً وَلَا يَسْتَقْدِمُونَ﴾ «ئۇلارنىڭ (ھالاك بولۇش) ۋاقتى كەلگەندە قىلچە ۋاقىتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، (ۋاقتى كەلمىسە) قىلچە ۋاقىتمۇ ئىلگىرى سۈرۈلمەيدۇ»[2]. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ھەدىسىدە بۇنى بىزگە ئىزاھلاپ بەرگەن.

274. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلىغىغا مىنگىشىۋالغانىدىم، ئۇ: «ئى ئوغلۇم! مەن ساڭا بىرقانچە كەلىمە

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.
[2] سۈرە نەھل 61- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆگىتىپ قوياي. ﷲ نى ياد ئېتىپ تۇرغىنىڭ، ﷲ مۇ سېنى ياد ئېتىدۇ؛ ﷲ نى ھەمىشە ياد ئەتسەڭ، ﷲ نى كۆز ئالدىڭدىلا تاپىسەن. بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭ ﷲ تىنلا سورىغىن، ياردەم تىلىمەكچى بولساڭ ﷲ تىنلا تىلىگىن. بىلىپ قويغىنىكى، بارلىق كىشىلەر ساڭا پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلسىمۇ، ﷲ ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ؛ ئەگەر بارلىق كىشىلەر ساڭا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن يىغىلسىمۇ، ﷲ ساڭا پۈتۈۋەتكەندىن باشقا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. قەلەملەر كۆتۈرۈلدى، بەتلەر قۇرۇدى». [1]

## رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جاسارىتى

سەييىدىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەڭ شىجائەتلىك، يۈرەكلىك ۋە قەلبى سابىت كىشى ئىدى.

خېلى ـ خېلى باتۇرلارمۇ تاشلاپ قاچقان مەشھۇر ۋە قىيىنچىلىق پەيتلىرىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ قەتئىي قاچماستىن، دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلماستىن مۇستەھكەم تۇراتتى.

275. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ كېلىشكەن، ئەڭ سېخىي ۋە ئەڭ شىجائەتلىك كىشى ئىدى. بىر كۈنى كېچىسى مەدىنە خەلقى قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازدىن ساراسىمگە چۈشۈپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئاتلانغانىدى، يولدا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاردىن بۇرۇن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېرىپ بولغان بولۇپ، ئەبۇ تەلھەنىڭ ئېتىغا ئېگەر ـ توقۇمسىزلا مىنگەن ۋە قىلىچىنى ئاسقان ھالەتتە: ‹ئەنسىرىمەڭلار، ئەنسىرىمەڭلار!› دەپ كېلىۋاتاتتى». [2]

بۇخارى توپلىغان يەنە بىر ھەدىستە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ساراسىمگە چۈشۈپ قالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ تەلھەنىڭ قەتفە (قەدەمنى كىچىك ئېلىپ، تېز چاپىدىغان ئات) دېگەن ئېتىغا مىندى ـ دە، ئۆزى يالغۇز چاپتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن كىشىلەرمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئارقىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ چىققان ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ (قايتىپ كېلىپ): ‹ئەنسىرىمەڭلار! بۇ ئات بەك تېز چاپىدىكەن› دېدى».

---

[1] تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى ۋە شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

276. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇش كۈچىيىپ، كۆزلىرىمىز (دەھشەتتىن) قىزىرىپ كەتكەن ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئارقىلىق قوغدىناتتۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن تۇرۇپ جەڭ قىلاتتى. بەدر غازىتى كۈنى ئۆزىمىزنىڭ پەيغەمبەر ﷺ ئارقىلىق قوغدىنىۋاتقانلىقىمىزنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كۈنى دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن جايدا تۇرۇپ ناھايىتى قەھرىمانلىق كۆرسەتتى».[1]

277. ئەبۇ ئىسھاق سەبىيئى مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ھۇنەيىن غازىتى كۈنى سىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تاشلاپ قاچتىڭلارمۇ؟» دەپ سورىغاندى، بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قاچمىدى. ئۇ كۈنى ھەۋازىن قەبىلىسىدىكىلەر ئوقيا ئاتاتتى. بىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئارقىلىرىغا قاراپ قاچتى. شۇنىڭ بىلەن، بىز غەنىيمەت يىغىشقا بېرىلىپ كەتكەنىدۇق، دۈشمەنلەر (بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ) بىزگە ئوق ياغدۇردى. شۇ ۋاقىتتا مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۆزىنىڭ ئاق قېچىرى ئۈستىدە كۆردۈم، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئۇنىڭ قېچىرىنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇۋالغان ئىدى. شۇندا رەسۇلۇللاھ ﷺ:

مەن پەيغەمبەر اللە نىڭ،
پەقەت راستنى سۆزلەيمەن.
ھەمدە پاكتۇر نەسەبىم،
ئابدۇلمۇتتەلىب پۇشتىمەن.

دېدى».[2]

278. ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۇنەيىن كۈنىدىكى شىجائىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئۆزئارا تۇتۇشقاندا مۇسۇلمانلار ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قېچىشقا باشلىدى لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ قېچىرىنى كاپىرلار تەرەپكە دېۋەتتى. مەن ئۇ قېچىرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئېلىپ قېچىشىدىن ئەنسىرەپ يۈگىنىنى تۇتۇۋالدىم، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس بولسا ئۈزەڭگىسىنى تۇتۇۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: ‹ئى ئاباس! سەمۇرە دەرىخىنىڭ ئاستىدا بەيئەت قىلغانلارنى (يەنى رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلارنى)

[1] ئەھمەد ۋە ھاكىم توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت ۋە ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

چاقىرغىن› دېدى». [①]

ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇستەھكەم تۇردى. ئۇبەي ئىبنى خەلەف ئىتتىغا مىنىدى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ماڭدى. مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى توسماقچى بولغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى نېرى تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۇبەي ئىبنى خەلەفكە نەيزە ئاتتى. نەيزە ئۇنىڭ گەدىنىگە تېگىپ ئۇنى ئات ئۈستىدىن ئوڭدىسىغا يىقىتىۋەتتى. ئۇبەي ئىبنى خەلەف ئىنتايىن قورقۇپ كەتتى ۋە قۇرەيشلىكلەرنىڭ قېشىغا قايتىپ: «مۇھەممەد مېنى ئۆلتۈردى» دېدى. قەۋمى ئۇنىڭغا: «ساڭا ھېچ ئىش بولماپتىغۇ!؟ ساڭا بىرەر ئىش بولغاننى كۆرمىدۇق» دېگەنىدى، ئۇبەي ئىبنى خەلەف: «ئۇ: <مەن سېنى ئۆلتۈرىمەن> دېدى. ئۇ ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇ ماڭا تۈكۈرسىمۇ مېنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ!» دېدى. قۇرەيش ئۇھۇدتىن مەككىگە قايتىپ مېڭىۋاتقاندا ئۇبەي ئىبنى خەلەف يولدا ئۆلدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ شىجائىتى ھەممىگە مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ شىجائىتى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولماقچى بولغان ئادەم ئۇنىڭ ھاياتى ۋە غازاتلىرى بايان قىلىنغان ئەسەرلەرگە قارىسۇن!

## بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ جەسۇرلىرى

مۇھەممەد ﷺ ئۇممىتىنىڭ جەسۇرلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنى ساناپ تۈگەتكىلى ۋە مەلۇم چەككە توختاتقىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ جەسۇرلىرى ساھابە كىرام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بولۇپ، الله تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُحَمَّدٌ رَّسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاءُ عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاءُ بَيْنَهُمْ﴾«مۇھەممەد الله نىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر» [②].

بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ جەسۇرلىرىنىڭ قاتارىدىن:

1) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىرىنچى خەلىپىسى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ـــ ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ جەسۇرى ئىكەنلىكىگە ئەلى

---

① مۇسلىم توپلىغان.

② سۈرە فەتىھ 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گۇۋاھلىق بەرگەن: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغان ۋاقىتتا باشقىلاردىن: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ جەسۇرى كىم؟» دەپ سورىدى. كىشىلەر: «سەن ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىين!» دېگەنىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن يەكمۇيەك ئېلىشقان ھەرقانداق كىشىنى يەڭگەنمەن لېكىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ جەسۇرى بولسا ئەبۇبەكرى. بەدر كۈنى بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بىر كەپە ياسىدۇق ھەمدە: <مۇشرىكلاردىن بىرەرسى پەيغەمبەر ﷺ گە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن كىم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرىدۇ؟> دېيىشتۇق. الله بىلەن قەسەمكى، ئەبۇبەكرىدىن باشقا ھېچكىم بۇنىڭغا پېتىنالمىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا قوغدىغۇچى بولدى.

مۇشرىكلار مەككىنىڭ ئىچىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قارشى يىغىلدى ھەمدە بىرى ئۇنىڭ كىيىمىدىن تارتسا، يەنى بىرى ئۇنىڭ بوينىدىن تارتىپ: <نۇرغۇن ئىلاھلارنى بىر ئىلاھ قىلغان سەنمۇ؟> دېدى. الله بىلەن قەسەمكى، شۇ چاغدا ئەبۇبەكرىدىن باشقا ھېچقايسىمىز ئۇلارغا يېقىن بارالمىدۇق. ئەبۇبەكرى ئۇلارنى ئۇرۇپ، تارتىپ، سىلكىپ: <ۋۇ شورى قۇرۇغۇرلار! رەببىم الله دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرمەكچىمۇسىلەر؟› دېگەنىدى» دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە: «الله نىڭ نامى بىلەن سورايمەن، فىرئەۋن ئائىلىسىدىكى مۇئمىن ياخشىمۇ ياكى ئەبۇبەكرىمۇ؟» دېگەنىدى، كىشىلەر جىم تۇرۇپ قالدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «جاۋاب بەرمەمسىلەر؟! الله بىلەن قەسەمكى، ئەبۇبەكرىنىڭ بىر سائەتلىك ھاياتى زېمىن تولغۇدەك فىرئەۋن ئائىلىسىدىكى مۇئمىندىن ياخشى. فىرئەۋن ئائىلىسىدىكى مۇئمىن ئۆز ئىمانىنى يوشۇرغان ئىدى ئەمما ئەبۇبەكرى ئۆز ئىمانىنى ئاشكارا ئېلان قىلغان» دېدى.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ شىجائەتلىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە قەلبى ئەڭ مۇستەھكەم ۋە ئەڭ يۈرەكلىك كىشى ئىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەدر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى رەسۇلۇللاھ! رەببىڭگە قىلغان دۇئايىڭ يېتەرلىك بولدى، ئۇ ساڭا ۋەدە قىلغان غەلىبىسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ» دېگەنلىكى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ نەقەدەر مۇستەھكەم ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك دەلىلدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇھۇد، خەندەك، ھۇدەيبىيە ۋە ھۇنەين كۈنلىرىمۇ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبى

ئىزچىل مۇستەھكەم تۇرغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋاپاتى سەۋەبلىك نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىللىرى غۇۋالىشىپ، ئىمانلىرى تەۋرىنىپ؛ بەزىلەر ئولتۇرۇۋالسا، يەنە بەزىلەر ئىككىلىنىپ قالغان شۇ مىنۇتلاردا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبى چوڭ ھادىسىلەر ۋە كاتتا ئىشلاردا ھېچ تەۋرەنمەي مۇستەھكەم تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنى شىجائەتلەندۈرگەنلىكى ــ ئۇنىڭ جەسۇرلۇقىغا يېتەرلىك دەلىلدۇر. پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئىككىلىنىپ قالغان شۇ ئېغىر پەيتتە، ئەگەر ئۇنىڭ قەلبى بىلەن ئۇممەتنىڭ قەلبىنى تارازىغا سالساق، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قەلبى بېسىپ كەتكەن بولاتتى.

ئۇ خەلىپىلىككە سايلانغاندىن كېيىن مۇرتەدلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بەل باغلىغاندىكى ئىرادىسى ئەگەر پۈتۈن يەر يۈزىدىكى قورقۇنچاقلارنىڭ دىللىرىغا چېچىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى شىجائەتلىك قىلىۋېتىشكە يەتكەن بولاتتى. ئۇ، مۇرتەدلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى يەنە ئىسلام دىنىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ شۇنداق بىر شىجائەتكى، ئۇممەت چەۋەندازلىرى ھەم ئۇنىڭ ئالدىدا ئاجىز كەلگەن؛ ئۇ شۇنداق بىر ھىممەتكى، ئۇممەتنىڭ ئەڭ ھىممەتلىك كىشىلىرى ھەم ئۇنىڭغا قايىلدۇر.

2) سەيىدىمىز ئەمىرۇلمۇئمىنىين ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

شەيتاننىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭغان يولدىن قېچىشى ــ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەسۇرلۇقىغا دەلىلدۇر.

279. سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ئى خەتتابنىڭ ئوغلى! جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، شەيتان سەن بىلەن بىرەر يولدا ئۇچرىشىپ قالسا، سەن ماڭغان يولنى قويۇپ باشقا يولدا ماڭىدۇ».[1]

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن الله تائالا ئۇ سەۋەبلىك ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر بىز كەئبىنىڭ يېنىدا ئاشكارا ناماز ئوقۇشقا پېتىنالمايتتۇق. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەئبىنىڭ يېنىدا

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ناماز ئوقۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ھەم ئۆمەر بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدۇق».①

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن بىز كۈچلىنىپ كەتتۇق».②

بۇلاردىن سىرت، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جەسۇرلۇقىغا يەنە نۇرغۇن مىساللار بار.

3) سەييىدىمىز ئەمىرۇلمۇئمىنىين ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ — ئۇممەت شىرى، ئىسلام قۇۋۋىتى، مۇشرىكلار سېپىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتكۈچى ۋە ئۆز ھاياتىدا ئىنسان ئەقلىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك شىجائەتلەرنى كۆرسەتكەن كىشى بولۇپ، تەبۇك غازىتىدىن باشقا بارلىق جەڭلەردە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە بولغان.

280. رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبۇك كۈنى مەدىنىگە ئەلىنى ئورۇنباسار قىلىپ قويىدى ۋە ئۇنىڭغا: «مۇسا ئۈچۈن ھارۇننىڭ ئورنى قانداق بولسا، مەن ئۈچۈن سېنىڭ ئورنۇڭمۇ شۇنداق لېكىن مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق» دېدى.③

281. سەھل ئىبنى سەئىد ۋە سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، خەيبەر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ: «مەن بۇ بايراقنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدىغان، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان، جەڭدىن قاچمايدىغان، الله ئۇنىڭ قولى بىلەن فەتىھ قىلىدىغان بىر كىشىگە بېرىمەن» دېدى ۋە ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى چاقىردى. ئۇنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ كۆزىگە تۈكۈرۈپ قويغانىدى، پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا بايراقنى بەردى. الله ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نىڭ قولى بىلەن مۇسۇلمانلارغا فەتىھ ئاتا قىلدى.④

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى ئەبۇ رافىئ خەيبەر كۈنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆرسەتكەن شىجائەتنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بايراقنى ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)غا بېرىپ (خەيبەرگە) ئەۋەتكەن چاغدا بىزمۇ

① «سيرة ابن هشام» 1- توم 294- بەت، ئەلبانى ھەم ئۆزىنىڭ «صحيح السيرة النبوية» ناملىق كىتابى 188- بېتىدە ھەم نەقىل قىلغان.
② بۇخارى توپلىغان.
③ مۇسلىم توپلىغان.
④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىققانىدۇق. قورغانغا يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەھۇدىيلار ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)غا قارشى قورغاندىن چىقتى، ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئۇلار بىلەن ئۇرۇشتى. بۇ جەرياندا بىر يەھۇدىي ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇپ، قالقانىنى ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) قورغاننىڭ ئىشىكىنى چىقىرىپ ئۆزىگە قالقان قىلدى، تاكى الله تائالا ئۇنىڭغا فەتىھ ئاتا قىلغانغا قەدەر ئۇنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ جەڭ قىلدى ۋە كېيىن ئۇنى چۆرۈۋەتتى.

بىز يەتتە كىشى بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالقان قىلغان ئاشۇ ئىشىكنى يۆتكە بېقىشقا ئۇرۇندۇق». [1]

مۇسئەب ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلى جەڭدە هوشيار ۋە ئۆز رەقىبى بىلەن ئېلىشقاندا چەبدەس ئىدى. بىر تەرەپتىن دۈشمەنگە هۇجۇم قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى هەر تەرەپلىمە مۇداپىئە قىلاتتى. هۇجۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ دۈشمەنگە بولغان مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى ـ دە، هېچكىم ئۇنىڭغا زەربە بېرىشكە ئىمكان تاپالمايتتى. پەقەت ئالدى تەرىپىدىلا ساۋۇت بار بولۇپ، ئارقا تەرىپى ئوچۇق ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭدىن: ‹ئەجەبا دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىڭدىن كېلىشىدىن قورقماسەن؟› دەپ سورىسا، ئۇ: ‹ئارقامدىن هۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ تۇرۇپمۇ مېنى ئۆلتۈرەلمىگەن ئۇنداق دۈشمەننى الله هەرگىز هايات قالدۇرمىسۇن› دەيتتى». [2]

4) تەلهە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ — جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى، بۇ ئۈممەتنىڭ شىجائەتلىك ۋە باتۇر ئوغلانى شۇنداقلا ئاتلىق ۋە پىيادە جەڭچىلەر ئىچىدىكى ساناقلىق كىشىلەردىن بىرى.

ئۇنىڭ جەسۇرلۇقى هەققىدىكى مىساللاردىن بىرى — ئۇهۇد كۈنى كۆرسەتكەن ئاجايىپ شىجائىتىدۇر. ئۇهۇد كۈنى ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نى هىمايە قىلدى ۋە بەدىنىنىڭ 70تىن كۆپرەك يېرى جاراهەتلەندى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: [ئۇهۇد كۈنى تىلغا ئېلىنسا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇ كۈننىڭ هەممىسى تەلهەنىڭ بولغان ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھ

---

[1] «سيرة ابن هشام» 3ـ توم 216ـ بەت،

[2] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان.

ﷺ نىڭ قېشىغا تۇنجى بولۇپ قايتقان ئىدىم. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ: ‹تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ بولغىيتتىڭ› دېدىم ۋە قارىسام ئۇنىڭ 70 نەچچە يېرىگە (نەيزە) سانجىلغان، (ئوقيا) ئېتىلغان، (قىلىچ) ئۇرۇلغان بولۇپ، قولى ھەم ئۈزۈلگەن ئىكەن. ئاندىن بىز ئۇنى ئاپىرىپ داۋالىدۇق»].[①]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد كۈنى مۇشرىكلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتمەكچى بولغاندا، تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. بېشىڭنى كۆتۈرمىگىن، دۈشمەننىڭ ئوقى تېگىپ كەتمىسۇن. مېنىڭ بوغۇزۇم سېنىڭ بوغۇزۇڭغا دالدا بولسۇن (يەنى ئوق ساڭا تەگكەندىن كۆرە ماڭا تەگسۇن)» دەيتتى.[②]

قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇھۇد كۈنى تەلھەنىڭ قولىنىڭ چولاق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ قولى بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى قوغدىغان ئىدى».[③]

5) زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ــ شىر يۈرەك، يۇقىرى ھىممەتلىك ۋە باتۇر ساھابە بولۇپ، جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى. ئۇ ئىسلامدا قىلىچىنى تۇنجى بولۇپ قىنىدىن سۇغارغان كىشى بولۇپ، بۇ ئىش ــ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا مەككىدە سادىر بولغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مۇشرىكلارنىڭ تۇتۇۋالغانلىقى ھەققىدە گەپ تارقالدى. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ قىلىچىنى ئالدى ـ دە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئىزدەپ ماڭدى. مەككىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «ئى زۇبەير! ساڭا نېمە بولدى؟» دېگەنىدى، ئۇ: «سېنى <تۇتۇپ قاماپ قويۇپتۇ> دەپ ئاڭلاپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن چىقتىم!» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلدى.

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەڭلەردە شىجائەتلىك ۋە ئالدىدا ماڭىدىغان كىشى

---

① ئەبۇ نۇئەيم، ھاكىم ۋە ھەيسەمى توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ئۆزىنىڭ «الجهاد» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 77 ـ بېتىدە، ئىبنى سەئىد ئۆزىنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابى 3 ـ توم 218 ـ بېتىدە ھەم نەقىل قىلىپ كەلتۈرگەن.

② بۇخارى توپلىغان.

③ بۇخارى توپلىغان.

ئىدى.

282. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بەدر كۈنى ئۇبەيدە ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاسقا يولۇقتۇم. ئۇ پەقەت ئىككى كۆزىدىن باشقا يېرى كۆرۈنمەيدىغان ساۋۇت كىيىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ كۇنىيەسى <زاتۇلكەرىش> بولۇپ، شۇڭا ئۇ: ‹مەن زاتۇلكەرىشنىڭ دادىسىدۇرمەن!› دېدى. ئاندىن مەن ئۇنىڭغا قىسقا نەيزە بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كۆزىگە نەيزىنى تىقىۋەتكەنىدىم، ئۇ ئۆلدى».①

283. ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (دادام) زۇبەير يەرمۇك جېڭىگە قاتناشقاندا پەيغەمبەرﷺ نىڭ ساھابىلىرى ئۇنىڭغا: «سەن ئالدىدا ھۇجۇم باشلىساڭ، بىزمۇ ئارقاڭدىن ھۇجۇمغا ئۆتسەك!» دېگەنىدى، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۈشمەنگە ھۇجۇمغا ئۆتتى. جەڭدە دۈشمەنلەر ئۇنىڭ گەدىنىگە ئىككى قىلىچ ئۇرۇۋەتتى، بەدر كۈنى ھەم دەل شۇ ئىككى قىلىچ زەربىسىنىڭ ئوتتۇرىغا بىر قىلىچ ئۇرۇلغانىدى. مەن كىچىك چاغلىرىمدا شۇ زەربىنىڭ ئىزىغا بارماقلىرىمنى كىرگۈزۈپ ئوينايتتىم».②

ئۇرۋە دادىسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «زۇبەير ئېگىز بويلۇق كىشى بولۇپ، ئاتقا مىنسە ئىككى پۇتى يەرگە تېگىپ قالاتتى. ئۇ ئىنتايىن چاچلىق بولۇپ، بالىلىق چېغىمدا گاھىدا ئۇنىڭ دولىسىدىكى چېچىنى تارتاتتىم».③

زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى جەمەل ۋەقەسىدە ئەمىر ئىبنى جەرمۇز ئىسىملىك بىر مۇجرىم ئۆلتۈردى ۋە ئۇنىڭ قىلىچىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېلىپ كەلگەنىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆرۈپ: «بۇ قىلىچ نۇرغۇن قېتىم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرگەن» دېدى ۋە ئىبنى جەرمۇزنىڭ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە غەزەپلەندى.

6) سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ـــ جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون كىشىنىڭ بىرى، ئىسلام چەۋەندازى، تۇنجى بولۇپ الله يولىدا ئوقيا ئاتقان كىشى ھەمدە ئۇھۇد جېڭىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ جەسۇرى بولۇپ، ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ئۇچۈن ئۆز ئاتا-ئانىسىنى تەڭ تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ (پىدا قىلغان).

① بۇخارى توپلىغان.
② بۇخارى توپلىغان.
③ مۇھىببۇددىن تەبەرىنىڭ «الرياض النضرة في مناقب العشرة» ناملىق كىتابى 2- توم 262- بەت.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سەئىدتىن باشقا كىشىگە ئاتا ـ ئانىسىنى تەڭ تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ (پىدا قىلغانلىقىنى) ئاڭلاپ باقمىدىم. مەن ئۇھۇد جېڭى بولغان كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سەئىدكە: <ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى سەئىد! ئاتقىن> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان».[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ھەققىدە: «ئى الله ! ئۇنىڭ ئوقىنى توغرىلاپ بەرگىن، دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغانىدى، دەرھەقىقەت ئۇ شۇنداق كىشى بولدى.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ غازاتلاردا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى جاسارەت بىلەن قوغدايدىغان چەۋەندازلاردىن بىرى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خەلىپىسى ئۆمەر بىلەن بولغان جەڭگە ئەمىر قىلدى، قادىسىيە جېڭىدە ئۇ كاتتا باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ھەتتا پارىسلارنىڭ پايتەختى مەدائىنغا بېسىپ كىرىپ، پارىسلارنىڭ كۆپ قىسىم زېمىنىنى فەتھى قىلدى ھەمدە بەسرە ۋە كۇفە دېگەن ئىككى شەھەرنى بەرپا قىلدى.

زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: «سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇغا ئەجەل يېقىنلاشقاندا ئۇ بىر يۇڭ جۇۋىنى ئەكەلدۈرۈپ: <مېنى بۇنىڭ بىلەن كېپەنلەڭلار. مەن بەدر كۈنى مۇشۇنى كىيىپ تۇرۇپ مۇشرىكلار بىلەن جەڭ قىلغان. مەن ئۇنى تاكى مۇشۇ كۈنگىچە ساقلاپ كەلدىم> دېدى».[2]

7) ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ

ئۇنىڭ ئىسمى ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەرراھ بولۇپ، جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى ۋە بۇ ئۇممەتنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمىدۇر.

ئۇ ـــ رەسۇلۇللاھ ﷺ قاتناشقان بارلىق غازاتلارغا ھازىر بولغان. ئۇھۇد جېڭىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزىگە پېتىپ كەتكەن ئىككى ھالقىنى ئۇ (چىشى بىلەن) تارتىپ چىقىرىۋاتقاندا ئىككى چىشى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ھالقىلار رەسۇلۇللاھ ﷺ كىيگەن دۇبۇلغىنىڭ ھالقىلىرى ئىدى ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاغزى تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئېيتىلدىكى: «ئەبۇ

---

[1] مۇھىببۇددىن تەبەرىنىڭ «الرياض النضرة في مناقب العشرة» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 295 ـ بەت.

[2] ئىبنى جەۋزىنىڭ «صفوة الصفوة» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 361 ـ بەت.

ئۇبەيدىنىڭ ئىخىزىدىنمۇ چىرايلىق ئىخىز كۆرۈلۈپ باقمىدى». يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەبۇبەكرى ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار قۇرەيشنىڭ ئىككى داھىيلىرىدۇر».

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى شام فەتھىسىگە ئەمىر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇ يەرمۇك جېڭىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى بولغان. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامدا ۋابا كېسىلى سەۋەبلىك ۋاپات بولغان.

8) ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ — الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ يولۋىسىدۇر. ئۇنىڭ شجائىتى تىللاردىن تىللارغا كۆچۈپ، باتۇرلۇقى تارىخ بەتلىرىدە يادلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ بەدر جېڭىدە كاتتا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، نۇرغۇن مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرگەن ئىدى.

بەدر جېڭىدە ئۇمەييە ئىبنى خەلەف ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئاراڭلاردا مەيدىسىگە تۆگە قۇشىنىڭ پېيىنى تاقىۋالغان كىشى كىم؟» دەپ سورىدى. ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب» دېگەنىدى، ئۇمەييە: «بىزنى مەغلۇبىيەتكە يۇزلەندۇرگىنى دەل ئاشۇ» دېدى.[①]

ئۇ ئۇھۇد جېڭىدە ھەم كاتتا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، مۇشرىكلارغا قارشى شجائەت بىلەن جەڭ قىلغان ئىدى. ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالى ھىندى بىنتى ئۇتبە مەككىدە ۋەھشى ئىسىملىك قۇلىغا: «ئەگەر ئۇھۇد جېڭىدە ھەمزىنى ئۆلتۈرسەڭ ھۆرلۈككە ئېرىشىسەن» دەپ، شۇنداق كېلىشتى. ئۇھۇد كۈنى ۋەھشى مۇشرىكلارنىڭ سېپى ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆزەتتى ۋە ئۇنىڭ مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نەيزىسىنى ئېتىپ شەھىد قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆكسىنى يېرىپ، جىگىرىنى ھىندى بىنتى ئۇتبەگە ئاپىرىپ بەردى. ھىندى ئۇنى چايناپ ئاندىن تۈكۈرۈۋەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەھىد قىلىنغانلىقىنى ۋە مۇسلە قىلىنىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ مەيۈسلىنىپ كۆزىدىن ياش ئاقتى چۈنكى بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قاتتىق ئېغىر كەلگەن ئىدى.

9) جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ

[①] ئىبنى ئىسھاق نەقىل قىلغان.

ئەنھۇدىن ئون ياش چوڭ ئىدى. ئۇ مۇئتە غازىتى كۈنى شەھىد بولغان. ئۇ مۇئتە غازىتى كۈنى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىد بولغاندىن كېيىن بايراقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ رۇمغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ئۇ بايراقنى ئوڭ قولىدا تۇتقان ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ قولى كېسىلىۋېدى، بايراقنى سول قولى بىلەن تۇتتى، ئاندىن ئۇ قولىمۇ كېسىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بايراقنى مەيدىسى بىلەن تىرەپ، ئالغا ئىلگىرىلىگەن ۋە كەينىگە چېكىنمىگەن ھالدا شەھىد بولدى.

ساھابىلەر ئۇنىڭ جەسىدىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن قىلىچ چېپىلغان، ئوقيا ئېتىلغان ۋە نەيزە سانجىلغان ئىزلاردىن 90 نەچچىنى كۆردى.

10) مۇئاز ئىبنى ئەمىر ئىبنى جەمۇھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ــ كۈچتۈڭگۈر، شىجائەتلىك ۋە باتۇر ساھابە بولۇپ، بەدر جېڭىدە ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدر جېڭى كۈنى ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرۈشنى ئۆزۈمگە ۋەزىپە قىلدىم. ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغاندا بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ پاچىقىنىڭ يېرىمىدىنلا ئۈزۈپ تاشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىكرىمە مۈرەمگە چاپتى ـ دە، قولۇم ئۈزۈلۈپ، ئازغىنە قىسمىنى بېقىنمىنىڭ ئازراق تېرىسىلا تۇتۇپ ئېسىلىپ قالدى. جەڭ ماڭا ئۇنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئاندىن مەن ئېسىلىپ قالغان قولۇمنى ئارقامغا تاشلاپ كۈن بويى جەڭ قىلدىم. (قولۇم ساڭگىلىۋېلىپ) مۇشەققەت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قولۇمنىڭ ئۇستىگە دەسسەپ تۇرۇپ كۈچەپ تارتىپ ئۈزۈپ تاشلىدىم». [①]

11) بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، چەۋەندازلىق ۋە باتۇرلۇقتا ئۈلگە قىلىنىدىغان، كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان قەھرىمانلاردىن بىرىدۇر.

بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەڭلەردە ئۆلتۈرگەن مۇشرىكلاردىن سىرت، يەكمۇيەك ئېلىشىشنىڭ ئۆزىدىلا 100 مۇشرىكنى ئۆلتۈرگەن.

يەمامە جېڭىدە مۇسۇلمانلار باغ ئىچىدىكى مۇسەيلىمە كاززابنىڭ ئەسكەرلىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. باغنىڭ تېمى (ئىنتايىن مۇستەھكەم) بولۇپ، تامدىن باستۇرۇپ كىرىش مۇسۇلمانلارغا مۇمكىن بولمىدى. بەرا ئىبنى مالىك

① ئىبنى كەسىرنىڭ «البداية والنهاية» ناملىق كىتابى 3 ـ توم 351 ـ بەت، تەبەرىنىڭ «تاريخ الطبري» ناملىق كىتابى 2 ـ توم 154 ـ بەت، زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 250 ـ ۋە 251 ـ بەتلەر.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلاردىن ئۆزىنى (قالقانغا قويۇپ، قالقاننى) نەيزە بىلەن كۆتۈرۈپ دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلاشنى تەلەپ قىلدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى (تامدىن ئاشۇرۇپ) دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تامنىڭ ئارقىسىدىكى مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقانلار بىلەن ئۇرۇشتى ۋە ئىشىكنى مۇسۇلمانلارغا ئېچىۋەتتى. مۇسۇلمانلار باغقا كىرىپ بولغۇچە بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاپىرلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەنىدى. مۇسۇلمانلار بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ 80 نەچچە يېرىگە قىلىچ ـ نەيزە ئۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى داۋالاپ ساقايتتى.

بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پارس زېمىنىنى فەتىھ قىلىش جېڭىگىمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئىنتايىن شىددەتلىك بولغان تۇستەر جېڭىدە ئۇ كاتتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنىدى. ئۇ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنغۇچى كىشى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن الله تىن نۇسرەت سوراپ دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى، ئۇ: «ئى الله! مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن، مېنى ئۆز يولۇڭدا شاھادەت بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دەپ دۇئا قىلدى. الله تائالا مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلدى، بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا شاھادەتكە ئېرىشىپ الله نىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى.

12) سەماك ئىبنى خەرەشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ــ شىجائەتتە نامى مەشھۇر بولغان ئەبۇ دۇجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئۇھۇد كۈنى ئۇ كاتتا شەرەپكە ئېرىشكەن. پەيغەمبەر ﷺ ئۇھۇد كۈنى قولىغا قىلىچنى ئېلىپ: «كىم بۇ قىلىچنى ئېلىپ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ؟» دېدى. بىر نەچچەيلەن ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا بەرمىدى. ئەبۇ دۇجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قىلىچنىڭ ھەققى نېمە؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «تاكى دۈشمەن مەغلۇپ بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇش» دېدى. ئەبۇ دۇجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى مەن ئېلىپ (ھەققىنى ئادا قىلاي)» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ قىلىچنى ئۇنىڭغا بەردى.

ئۇ تولىمۇ شىجائەتلىك ۋە جەڭ تاكتىكىسىغا ماھىر ئىدى. زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىلىچنى ماڭا بەرمەي ئەبۇ دۇجانىگە بەرگەنلىكىدىن كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ: ‹الله بىلەن قەسەمكى، ئەبۇ دۇجانىنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى كۆرمەي قويمايمەن› دېدىم ـ دە، ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ئۇ يېنىدىن قىزىل رەختنى چىقىرىپ بېشىغا چىگدى. بۇنى كۆرگەن ئەنسارىلار: ‹ئەبۇ دۇجانە ئۆلۈم لاتىسىنى چىگدى (يەنى ئۆزىنى شەھىدلىككە

تەييارلىدى)> دېيىشتى. ئەبۇ دۇجانە مۇشرىكلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇچرىغانلا مۇشرىكنى ئۆلتۈردى.

مۇسەيلىمە كاززابقا قارشى ئېلىپ بېرىلغان يەمامە جېڭىدە ئەبۇ دۇجانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى باغ ئىچىگە ئاتقاندا پۇتى سۇنۇپ كەتتى. ئۇ شۇ ھالىتىدە جەڭ قىلىپ شەھىدلىك ھالىتىدە الله تائالانىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى.

13) ئەبۇ تەلھە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ زەيد ئىبنى سەھل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدا تىزلانغان ھالدا، ياچاق ئوقلىرىنى يېيىپ تۇرۇپ: «يۈزۈم يۈزۈڭگە قالقان بولسۇن، جېنىم جېنىڭغا پىدا بولسۇن» دېگەنىدى.

ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇنەين جېڭىدە 20 مۇشرىكنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى غەنىيمەت ئالغان ئىدى.

14) خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ـــ الله نىڭ سۇغۇرۇلغان قىلىچى بولۇپ، جاھىلىيەت ۋە ئىسلامدىكى شىجائەتلىك باتۇرلارنىڭ سەركەردىسىدۇر. ئۇ نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقان ۋە قوماندانلىق قىلغان بولۇپ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى ئاتلىق قوشۇنغا قوماندان قىلغان.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇرتەدلەر بىلەن بولغان جەڭدە ئۇنى ئەمىر قىلغان. ئۇنىڭ پارس ۋە رۇم بىلەن بولغان جەڭلەردە ھەم ئۇلگىلىك ئىش-ئىزلىرى بار.

قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيدۇ: «خالىدقا: <ئەجەملەردىن ئېھتىيات قىلغىن! سېنى زەھەرلەپ قويمىسۇن> دېيىلدى. كېيىن زەھەر كەلتۈرۈلگەندە خالىد: <بۇ نېمە؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇلار: <بۇ زەھەر> دېدى. خالىد: <بِسْمِ اللَّهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ> <نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندا ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان الله نىڭ نامى بىلەن ئىچىمەن> دېدى-دە، ئۇنى ئىچىۋەتتى لېكىن زەھەر ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمىدى».

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپاتى يېقىنلاشقاندا مۇنداق دېگەن: «مەن 100 دىن ئارتۇق جەڭگە قاتناشتىم، مانا ھازىر تۆگىگە ئوخشاش كۆرپەمنىڭ ئۈستىدە جان بېرىۋاتىمەن، قورقۇنچاقلارنىڭ كۆزلىرىگە (قورققانلىقتىن) ئۇيقۇ

كەلمىسۇن». [1]

ئۇ 60 يېشىدا كۆرپىسى ئۈستىدە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ بەدىنىدە قىلىچ چېپىلمىغان، نەيزە سانجىلمىغان ياكى ئوقيا كىرمىگەن ھېچبىر ئورۇن يوق ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا شەھىدلىك ئالامەتلىرى ھەم كۆرۈلگەن ئىدى.

15) سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ـــ مۇسۇلمانلارنىڭ شىجائەتلىك مەرگەنلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۆگىلىرىگە باستۇرۇپ كەلگەن مۇشرىكلارغا يېتىشىۋېلىپ، تۆگە ۋە ئاتلارنى ئۇلاردىن قايتۇرۇۋالغانلىقى ھەققىدىكى ئۇنىڭ شىجائىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن قىسسىنى (بىز ئىلگىرىكى بابلاردا بايان قىلغان). بۇ ۋەقەلىك زۇلقەرد غازىتىدا يۈز بەرگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇ چاغدا ئۇنى ماختاپ: «بۈگۈنكى پىيادىلىك ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشىسى سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئدۇر» دېگەن.

16) ھىشام ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ئەمىر ئىبنى ئاسنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، تىللاردا مەشھۇر شىجائەتلىك چەۋەندازدۇر. ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن قېرىندىشىم ھىشام بىلەن يەرمۇك جېڭىگە قاتناشتىم. كېچە اللّٰه تىن بىزنى شاھادەت بىلەن رىزىقلاندۇرۇشىنى دۇئا قىلىپ سورىغاندۇق، ئەتىسى اللّٰه ئۇنى شاھادەت بىلەن رىزىقلاندۇردى، مېنى بولسا مەھرۇم قويدى». [2]

يەنە شۇنداق نەقىل قىلىنىدىكى: «ھىشام ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەرمۇك كۈنى رۇملۇقلارغا ھۇجۇم قىلىپ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر ئۇلاردىن بىرنەچچىنى ئۆلتۈردى. دۈشمەنلەرنىڭ ئاتلىرى ئۇنى يانجىپ گۆش ـ سۆڭەكلىرىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكەنىدى، قېرىندىشى ئەمىر ئىبنى ئاس ئۇنىڭ گۆش ـ سۆڭەكلىرىنى جەملەپ ئوراپ قويدى».

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇنىڭ شەھىد بولغانلىق خەۋىرى يەتكەندە: «اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، ئۇ ئىسلامنىڭ نەقەدەر ياخشى ھىمايىچىسى بولغان ئىدى!» دېگەن.

17) ئۇكاشە ئىبنى مىھسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ شىجائەتلىك ساھابە بولۇپ، غابە غازىتى كۈنى ئەمىر ئىبنى ئەببار ۋە ئۇنىڭ

---

[1] «أسد الغابة» 2 ـ توم 111 ـ بەت.

[2] ئىمام زەھەبىنىڭ «سير أعلام النبلاء» ناملىق كىتابى 3 ـ توم 79 ـ بەت.

دادىسىنىڭ بىر تۆگىگە مىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ ئىككىسىگە نەيزە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە ئۇ ئىككىسى ئىلىۋالغان تۆگىلەردىن بىر نەچچىنى قايتۇرۇۋالغان.

18) خەۋۋات ئىبنى جۇبەير ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ئۇھۇد جىڭىدە ناھايىتى ياخشى ئۇرۇش قىلغان. تاغ ئۈستىدىكى ئوقياچىلارنىڭ ئەمىرى ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، شەھىدلىك ھالىتىدە الله تائالانىڭ ھوزۇرىغا كەتكەن ئىدى.

خەۋۋات ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھېچكىم قىلمايدىغان ئۈچ ئىشنى قىلدىم: ھېچكىم كۈلمەيدىغان ئورۇندا كۈلدۈم، ھېچكىم بېخىللىق قىلمايدىغان ئورۇندا بېخىللىق قىلدىم ۋە ھېچكىم ئۇخلىمايدىغان ئورۇندا ئۇخلىدىم.

ئۇھۇد غازىتى كۈنى قېرىندىشىم (ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنىڭ) قېشىغا كېلىپ قارىسام ئۇ شەھىد بولۇپ، قورسىقى يېرىلىپ، ئۈچەيلىرى چىقىپ كېتىپتۇ. مەن بىر ھەمراھىمنى ياردەمگە چاقىرىپ ئۇنى كۆتۈردۇق، بۇ ۋاقىتتا مۇشرىكلارنىڭ ئاتلىرى ئەتراپىمىزدا مېڭىپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ ئۈچەيلىرىنى قورسىقىغا سېلىپ، سەللەم بىلەن تاڭدىم ـ دە، ھەمراھىم ئىككىمىز ئۇنى كۆتۈردۇق. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ئۈچەيلىرىنىڭ تەۋرىگەن ئاۋازىدىن ھەمراھىم چۆچۈپ كەتتى، مەن ئۇنى تاشلىۋېتىپ كۈلۈپ كەتتىم.

ئاندىن بىز ئۇنى كۆتۈرۈپ بىر جايغا كەلدۇق ـ دە، مەن ئوقيارىمىنىڭ ئىگىك تەرىپى بىلەن قەبرە كولىدىم. ئوقيارىمىنىڭ تارىسى بار ئىدى، قېرىندىشىمغا قەبرە كولاپ كۆمۈش جەريانىدا مەن شۇ يىپنى ئۈزۈلۈپ كېتەمسۇن دەپ بېخىللىق قىلدىم. قېرىندىشىمنى كۆمۈپ قويۇپ ماڭدۇق. مانا بۇ ــ مېنىڭ ھېچكىم بېخىللىق قىلمايدىغان ئورۇندا بېخىللىق قىلغانلىقىمدۇر.

مېڭىۋاتقىنىمدا بىر ئاتلىق كىشى مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، نەيزىسىنى ماڭا تەڭلەپ تۇراتتى. بۇ چاغدا مېنى مۈگدەك بېسىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. مانا بۇ ــ مېنىڭ ھېچكىم ئۇخلىمايدىغان ئورۇندا ئۇخلىغانلىقىمدۇر».[1]

19) ئەمىر ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ بىر باھادىر يولۋاس، پالۋان ۋە ماھىر چەۋەنداز بولۇپ، پارىسلارغا قارشى

[1] ئىبنى ئەساكىر توپلىغان.

قىلىنغان جەڭدە ئۇ كاتتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ قادىسىيە جېڭىدە پارىسلارنىڭ قوماندانىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرگەن.

ئۇ 150 يېشىدا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە سىففىين جېڭىگە قاتناشقان.

20) ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ جاھىلىيەتتىكى دەۋرىدىمۇ شىجائەتلىكلەرنىڭ سەركەردىسى بولۇپ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسلامى تولىمۇ گۈزەل بولغان. ئۇ يەرمۇك جېڭىدە ئىنتايىن كۈچلۈك ئۇرۇش قىلغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن» دېگەندە، ئۇ: «مەن (ئىلگىرى) لات، ئۇززا ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئىدىم. ئەمدىلىكتە الله ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغاندا جېنىمنى ئاسرايمەنمۇ؟! ئەجەبا الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلمايمەنمۇ؟!» دېگەن. ئاندىن رۇمغا خىتاب قىلىپ: «مەن (ئىلگىرى) ھەممە يەردە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قارشى ئۇرۇش قىلغانىدىم، بۈگۈن سىلەردىن قاچامدىم!؟ الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس» دېگەن، ئاندىن: «كىم ماڭا ئۆلۈمگە بەيئەت قىلىدۇ؟» دېگەندە، ھارىس ئىبنى ھىشام ۋە زىرار ئىبنى ئەزۋەر قاتارلىق 400 باتۇر كىشى ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغان.

ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىدلىك بىلەن الله نىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ بەدىنىدە قىلىچ چېپىلغان، ئوقيا ئېتىلغان ۋە نەيزە سانجىلغان 70 نەچچە ئورۇندىكى جاراھەتنى كۆردى.

21) تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد ئەسەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ نامى مەشھۇر شىجائەتلىك ۋە پەھلىۋان ساھابە بولۇپ، ئۇنىڭ شىجائىتى ۋە باتۇرلۇقى 1000 چەۋەندازغا باراۋەر كېلەتتى. ئۇ قادىسىيە جېڭىدە كاتتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەمىر ئىبنى مەئدى كەرب بىلەن تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى قوشۇپ بېرىپ: «مەن ساڭا ئەمىر ئىبنى مەئدى كەرب بىلەن تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىدنى ياردەمچى قوشۇن قىلىپ بەردىم، ئۇ ئىككىسى 2000 كىشىگە باراۋەر. جەڭدە ئۇ ئىككىسى بىلەن مەسلىھەتلەشكىن لېكىن قوشۇنغا باش قىلىپ

تەيىنلىمە» دېگەن.[1]

قادىسىيە جېڭىدىن سەل ئالدىن تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كاتتا پەزىلەت كۆرسەتكەنىدى:

تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد، ئەمىر ئىبنى مەئدى كەرب ۋە قەيس ئىبنى مەكشۇھلار پارىسلارنىڭ ھەربىي گازارمىسىنى تىڭتىڭلاش ئۈچۈن چىقتى. مۇسۇلمانلارنىڭ پارىسلاردىن مەلۇمات ئىگىلىشى ئۈچۈن، قەيس بىلەن ئەمىر ئىككىسى بىرنەچچە پارىسلارنى ئەسىر ئېلىپ كەلدى. ئەمما تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رۇستەمنىڭ قارارگاھىغىچە بېرىپ، تاكى كېچە بولغۇچە ئۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ پايلاپ تۇردى. ئاندىن مېڭىپ ئەسكەرلەرنىڭ بىرقانچە چېدىرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان گازارما قوماندانىنىڭ چېدىرىغا كەلدى. شۇ پەيت ئۇ قوماندانىنىڭ چېدىرى ئالدىدا باغلاقلىق تۇرغان ئالىي سورتلۇق بىر ئاتنى كۆردى ۋە ئۇ ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى كېسىپ، ئۆزىنىڭ ئېتىنىڭ يۈگىنىگە باغلىدى ـ دە، مۇسۇلمانلار تەرەپكە قاراپ ئاتنى چاپتۇردى.

پارىسلار بۇنى سېزىپ قېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. ئۇلاردىن ئاتلىق بىرى تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يېتىشىۋالغانىدى، تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ ھەيدەپ ماڭدى. ئاندىن يەنە بىر ئاتلىق يېتىشىۋالغانىدى، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ قوشۇپ ھەيدەپ ماڭدى. كېيىن ئۈچىنچى ئاتلىق يېتىشىۋالغانىدى، تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇنى ئەسىر بولۇشقا چاقىرغانىدى، ئۇ كۆندى. تۇلەيھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئەسىر ئېلىپ، سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

ئەسىرگە چۈشكەن پارىس قوماندانىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانلىرى يىغىلدى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئۇنىڭغا: «سۆزلە» دېدى. پارىس قوماندانى سۆزىنى باشلاپ: «مەن ھاياتىمدا نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشتىم، نۇرغۇن پالۋانلارنى ئاڭلىدىم ۋە ئۇلار بىلەن ئېلىشتىم ئەمما مەن بۇنىڭدەك كىشىنى قەتئىي كۆرۈپ باقمىغان ۋە ئاڭلاپ باقمىغان. ئۇ، 70 مىڭ ئەسكىرى بولغان، نى ـ نى پالۋانلارمۇ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئەسكىرىي گازارمىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى ھەمدە تاكى پارىس قوماندانىنىڭ ئېتىنى ھەيدەپ

---

[1] تەبرانى توپلىغان.

ماڭمىغۇچە بولدى قىلمىدى. ئاندىن بىز ئۇنى كەينىدىن قوغلاپ يېتىشتۇق، بىرىنچى ئاتلىق كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتى، ئۇ ئارىمىزدا مىڭ ئاتلىققا باراۋەر كېلىدىغان چەۋەنداز ئىدى، تۇلەيھە ئۇنى ئۆلتۈردى. ئاندىن ئىككىنچى ئاتلىق كىشى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتى، ئۇنىڭ شىجائىتىمۇ بىرىنچىسىدىن كەم ئەمەس ئىدى لېكىن تۇلەيھە ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى. كېيىن مەن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدىم، مەن ‹شىجائەتتە پارس ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدە ھېچكىم ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ› دەپ ئويلايتتىم لېكىن مەن ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى ـ دە، ئۇنىڭغا ئەسىرلىككە چۈشۈشكە رازى بولدۇم».

ئاندىن پارس قوماندانى گازارمىدىكى پارس ئەسكەرلەر سانىنىڭ 120 مىڭ ئىكەنلىكىنى، ياردەمچى ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ سانىنىڭ ھەم شۇنىڭ باراۋىرىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. كېيىن ئۇ ئىسلام كەلتۈردى ۋە مۇسۇلمانلار سېپىدە (ئىسلام ئۈچۈن) كۈچ چىقاردى.

22) ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ــ پالۋاننىڭ پالۋان ئوغلى، باتۇرنىڭ باتۇر ئوغلى بولۇپ، شىجائەت ۋە ئىبادەتتە ئۆلگىلىك ساھابىلەردىن ئىدى. ئۇ مىسىر ۋە ئافرىقىدىكى نۇرغۇن ئىسلام فەتىھلىرىگە قاتناشقان ۋە ئافرىقىنىڭ پادىشاھى جىرجىرنى ئۆلتۈرگەن.

يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە دەمەشقتە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىبنى زۇبەيرنىڭ خەلىپە بولۇشى تەلەپ قىلىندى. بۇ چاغدا ئۇ مەككىدە بولۇپ، ئىسلام دىيارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭغا بويسۇناتتى لېكىن دەمەشقتە بەنى ئۇمەييە تەرىپىدىن مەرۋان ئىبنى ھەكەمگە بەيئەت قىلىندى، ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىمۇ بارا ـ بارا كېڭىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر تەييارلىدى ھەمدە بۇ جەڭگە ھەججاج ئىبنى يۇسۇف سەقەفىينى قوماندان قىلدى. ھەججاج ئىبنى يۇسۇف مەككىدە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە كەئبىنى مەنجاناق بىلەن ئوققا تۇتتى. نەتىجىدە، ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى.

ئەمر ئىبنى دىنار مەككىي مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير كەئبىنىڭ قېشىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا ھەججاجنىڭ ئەسكەرلىرى مەنجاناق بىلەن كەئبىنى ئوققا

تۇتاتتى. تاشلار چاچراپ كېلىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىگە تەگسىمۇ، ئۇ ھېچ قورقمايتتى ۋە قاچمايتتى».

ئوسمان ئىبنى ئەبۇ تەلھە مۇنداق دەيدۇ: «شىجائەت، ئىبادەت ۋە ناتىقلىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشتا ھېچكىم ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە تەڭ كېلەلمەيتتى».

23) ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ھۇنەين كۈنى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان. ئۇ پەلەستىندىكى ئەجنادەين جېڭىدە شەھىد بولغان بولۇپ، شۇ چاغدا 30 ياش ئىدى. شۇ جەڭدە رۇملۇقلارنىڭ بىر قوماندانى يەكمۇيەك ئېلىشىشقا چاقىرغانىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەيدانغا چۈشتى ۋە ئۇنى ئۆلتۈردى؛ ئاندىن يەنە بىر قوماندانى چۈشكەنىدى، ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى؛ ئاندىن ئۈچىنچى بىر قوماندانى چىققانىدى، ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى، ئاندىن گىرەلەشمە جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ جەڭدە شەھىدلىك نېئمىتىگە ئېرىشىپ الله نىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى.

بۇ جەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى، كاپىرلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇسۇلمانلار ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈلگەن ئون دانە رۇم چېرىكىنىڭ ئارىسىدا شەھىدلىك ھالىتىدە تاپتى، ئۇ شەھىد بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قىلىچى قولىدا بولۇپ، يۈزىنىڭ تەخمىنەن 30 يېرىدە جاراھەت بار ئىدى.

24) ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇنىڭ دادىسى ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «يۇيۇلغان ھەنزەلە» دەپ نام ئالغان بولۇپ، سەۋەبى ئۇ شەھىد بولغاندىن كېيىن پەرىشتىلەر ئۇنى يۇيۇپ قويغان ئىدى.

ئۇھۇد جېڭىگە چىقىشقا نىدا قىلىنغان چاغدا ئۇ جۇنۇپ ھالەتتە بولۇپ، غۇسل قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا جىھادقا ماڭغان ئىدى. ئاندىن ئۇ تاكى شەھىد بولغانغا قەدەر مۇشرىكلار بىلەن جەڭ قىلدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەرگە پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنى يۇيۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ جەسۇر، پالۋان ۋە ئابىدلىرىدىن بولۇپ، ئۇ مەدىنە ئەھلى بىلەن يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە ئارىسىدا يۈز بەرگەن ھەررە ۋەقەسىدە شەھىد بولغان.

25) زەھھاك ئىبنى سۇفيان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ زامانىدىكى شىجائەتلىك، باتۇر ساھابىلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا قىلىچىنى ئاسقان ھالەتتە قوغداپ تۇراتتى. ئۇ (باتۇرلۇقتا) 100 چەۋەندازغا توغرا كېلەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەككە فەتھىسى ئۈچۈن چىققاندا ئۇنى بەنى سۇلەيمگە ئەمىر قىلغان ئىدى.

26) زىرار ئىبنى ئەزۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

زىرار ئىبنى ئەزۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمامە جېڭىگە قاتناشقان ۋە بۇ جەڭدە كاتتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. بەزىلەر ئۇنى «يەمامە جېڭىدە شەھىد بولغان» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئۇ شام ۋە دەمەشىق فەتىھلىرىگە ھەمدە يەرمۇك جېڭىگە قاتنىشىپ، ئاجايىپ ئىش-ئىزلارنى قالدۇرغان» دەيدۇ.

27) زىرار ئىبنى خەتتاب ئىبنى مەرداس فەھرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ مەككە فەتىھ قىلىنغان كۈنى مۇسۇلمان بولغان. ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىسىدا تۇرۇپ جەڭ قىلىپ، ئۇلاردىن بىرقانچە كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن ئىدى.

زىرار ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «بىز قۇرەيشلىكلەرگە سىلەردىن ياخشىراق مۇئامىلە قىلغانمىز چۈنكى بىز ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزدۇق، سىلەر ئۇلارنى دوزاخقا كىرگۈزدۈڭلار!» دېدى. يەنى «بىز (قۇرەيشلىك) مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەبچى بولدۇق، سىلەر (قۇرەيشلىك) مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە سەۋەبچى بولدۇڭلار» دېمەكچى.

ئۇ ئەنسارىلارغا چاقچاق قىلىپ: «ئۇھۇد غازىتىدا مەن سىلەردىن 11 كىشىنى ھۆر ئەينىلەرگە ئۆيلەپ قويغان» دەيتتى.[1]

28) جۇلەيبىب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

جۇلەيبىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارىلارنىڭ شىجائەتلىكلىرىدىن ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە بىر غازاتقا چىقىپ كاتتا قەھرىمانلىق كۆرسەتتى ۋە مۇشۇ جەڭدە شەھىدلىك نېئمىتىگە ئېرىشىپ الله نىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى. جەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىگە: «بىرەر كىشىنى يوقىتىپ قويمىدىڭلارمۇ؟»

[1] ئىبنى ئەسىرنىڭ «أسد الغابة»ناملىق كىتابى 3- توم 54- بەت.

دېگەنىدى، ئۇلار: «ياق» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «لېكىن مەن جۇلەيبىبنى كۆرمىدىم، ئۇنى ئىزدەڭلار!» دېدى. ساھابىلار جۇلەيبىبنى ئىزدەپ ئۇنى يەتتە مۇشرىكنىڭ ئۆلۈكى ئارىسىدا ياتقان ھالىتىدە تاپتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «دۈشمەندىن يەتتىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىمۇ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. جۇلەيبىب مەندىن، مەن جۇلەيبىبتىن» دېدى ۋە جۇلەيبىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بىلەكلىرى ئارىسىغا ئېلىپ كۆتۈردى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا يەرلىك كولىنىپ دەپنە قىلىندى لېكىن جەسىدى يۇيۇلمىدى.[①]

29) ئابدۇللاھ ئىبنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ سەرىھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئۇ ــ شىجائەتلىك، باتۇر ۋە زېھنى ئۆتكۈر كىشى ئىدى. ئۇ ئافرىقىنى فەتھى قىلىپ، ئۇ يەردە ئىسلامنى تارقاتقان. ئافرىقا فەتھى بولغاندا مۇسۇلمانلار نۇرغۇن غەنىيمەتلەرگە ئېرىشكەن ئىدى.

مۇسۇلمانلار تۇنجى قېتىم دېڭىز غازىتىغا چىقىپ رۇملۇقلارغا قارشى زاتۇ سەۋارى جىھادىغا ئاتلانغان چاغدا ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى بولغان ئىدى.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى مىسىرغا ۋالىي قىلغان بولۇپ، ئۇ مىسىردا بىرنەچچە يىل تۇرغان ئىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا پىتنە يۈز بەرگەندە ئابدۇللاھ ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىتنىدىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن ھاكىم ۋە ۋالىيلىقنى تاشلاپ، تاكى ۋاپات تاپقانغا قەدەر پەلەستىندىكى رەملە شەھرىدە ھاياتىنى ئۆتكۈزدى.

ئۇ الله تائالادىن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نەپسىنى ناماز ئۈستىدە ئاخىرلاشتۇرۇشىنى سورايتتى. دەرۋەقە، ئۇ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بىرىنچى سالامنى بېرىپ، ئىككىنچى سالامنى بەرمەستىنلا ۋاپات بولدى.

30) قەئقائ ئىبنى ئەمىر تەمىمي

ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ شىجائەتلىك پالۋانلىرىدىن بولۇپ، پارىسنى فەتھى قىلىش جېڭىدە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان. ئۇنىڭ قادىسىيە جېڭىدىكى باتۇرلۇقىمۇ ھەممىگە مەشھۇر.

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ توغرىسىدا: «قەئقائنىڭ قوشۇن ئىچىدىكى ئاۋازى مىڭ كىشىدىن ئەۋزەلدۇر» دېگەن.

قادىسىيە جېڭىدە پارىسلارنىڭ پىلىدىن قۇتۇلۇشتا قەئقائ ۋە ئۇنىڭ

[①] مۇسلىم توپلىغان.

قىبرىندىشى ئاسىم ئىككىسى كاتتا كۈچ چىقارغان. ئۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ زامانىدىكى پىتنىدىن يىراق تۇرغان.

31) ھەكىم ئىبنى جەبەلە ئەبدى

ئۇ ــــ دىندار، ئىتائەتمەن ۋە جەسۇر كىشى ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولالمىغان. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى سىند (پاكىستاننىڭ بىر ئۆلكىسى)نىڭ فەتھىسىگە ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ جەڭدە ئۇ كاتتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئىدى.

32) سۇۋەيد ئىبنى غەفەلە جەئفى

سۇۋەيد ئىبنى غەفەلە پىل ۋەقەسى يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، جاھىلىيەتتە ئۆسكەن. گەرچە ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھايات چېغىدا مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۆرۈپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن ساھابىلارنىڭ قاتارىدا ھېسابلانمىغان. ئۇ قادىسىيە جېڭىدە كاتتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ 120 يېشىدا توي قىلغان.

33) يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان

ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن قەھرىمانلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

34) ئابدۇللاھ بەتتال

ئۇ ئەبۇ مۇھەممەد بەتتال بولۇپ، تابىئىنلارنىڭ باتۇرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شىجائىتى تىللاردا مەشھۇردۇر، بولۇپمۇ رۇمغا قارشى قىلىنغان جەڭدە كاتتا پەزىلەت كۆرسەتكەن.

35) ئەبۇ غادىيە

ئۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زامانىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەشھۇر پالۋانلىرىدىندۇر.

36) ئىبنى جەزرى

ئۇ ھارۇن رەشىدنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ باتۇرلىرىدىن بىرى بولۇپ، رۇمغا قارشى قىلىنغان جەڭلەردە كۆپ كۈچ چىقارغان.

37) مۇسا ئىبنى نەسر

ئۇ ئەندەلۇسنى فەتھە قىلغان ۋە ياۋرۇپانى تىترەتكەن كاتتا ئىمامدۇر.

38) مۇھەللەب ئىبنى ئەبۇ سۇفرە

ئۇ ــــ شىجائەتلىك، زېرەك ۋە پالۋان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ جەڭ ـ جىھادلاردىكى

ئىش ـ ئىزلىرى ئىنتايىن مەشھۇردۇر.

39) ئەبۇ ۋەلىد ئىبنى فەتھۇن

ئۇ ئەندەلۇستىكى مۇسۇلمانلارنىڭ باتۇر قەھرىمانلىرىدىن بىرى بولۇپ، «سراج الملوك» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئەبۇبەكرى تەرتۇشىنىڭ ئانىسىنىڭ تاغىسىدۇر.

40) ئەمىرۇلمۇئمىنىين مۇئتەسىم ئىبنى رەشىد

ئۇ ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ مەئمۇندىن كېيىنكى خەلىپىسى بولۇپ، شىجائەتلىك ۋە كۈچتۈڭگۈر كىشى ئىدى. ئۇ رۇمغا قارشى قىلىنغان بىرقانچە قېتىملىق جەڭگە قاتناشقان بولۇپ، ئۇمۇرىيە جېڭى ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر. رۇم پادىشاھى ئۇنى قورقۇتۇپ ۋە تەھدىت سېلىپ خەت يازغاندا، ئۇ قىلچە قورقماستىن خەتنىڭ كەينىگە: «جاۋاب ــ سەن ئوقۇيدىغان ئەمەس بەلكى كۆرۈدىغان نەرسە بىلەن كۆرىدىغان ئىشتۇر. كاپىرلار ئاقىۋەتنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى پات ئارىدا بىلىپ قالىدۇ» دەپ يېزىشقا بۇيرۇق قىلدى ۋە كاتتا قوشۇن تەييارلاپ رۇملۇقلار بىلەن جەڭ قىلدى.

41) ئەمىرۇلمۇئمىنىين ھادى

ئۇ مۇسا ھادى بولۇپ، ھارۇن رەشىدنىڭ قېرىندىشىدۇر. ئۇ ھارۇن رەشىدتىن ئىلگىرى ئەمىرۇلمۇئمىنىين بولغان بولۇپ، تولىمۇ پالۋان كىشى ئىدى.

42) ئەمىرۇلمۇئمىنىين ئەمىن

ئۇ ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى بولۇپ، دادىسىدىن كېيىنكى خەلىپىدۇر.

43) ئەھمەد ئىبنى ئىسھاق سەرمارى بۇخارى

ئۇ ئىمام بۇخارىنىڭ ئۇستازى، زاھىد ئىمام، مۇجاھىد، مەشھۇر چەۋەنداز ۋە شىجائەتلىك ئالىم بولۇپ، ئۇنىڭ شىجائىتى تىللاردا مەشھۇردۇر.

بۇخارى ئۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «جاھىلىيەتتىكىلەردىن بولسۇن ياكى ئىسلامدىكىلەردىن بولسۇن ئۇنىڭدەك كىشىنى ئاڭلاپ باقمىدىم».

ئىبراھىم ئىبنى شەمماس مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەھمەد ئىبنى ئىسھاق سەرمارى بىلەن خەت يېزىشىپ تۇراتتىم. بىر قېتىم خېتىدە ئۇ ماڭا: <ئەگەر ئەسىرلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش بولۇۋاتقان شەھەرلەرگە بارغۇدەك بولساڭ، ماڭا خەت يېزىپ خەۋەرلەندۇرۇپ قويغىن!> دېگەنىدى، كېيىن مەن ئۇنىڭغا بىز بىلەن مېڭىشى ئۈچۈن خەت يازدىم. ئۇ سەمەرقەندكە كەلدى، ئاندىن بىز بىللە ماڭدۇق. بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى بىلگەن سەمەرقەند ھاكىمى بىر تۈركۈم

ئەسكەرلىرى بىلەن چىقىپ بىزنى قارشى ئالدى. تاكى ئەسىرلەرنى سېتىۋېلىش ئىشىمىز تۈگىگىچە ئۇنىڭ قېشىدا تۇردۇق.

بىر كۈنى بىز ئۇ ھاكىمنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدۇق، ئۇنىڭ پالۋانلىرىدىن بىرى يېنىمىزغا كىرىپ كەلدى. ھاكىم شۇئان ئۇنىڭ كاتتا ھۆرمىتىنى قىلىپ كەتتى. ئەھمەد سەرمارى ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى، ھاكىم: <بۇ يەكمۇيەك ئېلىشىپ مىڭ كىشىگە تېتىيدىغان پالۋان> دېدى. سەرمارى: <(ئۇنداقتا) مەن ئۇنىڭ بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشاي> دېدى.

ئەتىسى سەھەردە سەرمارى ئۇنىڭ بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. ئاندىن يەنە 50 ئاتلىق كەلگەنىدى، يېنىدىكى لوم تۆمۈردە ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ ئېلىشىپ، ئۇلارنى ھەم ئۆلتۈردى. ئۇ لوم تۆمۈرنىڭ ئېغىرلىقى 36 قاداق (يەنى تەخمىنەن 16 كىلوگرام) بولۇپ، سەرمارى ياشىنىپ قالغان ۋاقىتتا ئۇنى 24 قاداقىقا (تەخمىنەن 11 كىلوگرامغا) يېنىكلەتكەن ئىدى. ئاندىن ئۇ: <مەن بۇ قىلىچىم بىلەن تۆرك كاپىردىن مىڭنى ئۆلتۈرگەنمەن. ئەگەر الله ئۆمۈر بەرسە بۇنىڭ بىلەن يەنە مىڭ كاپىرنى ئۆلتۈرىمەن> دېدى».

ئۇ ھىجرىيە 241- يىلى كۆرپىسى ئۈستىدە ۋاپات بولغان. الله ئۇنى ئۆز رەھمىتىگە ئالسۇن ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!

※ ※ ※

# كىتابنىڭ خاتىمىسى

## جىھادقا ئالاقىدار مەسىلىلەر ۋە ئەھكاملار

بىلگىنكى، ئىلىم كۆپ بولۇپ، ئىش-ۋەقەلەر بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ. نادىر ھۆكۈملەرنىڭ مۇقىم قېلىپى يوق، ھەربىر پەننىنىڭ ھەم ئۆزىگە لايىق تېمىسى بار. لېكىن، باشلىنىش نۇقتىسى بولغان مەسىلىلەرنى بىلمەسلىككە ھېچبىر كىشىگە ئۆزرە بېرىلمەيدۇ. ھەربىر كىشى ئۆزى بىلمىسە بولمايدىغان ئاساسىي مەسىلىلەرنى بىلىۋېلىشى زۆرۈردۇر؛ تارماق مەسىلىلەردە بولسا ئۇنىڭ (تەپسىلاتىغا) قارايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ھەققىدە شۇنى بىلگۈچىلەرگە مۇراجىئەت قىلىدۇ.

مۇسۇلمانلىغا نىسبەتەن زۆرۈر ئىلىملەرنى ئۆگىنىشى ۋاجىبتۇر چۈنكى ئۇ ئۆز ئەمەللىرىنى شۇ ئىلىملەرگە ئاساسەن توغرىلايدۇ ۋە مۇستەھكەم تۇرىدۇ.

مۇجاھىدلارنىڭ ئۆز جىھادىنى توغرا ۋە ئىشەنچلىك ئادا قىلىشى ئۈچۈن، بىز تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى، بىلىشى ۋە مۇلاھىزە قىلىشى لازىم بولغان بىر تۈركۈم مەسىلىلەر ۋە ھۆكۈملەرنى بايان قىلىمىز.

## مۇجاھىدلارنىڭ بىلىۋېلىشى زۆرۈر بولغان قىسمەن ھۆكۈملەر

(1)

(پەرز كۇپايە جىھادتا) خەلىپە ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارىنىڭ رۇخسىتىسىز جىھاد قىلىش مەكرۇھ بولۇپ، ھارام ئەمەستۇر لېكىن تۆۋەندىكى ھالەتلەردە مەكرۇھلۇق ھەم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ:

بىرىنچى، بىر كىشى ياكى بىرەر جامائەت جىھادقا رۇخسەت سوراش سەۋەبىدىن (كۆزلىگەن) مەقسەتلەر قولدىن كېتىپ قالغۇدەك بولسا، جىھاد كېچىكتۈرۈلمەيدۇ ۋە رۇخسەت سورالمايدۇ چۈنكى جىھاد — جىددىي مۇئامىلە قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر.

ئىككىنچى، خۇددى ھازىرقى دەۋرىمىزدىكىدەك، خەلىپە جىھادنى تەرك

ئېتىپ، ئەسكەرلىرى بىلەن مال-دۇنياغا بېرىلىپ كەتسە، خەلىپە جىھادنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز جىھاد قىلغانلار مەكرۇھ ئىشنى قىلغان بولماستىن بەلكى تەرك ئېتىلگەن پەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

ئۈچىنچى، بىر كىشى جىھاد قىلىشنى ئىرادە قىلىپ (خەلىپىدىن) رۇخسەت سوراشقا قادىر بولالمىسا ۋە رۇخسەت سورىغان تەقدىردىمۇ رۇخسەت بېرىلمەيدىغانلىقىنى كۈچلۈك گۇمان قىلسا (ھەمدە خەلىپىنىڭ يىلدا بىر قېتىم پەرز كۈپايە جىھادنى ئۆزرىسىز تەرك ئەتكەنلىكى ئىشەنچلىك ئالىملار تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان بولسا — تەرجىماندىن) ئۇنىڭ جىھاد قىلىشى مەكرۇھ ئەمەس.[1]

ئىبنى قۇدامە مۇنداق دەيدۇ: «ئەمىر بولمىغان تەقدىردىمۇ جىھاد كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، بولمىسا جىھادتا قولغا كېلىدىغان مەنپەئەتلەر قولدىن كېتىدۇ».[2]

※ ھۇدەيبىيە يىلى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلەردىن بەيئەت ئالغىنىغا ئوخشاش، مۇجاھىدلار ياكى مۇجاھىدلار قوشۇنىنىڭ ئەمىرگە جەڭدىن قاچماسلىققا بەيئەت بېرىشى سۈننەتتۇر.

※ ئەمىرنىڭ بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنى دۈشمەنلەردىن مەلۇمات توپلاش ئۈچۈن ئەۋەتىشى، بولۇپمۇ تەسكە چۈشمىسە پەيشەنبە كۈنى سەھەر پەيتلىرىدە ئەۋەتىشى سۈننەتتۇر.

※ بىر-بىرىنى تونۇماي ئۆرۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دۈشمەننى قورقۇتۇش ۋە ئاجىزلارنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىشى ئۈچۈن بايراق تىكلەش، ھەرقايسى گۇرۇھلارنى بىر بايراق ئاستىغا توپلاش ۋە ھەربىر گۇرۇھلار مەخپىي بەلگە ياكى مەخپىي سۆزلەرنى ئىشلىتىش سۈننەتتۇر.

※ دۈشمەن بىلەن سەپ تارتىشقاندا دۇئا قىلىش؛ مۇجاھىدلارنى جىھادقا، سەۋرگە ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشقا قىزىقتۇرۇش؛ كۆپ قايرىلغۇچە ياكى شامال چىققۇچە ۋە ياكى ياردەم كەلگۈچە جەڭنى كېچىكتۈرۈپ تۇرۇش؛ بەك چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەستىن يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر توۋلاش سۈننەتتۇر.[3]

الله تائالانىڭ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾

[1] «مغني المحتاج» 4- توم 220- بەت.

[2] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 10- توم 374- بەت.

[3] «مغني المحتاج» 4- توم 220- بەت.

«ئى مۇئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن اللە نى كۆپ ياد ئېتىڭلار»[①] دېگەن ئايىتى ھەققىدە قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەت ــ زىكرىنىڭ مەخپىي بولىدىغانلىقىغا دەلىللدۇر چۈنكى جەڭ مەيدانىدا يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاش ياخشى ئەمەس. ئەگەر بۇ پەقەت بىر كىشىدە سادىر بولسا مەكرۇھتۇر ئەمما كۆپچىلىك مۇجاھىدلارنىڭ ھەممىسى توۋلىسا بۇ ئەۋزەل چۈنكى بۇ ــ دۈشمەن كۈچىنىڭ پارچىلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى جەڭ ۋاقتىدا يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاشنى يامان كۆرەتتى»[②].

(2)

ئىسلام دەۋىتى يېتىپ بارمىغان، ئىسلامنى بىلمەيدىغان كاپىرلارغا ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋاجىبتۇر[③] ئەمما ئىلگىرى ئۇلارغا دەۋەت يېتىپ بارغان بولسا، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم دەۋەت قىلىش ۋاجىب ئەمەس. شۇنداقتىمۇ يەنە بىر قېتىم دەۋەت قىلىش ياخشىدۇر[④] چۈنكى ئۇلار بۇ دەۋەت سەۋەبلىك ئىسلام كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئۇرۇش ۋە دوزاختىن ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەگەر دۈشمەنلەر ھۇجۇم ۋە ئۇرۇشنى باشلىغان بولسا، ئۇلارغا دەۋەت قىلمايلا جەڭ قىلىنىدۇ چۈنكى بۇنداق ۋاقىتتا بىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى ــ ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈشتۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىنىڭ زاھىرى شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئىبنى ئەبۇ ھۇقەيق ۋە كەئب ئىبنى ئەشرەفنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن كىچىك قوشۇنغا ئوخشاش، بىرنەچچە مۇجاھىدلاردىن تەشكىللىنىپ، مۇئەييەن نىشان ئۈچۈن ئاتلانغان كىچىك قوشۇننىڭ دۈشمەنگە دەۋەت قىلىشى شەرت ئەمەس.[⑤]

[①] سۈرە ئەنفال 45- ئايەت.

[②] «تفسير القرطبي» 8- توم 24- بەت.

[③] «حاشية ابن عابدين» 4- توم 129- بەت، «المغني» 10- توم 385- بەت، «مغني المحتاج» 4- توم 223- بەت،

[④] «حاشية ابن عابدين» 4- توم 129- بەت، «كشاف القناع» 3- توم 40- بەت، «نهاية المحتاج» 8- توم 64- بەت،

[⑤] «مغني المحتاج» 4- توم 223- بەت، «المغني» 15- توم 385- بەت، «بداية المجتهد» 1- توم 403- بەت.

(3)

يەھۇدىي ـ ناسارالاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتابلاردىن جىزيە قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۇلار جىزيە تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۆز دىنلىرىدا قالسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مەجۇسىيلاردىن ئىبارەت ئەھلى كىتاب ئىكەنلىكىدە شەك قىلىنغان كىشىلەردىن ھەم جىزيە قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۇلارغىمۇ يەھۇدىي ـ ناسارالارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ ئەمما يەھۇدىي، ناسارا ۋە مەجۇسىيلاردىن باشقا، بۇت ـ ھەيكەللەرگە چوقۇنغۇچى ھەرقانداق ئەرەب ۋە ئەجەملەردىن جىزيە قوبۇل قىلىنمايدۇ.[1]

ئەگەر زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىدە ھەتتا ئايال ـ باللار ۋە مۇسۇلمانلار بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا كېچىدە ھۇجۇم قىلىش دۇرۇس.[2]

مۇسۇلمانلار رايونلىرىغا دۈشمەنلەر باستۇرۇپ كەلگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى دۈشمەنلەرنىڭ سانىدىن كۆپ تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۇلارغا قارشى جىھادقا چىقىشتىن ئولتۇرۇۋېلىشى ــ جەڭدىن قاچقانلىق ۋە دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ ئەمما مۇسۇلمانلار سانى دۈشمەنلەرنىڭ سانىدىن ئاز بولسا گۇناھكار بولمايدۇ، بۇ چاغدا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ياردىمىنى كۈتۈپ مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇشى دۇرۇس.[3]

ئەمىر، بىر كىشى ياكى جامائەتتىن پەرز كۇپايە بولغان جىھادقا چىقىشنى تەلەپ قىلسا، بۇ چاغدا جىھاد پەرز ئەينىگە ئۆزگىرىدۇ چۈنكى ئەمىرگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ۋاجىبتۇر.[4]

ئەمىرنىڭ زۇلۇمى سەۋەبلىك جىھادنى تەرك ئېتىش دۇرۇس ئەمەس. ھاراق ئىچىش ۋە باشقا گۇناھلارنى قىلغانلىقى ئېنىق بولغان قوماندان بىلەن بىرگە جىھاد قىلىش دۇرۇستۇر چۈنكى ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ ئەمما دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش پەرزدۇر.[5]

(4)

---

[1] «حاشية ابن عابدين» 4ـ توم 198ـ بەت، «المغني» 10ـ توم 387ـ بەت، «مغني المحتاج» 4ـ توم 244ـ بەت،

[2] «كشاف القناع» 3ـ توم 47ـ بەت.

[3] «مغني المحتاج» 4ـ توم 219ـ بەت.

[4] «المغني» 10ـ توم 366ـ بەت.

[5] «المغني» 10ـ توم 371ـ بەت.

(كاپىرلار ئىچىدىكى) ئاياللار ۋە گۇدەك باللار مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭگە قاتناشمىغان بولسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھارامدۇر؛ ئەگەر ئۇلار جەڭگە قاتناشقان بولسا، ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇستۇر.[1]

ھاياتى ئاخىرلىشىپ قالغان قېرى، ئاجىز، قارىغۇ، پالەچ ۋە قول-پۇتى ئۇزۇلگەنلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭگە قاتناشسا ياكى كاپىرلارغا پىكىر، چارە-تەدبىر ۋە ھىيلە-مىكىر جەھەتتىن ياردەم بەرسە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن.[2]

ئەگەر ئۇلار جەڭگە قاتناشمىسا ياكى كاپىرلارغا ئوي-پىكىر ۋە ھىيلە-مىكىر جەھەتتىن ياردەم بەرمىسە، كۆپچىلىك ئالىملار ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە ئىتتىپاققا كەلگەن. كۆپچىلىك ئالىملار «راھىبلار، ئىبادەتخانا ۋە چىركاۋلاردا ئىبادەت قىلىۋاتقانلار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ» دەپ قارىدى.

(كاپىرلار ئىچىدىكى) تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن ۋە ئىشلەمچىلەرگە ئوخشاش كىشىلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشمىغان بولسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە كۆپچىلىك ئالىملار بىرلىككە كەلگەن.[3]

كاپىرلارغا قارشى مەنچاناق (ياكى ھازىرقى زاماندىكى تانكا، ھاۋۇن ۋە زەمبىرەك قاتارلىق توپ قوراللار)، تاش (ئوق)، ئوت (كۆيدۈرگۈچى بومبا) ئېتىش ياكى سۇ قويۇپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش — گەرچە ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمان ئەسىرلەر بولغان تەقدىردىمۇ دۇرۇستۇر (ئەمما شۇ مۇسۇلمانلارغا ئوق ئېتىشنى قەست قىلماسلىق، شۇ جەڭنى قىلمىسا كۇچلۇك زەرەر كېلىپ چىقىش شۇنداقلا جەڭدىن بۇرۇن شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنى شۇ يەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ياكى ئاگاھلاندۇرۇپ قويسا چوڭ زەرەرنىڭ كېلىپ چىقىشى سەۋەبىدىن ئاگاھلاندۇرماسلىق شەرتى ئاستىدا بولۇشى كېرەك — تەرجىماندىن) چۈنكى بۇ — جەڭنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.[4]

(5)

[1] «بداية المجتهد» 1- توم 400- بەت.

[2] «بداية المجتهد» 1- توم 400- بەت.

[3] «كشاف القناع» 3- توم 50- بەت، «مغني المحتاج» 4- توم 223- بەت.

[4] «مغني المحتاج» 4- توم 223- بەت.

ئۇرۇش رايونىدىكى كاپىرلارنىڭ زىرائەت ۋە دەل ـ دەرەخلىرىنى كېسىشنىڭ ھۆكۈمى ئۈچ خىل بولىدۇ:

بىرىنچى، ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۇنى كېسىشكە مۇھتاج بولۇپ قالسا دۇرۇس ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

زىرائەت ۋە دەل ـ دەرەخلەر كاپىرلارنىڭ قورغانلىرىغا يېقىن بولۇپ قالسا ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭ قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلسا ۋە ياكى يولنى تارلاشتۇرۇۋەتسە؛ ئۇنىڭدىن باشقا، كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ دەرەخلىرىنى كەسكەنلىكى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ زىرائەت، دەل ـ دەرەخلىرىنىمۇ كېسىش دۇرۇستۇر.

ئىككىنچى، ئۇنى كېسىش مۇسۇلمانلارغا زىيان ئېلىپ كەلسە، مەسىلەن، مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى ۋە ھايۋانلىرىنىڭ يېمەكلىرىدە شۇ زىرائەت ۋە دەل ـ دەرەخلەرگە مۇھتاج بولۇپ قالسا، ئۇنى كېسىش مۇسۇلمانلارغا زىيان ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ھارامدۇر.

ئۈچىنچى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشمىسە ھەمدە ئۇنى كېسىۋېتىشتە مۇسۇلمانلارغا زىيانمۇ بولمىسا، كاپىرلارغا قاتتىق قول بولۇش ۋە ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن كېسىش دۇرۇستۇر.[①]

(6)

«دۈشمەن كۆپ، ئاتلىرىمىز ئاجىز، ئۇلارغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ كىشىلەرنى قورقۇتۇپ، روھىنى سۇسلاشتۇرىدىغان ئادەمنى، ئەمىر باشقا مۇجاھىدلار بىلەن بىللە جەڭگە ئېلىپ چىقماسلىقى؛ ئەگەر ئۇ ئۆزى چىقىۋالغان تەقدىردىمۇ ئەمىر ئۇنى قايتۇرۇۋېتىشى كېرەك. باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد ئىرادىسىنى سۇسلاشتۇرغانلىقىنىڭ جازاسى يۈزىسىدىن، ئەگەر ئۇ جەڭگە كىرگەن بولسا غەنىيمەت بېرىلمەيدۇ؛ ئەگەر كاپىر ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ نەرسىلىرىگە ئىگە بولالمايدۇ.

يەنە بىرى، «دۈشمەن قوشۇنى ئۇنداق ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارغا مۇنداق ياردەم كېلىۋاتىدۇ...» دېگەندەك يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى تارقىتىپ مۇجاھىدلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرىدىغان ئادەم بولۇپ، (ئەمىر بۇنداق

---

① «كشاف القناع» 3 ـ توم 49 ـ بەت، «مغني المحتاج» 4 ـ توم 226 ـ بەت.

كىشىلەرنىمۇ جەڭگە ئېلىپ چىقماسلىقى كېرەك.)[①]

ھەق بېرىپ باشقىلارنى غازاتقا چىقىرىشنىڭ ھۆكۈمى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. يەنى، بۇ يەردە ئېيتىلغان «ھەق بېرىش» ــ جىھادتىن قورققانلىقى ياكى بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالغانلىقى سەۋەبلىك جىھادتىن ئولتۇرۇپ قالغان كىشى باشقىلارغا ھەق بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئورنىغا جىھادقا چىقىشقا تەلەپ قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ ئىشنى دۇرۇس دەپ قارىدى چۈنكى مەدىنە ئەھلى مۇشۇنداق قىلاتتى لېكىن باشقا ئالىملار بۇنىڭدىن چەكلىدى.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «قىلغان جىھادىغا باشقىلاردىن ھەق ئېلىش دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر شۇنداق قىلىپ سالغان بولسا، ھەققىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇۋېتىشى لازىم ئەمما پەقەت سۇلتاندىن ھەق ئېلىش دۇرۇستۇر»[②].

توغرا قاراش شۇكى، خەلىپە ياكى باشقىلارنىڭ بىر مۇسۇلمانغا پۇل بېرىپ جىھادقا سېلىشى دۇرۇس ئەمەس چۈنكى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جىھادقا چىققۇچى ئۇ كىشىگە نىسبەتەن جىھاد پەرز ئەين بولمىغان تەقدىردىمۇ لېكىن جەڭگە قاتنىشىپ جەڭ باشلانغاندا، جىھاد ئۇنىڭغا نىسبەتەن پەرز ئەينگە ئايلىنىدۇ. پەرز ئەين ئىبادەتكە ھەق ئېلىش دۇرۇس بولمايدۇ.[③]

ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن جىھادقا چىققان كىشىلەرگە بېرىلگەن پەيئى مال[④] ــ ئۇنىڭ جىھادقا چىققانلىقىغا بېرىلگەن ھەق ھېسابلانمايدۇ چۈنكى (پەرز كۇپايە) جىھاد ئۇلارغا نىسبەتەن پەرز ئەينگە ئايلانغان. (پەرز ئەين ئىبادەتكە ھەق ئېلىش دۇرۇس ئەمەس)»[⑤].

ئىمام ئەھمەد: «جەڭ جەريانىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن بىرەر نەرسە بېرىلگەن كىشى ئۇ نەرسىلەردىن ھېچبىرىنى ئۆز ئائىلىسىگە قالدۇرۇپ قويماسلىقى لازىم چۈنكى ئۇ پەقەت جەڭگە يېتىپ بارغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەڭگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ نەرسىلەردىن

---

[①] «المغني» 10ـ توم 372ـ بەت.

[②] ئىمام شافىئىينىڭ «الأم» ناملىق كىتابى 4ـ توم 173ـ بەت.

[③] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 6ـ توم 143ـ بەت، «مغني المحتاج» 4ـ توم 222ـ بەت.

[④] پەيئى مال — كاپىرلار ئۇرۇش قىلماستىن تاشلاپ كەتكەن مال.

[⑤] نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 10ـ توم 240ـ، 241ـ بەتلەر.

ئۆز ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.[1]

(7)

مۇجاھىد گەرچە باي بولغان تەقدىردىمۇ تۇرمۇش خىراجىتى، كىيىم-كېچەك، بېرىپ-كېلىش، بىرەر يەردە تۇرۇپ قالغانلىق سەۋەبلىك كەتكەن خىراجەت، ئات ۋە قورال-ياراق قاتارلىقلارغا كېتىدىغان چىقىملارنى ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن زاكاتتىن ئالسا بولىدۇ. زاكاتتىن ئالغان بۇ ماللار ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆز ئائىلىسىگىمۇ بېرەلەيدۇ.[2]

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «(زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەر بايان قىلىنغان سۈرە تەۋبە 60- ئايەتتىكى) <اللە نىڭ يولىغا> دېگەن كەلىمە بولسا، مەيلى باي بولسۇن ياكى پېقىر بولسۇن اللە يولىدا غازات قىلغۇچى ۋە جىھادنى كۈتۈپ رىباتتا تۇرغۇچىلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ غازاتلىرىغا كەتكەن چىقىم زاكاتتىن بېرىلىدۇ. ئىبنى ئابدۇلھەكىم مۇنداق دەيدۇ: <زاكات مېلى ئىسلامغا، جەڭ سايمانلىرىغا ۋە مۇسۇلمانلار دىيارىدا دۈشمەنگە قارشى رىباتتا تۇرغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ>»[3].

(8)

ئەگەر جەڭدە مۇسۇلمان ئەسىرلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى كاپىرلار قالقان قىلىۋالسا، ئەھۋالغا قارايمىز:

كاپىرلارغا ئوق ئېتىش زۆرۈر بولمىسا، مۇسۇلمانلارنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئوق ئاتمايمىز. جەڭ باشلىنىپ كېتىپ كاپىرلارغا ئوق ئېتىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋالسا، ياكى كاپىرلارغا ئوق ئاتمىساق كاپىرلار بىزنى مەغلۇپ قىلىۋەتسە، ياكى شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ شىددىتى ۋە سالغان زىيىنى كۆپ بولۇپ كەتسە ۋە ياكى ئۇلارنىڭ قەلئەسىنى ئېلىشقا ئوخشاش ئۆزرە بولۇپ قالسا ئوق ئېتىش دۇرۇس. مۇسۇلمانلار كاپىرلارغا ئوق ئاتقاندا ئىمكانقەدەر مۇسۇلمان ئەسىرلەردىن ساقلىنىشى، ئۇلارنى ساقلاپ قېلىشى ۋە ئۇلاردىن يىراق

---

[1] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 10- توم 398- بەت.

[2] نەۋەۋىنىڭ «المجموع» ناملىق كىتابى 6- توم 237-، 238- بەتلەر.

[3] «تفسير القرطبي» 8- توم 185- بەتتىن 187- بەتكىچە.

تۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم.

بەزى ئالىملار دۈشمەنلەرگە مەنچاناق، ئوقيا ۋە باشقا جەڭ قوراللىرى بىلەن ئوق ئېتىشنى ــ ئۇلارنىڭ يېنىدىكى مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە ئىمكانقەدەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن مۇتلەق دۇرۇس دەپ قارىدى.[1]

ئەگەر دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ كېمىسىگە ئوت قويۇۋەتسە، مۇسۇلمانلار كېمىدە قېلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈش ياكى سۇغا سەكرەش مەسىلىسىدە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولغان يولنى تۇتسا بولىدۇ.[2]

(9)

ئەگەر جەڭدە كاپىرلارنىڭ سانى مۇسۇلمانلار سانىنىڭ ئىككى ھەسسىدىن كۆپ بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ قېچىشى دۇرۇس، ئەگەر (ئىككى ھەسسىگە باراۋەر ياكى) ئۇنىڭدىن ئاز بولسا قېچىش دۇرۇس ئەمەس.[3]

جەڭدە مۇشرىكلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىشنىڭ ھۆكۈمى ھەققىدە ئالىملار بىرقانچە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزىلەر: «ئۇلارنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن خاتىرجەم بولسا ياردەم تەلەپ قىلىش دۇرۇستۇر» دېگەن؛ يەنە بەزىلەر: «ئۇلاردىن پەقەت خىزمەت ياكى ئادەتتىكى ئىشلاردىلا ياردەم تەلەپ قىلىنىدۇ» دېگەن؛ يەنە بەزىلەر: «ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش مۇتلەق دۇرۇس ئەمەس» دېگەن.[4]

(10)

ئۆزى ئۆلتۈرگەن كاپىرنىڭ مال-مۈلۈكلىرىگە ئىگە بولۇش مەسىلىسىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى بايان قىلدى.

بەزىلەر: «ئۆلتۈرۈلگەن كاپىرنىڭ مال-مۈلۈكلىرىگە مۇجاھىد بىر قانچە شەرت ئاستىدا ئىگە بولالايدۇ. يەنى ئۆلتۈرۈلگەن كاپىر جەڭگە قاتناشقان بولۇش، ئۇرۇش قىلىشقا كۈچ-قۇۋۋىتى بولۇش، ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ھۆكۈمىدە

---

[1] «مغني المحتاج» 4- توم 224- بەت.

[2] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 10- توم 554- بەت.

[3] «بداية المجتهد» 1- توم 404- بەت.

[4] نەۋەۋىنىڭ «المجموع» ناملىق كىتابى 18- توم 62- بەت، ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 10- توم 456- بەت.

بولغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق يارىلانغان بولۇش، ئۇنى مۇبارىزىدە ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆز جېنىدا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ تۇرۇپ دۈشمەن ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلار» دېدى.

يەنە بەزىلەر: «قانداق بىر كىشى كاپىرنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن ئولجا ئالغان نەرسىگە ئىگە بولىدۇ، مەيلى ئۇ كاپىر ئۇ كىشىگە قاراپ كېلىۋاتقان ھالىتىدە ئۆلتۈرگەن بولسۇن ياكى ئۇ كىشىگە كەينىنى قىلىپ قېچىۋاتقان ھالىتىدە ئۆلتۈرگەن بولسۇن. بۇنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھ ﷺ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شۇنداق بەرگەن[1]» دېدى.[2]

يەنە بەزىلەر: «ئەگەر ئەمىر ياكى قوماندان: ‹كىمكى بىرەر دۈشمەننى ئۆلتۈرسە ئۇنىڭ مال-مۈلۈكلىرىگە ئىگە بولىدۇ› دېسە، ئېلىش دۇرۇس؛ ئەگەر ئۇنداق دېمىسە مال-مۈلۈكلىرىگە ئىگە بولالمايدۇ» دەپ شەرت قويىدى لېكىن بەزىلەر بۇنداق شەرت قويماي: «گەرچە ئەمىر ياكى قوماندان بۇنداق سۆزنى قىلمىغان بولسىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن كاپىرنىڭ مال-مۈلۈكلىرى مۇجاھىدقا تەۋە بولىدۇ» دېدى.[3]

يەنە بەزىلەر: «غەنىيمەتنى بەشكە بۆلۈشتىن بۇرۇن ئۇ مال-مۈلۈكلەر غەنىيمەتتىن ئايرىۋېلىنىپ شۇ كاپىرنى ئۆلتۈرگۈچىگە بېرىلىدۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئالدى بىلەن غەنىيمەت بەشكە بۆلۈنۈپ ئاندىن بېرىلىدۇ» دېدى.[4]

بەزى ئالىملار: «ئۆلتۈرۈلگەن كاپىرنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ ھەتتا ئۇنى يالىڭاچ تاشلاپ قويۇش مۇباھ» دېدى ئەمما باشقا ئالىملار: «ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالسا چەكلىنىدۇ» دېدى.[5]

## (11)

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مال-مۈلۈكلەر ـــ ئۆلتۈرۈلگەن كاپىرنىڭ ئۈستىدىكى كىيىم-كېچەك، ئاياغ؛ قالقان، دۇبۇلغا، قورال ۋە ئات-ئۇلاغقا ئوخشاش جەڭ

[1] مۇشۇ كىتابنىڭ 262- ھەدىسىگە قاراڭ.

[2] نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 6- توم 372-، 373- بەتلەر.

[3] نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 6- توم 376- بەت، ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 10- توم 426- بەت.

[4] نەۋەۋىنىڭ «المجموع» ناملىق كىتابى 18- توم 115- بەت، ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 15- توم 425-، 426- بەتلەر.

[5] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 10- توم 431- بەت.

ئەسۋابلىرى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ئىگەر، يۈگەن؛ كاپىر تاقىۋالغان زەنجىر، بىلەيزۈك، كەمەر، ئۈزۈك، ھەميان قاتارلىق نەرسىلەر ھەمدە ئات ـ ئۇلاغقا ئارتىپ قويغان يۈك ـ تاقا، پۇل ـ پۇچەك ۋە ماللارنى كۆرسىتىدۇ لېكىن بەزى ئالىملار يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆزى ئۆلتۈرگەن كاپىردىن ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك مال ـ مۈلۈك قاتارىدىن ھېسابلىمىدى.[1]

ئەگەر بىر كىشى ئۆزى ئۆلتۈرگەن كاپىرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىشتىن ۋاز كەچكەن تەقدىردىمۇ (يەنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن تەقدىردىمۇ)، ئۇنىڭ ھەققى ساقىت بولۇپ كەتمەيدۇ چۈنكى ئۇ ـــ شۇ كىشىگە بەلگىلەنگەن ھەقتۇر.[2]

كۆپچىلىك ئالىملار: «ئۇ مۇجاھىد راستىنلا شۇ كاپىرنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئىسپات كۆرسىتەلىگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە ئىگە بولالايدۇ» دېدى ئەمما بىر قىسىم ئالىملار: «ئىسپات كۆرسىتىشى ھاجەتسىز» دېدى.[3]

كۆپچىلىك ئالىملار: «مۇجاھىد ئۆزى ئۆلتۈرگەن كاپىرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە پەقەت ئەمىرنىڭ ئىجازىتى بىلەنلا ئىگە بولالايدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى.[4]

(12)

ئەگەر ئەمىر: «كىمكى بىرەر نەرسىنى ئۇلجا ئالسا، ئالغان نەرسىسى شۇنىڭ بولىدۇ» دېگەن بولسا، (ئەمىرنىڭ شۇنداق قىلىشى) دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزى ئالىملار ئۇنى دۇرۇس دېسە، يەنە بەزى ئالىملار دۇرۇس ئەمەس دېدى. دۇرۇس ئەمەس دېگۈچىلەر: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خەلىپىلەر ئاۋۋال غەنىيمەتلەرنى توپلاپ ئاندىن تەقسىم قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىمام غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىشتىن بۇرۇن ئۇ ئولجىدىن بىرەر نەرسىنى باشقىلارغا ئارتۇق بېرىشى دۇرۇس ئەمەس» دەپ قارىدى. دۇرۇس دېگۈچىلەر: «بۇ ئىش ئەمىرنىڭ

---

[1] نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 6 ـ توم 375 ـ بەت.

[2] «نهاية المحتاج» 8 ـ توم 76 ـ بەت.

[3] نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 10 ـ توم 59 ـ بەت، ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 10 ـ توم 431 ـ بەت.

[4] نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 12 ـ توم 59 ـ بەت.

ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ، خالىسا غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىشتىن بۇرۇن مەلۇم مۇجاھىدلارغا ئارتۇق بىر نەرسە بېرىدۇ، خالىسا غەنىيمەتكە قوشۇۋېتىپ غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن بېرىدۇ» دەپ قارىدى.[1]

(13)

غەنىيمەتتىن تۆنجى بولۇپ ساقلاش ۋە يۆتكەش چىقىمى ئايرىۋېلىنىدۇ ۋە قالغان قىسمى بەشكە بۆلۈنىدۇ.

غەنىيمەت بەش ئۈلۈشكە بۆلۈنۈپ، ئۇنىڭ تۆت ئۈلۈشى مۇجاھىدلارغا تەقسىملەپ بېرىلىدۇ، قالغان بىر ئۈلۈشى بەش ئورۇنغا بېرىلىدۇ. ئۇلار:

بىرىنچى، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن بولىدۇ. بۇ ـــ رىبات ئورۇنلىرىغا ھەمدە قورغان، كۆۋرۈك ۋە مەسجىد قاتارلىقلارنى ياساشقا ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىككىنچى، مەيلى باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۇغقانلىرى بولغان ھاشىم جەمەتى ۋە ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاياللىرىغا بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچى، پېقىر يېتىملەرگە بېرىلىدۇ.

تۆتىنچى، مىسكىنلەرگە بېرىلىدۇ.

بەشىنچى، ئىبنى سەبىللەرگە (پۇل-مېلى يوق ياكى تۈگەپ كەتكەن مۇساپىرلار)غا بېرىلىدۇ.

كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلماستىنلا ئېرىشكەن پەيئى ماللار مۇجاھىدلارغا تەقسىم قىلىنماستىن بەلكى بەيتۇلمالغا قالدۇرۇلىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىش توغرىسىدا كۆز-قاراشلارغا نىسبەتەن ھەرخىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇسۇلمان، ھۆر، بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەر كىشى بولۇش شەرتىگە توشقان ۋە جىھاد قىلىش نىيىتىدە جەڭگە قاتناشقان كىشى گەرچە جەڭ قىلمىغان بولسىمۇ غەنىيمەتتىن نېسىۋىسى بېرىلىدىغانلىقىغا ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. جىھادتا قارىغۇ ۋە توكۇر بولۇپ قالغان ياردارلارغا غەنىيمەت بېرىلگەندەك، ئەگەر جىھاد

---

[1] «المغني» 10- توم 462- بەت؛ «تفسير القرطبي» 8- توم 2-، 3- بەتلەر.

ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولسا كېسەل بولۇپ قالغان بىمارلارغا ھەم غەنىيمەت بېرىلىدۇ.[1]

ئالىملارنىڭ ھەرخىل ئىختىلاپىي قاراشلىرى ئىچىدىكى كۈچلۈك قاراش شۇكى، غەنىيمەت تەقسىم قىلىنغاندا ئاتلىق كىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىر ئۈلۈش، ئېتى ئۈچۈن ئىككى ئۈلۈش بولۇپ، جەمئىي ئۈچ ئۈلۈش بېرىلىدۇ ئەمما پىيادىلىككە پەقەت بىر ئۈلۈش بېرىلىدۇ.[2] يەنە بىر قىسىم ئالىملار مۇشۇ تەقسىماتقا نىسبەتەنمۇ ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بىردىن كۆپ ئېتى بولغانلار، قېچىر ياكى باشقا شالغۇتلاشتۇرۇلغان ھايۋىنى بولغانلار ۋە ياكى قېچىر، ئېشەك، تۆگىگە مىنىپ غازات قىلغان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان تەقسىمات توغرىسىدا ئالىملار ھەرخىل قاراشلاردا بولدى.

قۇرۇقلۇقتىكى ئات ئۈچۈن غەنىيمەتتىن ئۈلۈش بېرىلگەندەك، كېمىدە ماڭغان مۇجاھىدلارنىڭ ئېتى ئۈچۈن ھەم ئۈلۈش بېرىلىدۇ.

ئاتقا مىنىپ غازات قىلىپ، ئېتى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىگە بېرىلىدىغان غەنىيمەت ئۈلۈشى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپلاشقان بولۇپ، بەزى ئالىملار: «ئۇنىڭغا ئاتنىڭ ئۈلۈشى بېرىلىدۇ» دېسە، يەنە بەزى ئالىملار: «(ئۇنىڭغا ئاتنىڭ ئۈلۈشى بېرىلمەي) پىيادە جەڭ قىلغانلار قاتارىدا غەنىيمەت بېرىلىدۇ» دېدى.

بىر كىشى مۇجاھىدنىڭ جەڭ قىلىشى ئۈچۈن ئىجارىگە ياكى ئارىيەتكە ئات ئېلىپ بەرسە، ئۇ مۇجاھىدقا ۋە ئاتقا غەنىيمەتتىن تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

بىر كىشى ئات بۇلاپ جەڭ قىلغان بولسا، ئۇ ئاتنىڭ ئۈلۈشىنى كىم ئېلىش توغرىسىدا ئالىملار ئىختىلاپلاشتى. بەزى ئالىملار: «ئۇ ئاتنىڭ ئۈلۈشى جەڭ قىلغۇچىغا تەئەللۇق» دېسە، يەنە بەزى ئالىملار: «ئاتنىڭ ئەسلى ئىگىسىگە تەئەللۇق» دېدى.

ئۆز خوجايىنىنىڭ ئېتىغا مىنىپ غازات قىلغان قۇل توغرىسىدا «ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىنىڭ ئۈلۈشى بېرىلەمدۇ ياكى ئاتنىڭ ئۈلۈشىمۇ قوشۇپ بېرىلەمدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ئىختىلاپلاشتى.

ئۆز ئېتىنى باشقىلارغا ئارىيەت بېرىپ تۇرغان كىشىنىڭ تەقسىم قىلىنغان

---

[1] «المغني» 10- توم 449- بەت.

[2] «المغني» 10- توم 443- بەت.

غەنىيمەتلەردىن يېرىم ئۈلۈش ئالالايدىغانلىقى ياكى ئالالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

«جەڭ ئەسناسىدا ئۆلگەن كىشىگە تېگىشلىك غەنىيمەت ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا بېرىلەمدۇ-يوق؟» دېگەن مەسىلىدە ۋە «غەنىيمەتلەر توپلىنىپ، تەقسىم قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆلگەن كىشىگە تېگىشلىك غەنىيمەت ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا بېرىلەمدۇ-يوق؟» دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

«جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەيدانغا يېتىپ كەلگەن ياردەمچىلەر غەنىيمەت ئالامدۇ-ئالامدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلاردا بولدى.

«ئەمىرنىڭ رۇخسىتىسىز دۈشمەنلەرگە ھۇجۇم قىلغان گۇرۇپپا غەنىيمەت ئالسا، ئۇلارغا غەنىيمەتنىڭ ھەممىسى بېرىلەمدۇ ياكى غەنىيمەتلەر بەش ئۈلۈش بويىچە تەقسىم قىلىنامدۇ؟» دېگەن مەسىلىدىمۇ ئالىملار ھەرخىل قاراشلاردا بولدى.

ئەمىر يوق ھالەتتە مۇجاھىدلار كاپىرلارغا قارشى جىهاد قىلىپ غەنىيمەت ئالسا، ئۇلارنىڭ غەنىيمەتلەرنى ئۆزئارا تەقسىم قىلىشى دۇرۇس.

ئورۇش نىيىتى بىلەن چىقىپ (ئەمىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن) يۈك-تاقىلارنى ساقلاش ۋە مۇجاھىدلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان ياكى ئەسكىري بازىلاردا تىجارەت قىلىدىغان كىشىلەرمۇ باشقا مۇجاھىدلارغا ئوخشاش غەنىيمەتتىن ئۈز ئۈلۈشىنى ئالىدۇ.

جەڭ بولۇۋاتقان رايونلاردا غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىشنىڭ دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، بەزىلەر ئۇنى دۇرۇس دېسە، يەنە بەزىلەر دۇرۇس ئەمەس دېگەن.

(14)

جەڭگە قاتناشقانلارغىلا تەقسىم قىلىنىدىغان غەنىيمەتلەر ئۇلاردىن باشقىلارغا بېرىلمەيدۇ. بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «غەنىيمەتنىڭ بەشتىن تۆت ئۈلۈشى جەڭگە قاتناشقانلارغا بېرىلىپ، قالغان بەشتىن بىرى يەنە بەش ئۈلۈشكە بۆلۈنۈپ، باشقىلارغا شۇ ئۈلۈشتىن بېرىلىدۇ».

ئەمما، زېمىن ۋە قورۇ-جايلارغا ئوخشاش يۆتكىگىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە

كەلسەك، ئۇ نەرسىلەر غەنىيمەت ئالغۇچىلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ ياكى ئەسلى ئىگىلىرىگە قالدۇرۇلۇپ، ئۇلاردىن جىزىيە ۋە يەر بېجى ئېلىنىدۇ.[1]

(15)

ئەسىرلەر ئىچىدىكى ھۆر ئەرلەرنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئالىملار ھەرخىل قاراشلاردا بولدى. كۆپچىلىك قاراش شۇكى، بۇ ــ ئەمىرنىڭ ئىختىيارلىقىغا تاپشۇرۇلىدۇ. يەنى ئەمىر ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان بىرەر ئۇسۇل بىلەن بىرتەرەپ قىلىدۇ، ياكى ئۇلارنىڭ گەدىنىگە چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ، ياكى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىپ بەدەلسىز قويۇۋېتىدۇ، ياكى مۇسۇلمان ئەسىرلەر بىلەن ئالماشتۇرىدۇ، ياكى پۇل ـ مالغا تېگىشىدۇ ۋە ياكى ئۇلارنى قۇل قىلىدۇ.[2]

※ ئەگەر ئەسىرلەر ئەھلى كىتابتىن بولسا، ئۇلاردىن جىزىيە ئېلىش ياكى ئالماسلىقتا ئەمىرنىڭ ئىختىيارلىقى بولامدۇ، بولمامدۇ؟

كۆپچىلىك ئالىملار: «ئەمىرنىڭ ئىختىيارلىقى بولىدۇ» دەپ قارىدى.[3] ئەمما كاپىرلارنىڭ ئايال ـ باللىرى ئەسىرلىككە چۈشۈشى بىلەنلا قۇل قىلىنىدۇ.[4]

بۇتقا چوقۇنىدىغان ئەرەب كاپىرلىرىنى قۇل قىلىشنىڭ دۇرۇس ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپلاشتى.[5]

مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئەمىرنىڭ رۇخسىتىسىز ئەسىرنى ئۆلتۈرۈۋەتسە تەئزىر بېرىلىدۇ.[6]

(16)

ئەگەر كاپىرلاردىن بىرى ئايالى بىلەن بىرگە ئەسىرگە چۈشكەن بولسا، بىر قىسىم ئالىملار: «بۇ ئىككىسىنىڭ نىكاھى بۇزۇلمايدۇ» دەيدۇ، يەنە بىر قىسىم

[1] نەۋەۋىنىڭ «المجموع» ناملىق كىتابى 18 ـ توم 162 ـ بەت، ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 10 ـ توم 462 ـ بەت.

[2] نەۋەۋىنىڭ «المجموع» ناملىق كىتابى 18 ـ توم 102 ـ بەت، ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 10 ـ توم 400 ـ بەت.

[3] «مغني المحتاج» 4 ـ توم 228 ـ بەت.

[4] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 10 ـ توم 403 ـ بەت.

[5] ئىبنى قۇدامىنىڭ «المغني» ناملىق كىتابى 10 ـ توم 400 ـ بەتتىن 402 ـ بەتكىچە.

[6] «المجموع» 18 ـ توم 105 ـ بەت، «المغني» 10 ـ توم 407 ـ بەت.

ئالىملار: «بۇ ئىككىسىنىڭ نىكاھى بۇزۇلىدۇ» دەيدۇ. ئەگەر يالغۇز ئايال كىشى ئەسىرگە چۈشكەن بولسا، ئۇنىڭ نىكاھى بۇزۇلىدۇ ئەمما يالغۇز ئەر كىشى ئەسىرگە چۈشكەن بولسا، بىر قىسىم ئالىملار: «نىكاھى بۇزۇلىدۇ» دېسە، يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «نىكاھى بۇزۇلمايدۇ» دەيدۇ.①

(17)

ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولغان ھۆر كاپىر مەغلۇپ بولۇشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولسا، ئۇ مەيلى خاتىرجەم ھالىتىدە مۇسۇلمان بولغان بولسۇن ياكى قورقۇنچ ئىچىدە مۇسۇلمان بولغان بولسۇن، ئۇنىڭ قېنى ۋە مېلىغا تېگىش چەكلىنىدۇ، گۆدەك پەرزەنتلىرى ئەسىرگە ئېلىنمايدۇ. بۇ ھۆكۈم ئەر ـ ئايال كاپىرغا ئورتاق بولۇپ، ھېچبىر ئالىم بۇنىڭدا ئىختىلاپ قىلمايدۇ.②

مۇسۇلمانلار بىر كاپىرنى ئەسىرگە ئېلىپ لېكىن مۇسۇلمانلار ئەمىرى ئۇنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان بولسا، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە ئۇنىڭ ئىسلامى قوبۇل قىلىنىدۇ، جېنى ۋە مېلىغا چېقىلىش چەكلىنىدۇ ھەمدە مۇسۇلمان بولۇشى بىلەنلا قۇللۇقتىن قۇتۇلىدۇ.③

(18)

كاپىرنىڭ كىچىك پەرزەنتلىرى ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشكەن بولسا، ئەسىرگە چۈشكەن پەرزەنتلەرنىڭ ھۆكۈمى توغرىسىدا ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىك ئالىملار: «ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىنىغا تەۋە» دېدى. ئەگەر پەقەت ئاتىسى بىلەن ئەسىرگە چۈشكەن بولسا، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ كۈچلۈك قارىشى بويىچە، ئۇنىڭ دىنى ئاتىسىنىڭ دىنىغا ئاساسەن بولىدۇ؛ ئەگەر ئانىسى بىلەن ئەسىرگە چۈشكەن بولسا، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە، ئۇنىڭ دىنى ئانىسىنىڭ دىنىغا ئاساسەن بولىدۇ؛ ئەگەر يالغۇز

① «المغني» 10 ـ توم 473 ـ، 474 ـ بەتلەر.

② «المغني» 10 ـ توم 475 ـ بەت.

③ «المغني» 10 ـ توم 402 ـ بەت.

ئەسىرگە چۈشكەن بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ دىنى بويىچە بولىدۇ.[1]

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ كۆچلۈك قارىشى بويىچە، ئەسىرگە چۈشكەن ئاتا ـ ئانا، پەرزەنت، قېرىنداش، ھەمشىرە، تاغا ۋە ھەدىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.[2]

كاپىرنىڭ ئۇلاغلىرى ۋە چارۋا ـ ماللىرى ئولجا ئېلىنغان بولسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى كۆيدۈرۈش دۇرۇس ئەمەس. ئۇ غەنىيمەتلەر قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئېلىپ مېڭىشقا قادىر بولالمىسا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. قورال ـ ياراقلارنىڭ ھۆكۈمىمۇ ھەم شۇنداق.[3]

(19)

ئەگەر جەڭگە كىچىك بالىلار ۋە ئاياللارمۇ قاتناشقان بولسا، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە، ئۇلارغا مۇجاھىدلارنىڭ غەنىيمەتتىكى ئۈلۈشىدىن ئازراق بولغان ئايرىم نېسىۋە بېرىلىدۇ.

كىچىك بالا ياكى قۇل جەڭگە قاتناشسا، ئايال كىشى ياردارلارنى داۋالىغان بولسا، ئۇلارغىمۇ غەنىيمەتتىن ئازراق بولغان ئايرىم نېسىۋە بېرىلىدۇ. ئازراق نېسىۋە بېرىش ــ بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا غەنىيمەتنىڭ ئەسلىدىن بېرىلىدۇ، يەنە بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىدا غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى ئايرىۋالغاندىن كېيىن، بەشتىن تۆتىدىن بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى خىل قاراشتىكى ئالىملارنىڭ قارىشىدا غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى بەشكە تەقسىم قىلىپ، شۇ تەقسىم قىلىنغان بەشتىن بىرىدىن بېرىلىدۇ.[4]

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان «غەنىيمەتتىن ئازراق بولغان ئايرىم نېسىۋە»نىڭ مىقدارى پىيادىلىك مۇجاھىد ئالغان غەنىيمەتتىن ئاز بولىدۇ.[5] ئەگەر بەزى مۇجاھىدلار باشقىلاردىن كۆپرەك جەڭ قىلسا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىلگىرىلەپ ماڭغانلىقى ۋە ئالاھىدە شجائىتى سەۋەبلىك،

---

[1] «المغني» 10 ـ توم 472 ـ بەت، «المجموع» 18 ـ توم 120 ـ بەت.

[2] «المغني» 10 ـ توم 467 ـ بەت، «المجموع» 18 ـ توم 125 ـ ، 126 ـ بەتلەر.

[3] «المغني» 10 ـ توم 507 ـ ، 508 ـ بەتلەر.

[4] «المغني» 10 ـ توم 451 ـ بەت، «المجموع» 18 ـ توم 167 ـ بەت.

[5] «المجموع» 18 ـ توم 169 ـ بەت.

ئەمىر ئۇنىڭغا بېرىلگەن غەنىيمەتكە قوشۇپ يەنە ئايرىم نېسىۋە بەرسە بولىدۇ. بۇنىڭغا دەلىل — زۇلقەرد غازىتىدا سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىيادىلىك تۇرۇقلۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا ئاتلىق ۋە پىيادىلىكنىڭ ئۈلۈشىدىن ئىبارەت ئىككى ئۈلۈشنى بەرگەن.[1]

(20)

نەفەل (تارتۇق) — جەڭدە ئالاھىدە خىزمەت ياكى باتۇرلۇق كۆرسەتكەن مۇجاھىد ئۈچۈن ئەمىر ئۇنىڭغا ئايرىم بېرىدىغان مۇكاپات مال بولۇپ، بۇ — مۇجاھىدقا غەنىيمەت ئۈلۈشىدىن سىرت قوشۇپ بېرىلىدۇ.[2] ئەگەر ئەمىر: «كىم شۇنداق قىلسا، مۇنداق نەرسىگە ئېرىشىدۇ» دەپ جاكارلاپ، ئاندىن ئۇنى قىلغان نامەلۇم شەخسكە بېرىشى ھەم دۇرۇس ئەمما بەزى ئالىملار بۇنداق قىلىشنى چەكلىگەن.[3]

«نەفەل (تارتۇق) بولسا غەنىيمەت تېخى بەشكە بۆلۈنمەي تۇرۇپ بېرىلەمدۇ ياكى غەنىيمەتنىڭ بەشتىن تۆتىدىنمۇ ۋە ياكى بەشتىن بىرىدىنمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.[4]

ئەمىر، قوشۇن ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن يۇرۇپ جەڭ رايونىغا كىرىدىغان بىر ئەترەتنى تەشكىللەپ ئەۋەتكەن بولسا (يەنى ھازىرقى دەۋر مۇجاھىدلىرى ئىچىدىكى «ئىنغىماسچى — بۆسۈپ ھۇجۇم قىلىپ كىرگۈچىلەر»... گە ئوخشاش)، ئۇ ئەترەتنىڭ ئەزالىرىنى ئايرىم تارتۇقلاش دۇرۇس.[5]

(21)

پەيئى — كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلماستىنلا ئېرىشكەن مالدۇر، يەنى كاپىرلار مۇسۇلمانلاردىن قورقۇپ قېچىپ تاشلاپ كەتكەن ماللار ياكى كاپىرلار مۇسۇلمانلار بىلەن سۇلھى تۈزۈپ ئۇلارغا تاپشۇرىدىغان ماللار ۋە ياكى كاپىرلارغا بېكىتىلگەن

---

[1] «المغني» 10- توم 417- بەت.

[2] نەۋەۋىنىڭ «روضة الطالبين» ناملىق كىتابى 6- توم 370-، 371- بەتلەر.

[3] «المغني» 10- توم 412- بەت، «المجموع» 18- توم 134- بەت.

[4] «المجموع» 18- توم 153- بەت.

[5] «المغني» 10- توم 409-، 416- ۋە 417- بەتلەر.

جىزيىگە ئوخشاش ماللاردۇر.[①]

ئالىملار پەيئى مالنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزى ئالىملار: «غەنىيمەتكە ئوخشاش بەش ئۇلۇشكە بۆلۈنىدۇ» دېسە، كۆپچىلىك ئالىملار: «بەشكە بۆلۈنمەيدۇ، ئەمىر ئۇنى پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق بولغان ئورۇنلارغا سەرپ قىلىدۇ» دەيدۇ.[②]

(22)

كاپىرلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالغانلارنىڭ قېچىش ئىمكانىيىتى بولسا، ئۇلارنىڭ قېچىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر قېچىش جەريانىدا كاپىرلاردىن ئولجا ياكى مال ئېلىپ قېچىشقا ۋە ياكى كاپىرلارنىڭ بەزىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولسا، شۇنداق قىلىشى دۇرۇستۇر.[③]

ئەگەر كاپىرلار بىرەر مۇسۇلمان ئەسىرنى (شەرىئەتكە مۇۋاپىق) مەلۇم شەرت بىلەن قويۇپ بەرسە، قالغان مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە كاپىرلارنىڭ زىيان يەتكۈزمەسلىكى ۋە «مۇسۇلمانلار ئەھدىگە ۋاپا قىلمايدۇ» دېگەن تۆھمەتكە قالماسلىقى ئۈچۈن، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە ئۇلار بىلەن كېلىشكەن شەرتكە ۋاپا قىلىش ۋاجىبتۇر.[④]

(23)

ھەربىي كاپىرلار يولدىن ئېزىپ قېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىغا كىرىپ قالغان بولسا، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ماللىرى مەزكۇر شەھەر ئەھلىگە پەيئى بولىدۇ شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ماللىرىنى بوران ئۇچۇرۇپ ياكى دېڭىز ئاقتۇرۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىغا ئەكىلىپ قويغان بولسا، بۇمۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەيئى بولىدۇ.[⑤]

ئەگەر ھەربىي كاپىرلار ئەمىنلىك بېرىلمىگەن ھالەتتە ئىسلام دىيارىغا كىرگەن بولسا، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ كۈچلۈك قارىشى بويىچە، ئۇلارغا ئەمىنلىك

---

[①] «المجموع» 18 ـ توم 184 ـ بەت.

[②] «المغني» 10 ـ توم 547 ـ بەتتىن 550 ـ بەتكىچە، «المجموع» 18 ـ توم 160 ـ بەتتىن 162 ـ بەتكىچە.

[③] «المغني» 10 ـ توم 548 ـ بەت.

[④] «قوانين الأحكام الشرعية» 173 ـ بەت.

[⑤] «المغني» 10 ـ توم 564 ـ ، 565 ـ بەتلەر.

بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىش دۇرۇس.[1]

ھەربىي كاپىرلار مۇسۇلمان دىيارلىرىغا ئەمىنلىك بېرىلگەن ھالەتتە كىرىپ تىجارەت قىلىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن ئېلىم-سېتىم قىلسا، ئۇلارنىڭ ئامانلىقىغا چېقىلماسلىق مۇسۇلمانلارغا ۋاجىبتۇر، ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىش دۇرۇس ئەمەس.[2]

(24)

كاپىرلار جەڭدە ياكى باشقا ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ ماللىرىدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىۋالغان بولسا، ئالىملار بۇ توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە، كاپىرلار ئۇ ماللارغا ئىگە بولالمايدۇ، مەزكۇر ماللار يەنىلا ئەسلى ئىگىسى بولغان مۇسۇلمانلارغا تەۋە بولىدۇ. ئۇ ماللار قاچانىكى مۇسۇلمانلار ئىلكىگە ئۆتسە، ئەسلى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇلىدۇ.[3]

ئەمىر مۇجاھىدلارغا غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقاندا بىرەر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ كاپىر ئېلىۋالغان مېلىنى تونۇۋالسا، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە مال ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ چۈنكى ئۇ ــ شۇ مۇسۇلماننىڭ مۈلكىدۇر.[4]

(25)

مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىققا ئەھدە بەرگەن بىر كاپىر مۇسۇلمانلار دىيارىدا زىممىي[5] بولۇپ ياشاشقا رازى بولۇپ، ئاندىن ھەربىي كاپىرلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ كەتمەكچى بولسا، مۇسۇلمانلار ئۇنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشۇشى لازىمدۇر چۈنكى ئۇ، كاپىرلارغا قوشۇلۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلىشىغا ياردەمچى بولۇپ قالىدۇ.[6]

---

[1] «المغني» 10- توم 441- بەت، «روضة الطالبين» 10- توم 280- بەت.

[2] «التاج والإكليل لمختصر خليل» 3- توم 362- بەت.

[3] «حاشية ابن عابدين» 4- توم 160- بەت.

[4] «روضة الطالبين» 10- توم 293-، 294- بەتلەر.

[5] زىممىي ــ مۇسۇلمانلار دىيارىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىدە ياشايدىغان كاپىرلار.

[6] «الكافي في الفقه» 1- توم 417- بەت.

(26)

مۇشرىكلارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، ئۇنى مۇسۇلمانلار ياكى مۇشرىكلارنىڭ قېشىغا ئاپىرىشنىڭ ھۆكۈمى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

بۇ ــ كاپىرلارنىڭ قىلمىشىغا ئوخشاپ قالغانلىقى ۋە ئۇلارنى دورىغانلىق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئالىملار بۇنداق قىلىشنى چەكلىگەن لېكىن كاپىرلارغا قاتتىق قول بولۇش ۋە ئۇلارنى قورقۇتۇش يۈزىسىدىن بولسا ھەمدە بەزى ساھابىلەر مۇشۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئالىملار بۇنى دۇرۇس دېگەن.[1]

(27)

ئەگەر بىر ھەربىي كاپىر مۇسۇلمانلاردىن بىرىگە بىرەر نەرسىنى ھەدىيە قىلغان بولسا، بۇ ھەدىيەنى ئېلىش ــ (كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ھىيلە-مىكىر بىلەن ئالداپ ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇش خەۋپىدىن خاتىرجەم بولغان شەرت ئاستىدا) ئۇ مۇسۇلمانغا دۇرۇستۇر چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ مۇقەۋقىسنىڭ ھەدىيىسىنى قوبۇل قىلغان ئەمما «ئۇ نەرسە ھەدىيە قىلىنغان شۇ مۇسۇلماننىڭ خاس مۈلكىگە ئايلىنىپ كېتەمدۇ ياكى غەنىيمەتنىڭ ھۆكۈمىدە بولۇپ بەش ئۈلۈشكە بۆلۈنەمدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. كۈچلۈك قاراش شۇكى، ئەگەر ھەدىيە جەڭ پەيتىدە ۋە ئۇرۇش بولۇۋاتقان ۋاقىتتا كەلسە، ئۇ غەنىيمەتنىڭ ھۆكۈمىدە بولىدۇ؛ ئەگەر جەڭ توختىگەندىن كېيىن بولسا، ئۇ ــ شۇ مۇسۇلماننىڭ خاس مۈلكى بولىدۇ.[2]

(28)

بىر مۇسۇلماننىڭ بىر كاپىر ياكى كۆپ كاپىرلارغا ئەمىنلىك بېرىشىنىڭ ھۆكۈمى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپلاشتى. كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە، بىر مۇسۇلماننىڭ بىر كاپىرغا ياكى مەلۇم چەكتىكى كاپىرلارغا ئەمىنلىك بېرىشى بولسا (بېرىلگەن ئامانلىقنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق شەرتى

[1] «المغني» 10- توم 565-، 566- بەتلەر.

[2] «المغني» 10- توم 566- بەت، «المجموع» 18- توم 328- بەت.

بىلەن) دۇرۇستتۇر، باشقا مۇسۇلمانلارمۇ بۇ ئەمىنلىككە رىئايە قىلىشى لازىم.①

مۇسۇلمان قۇلىنىڭ كاپىرغا ئەمىنلىك بېرىشى توغرىسىدا ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەڭ كۈچلۈك قاراش شۇكى، ئەگەر خوجايىنى ئۇنىڭ جەڭگە چىقىشىغا ئىجازەت بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ بەرگەن ئەمىنلىكى دۇرۇستتۇر.②

مۇسۇلمان ئايالنىڭ كاپىرغا بەرگەن ئەمىنلىكىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن.③

ئەقىل يېشىغا يەتكەن كىچىك بالىنىڭ بەرگەن ئەمىنلىكى توغرىسىدا ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. توغرا قاراش شۇكى، ئۇ كۈچكە ئىگە ئەمەس.④

(29)

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە، ئىشارەت بىلەن بېرىلگەن ئەمىنلىك ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەرقانداق ئوچۇق تەلەپپۇزدىكى سۆزلەر ياكى شۇ مەنىدىكى دارىتما سۆزلەر ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەمىنلىك ھاسىل بولىدۇ.

ئوچۇق تەلەپپۇزدىكى سۆزلەر دېگىنىمىز — «سېنى ھىمايە قىلىمەن»، «ساڭا ئەمىنلىك بەردىم»، «سەن ئەمىن بولدۇڭ»... دېگەندەك سۆزلەر؛ دارىتما سۆزلەر دېگىنىمىز — «سەن قانداق بولۇشىنى ياخشى كۆرسەڭ شۇنداق بولسۇن»، «سېنىڭ خالىغىنىڭچە بولسۇن»... دېگەندەك سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

خەت، رىسالە ۋە چۇشىنىشلىك ئىشارەت بىلەن ئەمىنلىك چىگىلىدۇ.

ئەمىنلىك بېرىلگەن كاپىرغا مەزكۇر ئەمىنلىكنى ئېيتىپ قويۇش ۋە چۈشەندۈرۈپ قويۇش لازىم. ئەگەر كاپىرغا ئەمىنلىك بېرىلىشتىن بۇرۇن بىرەر مۇسۇلمان ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، بۇ مۇسۇلمانغا ھېچ زەرەر كەلمەيدۇ.⑤

---

① «كشاف القناع» 3- توم 104- بەت، «شرح فتح القدير» 5- توم 462- بەت.

② «روضة الطالبين» 10- توم 379- بەت.

③ «المغني» 10- توم 432- بەت.

④ «روضة الطالبين» 10- توم 371- بەت.

⑤ «روضة الطالبين» 10- توم 379-، 380- بەتلەر.

(30)

ئەگەر بىر ھەربىي كاپىر بىلەن ئۇچراشقان مۇسۇلمان ئۇنىڭغا: «توختا!» ياكى «قورالىڭنى قوي!» دېسە بۇ ئۇنىڭغا بەرگەن ئەمىنلىكتۇر چۈنكى ئۇ كاپىر بۇنى ئۆزىگە بېرىلگەن ئەمىنلىك دەپ بىلىدۇ.[1]

كاپىرغا بېرىلگەن ئەمىنلىك كۆچكە ئىگە بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ جېنى ئەمىن بولىدۇ-دە، ئۇ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ ۋە قۇل قىلىنمايدۇ ئەمما كاپىر جاسۇسقا ئەمىنلىك بېرىش دۇرۇس ئەمەس چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارغا خائىنلىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەكتۇر. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ قېشىغا تىجارەت ئۈچۈن كەلگەن بىر كاپىرغا مۇسۇلمانلار ئەمىنلىك بەرگەن بولسا ئەمما كېيىن ئۇنىڭ جاسۇس ۋە كاپىرلارنىڭ رازۋېدكىچىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەمىنلىك بىكار بولىدۇ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇس بولىدۇ.[2]

(31)

مۇسۇلمان كىشى كۇفۇر دىيارىدا بوزەك قىلىنىپ، ئۆز دىنىنى ئاشكارا قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ئۇنىڭ كۇفۇر دىيارىدا تۇرۇشى ھارام بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولالمىسا، تاكى قادىر بولغانغا قەدەر ئۇ ئۆزرىلىك ھېسابلىنىدۇ.

زېمىنىنى كاپىرلار بېسىۋالغان مۇسۇلمان كىشى ئەگەر كۈچلۈك بولۇپ، كۇفۇر دىيارىدا ئۆز دىنىنى ئاشكارا قىلىشقا قادىر بولالىسا، (قارشىلىقىقا ئۇچرىماستىن ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىنى تولۇق ئىجرا قىلالىسا ۋە الله نىڭ دىنىغا ئوچۇق دەۋەت قىلالىسا[3])، ئۇنىڭ شۇ يەردە تۇرۇشى دۇرۇس، ھىجرەت قىلىشى ۋاجىب ئەمەس.

مۇسۇلمان كىشى ئەگەر كاپىرلار بېسىۋالغان ئۆز زېمىنىدا تۇرۇپ ئىسلامنى ئاشكارا قىلالىشنى ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭ شۇ يەردە تۇرۇپ ئىسلام دەۋىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئەۋزەلدۇر (چۈنكى ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئېيتقاندەك: «ھەق دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن توغرا يولغا باشلايدىغان كىتاب ۋە

---

[1] «المغني» 10- توم 558- بەت.

[2] شەۋكانىنىڭ «نيل الأوطار» ناملىق كىتابى 8- توم 8- بەتتىن 10- بەتكىچە.

[3] ئىرناق ئىچىدىكى تولۇقلانغان مەزمۇن — ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ «شرح رياض الصالحين» ناملىق كىتابى 16- بەتتىن ئېلىندى.

نۇسرەتكە سەۋەب بولىدىغان قىلىچ بولۇشى لازىم» ــــ تەرجىماندىن).[①]

رەسۇلۇللاھ ﷺ كۇفۇر دىيارىدا تۇرۇشتىن توسقان ۋە ئىسلام دىيارىغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغان.

كاپىرلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ نىكاھلىنىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە كۆپچىلىك ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. ئۇ ئەسىرلىك ھالىتىدە ئەھلى كىتاب بىلەن توي قىلىشى ھەم دۇرۇس ئەمەس چۈنكى ئۇنىڭ پەرزەنتى ئەھلى كىتاب بولغان ئانىسىغا ئوخشاش كاپىر بولۇپ كېتىشى مۇمكىن شۇنداقلا ئۇنىڭ بىر مۇسۇلمانغا نىكاھلىنىشى ھەم دۇرۇس ئەمەس چۈنكى كاپىرلار ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ ئايالىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش خەۋپى بار شۇڭا ئۇ تاكى ئىسلام دىيارىغا قايتقانغا قەدەر سەۋر قىلىشى لازىم.[②]

(32)

مۇسۇلمان كىشىنىڭ تىجارەت ئۈچۈن كاپىرلار زېمىنىغا بېرىشىنىڭ ھۆكۈمى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. كۆپچىلىك ئالىملار بۇنى يامان كۆردى ھەمدە ئۇ كىشىنىڭ بۇ قىلمىشىنى پاسىقلىق ۋە ئۇ كىشىنى پاسىق دەپ ئېتىبارغا ئالدى.

كاپىرلارغا قورال سېتىش ھارام بولۇپ، بۇنداق قىلغانلار جازالىنىدۇ.[③]

(33)

جەڭ بولۇۋاتقان رايونلاردا ھەد جازاسى ئىجرا قىلىشنىڭ ھۆكۈمى توغرىسىدا ئالىملار ھەرخىل قاراشتا بولدى. بەزى ئالىملار: «ھەد ئۇرۇلغان كىشىنىڭ كاپىرلارغا قوشۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، جەڭ رايونلىرىدا ھەد ئىجرا قىلىش چەكلىنىدۇ» دېسە، يەنە بەزى ئالىملار: «ھەد جازاسى خۇددى ئىسلام دىيارلىرىدا ئىجرا قىلىنغىنىدەك، جەڭ بولۇپ تۇرغان رايونلاردىمۇ ئىجرا قىلىنىدۇ» دەپ قاراپ، جەڭ بولۇۋاتقان رايونلاردا ھەد ئىجرا قىلىشنى دۇرۇس سانىدى.[④]

---

[①] «روضة الطالبين» 10- توم 282- بەت.

[②] «المغني» 10- توم 511-، 512- بەتلەر.

[③] ۋەھبە زۇھەيلىنىڭ «آثار الحرب في الفقه الإسلامي» ناملىق كىتابى 512- بەتتىن 514- بەتكىچە.

[④] «المغني» 10- توم 537- بەت.

(34)

مۇسۇلمان ئايالالارنىڭ دىنى ۋە ئىپپەت-نومۇسىغا زىيان-زەخمەت يەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئېلىپ دۈشمەن زېمىنىغا سەپەرگە چىقىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلدى ئەمما ئۇلار خاتىرجەم بولالايدىغان كاتتا مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ ھىمايىسىدا بولسا، بۇ ۋاقىتتا دۇرۇس.

شۇنىڭدەك، چېگرا بويلىرى خاتىرجەم بولمىغان ئەھۋالدا مۇسۇلمان ئايالالار چېگرا بويلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ.[1]

مۇسۇلمان كىشى قۇرئاننىڭ كاپىرلار قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە خاتىرجەم بولالايدىغان بىر قوشۇننىڭ ئىچىدە بولمىسا، ئۇنى ئېلىپ دۈشمەن زېمىنىغا سەپەر قىلىشنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە ئالىملار بىرلىككە كەلدى.

قۇرئاننىڭ دۈشمەنلەر قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئېلىپ دۈشمەن زېمىنىغا سەپەر قىلىشنى بەزى ئالىملار مۇتلەق چەكلىدى.[2]

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى جىھادقا ئالاقىدار بىر قىسىم مەسىلىلەر ۋە فىقھى ھۆكۈملەر بولۇپ، تەپسىلاتى ئۈچۈن ھەرخىل فىقھى كىتابلارغا مۇراجىئەت قىلىنسا بولىدۇ.

## جەڭنىڭ ھىيلە-تاكتىكىلىرى ۋە ئەدەب-قائىدىلىرى ھەققىدە قىسقىچە بايان

ئالىملار جەڭنىڭ ھەرخىل ھىيلە-مىكىر ۋە تاكتىكىلىرى ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، تۆۋەندە بىز شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىلىۋېلىشىمىز لازىم بولغانلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

(1)

بەزى دانا كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالا جەڭنىڭ ئەدەب-قائىدىلىرىنى ئۆز كالامىدا جەملەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا

[1] «المغني» 10- توم 379-، 380- بەتلەر.

[2] «الشرح الصغير للدردير» 2- توم 279- بەت.

﴿لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ۞ وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ ۞﴾ <ئى مۇئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۇچۇن اللە نى كۆپ ياد ئېتىڭلار [45]. (پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭلاردا) اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ. سەۋر قىلىڭلار، اللە ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر [46]>».[1]

شۈبھىسىزكى، بۇ سۆزنى ئېيتقۇچى زات ھەقىقەتەن راست سۆزلىگۈچىدۇر. اللە تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە مۇجاھىدلارنى بەش ئىشقا بۇيرۇدى. بۇ بەش سۈپەت قايسى بىر جامائەتتە جەملىنىپلا قالسا، گەرچە ئۇلارنىڭ سانى ئاز ۋە دۈشمىنىنىڭ سانى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

بۇ بەش سۈپەت: جەڭدە مۇستەھكەم تۇرۇش، اللە نى كۆپ ياد ئېتىش، اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش، مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولىدىغان تالاش ـ تارتىشتىن ساقلىنىش ۋە سەۋر قىلىشتۇر.

مەلۇمكى، مۇجاھىدلار قاچانىكى بىر باغلام ئوقيادەك بىرلەشسە، دۈشمەنلەرنىڭ ئۇنى سۇندۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدۇ؛ قاچانىكى چېچىلىپ كەتسە، دۈشمەنلەرنىڭ بىردىن ـ بىردىن سۇندۇرۇشى ناھايىتى ئاسانغا توختايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇجاھىدلار جەڭدە ھوشيار بولۇشى لازىم چۈنكى جەڭ دېگەن ھىيلە بىلەن بولىدۇ.

284. ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «جەڭ دېگەن ھىيلە بىلەن بولىدۇ».[2]

«جەڭ دېگەن ھىيلە بىلەن بولىدۇ» دېگەنىنىڭ مەنىسى ــ جەڭ دېگەن مەلۇم بىر ھىيلە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ دېگەنلىكتۇر.

بىر ماقالىدا شۇنداق دېيىلگەن: «جەڭدىكى بىر ھىيلە بەزىدە بىر قەبىلىدىنمۇ (يەنى بىر قەبىلىنىڭ ياردىمىدىنمۇ) مەنپەئەتلىكتۇر».

دانىشمەنلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر دۈشمىنىڭ بىلەن كۈچ سىناشماقچى بولساڭ، تاكى ئۇنىڭ سەندىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلگەنگە قەدەر ئۇنىڭ بىلەن

[1] سۈرە ئەنفال 45 ـ، 46 ـ ئايەتلەر.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئىبلىشمىغىن : ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ھىيلە ـ مىكىردە سىناشماقچى تاپساڭ، گەرچە ئۇ كۆچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ قورقۇپ كەتمە»

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمىر ئىبنى ئابدۇۋۇد بىلەن يەكمۇيەك ئىبلىشىشقا چۈشكەندە ھىيلە ئىشلىتىپ: «مەن مەيدانغا ئىككى كىشى بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن چۈشمىدىم» دېدى. ئەمىر ئىبنى ئابدۇۋۇد يەنە بىرەيلەن بار ئوخشايدۇ دەپ كەينىگە قارىشىغىلا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئۇشتۇمتۇت ئېتىلىپ بىرىپ قىلىچ ئۇردى. ئەمىر ئىبنى ئابدۇۋۇد: «سەن مېنى ئالدىدىڭ!» دېگەنىدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «جەڭ دېگەن ھىيلە بىلەن بولىدۇ» دېدى.

(2)

جەڭ پىلانىنى مەخپىي قىلىش سۈننەتنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇنداق بولمىغاندا يىراق ـ يېقىندىكىلەر ئەمىرنىڭ پىلان ـ مەقسەتلىرىنى ئاشكارا بىلىپ قالىدۇ ـ دە، بۇ خەۋەر تارقاپ دۈشمەن قۇلىقىغا يېتىپ بېرىشى مۇمكىن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ جەڭ يۈنىلىشىنى مەخپىي تۇتاتتى.

285. كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ قاچانكى بىرەر غازاتقا ماڭماقچى بولسا، باشقا بىر ئۇرۇشتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، (قىلماقچى بولغان ئۇرۇشنى مەخپىي تۇتاتتى)»[1]

ئەمما تەبۇك غازىتىغا ماڭغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېنىق جاكارلىغان بولۇپ، سەۋەبى بۇ غازاتنىڭ سەپىرى يىراق ۋە رۇمغا قارشى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ياخشى تەييارلىق قىلىۋېلىشى لازىم ئىدى.

(3)

دۈشمەنگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى ئۆزىنى ئەۋەتكۈچىنىڭ ھەيۋىتىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ چۈنكى ئۇ ئەلچى — ئۆزىنى ئەۋەتكۈچىنىڭ شىجائىتى ۋە جاسارىتىگە دالالەت قىلغۇچى، ئەقلى ۋە پەم ـ پاراسىتىنى نامايەن قىلىپ بەرگۈچى ۋە سۈپەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچىدۇر.

بەزى ئەلچىلەر ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكى، ئاجىزلىقى، قورقۇنچاقلىقى، ساددىلىقى ۋە ئىش ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى تەدبىرسىزلىكى تۈپەيلى ئۆزىنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەۋەتكۈچىنىڭ ھەيۋىتىنى دۈشمەن قەلبىدىن يوقىتىۋېتىدۇ؛ يەنە بەزى ئەلچىلەر ئۆزىنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتى، جاسارىتى، تەۋرەنمەس باتۇرلۇقى، قەلبىنىڭ كۈچلۈكلىكى ۋە تىلىنىڭ راۋانلىقى بىلەن دۈشمەن قەلبىگە قورقۇنچ تاشلىيالايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قوماندان چوقۇم ئەلچىنى ياخشى تاللىشى، تاللىغان ئەلچىسى ئالدىن كۆرەر ۋە پەم ـ پاراسەتلىك بولۇشى لازىم. ئەلچى بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا ئۆلپەتچىلىك ياكى يېقىنچىلىق پەيدا بولۇپ قېلىپ، ھەتتا بەزىدە دوستلۇق مۇناسىۋەت شەكىللىنىپ قېلىپ، ئاخىرىدا دۈشمەنگە مەخپىي خىزمەت قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر ئەلچىنى دۈشمەنگە بىر قانچە قېتىم ئەۋەتمەسلىك كېرەك. قانچىلىغان دۆلەتلەرنىڭ زاۋال تېپىشىنىڭ سەۋەبى — ئەلچىسى خىيانەت قىلىپ، دۈشمەنلەر ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىغا ئىشلەتكەنلىكىدىن بولغان.

(4)

جىھاد ئۈچۈن مەخسۇس ئەترەتلەرنى تەشكىللەش ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر.

286. ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ياخشى ھەمراھ تۆت كىشىدىن، ئەڭ ياخشى ئەترەت 400 كىشىدىن، ئەڭ ياخشى قوشۇن 4000 كىشىدىن تەركىب تاپقىنىدۇر. 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن سانىنىڭ ئازلىقىدىن مەغلۇپ بولمايدۇ».[①]

ئەترەت ئەمىرى جەڭنىڭ ھىيلە ـ تاكتىكىلىرىنى ياخشى بىلىدىغان كىشى بولۇشى شۇنداقلا ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارىتا ئاتتىنمۇ بەكرەك سەزگۈر قۇلاق، بۈركۈتتىنمۇ بەكرەك ئۆتكۈر كۆز، سېغىزخاندىنمۇ بەكرەك ھۇشيار، يىلپىزدىنمۇ بەكرەك چاققان، شىردىنمۇ بەكرەك قورقماس؛ سەپەر ۋە ئارام ئېلىشلاردا ئەسكەرلەر بىلەن بىر تەن ۋە مۇستەھكەم بىنا كەبى بولۇشى ۋاجىبتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ساھابىلىرى بىرەر يەرگە چۈشسە بىر ـ بىرى بىلەن شۇنچىلىك يېقىن تۇراتتىكى، ھەتتا ئۇلارغا بىر تال يېپىنچا بېرىلسە، ئۇ ھەممەيلەننىڭ يېپىنىشىغا يېتەتتى.

---

[①] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان؛ شۇئەيب ئەرنەئۇت ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

(5)

قوشۇن ئەمىرى ئۆز يىغىلىشلىرىدا جىھادنىڭ پەزىلەتلىرى سۆزلەنگەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەدىسلىرى شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىلىرى، جەڭ تاكتىكىلىرى، باتۇرلۇقنىڭ پەزىلەتلىرى؛ شىجائەتلىكلەرنىڭ جەڭدىكى قىسسىلىرى، ئۇلارنىڭ جەڭدە قانچىلىك سەۋر قىلغانلىقى ۋە كۆپ دۈشمەن ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشتىكى جاسارىتى يېزىلغان غازات كىتابلىرىنى مۇجاھىدلارغا كۆپ ئوقۇپ بېرىشى لازىم. بۇ — ئىمان ئىگىلىرىنىڭ قەلبلىرىنى كۈچلەندۈرۈپ، قورقۇنچاقلارنىڭ قەلبىدىن ئاجىزلىقنى يوقىتىدۇ ھەمدە شىجائەتلىكلەرنىڭ شىجائىتىنى، غەيۇرلارنىڭ غەيرىتىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىدۇ چۈنكى ئىنسان تەبىئىتى رىقابەتلىشىشكە ۋە باشقىلارنىڭ قارىشىدا مەدھىيىلىنىشكە لايىق بولغان ئىشلارنى قىلغان كىشىلەرنى ئۆزىگە ئۈلگە تۇتۇشقا مايىل قىلىپ يارىتىلغان.

ئەگەر ئەمىرنىڭ يۇقىرىقى جاسارەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئوقۇپ بېرىشكە شۇ سۈپەتلەنگەن مۇجاھىدلارنى شەرىئەتنىڭ مەدھىيىلىگەنلىكى، شۇنىڭغا قىزىقتۇرغانلىقى، شۇ سۈپەتتىكى كىشىلەرگە ياخشى مۇكاپاتنى ۋەدە قىلغانلىقى، ئەمىرنىڭ شۇ سۈپەت ئىگىلىرىنى ياخشى كۆرۈدىغانلىقى ۋە شۇ سۈپەت ئىگىلىرىگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى قوشۇلسا، مۇجاھىدلارنىڭ رىغبىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

(6)

جەڭ تاكتىكىلىرىدىكى ئەسلى قائىدە — قوماندان سايلاش ۋە شۇنىڭغا ئەڭ لايىق كىشىلەرنى تاللاپ چىقىشتۇر.

قوشۇن قوماندانى، ئەمىر، بايراقدارلار ۋە شۇلارغا ئوخشاش (مەسئۇلىيەت ئىگىلىرى) دىندا مۇستەھكەم تۇرىدىغان، جۈرئەتلىك، شىجائەتلىك، پىداكار، يۈرەكلىك، قەلبى مۇستەھكەم، كەسكىن، جەڭ تەجرىبىسى مول، كۆپ جەڭلەرگە قاتناشقان، باتۇرلارنى يەر چىشلەتكەن، بېشىدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇقلار ئۆتكەن، شىددەتلىك جەڭلەرگە بۆسۈپ كىرگەن ۋە ئىرادىسى سۇنماس كىشىلەردىن بولۇشى ۋاجىبتۇر. ئەگەر شۇنداق بولالىسا، ئەسكەرلىرىنىڭمۇ ھەم قەلبى كۈچلۈك، قورقماس، ئىرادىسى تەۋرەنمەس ۋە غەلىبىگە قارىتا ئىشەنچىسى كۈچلۈك بولىدۇ

چۈنكى ئۇ قوماندانىنىڭ قوشۇنلىرى ئىچىدىكى ئورنى قەلبىنىڭ بەدەندىكى ئورنىغا ئوخشاشتۇر، ئەگەر ئۇلار بۇزۇلسا، ئەسكەرلىرىمۇ ھەم بۇزۇلىدۇ؛ ئۇلار مۇستەھكەم تۇرسا، ئەسكەرلىرىمۇ ھەم مۇستەھكەم تۇرىدۇ.

ئەجەم دانالىرىدىن بىرى مۇنداق دېگەن: «مىڭ تۈلكىگە بىر يولۋاسنىڭ قوماندانلىق قىلىشى ــ مىڭ يولۋاسقا بىر تۈلكىنىڭ قوماندانلىق قىلىشىدىن ياخشىدۇر».

مەشھۇر مۇجاھىد باتۇر سەرمارى مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىدلار قوماندانىدا تۆۋەندىكىدەك ئون خىل خىسلەت بولۇشى لازىم:

1. شىر كەبى يۈرەكلىك ۋە قورقماس بولۇش؛

2. دۈشمەنلەر ئالدىدا يولۋاس كەبى ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان كىبىرلىك بولۇش؛

3. دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈشتە ئېيىقنىڭ شىجائىتى كەبى بارچە ئەزالىرىنى ئىشقا سالالايدىغان بولۇش؛

4. ھۇجۇم قىلىشتا تۇڭگۇز كەبى ئارقىغا قاچمايدىغان بولۇش؛

5. ھۇجۇم قىلىشتا بىر يولدىن نائۇمىد بولسا، باشقا يولدىن باستۇرۇپ بارالايدىغان بۆرە كەبى بولۇش؛

6. قورال كۆتۈرۈشتە چۈمۈلە كەبى ئۆز ۋەزنىدىن ئېغىرراقلىرىنى كۆتۈرەلەيدىغان بولۇش؛

7. سابىت تۇرۇشتا تاش كەبى بولۇش؛

8. چىدامچان بولۇشتا ئېشەك كەبى بولۇش؛

9. ئەگەر ئولجىسى ئوتقا كىرسە ئارقىسىدىن كىرەلەيدىغان ئوۋ ئىتى كەبى بولۇش؛

10. پۇرسەت تېپىشتا خوراز كەبى پۇرسەتپەرەس بولۇش».

(7)

دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ مەقسەت ـ پىلانلىرى ۋە ھىيلە ـ تاكتىكىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، جەڭدىن بۇرۇن قوشۇن قوماندانى ئىشەنچلىك پايلاقچىلارنى دۈشمەننىڭ گازارمىسىغا ئەۋەتىپ دۈشمەننىڭ خەۋەرلىرى، سانى ۋە قورال ـ ياراقلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئىگىلىشى، ئۇلارنىڭ

قوماندانلىرى ۋە باتۇرلىرىنىڭ ناملىرىنى بىلىشى، ھەمدە دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىغا يالغان ۋەھىمىلەرنى بېرىپ خام-خىيال قىلدۇرىدىغان، ئۇلارنى دۈشمەنلەر توپىدىن ۋاز كېچىشكە كۈشكۈرتىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىشى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، دۈشمەن قوماندانلىرىنىڭ تىلىدىن يالغان ۋەقەلەرنى پەيدا قىلىشى ھەمدە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىنىڭ قەلبىنىڭ سابىت بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز ئىچىدە ئاشكارىلىشى؛ دۈشمەن سەپلىرى ئىچىدە بۆلۈنۈش، جەڭگى-جېدەل ۋە تالاش-تارتىش يۈز بېرىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەم تارقىتىشقا ھەرىكەت قىلىشى لازىم. بۇنداق قىلىش دۈشمەنلەر بىلەن بولغان جەڭدە دۇرۇستۇر چۈنكى جەڭ دېگەن ھىيلە بىلەن بولىدۇ.

(8)

دۈشمەنلەردىن مەلۇمات توپلاشقا ئەمىر كۆپرەك ئىقتىساد ئاجرىتىشى ۋە پايلاقچى-جاسۇسلارنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشى، بۇنىڭغا كەتكەن چىقىملارغا بېخىللىق قىلماسلىقى لازىم چۈنكى ئۇ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا، سەرپ قىلغان مەبلەغلىرى زايە كەتمەيدۇ؛ ئەگەر دۈشمەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلسا، تېجەپ قالغان مەبلەغلىرى ئۇنىڭغا پايدا بەرمەيدۇ.

جەڭدە ھىيلە-مىكىر يوللىرىغا مال سەرپ قىلىش — جانلارنى قۇربان قىلىش ۋە قاتتىقچىلىققا دۇچار بولۇشتىن ياخشىدۇر.

الله تائالا ئىلھام بېرىپ كىشىلەرنىڭ جەڭدە ھىيلە-مىكىر ئىشلىتەلىشى بولسا ئۇلارغا بېرىلگەن ئىلاھىي ياردەمدۇر، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتەلمەي ئەكسىچە ئۆزى شۇنىڭغا دۇچار بولۇش بولسا ھەسرەت-نادامەتتۇر.

(9)

جەڭدە دۈشمەنگە پىستىرما قويۇش — ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، دۈشمەن قەلبىگە قورقۇنچ سېلىشتا پىستىرمىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭدۇر. دۈشمەن پىستىرمىغا چۈشكەنلىكىنى بىلسە ئالاقزادە بولىدۇ، ئەگەر پىستىرما قوشۇن دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلسا ئەسكەرلىرىنىڭ مەنىۋىيىتى تېخىمۇ ئاجىزلىشىدۇ.

ئەسكەرلەر كەينى تەرەپتىن خاتىرجەم بولالىغاندىلا ئاندىن ئالدىغا ئىلگىرىلەپ

ماڭالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پىستىرما قوشۇن دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلسا، دۈشمەنلەر مۇداپىئە قىلىش ياكى ھۇجۇم قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ-دە، ھەممىتى پارچىلىنىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش جۇشقۇنلىقى ئاجىزلىشىپ، يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ھۇجۇمدىن قەلبى خەۋپسىرەشكە باشلايدۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان قوشۇن يەنە كەينىدىن بىرەر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ياكى قىقاس-چوقان ئاۋازلارنى ئاڭلىسا، يەنە ئالغا ئىلگىرىلەپ مېڭىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلالىسۇن!؟

(10)

ئىككى قوشۇن جەڭ ئۈچۈن سەپ تۈزۈشكەندە، دۈشمەننىڭ قۇۋۋىتىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن دۈشمەننىڭ كۆزىگە كۆپ چۈشىدىغان ۋە يۈزىگە شامال ئۇرىدىغان تەرەپتە بولۇشىغا قوشۇن قوماندانى ئەھمىيەت بېرىشى ھەمدە ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ھالەتتە ئۇرۇش قىلىشىغا مۇناسىپ ئورۇننى تاللىشى لازىم.

ئەسكىري قوماندان ئەسكەرلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ھەربىر گۇرۇپپىنى مۇناسىپ ئورۇنغا قويۇشى ھەمدە شىجائەتلىك باتۇرلارنى جەڭنىڭ مەركىزىگە، باشقىلارنى بولسا يان ئىككى قاناتلىرىغا قويۇشى لازىم چۈنكى قوشۇننىڭ مەركىزى جەڭدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇن بولۇپ، گەرچە ئىككى قانات مەغلۇپ بولسىمۇ لېكىن مەركىزى مۇستەھكەم تۇرسا، مەغلۇبىيەت غەلىبىگە ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

ئەسكىري قوماندان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى بىلىشى ھەمدە ئۆز ئەسكەرلىرىدىن شىجائەتلىك قوماندانلارنى دۈشمەن ئالدىغا قويۇش ئۈچۈن دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ شىجائەتلىكلىرىنىڭ ئورنىنى ھەم بىلىشى زۆرۈر شۇنداقلا قوماندان ئۆزىنىڭ قوشۇن ئىچىدىكى ئورنىنى مەخپىي تۇتۇشى لازىم، بولمىسا دۈشمەن ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن.

(11)

ئەگەر ئەمىر دۈشمەنلەرنىڭ بىرەر شەھىرىنى ئىگىلىمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا يېتىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئالدى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا-قىشلاقلارنى ئىگىلىشى لازىم.

رۇم پادىشاھى سىقىللىيىيە شەھىرىنى ئىگىلىمەكچى بولغىنىدا ئەسكىرىي قوماندانلىرىنى بىر سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چوڭ بىر گىلەمنى قويىدى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر دىنارنى تاشلاپ، ئاندىن ئۇلارغا: «سىلەردىن كىمكى گىلەمگە دەسسىمەستىن دىنارنى ئالالىسا، شۇ كىشى بۇ قېتىملىق جەڭگە قوماندان بولىدۇ» دېدى ئەمما ئۇلاردىن ھېچكىم ئۇنى ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ گىلەمنىڭ بىر تەرىپىنى قاتلاپ تۇرۇپ شۇ ئورۇندىن ئۇ دىنارنى ئالدى ۋە ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر سىقىللىيىيە شەھىرىنى ئىگىلىمەكچى بولساڭلار، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قورغان ـ قەلئەلەرنى ئىگىلەڭلار، ئاندىن ئۇنى ئاسانلا قولغا ئالالايسىلەر» دېدى.

(12)

زىيال ئەبەسىيە ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ جەسۇرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئانىسى ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئى ئوغلۇم! گەرچە كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭگە ئىشەنچىڭ بولغان تەقدىردىمۇ جەڭدىن چېكىنىش يولىنى تەييارلاپ قويماي تۇرۇپ جەڭگە ئوت ياقمىغىن. ئىنسان نەپسى ھىيلە ـ تەدبىرنىڭ يولىنى تاپقىنىدا ئىنتايىن كۈچىيىپ كېتىدۇ ئەمما ھىيلە ـ تەدبىرى ئاجىز كەلگەندە ئىنتايىن زەئىپلىشىپ كېتىدۇ. جەڭدىكى قۇۋۋەتنى ھىيلە ـ تەدبىر باشقۇرۇپ تۇرغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي شىجائەت مەيدانغا چىقىدۇ. سەن دۈشمىنىڭ بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغاندا خۇددى بۆرىدەك تەييار تۇرغىن، ئۇنىڭدىن قاغىدەك قاچقىن چۈنكى سەزگۈرلۈك ــ شىجائەتنىڭ تۇتقۇسى، بىپەرۋالىق ــ جەسۇرلۇقنىڭ دۈشمىنىدۇر».

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى دۈشمەننى ئاجىز سانىسا ئالدانغان بولىدۇ، ئالدانغان كىشىگە دۈشمىنى چوقۇم غالىب كېلىدۇ شۇڭا جەڭدە يۈرىكىڭلار چوڭ بولسۇن چۈنكى ئۇ غەلىبە قازىنىشىڭلارغا سەۋەب بولىدۇ. (دۈشمەن بىلەن بولغان) كىن ـ ئاداۋەتلەرنى ئەسلەڭلار چۈنكى ئۇ سىلەرنى ئالغا ئۈندەيدۇ. ئىتائەتنى لازىم تۇتۇڭلار چۈنكى ئۇ جەڭچىلەرنىڭ قورغىنىدۇر. گاھىدا جەڭدىكى بىر ھىيلە بىر پىداكاردىنمۇ ئۈنۈملۈكرەكتۇر. گاھىدا بىر ئېغىز سۆز بىر قوشۇننى مەغلۇپ قىلىدۇ. چىدامىلىق بولۇش ــ غەلىبىنىڭ سەۋەبىدۇر. دۈشمىنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش سېنىڭ ئاخىرقى ھىيلەڭ بولسۇن. (يەنى ئالدى بىلەن دۈشمەننى مەغلۇپ

قىلىدىغان بارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللانغىن، ئەگەر بۇلار پايدا بەرمىسە ئاندىن قوراللىق جەڭ قىلغىن.) غەلىبە — چارە ـ تەدبىر بىلەن بىرگىدۇر، تاجاۋۇز قىلىش بىلەن زەپەر قولدىن كېتىدۇ. دۈشمەنگە ئۇچراشقىنىڭلاردا قورقۇنچاقلىق قىلماڭلار، (دۈشمەننى يېڭىشكە) كۈچۈڭلار يېتىدىغان تۇرۇپ چېكىنمەڭلار، ئۈستۈڭلارنى ئىگىلىگەندە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەڭلار، غەنىيمەت ئالغاندا خىيانەت قىلماڭلار، قىلىۋاتقان جىھادىڭلارنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مال ـ ماتالىرىدىن پاكلاڭلار (يەنى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مال ـ ماتالىرىنى دەپ جىھادىڭلارنى بۇلغىماڭلار)».

(13)

رەسۇلۇللاھ ﷺ دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتىن توستى ۋە مۇسۇلمانلارنى چىدامىلىق بولۇشقا بۇيرۇدى.

287. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار، الله تىن خاتىرجەملىكنى سوراڭلار. ئەگەر دۈشمەنلەرگە ئۇچرىشىپ قالساڭلار چىدامىلىق بولۇڭلار!»[1]

(14)

رەسۇلۇللاھ ﷺ دۈشمەنلەرنى مۇسلى[2] قىلىش، ئۇلارنى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈش، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق ۋە ئەھدىنى بۇزۇش قاتارلىقلاردىن توستى ھەمدە ئەھدىنى بۇزۇش بولسا مۇناپىقلارنىڭ سۈپىتىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

288. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «تۆت خىل سۈپەت بار بولۇپ، كىمدە بۇ تۆت خىل سۈپەت تېپىلسا ئۇ رەسمىي مۇناپىقتۇر؛ كىمدە شۇ سۈپەتلەرنىڭ بىرەرسى تېپىلسا، تاكى شۇنى تاشلىمىغۇچە ئۇ كىشىدە مۇناپىقلىقنىڭ بىر خىسلىتى بولغان بولىدۇ: 1. ئامانەتكە خىيانەت قىلىش؛ 2. سۆزلىسە يالغان سۆزلەش؛ 3.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلى قىلىش — بۇرۇن، قۇلاق ۋە بېشىنى كېسىش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق جەسەتلىرىنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشتۇر.

ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق؛ 4. جېدەللىشىپ قالسا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاش».[1]

289. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «(الله تائالا مۇنداق دەيدۇ): <قىيامەت كۈنى ئۈچ تۈرلۈك كىشى بىلەن ئۆزۈم دەۋالىشىمەن: 1. مېنىڭ نامىم بىلەن ۋەدە بېرىپ، ئاندىن خىلاپلىق قىلغان كىشى؛ 2. ھۆر ئادەمنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى يېگەن كىشى؛ 3. بىر مەدىكارنى تولۇق ئىشلىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن كىشى>».[2]

290. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆتكەن بارلىق كىشىلەرنى الله تائالا قىيامەت كۈنى جەملىگەندە، ۋەدىسىدە تۇرمىغان ھەربىر كىشىگە بىر بايراق تىكلىنىدۇ ۋە: <بۇ پالانچىنىڭ ۋاپاسىزلىقى> دېيىلىدۇ».[3]

291. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھدىسى بىردۇر (يەنى بارلىق مۇسۇلمانلار بىرەر كاپىرغا پاناھلىق بېرىشتە باراۋەر ھوقۇقلۇق بولۇپ، بۇ ئەھدە كۆپ ساندىكى كىشىلەردىن ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەردىن، يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەردىن ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكى كىشىلەردىن سادىر بولغان بولسۇن، ھەممە بۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ). شۇڭا، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەھدىسىنى بۇزسا، ئۇنىڭغا الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن! الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ تەۋبىسىنى ۋە بەرگەن تۆلىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ».[4]

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەسكەرلەر ئەمىرى ۋە باشقىلار ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش ۋە ئەھدىنى بۇزۇشتىن ساقلىنىشى لازىم. بۇ قىلمىشلار ئەركەكلەر ئۈچۈن ئەڭ قەبىھ سۈپەتلەردىن بىرى بولۇپ، كاتتا گۇناھ بولۇش بىلەن بىرگە، ئازابنى تېزلەتكۈچى ۋە قاباھەتلىك مۇسىبەتلەرگە گىرىپتار قىلغۇچى سۈپەتتۇر.

## خاتىمە

292. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى،

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.
[3] مۇسلىم توپلىغان.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر نەرسە ئاتا قىلىنغان كىشى بىرەر نەرسە تاپالىسا قايتۇرسۇن، تاپالمىسا مەدھىيىلىسۇن. مەدھىيىلىگەن كىشى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقان بولىدۇ. (قىلىنغان ياخشىلىقنى) يوشۇرۇپ (رەھمەت ئېيتمىسا) ئۇنىڭغا تۇزكورلۇق قىلغان بولىدۇ».[1]

ھەدىسنىڭ يەنە بىر لەۋزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەرگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭلار! ئەگەر ياخشىلىقىغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئاجىز كەلسەڭلار، ئۆز كۆڭلۈڭلاردا لايىق بولدى دەپ قانائەتلەنگۈدەك دۇئا قىلىڭلار. الله ھەقىقەتەن شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ»[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىدىكى نېئمەت ۋە بايلىقلارنى ھېس قىلىش، ئۇ نېئمەتلەرگە ئېرىشىشكە سەۋەب بولغان كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىش، ئۆزىگە ئوخشىغان ئاجىز بىر كىشىنىڭ بۇ نېئمەتلەرگە يېتىشىگە سەۋەب بولۇپ الله يولىدا جېنىنى تەقدىم قىلغان كىشىگە دۇئالارنى ئايىماسلىق، ئۆز مېلىنى ۋە جېنىنى تەقدىم قىلىش يولىدا ئۇلارغا ئەگىشىشتىن ئاجىز كەلگەن تەرەپلىرىنى تولۇق ھازىرلاش ۋە ھىممەت-ئىرادىسىنى كۈچەيتىش — ھەربىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

مۇسۇلمان شۇنى ئېنىق بىلىشى كېرەككى، رۇم ۋە پارس پادىشاھلىرىنى تەختتىن چۈشۈرگەن، ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن؛ ئۇلارنىڭ نىجىس تەنلىرىدىن شۆھرەت تونلىرىنى سالدۇرۇپ، باشلىرىدىن شاھلىق تاجلىرىنى تارتىپ ئالغان؛ نەيزە-ئوقيالىرىنى ئۇلارنىڭ قېنىدىن سۇغۇرۇشنى لەززەت بىلگەن، ئۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغان، مەشھۇرلىرىنى خار قىلغان؛ ئۇلارنىڭ سانى قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەتتا نەچچە مىليون بولسىمۇ ئەمما ئەرزىمەس ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان؛ ئۆزىنى چوڭ تۇتقان تەكەببۇرلارنىڭ بۇرنىنى توپىغا مىلىگەن؛ خۇددى توي قىلىپ تۇرۇپمۇ زىنا قىلغان كىشىنى شەرئىي تاش-بوران قىلغاندەك، دۈشمەنلەرنىڭ شەھەر-سېپىللىرىنى مەنجاناقلار (ھازىرقى زاماندىكى تانكا، ھاۋۇن ۋە زەمبىرەك قاتارلىق توپ قورالللارغا ئوخشاش) بىلەن توپقا تۇتقان، ھەتتا چەكلەنگەن ھۆكۈمدىكى

---

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت ۋە ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] تەبرانى توپلىغان.

ئىشلارمۇ ئۇلارغا نىسبەتەن قىلىش ۋاجىپ بولغان ئىشقا ئايلانغان؛ ئۆزئارا
ھەمكارلىشىپ ھەيۋەتلىك زور قوشۇنلارنى تەشكىللىگەن؛ قولىدىكى بارچە
ئىمكانىيەتنى سەرپ قىلىپ زوراۋان زومىگەرلەرنى چېكىندۇرگەن؛ ياۋۇز
ئەسكەرلەرنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئىسلام دىنىدىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ
كەتكەنلەرنى ئىسلامغا قايتۇرۇپ كەلگەن؛ شەرق ۋە غەربنى فەتىھ قىلغان دىنىنىڭ
ياردەمچىلىرى، ھىمايە قىلغۇچىلىرى ۋە ئىسلامنىڭ باتۇر ئەزىمەتلىرى بولغان
ساھابە، تابىئىن ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەن كىشىلەردىن ئىبارەت مۇجاھىد۔
جەڭچىلەرنى الله تائالا ئوتتۇرىغا چىقارمىغان بولسا، بىز ئۇلارنىڭ قالدۇق
نىئمەتلىرى ئىچىدىن ئورۇن ئالالمىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھىممەت سايىسى ئىچىدىكى
خاتىرجەم ھاياتتا ياشىمىغان بولاتتۇق. بىز ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق
ئېرىشكەن پايدا۔مەنپەئەتنىڭ قەدرىگە يەتمىدۇق، گەدەنكەشلىك قىلغان
كىشىلەرگە زەربە بېرىشكە ۋە قارشى چىقىشقا سەل قارىدۇق، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ
بىزگە يەتكۈزگەن پايدا۔مەنپەئەتلىرىگە ئالدىنىپ ئۇلارغا نەيزە۔قىلىچلار بىلەن
ئۆلۈم شارابىنى ئىچۈرۈشتىن باش تارتتۇق.

زاۋاللىقىقا يۈز تۇتىدىغان ئۆي۔ماكان ۋە دوست۔بۇرادەرلەرگە رازى بولدۇق.
دۇنياغا خۇددى ئۇسسىز قالغان كىشى ئالۇۋۇن (ئېزىتقۇ) تەرەپكە يول ئالغان كەبى
بېرىلدۇق. بۇ ھاياتقا خۇددى دۇنيادىن ئايرىلمايدىغان ۋە (رەببىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا)
قايتمايدىغان كىشىدەك مايىل بولدۇق.

جىھادتىن شۇنچىلىك يۈز ئۆرىدۇقكى، ئارىمىزدا جىھادنى ئەسلىتىدىغان،
جىھادقا قىزىقتۇرىدىغان بىرەر كىشى، بىرەر پىرقە ياكى (كىتابلىرىمىزدا) بىرەر
ئابزاسمۇ تېپىلمىدى. جەڭگىۋارلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن ھورۇنلۇقنىڭ
ئەڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىغا چۈشۈپ قالدۇق.

خاتىرجەملىكنى ئۆزىگە «دوست تۇتقان» بۇ يېڭى ئەۋلاد يىپيېڭى ۋە
چىرايلىق جىھاد تونىنى كونا كىيىملەرنى چۆرۈپ تاشلىغاندەك تاشلىۋەتتى.
گۈزەل ۋە كۆركەم بۇ جىھاد نوتىسى (كۆچىتى) ھاۋايى۔ھەۋەس ۋە خارلىق
سەۋەبىدىن قۇرۇپ كەتتى. چاقناپ ۋە پارلاپ تۇرغان جىھاد يۇلتۇزى ئىززەت
ئاسمىنىدىن ئۆچۈپ كەتتى. جىھاد خۇددى ئەزەلدىن مەۋجۇد بولۇپ باقمىغان
ئىبادەتتەك، ئۇنىڭ شەكلى ۋە نامى ئۆچۈرۈلدى. شۇ سەۋەبلىك، ئىلگىرى كۈچلۈك
بولغان دىن مانا ئەمدى ئاجىزلىدى؛ ھالبۇكى، ئۇ دىن ـــ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن

ھىمايە قىلىنىدىغان ۋە كۈچلەندۈرۈلگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ يۆلەنچۈكى بولغان ئىدى شۇڭلاشقا قورۇقلۇق ۋە دېڭىزلاردا دۈشمەنلەر تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنساق، ئۇچارلىقلارنىڭ كۆرگەن-كۆرمىگەن دانلارنى تىرىۋالغىنىدەك تىرىپ ئېلىنساق، شەھەر-يېزىلاردا ۋە چەت ياقىلاردا يەككە-يەككە ياكى توپ-توپ ھالەتتە تۇتۇلۇپ كېتىلسەكمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ قىلغىنى توغرا، بىزنىڭ خاتادەك قەلبلىرىمىز ئېچىشمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدۇق.

ئى بۇرادەر! ئەھۋالىمىزنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ۋە دىنىمىزنىڭ كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن يەنە نۇقسانلىقتا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلمىغىن چۈنكى بىز دىندىكى دىنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شۇئارلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان جىھاد ئىبادىتىنى تەرك قىلىپ مۇشرىكلارغا ئۇرۇش قىلىشقا سەل قارىدۇق. ئۆي-ئىمارەت سېلىشقا يۈزلىنىپ كەتتۇق، دۇنيادا چەكلەنگەن ھەرقانداق يامان ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇندۇق، شۇ سەۋەبلىك خىيالىمىزغا جىھاد ئەسلا كىرىپ باقمىدى ۋە يەنە پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن قورۇق ئارزۇلارنى داۋام قىلىش ۋە مال توپلاشتىن (باشقا ساھەگە) ۋاقتىمىز يوق دەپ ئويلىدۇق. بىزنىڭ بۇ ھالىمىزنى داتلىغاندىن كۆرە، ئىچىگە يۇتقان كىشى ياخشىراق. الله ھىدايەت قىلغان كىشىلا ھەقىقىي ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، الله ئازدۇرۇۋەتكەن كىشىگە الله تىن باشقا ئىگە بولغۇچى يوقتۇر.

ئى الله ! بىز ساڭا خارلىق، تۆۋەنچىلىك، ئاجىزلىق ۋە مۇھتاجلىقىمىزنى بىلدۈردۇق؛ سېنىڭ پەزلى-ئېھسانىڭغا پېقىرچىلىق ۋە ئامالسىزلىق قوللىرىمىزنى تەڭلىدۇق. سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇۋېتىمىز، ئى الله ! سەن قەلبتىكى نىيەت ۋە سىرلارنى بىلگۈچىدۇرسەن. ئى رەببىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭدىن قوغلىنىشقا ۋە ۋەيران بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشنى (دۇنياغا يۈزلىنىپ، جىھادنى تەرك قىلىشنى) ئەمدى بىزگە قايتا يۈكلىمىگىن. بىز يازغان بۇ كىتابلارنى قىيامەت كۈنى زىيىنىمىزغا گۇۋاھچى قىلمىغىن. دەرگاھىڭدىكى مەرتىۋىلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى بولغان، ساڭا يېقىنلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشتۈرىدىغان شاھادەتنى بىزگە نېسىپ قىلغىن. سېنىڭ ئالدىڭدا قانچىلىغان يۈزلەر قارىداپ، قانچىلىغان يۈزلەر نۇرلىنىپ كېتىدىغان كۈندە يۈزىمىزنى نۇرلۇق قىلغىن. ئى الله ! سەن كاتتا پەزلى-ئېھسان ئىگىسىدۇرسەن. پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋەت سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر.

جەڭ تۇمانلىرى ئارىسىدا ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرسىلا، قوشۇنلار ئارا توقۇنۇشلاردا جەڭ ئاتلىرى جەۋلان قىلىپ تۇرسىلا، ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن شىرىك زۇلمىتىنى يوقاتقان، ئۆز جىھادى ۋە جەڭگىۋارلىقى بىلەن تۆھمەتخور مىللەتنى قورقۇتقان سەيىدىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، باتۇر ۋە قەھرىمان ساھابىلىرىغا ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ مول رەھىم-شەپقىتىڭ بىلەن مەرھەمەت قىلغىن؛ ئۇلارنى دائىم ۋە ئەبەدىي سالامەت قىلغىن.

والحمد لله رب العالمين!

※ ※ ※

تارىختىن بۇيانقى
جىهادىي كىتابلار ئىچىدىكى
ئەڭ ئەۋزەل كىتاب